



ياقۇپ ئىسمايىل پېدا

# يىلتىز ساداسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



نۇرغۇن ئادەم يىلتىزدىن سادا چىقمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما مەن ھەر دائىم يىلتىزنىڭ چىقارغان ساداسىنى ئاڭلايمەن. ئىشىنىمەنكى سىز بۇ كىتابنى ئوقۇپ بېقىڭ، بەلكىم يىلتىز چىقارغان سادانى سىزمۇ ئاڭلاپ قالىشىڭىز مۇمكىن.

ـــ ئاپتوردىن

ياقۇپ ئىسمايىل پېيدا

# يىلتىز ساداسى

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئابلىز ئابباس**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# يىلتىز ساداسى


(رومان)

ئاپتورى: **ياقۇپ ئىسمايىل پەيدا**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەتساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 19.375
2014 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2014 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 − 7 − 5371 − 4704 − 8
سانى: 3000 − 1
باھاسى: 54.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جولانى

# يىلتىز ساداسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7-5515-4704-8

9 787551 547048 >

باھاسى: 54.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ..... 1

ئىككىنچى باب ..... 24

ئۈچىنچى باب ..... 48

تۆتىنچى باب ..... 70

بەشىنچى باب ..... 95

ئالتىنچى باب ..... 120

يەتتىنچى باب ..... 144

سەككىزىنچى باب ..... 168

توققۇزىنچى باب ..... 191

ئونىنچى باب ..... 208

ئون بىرىنچى باب ..... 233

ئون ئىككىنچى باب ..... 257

ئون ئۈچىنچى باب ..... 279

ئون تۆتىنچى باب ..... 303

ئون بەشىنچى باب ..... 329

ئون ئالتىنچى باب ..... 353

ئون يەتتىنچى باب ..... 375

ئون سەككىزىنچى باب ..... 397

ئون توققۇزىنچى باب ..... 419

يىگىرمىنچى باب .............................. 442
يىگىرمە بىرىنچى باب .............................. 466
يىگىرمە ئىككىنچى باب .............................. 488
يىگىرمە ئۈچىنچى باب .............................. 515
يىگىرمە تۆتىنچى باب .............................. 537
يىگىرمە بەشىنچى باب .............................. 560
يىگىرمە ئالتىنچى باب .............................. 591

# بىرىنچى باب

ئۆيدىن چىققان ساپارغالى قىيانىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ يەردىن قاراتاغ يېزىسىنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنى، نېرىراقتا يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان قاراتاغ دەرياسىنىڭ باش - ئاخىرىنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. كۈن تېخى چىقمىغان بولسىمۇ قاراڭغۇلۇق ئاللىقاچان غايىب بولغان بولۇپ، ئەتراپ ئېنىق بىر ھالەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئالدى تەرەپتىكى بىر - بىرىگە مىنگەشكەن ھەيۋەتلىك تاغلار كەينىدىن قۇياشنىڭ ئەلچىسى بولغان تاڭ شەپىقى شەلپەردەك قىزىرىپ كېلەتتى. يۇقىرىدىن پەسكە قارىغاندا پۈتۈن زېمىن گويا توي تەييارلىقى بىلەن جىددىي ياسىنىۋاتقان يېڭى كېلىنگە ئوخشاش ھەم نازاكەتلىك، ھەم گۈزەل كۆرۈنەتتى.

ساپارغالى ئاشۇ مەنزىرىلەرگە كۆز تىككىنىچە ئېغىر تىنىدى. خۇددى ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ھەسرەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يەردىن يۇلۇۋالغان قىياق چۆپنى ئاغزىغا سېلىپ ئاتقا ئوخشاش چىشلىگەندىن كېيىن «چىرىت» قىلىپ تۈكۈردى. دېمىسىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھەسرەتلىرى خۇددى قىيان سۈيىدەك ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ تۇنجۇقتۇرۇۋاتاتتى. كىشىگە ئېيتىش تەس بولغان

بىر خىل كۆكۈل غەشلىكى يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجاپ، ئىرادىسىنى يالماپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ زېمىندا چوڭ بولدى. دادىسى تىرىشچان ئادەم بولغاچقا يېمەي ـ ئىچمەي چارۋا مال قىلدى. دادا قاتتىق قول ئادەم ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ساپارغالى چارۋا مالنى مالچى ئورنىدا باقتى. ئۇ تاكى ئۆيلىنىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغۇچە ئاتا ـ ئانىسىدىن بۆلۈنمەي، دادىسىغا ئوخشاش تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلىدى. بەزى كۈنلىرى ماللارنى يىراقلارغا ھەيدەپ كەتكەچكە، ئۆيگە قايتالماي ئايدالادا قونۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق روھىدىن تەسىرلەنگەن دادا ئۇنى بەزەن ـ بەزەن ماختاپ قوياتتى. ئادەتتە بالىلىرىنى كەمدىن ـ كەم ماختايدىغان دادا ئۇنى ماختىغاندا ساپارغالىنىڭ بېشى كۆككە تاقاشقاندەك بولۇپ، ئۆزىنى چوڭ بولۇۋاتقاندەك سېزەتتى.

ئۇ بالىلارنىڭ تۇنجىسى ئىدى. ئۈچ ھەدىسى تۇرمۇشلۇق بولغاندا ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەنىدى. كەينىدىكى سىڭلىسىگە قۇدىلىققا چۈشكەندە ئۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلدى. بۇ چاغدا سىڭلىسى ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەنىدى.

كېيىن دادىسى ئۇنىمۇ ئۆيلەپ قويدى، يالغۇز ئوغۇل بولغاچقا يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، ئۆي ئىشلىرىغا سالدى. سىڭلىسى توي قىلغاندا ئات مىنىپ، ئۆلەڭ ئېيتتى. ئۇ ئۆلەڭ ئېيتىشقا تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ھەممىدىن ئۇستا ئىدى. شۇڭا بۇ ئاۋۇلنىڭ قىزلىرى ئىچىدە مەن دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەنلارلا ئۇنىڭ بىلەن ئۆلەڭ ئېيتىشقا چۈشەلەيتتى. شۇغىنىسى ئايالى كۈمۈش قورساق كۆتۈرمەيۋاتاتتى.

كېيىن دادىسى ئۇشتۇمتۇتلا قازا قىلىپ، پۈتۈن ئىگىلىك ئۇنىڭ قولىغا قالدى. بۇ چاغدا ئۇمۇ بەش بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغانىدى. دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مالچى ئالمىدى. ئىرمەك، ئىرتۇستۇك ئۇچ ئۇكىسىنى ئەگەشتۇرۇپ مال باقاتتى. جاڭغابىل بىلەن قەسەن تېخى كىچىك بولغاچقا ئۇلار بىلەن تەڭ ماڭالماي كەينىدىن يىغلاپ قالاتتى. ئۇ شۇنداقتىمۇ ئەڭ زور ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ هامان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشاتتى. كېيىن يەنە ئىككى ئوغۇللۇق بولدى. بۇ قېتىم ئۇنى غەم باستى. يەتتە ئوغۇلنى بېقىش باشقا ئىش، ئۆيلەش باشقا ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن توساتتىنلا ئايالىغا كايىپ كەتتى:

— توۋغ دېسە مۇشۇنداقمۇ توغامسەن؟ هەممىسى ئوغۇل. ئەڭ بولمىغاندا ئاخىرقى ئىككىسىنى قىز تۇغساڭ بولمامدۇ؟ دېگىنە، بۇ يەتتە ئوغۇلنى مەن قانداق ئۆيلەيمەن؟

ئايالى كومۇش ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا سۈكۈت بىلەن جاۋاب بەردى.

ساپارغالىنىڭ قاشلىرى بىردىنلا ھىمىرىلىپ كەتتى. ئادەتتە بۇنداق گەپلەرگە بىر مىنۇتمۇ سۈكۈت قىلالمايدىغان چۈس مىجەزلىك بۇ ئايال بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ سۆزىگە خۇددى گاچا بولۇپ قالغاندەك ئىنكاس قايتۇرماي ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدى ساڭا؟ تىلىڭنى قاغا چوقۇپ كەتتىمۇ سېنىڭ، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

ئايالى ئۇنىڭغا بۇرالدى، ئاندىن قىلىۋاتقان ئىشىنى قويدى:

— ساقمۇ ئۆزىڭىز. قانداق قىلىمەن؟ ئۇ ئىككىسىنى

قايتا تۇغىمەنمۇ ـ يە؟ بۇمۇ ئاللانىڭ تەقدىرى، مېنىڭ مەيلىم ئەمەس. تۇغۇلۇپ بولغان باللارغا نېمىلەرنى دەيدىغانسىز. خۇدايىم ئۇلارنىڭ بېشىنى ئامان قىلسۇن. كۆپىنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇشىغا نېسىپ قىلسۇن. تەڭرىم ئۇلارنى بىزگە بەرگەنىكەن، رىزقىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ. كىم بىلىدۇ كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئالىم چىقىپ قالامدۇ تېخى؟

ساپارغالى بىردىنلا كۈلۈۋەتتى. ئۇ ئايالىنىڭ مۆرىتى كەلگەندە گەپنى مانا مۇشۇنداق دەل جايىغا تەگكۈزۈپ قىلىشىنى ياخشى كۆرەتتى.

ــ دېگەنلىرىڭغۇ ئورۇنلۇق. شۇنداقتىمۇ قازاقنىڭ ئادىتىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. ئوغۇل ئۆيلەش شەھەر ئالماق بىلەن تەڭ. باللارنىڭ ئالدى ئىككەككە تاقاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر بىز ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق بولۇپ قالدۇق. ئولتۇرسام ـ قوپسام بېشىمدىكى غەم تۈنجى ئوغلۇم ئىرمەكنى ئۆيلەشتە قالدى.

ساپارغالى سۆزىنى تۈگىتىپ ئېغىر تىندى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەسرەتنى كۆرگەن ئايالىنىڭ يۈرىكى خۇددى بىگىز تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئاسان ئەمەس ئىدى. قېيىنئاتىسىدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي قېيىنئانىسى ئۆلۈپ كەتتى. ئۆي ئىچىنى مۇسىبەت باستى. كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن قايغۇ ـ ئەلەمگە ساپارغالى بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ تۈن بويى ئۇخلىماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى، كىگىز ئۆينىڭ تۈڭلۈكىگە قاراپ ئويغاق ياتاتتى، كەينى ـ كەينىدىن تاماكا چېكىپ توختىماستىن يۆتىلەتتى.

ۋاقىت ئۆزىراپ، ھەممە نەرسە ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا

چۈشتى. تىرىكچىلىك ئادەملەردىن غەيرەتلىك بولۇشنى، سەگەك بولۇشنى، ئەقىللىك بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. بولۇپمۇ يايلاق هاياتى شۇنداق ئىدى. سەللا دىققەت قىلمىسا بۆرىلەر مالغا هۇجۇم قىلاتتى. ئات ـ كالىلار ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتەتتى. بەزىلىرى هاڭدىن غۇلاپ ئۆلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر يىل تارتقان جاپاسى يوققا چىقىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلىناتتى...

— تۇغساق بولاتتى، — دېدى بىر كۈنى سىرتتىن مەست هالەتتە قايتىپ كەلگەن ساپارغالى يېشىنىۋېتىپ، — تەڭتۇشلىرىم پەقەتلا كۈن بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇلار دېمەكچى، سەن بارغانسېرى قىسىر بايتالغا ئوخشاپ قېلىۋاتىسەن. مەن بىلەن تەڭ ئۆيلەنگەن قۇرداشلىرىمنىڭ ئالدى نەچچە باللىق بولۇپ بولدى.

كۈمۈش تولغىنىپ كەتتى. بۇ ئىنتايىن ئېغىر بولغان بىر مەسىلە ئىدى. ئادەتتە ئۇنچىقمىغىنى بىلەن ئۇنىڭمۇ بېشىدىكى ئەڭ چوڭ غەم مانا مۇشۇ ئىدى. بىراق خۇدا بەرمىسە بۇنىڭغا نېمە ئامال؟

ساپارغالى يوتقانغا كىرىۋېتىپ بىردىنلا ئايالىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ قالدى. ئادەتتە ئەرلەرگە ئوخشاش قەيسەر بۇ ئايال مانا بۈگۈن چاقچاق تەرىقىسىدە دەپ قويغان ئاشۇ ئىككى ئېغىز سۆزنىڭ كۈچى بىلەن ئۈن ـ تىنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى.

— بولدى قىلغىن، ساڭا چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — دېدى ساپارغالى ئايالىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ. ئۇ باشقا ئەرلەرگە ئوخشاشمايدىغان مانا مۇشۇنداق ئەر ئىدى. سىرتتىن هاراق ئىچىپ كەلگەن كۈنلىرى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ چاقچاقلارنى قىلىپ كېتەتتى. ئامالىنىڭ بارىچە ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا

تىرىشاتتى. گەرچە ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رايىغا بېقىپ قۇدا چۈشكەن يۇرتنىڭ قىزىنى ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ سىيماسىدا ئاتا ـ ئانامنىڭ سىيماسى بار دەپ بەكلا ئەتىۋارلايتتى. ئەينى چاغدا ئاتا ـ ئانىسىمۇ بىردىنبىر كېلىنى بولغان كۈمۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇشۇ ئادىتىدىن ھازىرغىچە بىرەر چاتاق چىققان ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزى مال تونۇيدۇ. بىرەر مىڭ مالنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ يوقالغان مېلىنى ھېچقانداق نۇقسانسىز تونۇۋېلىش پەقەت مانا مۇشۇ قازاق خەلقىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

كۈمۈش ساپارغالىنىڭ دادىسىنىڭ يېقىن ئاغىنىسىنىڭ قىزى. ئوچۇق ـ يورۇق، ئىنچىكە، ئېگىز كەلگەن بۇ ئادەم ئوۋچى. تاغۇتاشتا خۇددى ئېلىككە ئوخشاش چەبدەسلىك بىلەن يۈرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى مەرد، ئاغزىدىكى ئاشنى باشقىلارغا سۇغۇرۇپ بېرەلەيدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ساپارغالىنىڭ دادىسى ئۇنى چوڭ بىلەتتى. ئۇ ئوغلىغا قۇدا چۈشكەندە ساپارغالى ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەنىدى.

ساپارغالى ئايالىغا شۇ گەپنى قىلغان يىلى پارتىيە كەلدى. پارتىيەنىڭ ئايىغى ياراشتىمۇ قانداق، ياندۇرقى يىلى ئىرمەك دۇنياغا كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «خەلپەم كۈلمەيدۇ، كۈلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دېيگەندەك، كۈمۈش ساپارغالىغا كەينى ـ كەينىدىن يەتتە ئوغۇل تۇغۇپ بەردى...

ــ دادا، چاي ئىچ!

ئىرمەكنىڭ ئاۋازى بىلەن خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرگەن ساپارغالى ئورنىدىن تۇردى. تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش پۈتۈن زېمىنغا ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى چېچىۋاتاتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، يېڭى بىر كۈنلۈك ھايات باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. تۆت ئەتراپنى كالا ـ قويلارنىڭ مۆرىگەن، مەرىگەن ئاۋازى بىر ئالغانىدى.

ساپارغالى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى ساماۋارنىڭ قاينىغان چاغدىكى ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇ داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئوغۇللىرىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ئايالى سۇنغان چاينى ئالدى.

ــ بۈگۈن ئىرمەك سەن، ئىرتۇستۇكنى ئېلىپ ئوتۇنغا بارغىن. ئۆيدە ئوتۇن قالماپتۇ. جاڭغابىل بىلەن قەسەن تاغىل ئۆكۈزنى ئېگەرلەپ سۇغا بارسۇن. قالغانلار ئۆيدە قېلىپ مالنىڭ ئايغىنىنى تازىلىسۇن. كونىلار: «ئادەم قۇلاقتىن، مال تۇياقتىن» دەپ بىكار ئېيتمىغان. مالنى بۈگۈن ئۆزۈم باقىمەن.

ھەيران قالغان باللار بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئادەتتە مال بېقىش ئىشىغا ئانچە بەك ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان دادا بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر مالنى ئۆزى باقماقچى بولۇۋاتاتتى.

ــ شۇنداق قىلىڭلار، باللىرىم، ــ دېدى ئانا ئۆزىگە كەينى ـ كەينىدىن سۇنۇلۇۋاتقان چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ، ــ مال بېقىش قازاق خەلقى ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىش. داداڭلار بۈگۈن مال باققاچ كۆڭلىنى بىر ئېچىپ كەلسۇن.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ساڭا ئۇۋال بولۇپ كەتتى، كۈمۈش، ھەر قېتىم ئوچاق بېشىدا پايپاسلاپ يۈرگىنىڭنى كۆرسەم يۈرىكىم بىگىز تىققاندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ. سەن بىلەن زامانداش ئاياللار كېلىنلىك بولۇپ، راھەتكە چىققىلى نە كەم. مانا ئىرمەكمۇ بۇ يىل يىگىرمە بەشكە كىردى. ئۇنىڭمۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى.

چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بەند بولۇۋاتقان كۈمۈش ئېرىگە لەپپىدە قاراپ قويدى. دىمىسىمۇ يەتتە باللىنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىرىنى يۇيۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كالا ساغىدىغان، سۈت پىشۇرىدىغان، قۇرۇت - قايماق قىلىدىغان، مېھمان كۈتىدىغان ئىشلار تولۇپ يېتىپتۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئۆيگە كېلىن كەلسە خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويۇلغاندەك ئىش بولمامدۇ؟

— بۇنىڭغا نېمە ئامال، بىز دېگەن ھازىر باشقىلارغا ئوخشاشمايمىز. باي چارۋىغا كىممۇ قىزىنى بېرىپ قۇدا بولۇشنى خالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزدىكى مالنىڭ ھەممىسىنى گۆشىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ قاق سەنەم بولۇپ قالغان تۇرساق.

ئايالىنىڭ سۆزى تۇگىمەي تۇرۇپلا ساپارغالىنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ كەتتى. گەرچە ئۆيدە ھازىر ئەر - خوتۇن ئىككىسىدىن باشقا ئادەم بولمىسىمۇ خۇددى بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك تۆت ئەتراپىقا بويۇنداپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ئايالى كۈلۈۋەتتى:

— ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق.

— شۇنداقتىمۇ دىققەت قىلغۇلۇق. مۇشۇنداق

سۆزلەرنى قىلمىسىز دەپ ئاز دەرد تارتتۇقمۇ؟ ھازىر خەقلەر «كۇندۇزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەن يېڭى تەمسىلنى ئىجاد قىپتۇ. سىنىڭغۇ كۆڭلۈڭ تۈز، ئەمما مۇشۇ ئىخىزىڭزە؟

— بىر ئويدان تۇرغان ئېغىزنى تاتلىغان ئۆزىڭىزغۇ؟ كېلىنىڭ گېپىنى قىلمىغان بولسىڭىز مەنمۇ سىزنى چۆچۈتمىگەن بولاتتىم.

ئۇلار كۈلدى. ساپارغالى قوزۇقتىكى قامچىسىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا، ئايالى كەينىدىن:

— ئانچە بەك غەم قىلىپ كەتمەڭ، دادىسى، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى بار. بىرچاغلاردا مېنى تۇغساڭ بولاتتى، دېۋىدىڭىز، كەينى ـ كەينىدىن يەتتە ئوغۇل تۇغۇپ بەردىمغۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، خۇدايىم مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلىپ يەتتە ئوغلىمىزغا يەتتە كېلىن بېرىۋېتەمدۇ تېخى، — دېدى. ساپارغالى ئېڭىشكىنىچە ئىشىكتىن چىقتى.

ئۇ يېقىندىن بېرى ئىرمەك توغرىسىدا كۆپرەك ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە ئىرمەك ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولسىمۇ باشقىلارنىڭ بالىلىرىدەك ئالىقانات ئەمەس ئىدى، ئىشنى بەجانىدىل قىلاتتى، ياۋاش ھەم ئاق كۆڭۈل ئىدى. باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالسا خۇددى ئۆز بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالغاندەك ھەسرەت چېكىپ كېتەتتى. شۇڭلاشقىمۇ دادا بۇ بالىسىنى باشقا بالىلىرىغا قارىغاندا بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. بىراق ئۇ نېمىشقىدۇر يېقىندىن بېرى ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كېتىۋاتاتتى. دائىم دېگۇدەك ئۆيگە ئەلياتقۇدا كېلىپ، مۇشۇككە ئوخشاش تىمىسقىلىغىنىچە ئورنىغا كىرىپ

ياتاتتى. «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ھاراقنىڭ سېسىق ھىدى ئۇ كىرىشى بىلەن ئۆي ئىچىنى بىر ئالاتتى.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى ساپارغالى بىر كۈنى ئايالىغا دوق قىلىپ، — ئۇ نېمىدەپ ئۆيگە مەست كېلىدۇ؟ گەپ قىلساڭ قىل، بولمىسا مەن ئۇنىڭ پاچىقىنى چېقىۋېتىمەن. كىمنى كۆزگە ئىلمايدىكەن.

كۈمۈش يەر تېگىدىن ئېرىگە قاراپ قويدى، ئاندىن خۇددى ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك:

— نېمىگە بۇنچە چېچىلىسىز؟ «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن مانا مۇشۇ، — دېدى. ساپارغالى ئايالىغا يەۋېتىدىغاندەك ھومايدى:

— توغرا دەيسەن، مەن ئىچكەن، ئەمما ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىچمىگەن. ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭغا ئوخشاش مەست ھالەتتە كىرىپ باقمىغان. بۇ ھايۋان كىمنى دوراپ قالدىكىنە؟

— بالىنى بۇنداق ئەيىبلەۋەرمەڭ. ئۇنىڭغىمۇ ئاسان ئەمەس. سىز ئۇنىڭچىلىك ۋاقتىڭىزدا ئۆيلىنىپ، بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بولۇپ بولغان. شۇڭا ئىللەتلىرىڭىز چوڭ ئۆيگە كىرمەيتتى.

ساپارغالى ئويلىنىپ قالدى. ئۆزى بىلەن ئوغلىنى سېلىشتۇرۇپ بىردىنلا ئوغلىغا بولغان ئاچچىقى نەلەرگىدۇر تارقىلىپ كەتتى.

ئۇ ئاتقا مىنىۋېتىپ شۇلارنى ئەسلىدى.

ھاۋا خۇددى ئەينەكتەك سۈزۈك ئىدى. زەررىچە بۇلۇت بولمىغان كۆك ئاسماندا بىرقانچە بۇركۈت بىلەن قۇماي

قاناتلىرىنى يايغىنىچە ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى قوشنىلار ئۆيىدىن ئىتلارنىڭ ئۈرگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئىگىسىنىڭ ئاتقا مىنگەنلىكىنى كۆرگەن «بارىس» ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

«بارىس» ئىگىسىگە بەكمۇ سادىق ئىدى. ئۇ پۈتۈن قورۇنى سەگەكلىك بىلەن ساقلاپ قالماي يەنە تېخى ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەگەر لازىم بولسا ئىگىسى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايتتى. ئىگىسى نەگە بارسا شۇ يەرگە باراتتى. بارالمىغان كۈنلىرى تۆت كۆزى بىلەن ئىگىسىنى كۈتەتتى. ئۇنى ساپارغالى قايسى يىلى بازاردىن كېلىۋاتقاندا يولدىن تېپىۋالغانىدى. بىر كېچە ياغقان قاردىن كېيىن چىققان شىۋىرغان ئادەمنىڭ يۈز - كۆزىگە ئۇرۇلۇپ، نەشتىرىنى توختىماي سانجىيتتى. قولاقچىسىنى كۆزىگىچە باستۇرۇپ كىيگەن ساپارغالى بىردىنلا يولنىڭ بويىدىكى قارا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ قارا نەرسىگە يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىر كۈچۈك ئىكەنلىكىنى بىلدى. قاتتىق سوغۇقتا بىچارىنىڭ تۆت پۇتى بىر يەرگە يىغىلىپ قالغانىدى. جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاچقا دىر - دىر تىترەيتتى. ساپارغالى ئويلىنىپ تۇرماستىنلا يەرگە ئېڭىشتى، جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئېچىپ كۈچۈكنى قوينىغا سالغاندىن كېيىن ئېتىنى دېۋىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىسسىق ئۆتكەن بولسا كېرەك، كۈچۈك ئۇنىڭ قوينىدا پات - پات مىدىرلاپ قوياتتى. ئاچارچىلىقنىڭ دەستىدىن يەيدىغانغا نەرسە تاپالمايۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئادەملەرنىڭ ئىت بېقىشقا نەدىمۇ رايى بولسۇن؟ بىراق

ساپارغالى بۇلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ئادەتتە ھەممە نەرسىگە جىددىي قارىغاندەك قىلغىنى بىلەن مانا مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇققاندا ئوتقا قاقلىغان مايغا ئوخشاش ئېرىپ كېتەتتى. شۇنداق بولغاچقا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى. بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئەقىل سورايتتى. ئۇنىڭ سىنىپىي تەركىبى يۇقىرى بولمىغان بولسا بۇ چاغقىچە خېلى چوڭ كادىرمۇ بولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئالدىنقى يىلدىكى داۋىيگە كادىر سايلاشتا ئۇ داۋىيجاڭلىققا سايلىنىپ كېتىشكە تاس ـ تاس قالدى. كۆپچىلىك خۇددى جىن ئۇرغاندەك نامزاتلىققا ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋېلىشتى. ئۇلار سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىشاتتى. كېيىن يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرنىڭ خاپا بولۇشى بىلەن بۇ ئىش سۇغا چىلاشتى. ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇ «قۇتراتقۇلۇق قىلغان» دېگەن جىنايەت بىلەن كۈرەشكە تارتىلدى.

شۇ كۈنى ئۇ كەچ كىرگۈچە كۈرەش قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئىشتىن ئازراقمۇ رەنجىش ھېس قىلمىدى. چۈنكى ئۇ مانا مۇشۇ بىر ئىشتىن خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتىنى كۆرگەنىدى.

كۈچۈكنى كۆرگەن ئايالى سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىدىن «ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۆزىمىز يەيدىغان نەرسە تاپالمايۋاتساق كۈچۈكنى نېمە بىلەن باقىمىز؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. بىراق باللار خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار ئۆچرەت بىلەن كۈچۈكنى باغرىغا بېسىشىپ ئۇنىڭغا «بارىس» دېگەن ئىسىمنى قويۇشتى. ئۆزلىرىگە تەئەللۇق

ئازراق تاماقنى كۈچۈك بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۇنى ئاچ قويمىدى. قىش كېتىپ ياز كەلگەندە «بارس» يوغىناپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ قاۋايتتى، بالىلار بىلەن ئوينىشىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈيتتى. بۇ يەرنىڭ كونا غوجايىنى بولغان «موىناق»نىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى.

شۇ يىلى كۈزگە يېقىن ئۇزۇن يىل بۇ ئۆيگە ھەمراھ بولغان «موىناق» ئۆلۈپ قالدى. تايىنچىدەك يوغىنىغان «بارس» ئەمدى بۇ ئۆينىڭ بىردىنبىر غوجايىنىغا ئايلانغانىدى. ئۇ باشقا قازاق ئىتلىرىغا ئوخشاش كەلگەن يات ئادەمنى قاۋاپ قارشى ئالاتتى. يات ئادەم ئۆيدىن چىققاندا بولسا بېشىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويغىنىچە ئۇن ـ تىنسىز ئۇزىتىپ قالاتتى.

ــ سەن بۇگۈن ماڭشا ئەگەشمەي ئۆيدە قال. مەن كەلگۈچە ئۆيگە ياخشى قارا،ــ دېدى ساپارغالىماللارنى ئالدىغا سېلىۋېتىپ. «بارىس» خۇددى مۇقەددەس بىر بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندەك زوڭزايغىنىچە ئىگىسىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

كۆز يەتكۈسىز يېشىل يايلاق مال پادىلىرى بىلەن توشقانىدى. ماللىرىنى ئۆي ـ ئۆيدىن ھەيدەپ چىققان مالچىلارنى ھەممە يەردە دېگۈدەك كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار ئوت ـ سۇ قوغلىشىپ ماللىرىنى ئالدىرىماي ھەيدەپ ماڭاتتى. كالىلار ئىككى ياققا قارىشىپ مۆرەشسە، قويلار باشلىرىنى ئىچىگە تىققىنىچە يول بويىدىكى چۆپلەردە ئوتلاپ يات ـ يات توختاپ قالاتتى. ساپارغالى خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ، يىراقتىن ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. ئاتلىق ئېتىنى بۆرە مېڭىشتە باستۇرۇپ ئۇدۇل ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشكە

باشلىدى. ئارىلىق گەرچە يىراق بولسىمۇ ئۇ ئاتنى، ئات ئۇستىدىكى ئادەمنى تونۇدى ـ دە، خىيالىدىن «ئۇ دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ئوغلى تىلەۋبەردىغۇ. دەركەمباي ئاقساقالغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ـ ھە» دېگەنلەر كەچتى. دەركەمباي ئاقساقال ئۆزۈندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. يەتمىشلەرگە بېرىپ قالغان بۇ ئادەم مۇشۇ يۇرتتىكى يېشى ئەڭ چوڭ بوۋايلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپنى كۆرگەن، گەپ ـ سۆزى ئۆتكۈر، باشقىلارغا يۈز ـ خاتىر قىلىشنى ئانچە بىلمەيدىغان كەتمەيدىغان ئادەم ئىدى.

تىلەۋبەردىمۇ ساپارغالىنى يىراقتىن تونۇپ ئېتىنىڭ مېڭىشىنى ئاستىلاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ساپارغالى ئاكا، — دېدى ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، — بۇ يەردە ئۇچراپ قالغىنىڭىز ياخشى بولدى. مەن سىزنى ئىزدەپ ماڭغان.

— داداڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، ئۇنىڭغا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى ساپارغالى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن ئېتىنى توختىتىپ.

— دادام مېنى سىزنى چاقىرىپ كەل، دەپ ئەۋەتكەنىدى. نېمە، ئىرمەك ئۆيدە يوقمىدى، مالنى ئۆزىڭىز ھەيدەپ مېڭىپسىزغۇ؟

— ئۇنى مەن باشقا ئىشقا بۇيرۇۋەتكەن. دېگىنە، داداڭ زادى قانداقراق؟

ساپارغالى بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى.

— بۈگۈن بىر ئاز بوشاپ قالغاندەك تۇرىدۇ. سىزگە دەيدىغان گېپى بولسا كېرەك، سىزنى تېزرەك كەلسۇن دېگەن. بولمىسا مالنى مەن بېقىپ تۇراي.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ، داداڭ ئاغرىق ياتسا. سەن بىرىپ ئىرتۇستوك بىلەن جاڭغابىلىنى چاقىرىپ قوي. ئۇلار سۇ ئىلىش ئۇچۇن سايغا كەتكەن. شۇ يەرگە بارساڭ ئۇ ئىككىسىنى تاپالايسەن. بەك بولمىسا بىرىنى بولسىمۇ ئارقاڭغا مىندۇرۇپ ئەكەل. مەن ئالدىرىساي ماڭغاچ تۇراي.

بۇ گەپ بىلەن تىلەۋبەردى ئىبتىنىڭ بىشىنى ساي تەرەپكە بۇرىدى. سىمىزلىكتىن تۇكلىرى پارقىراپ كەتكەن تورۇق ئات تىزگىن سىيرىغىنىچە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

شۇ كۇنلەردە يايلاقنىڭ ئوت - چۆپلىرى تازا كۇچىگە كەلگەچكە، ماللار سەمرىپ، ئاتلارنىڭ ساغرىسى تۇخۇم قويسا توختىغۇدەك ھالەتكە كەلگەنىدى. چارۋىچىلارنىڭمۇ سۇت - قايماقتا تويۇنغان چىرايلىرى پارقىراپ، ۋۇجۇدىدىن بىر خىل جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. تۇرمۇش بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىۋاتاتتى.

ساپارغالى كىتىۋىتىپ ئويلىنىپ قالدى. دەركەمباي ئاقساقال بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىنى ئەسلەپ، يۇرىكى ئاچچىققا تولدى. گۇڭشىغا مال ئۆتكۇزۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ياغقان قىلىن قار يەنە بىر قىتىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى كىنو كارتىنىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

شۇ يىلى ياغقان قىلىن قار پۈتۈن زېمىننى بېسىپ، ئۆي بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدىكى ئالاقىنى ئۇزۇپ قويدى. مىڭ باللىقتا دادۇي ئىشخانىسىغا كەلگەن ئادەملەر باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇن - تىنسىز

ئولتۇراتتى. ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن دەركەمباي ئاقساقال بىردىنلا قايناپ كەتتى:

— سىلەرنىڭ لاياقەتلىك باشلامچى دېگىنلى بولامدۇ؟ قىشلاقتا ئوت – چۆپ يېتىشمەي مال قىرىلىۋاتسا، بۇ يەردە يىغىن ئاچىمەن دەپ ئولتۇرىسىلەر تېخى. يىغىنىمىش! سىلەر بۇ يەردە ئۆزۈڭلارنى كۆرسىتىپ يىغىن ئېچىڭلار، ۋالاقلاڭلار. ئۇيەردە مال قىرىلىپ تۈگىسۇن. بىزنىڭ قولىمىزدىكى مال، ئىت ئەمەس يىلدا بەش – ئوننى كۆچۈكلەيدىغان.

ئۇستەلگە جەينىكىنى قويۇپ ئولتۇرغان دادۇيجاڭ بىلەن شۇجى بىر – بىرىگە قاراشتى. دەركەمباي ئاقساقالنىڭ دېگەنلىرى كۆڭلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ چېچىلغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالماي ئۈن چىقارمىدى.

— نېمە، ئىككىڭ گاچا بولۇپ قېلىشتىڭمۇ؟ بىز سىلەرنى مۇشۇنداق كۈنلەردە بىزگە يىغىن ئېچىپ بەرسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟ قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق يىغىنلىرىڭ!...

— ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئاقساقال، — دېدى شۇجى توقۇلۇپ ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزىگە بىر ئاز تېرىكىپ، — بىزمۇ مۇشۇ ئىشنى دېيىشەيلى دەپ سىلەرنى بۇ يەرگە چاقىرىپ تۇرۇپتىمىزغۇ؟ سىز دېگەن كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىگە مول ئادەم. قىشلاقتا قىرىلىۋاتقان ماللارغا ئېچىڭىز ئاغرىۋاتقان بولغاندىن كېيىن ياخشى چارە – ئاماللارنى كۆرسەتمەمسىز؟

— مەن چارە – ئامال كۆرسەتسەم ئىككىڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ غەزەپتىن تىترەۋاتقان ساقىلىنى

ئوچۇملاپ،— بىلسەم ـ بىلمىسەم مېنى سۆزلىدى، دەپ ئاچچىقىڭ كېلىۋاتىدىغۇ ھەرقاچان. دائىم مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە سۆزلىمەي دەيمەن، ئەمما مۇشۇ ئاغزىم سۆزلىمەي دېسەممۇ سۆزلەپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سەن دېگەن ئىچىمىزدىكى بۇلبۇل تۇرساڭ سايرىماي قانداق چىدايسەن؟ بۇلبۇل دېگەن شۇنداق قۇش، سايرىمىسۇن دەپ قەپەسكە سولاپ قويسىمۇ سايراۋېرىدىغان.

ئۇنىڭغا يېنىدىن ئورۇن بوشاتقان ئومار شۇنداق دېدى. بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قانچىسى چاقچاق قىلىپ ئۆينىڭ ئىچى كۈلكىگە تولدى.

— دىققەت قىلايلى، يولداشلار،— دېدى شۇجى توققۇجا كۆپچىلىكنى تەرتىپكە چاقىرىپ،— بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن يىغىلغانلىقىمىزنى دېمىسەممۇ بىلىپ بولدۇڭلار. بۇ يىل قار ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە قېلىن ياغدى. بەزى يەرلەردە قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئېشىپ، قىشلاقتىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ماللارغا يەم ـ خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىش يولىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. بايا دەركەمباي ئاقساقال دېگەندەك دەرھال ھەرىكەتكە كەلمىسەك قولىمىزدىكى كوللېكتىپنىڭ مېلى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. مالنى ئاپەتكە بېرىپ قويساق پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىمىز. شۇڭا قانداق قىلساق ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ ياخشى چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ، قىشلاقتىكى چارۋىلارنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالالايمىز. بۇ ھەقتە بىزگە ئەقىل كۆرسەتكەن بولساڭلار.

ساپارغالى قىمىرلاپ قويدى، بۇمۇ ئامالسىز بولۇۋاتقان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى قىشلاقتىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ماللار ئىچىدە ئۇنىڭمۇ گۆشىغا ئۆتكۈزگەن كالا، قوي، يىلقىلىرى بار ئىدى.

گەرچە شۇ قېتىمكى يىغىندا نۇرغۇن ئامال - چارىلەر كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ بۇنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىيلىشىپ، بىر قىسمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىمكان بولمىدى. شۇ يىلى نۇرغۇن مال چارۋا ئۆلۈپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. ئاپەت رەھبەرلەرنى سەگەكلەشتۈردى، مال بېقىشتا قابىل ئادەملەرنى قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، مالچىلارغا تەڭشەش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى تەڭشەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە دەركەمباي ئاقساقال بىلەن ساپارغالىمۇ بار ئىدى...

ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ساپارغالىنى كۆرگەن دەركەمباي ئاقساقال ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، ئەمما تۇرۇشقا چامىسى يەتمەي قالدى.

— قوزغالماڭ ئاقساقال، قوزغالماڭ، — دېدى ساپارغالى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ. دەركەمباي ئاقساقال ساپارغالىنىڭ كۆزىگە كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى. دەركەمباي ئاقساقال كۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالغان قولى بىلەن ساپارغالىنىڭ ئالىقىنىنى تۇتتى. ئۇنىڭ بىرچاغلاردا يېنىپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى مانا ئەمدى ئولتۇرۇشۇپ، شامالدا قالغان شامغا ئوخشاش پىلدىرلاپ قالغانىدى.

— ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم، ئاقساقال، ئالدىڭىزدا

بەكمۇ خىجىلمەن،ــ دېدى ساپارغالى ئۇنىڭ ئالىقىنىنى تۇتقان قولىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئالىقىنىنى قويۇپ،ــ شۇ تىرىكچىلىكنىڭ غېمى دەڭە.

ــ ئۇنداق دېمىگىن، ساپارغالى، ھېلىمۇ يوقلاپ كېلىۋاتىسەن. ئەتراپىمدا ساڭا ئوخشاش ياخشى ئادەملەر بولغاچقىلا مەن مۇشۇنچىلىك ياشىيالىدىم. كونىلار: «ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگىدۇ، ياماننىڭ كاساپىتى» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. باي چارۋا بولمىغان بولساڭ بەلكىم بۇ كەمگىچە يېزا ئاقساقاللىرىدىن بولۇپ قالغان بولاتتىڭ. بوپتۇ، بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئىشى. ئالدىرىمىساق ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا. بىراق مەن ئۇنىڭغا ئۇلىشالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

ئاقساقال سۆزىنى تۈگەتكىچە ھاسىراپ كەتتى.

ــ ئۇنداق دېمەڭ، ئاقساقال، سىز تېخى ياشايسىز. كېسەل باشقا، ئەجەل باشقا،ــ دېدى ساپارغالى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ. ئاقساقال بېشىنى چايقاپ قويىدى:

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان. سېنى چاقىرتىشىمدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ. قۇلاق سېلىپ ياخشى ئاڭلا، ئەگەر مەن باقىي دۇنياغا كېتىپ قالغۇدەك بولسام يۇغۇچىمىغا ئۆزۈڭ كىر. چۈنكى سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئەڭ ياخشى ئادەم. سېنىڭ قولۇڭ تەگكەن يەر خۇددى خاسىيەتلىك نۇر تەگكەنگە ئوخشاش چاقناپ كېتىدۇ. مەن مۇشۇ گەپلەرنى ساڭا دېيىشنى ئۆزۈندىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان. مانا بۈگۈن ۋاقتى كەلگەن ئوخشايدۇ، ئاخىرى بۇ گەپلەرنى دەپ يەڭگىللەپ قالدىم.

ــ ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭىزگە كۆپ رەھمەت. ئەگەر سىز شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز مەن بۇنىڭغا رازى.

— سەنمۇ بىلىسەن، قازاق ئادىتىدە ئۆلگەن ئادەمنى سۇغا ئېلىش چوڭ ئىش. سۇغا ئېلىشقا كىرىدىغانلارنى بەلگىلەشمۇ چوڭ ئىش. ئوغلۇڭ ئىرمەكنىڭ تويىغا قاتنىشىپ تۆرىدە ئولتۇرارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق ئۆمرۈم ئۇنىڭغا يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. بالاڭغا بېرىدىغان دۇئانى بۇگۈن مۇشۇ يەردە بېرىۋېتەي.

ساپارغالىنىڭ بۇرنى ئېچىشىپ، كۆز چانىقى ياشقا تولدى. ئۇمۇ مۇشۇ ئىشنى ئويلىغانىدى. بىراق قېرىشقاندەك بۇ ئىش كەينىگە كېتىۋاتاتتى.

بالاڭنىڭ كۆڭلى جاي بولسىن،
مىڭ جىلقىلى باي بولسىن.
ئايداغانى قوي بولسىن،
شايناغانى ماي بولسىن.
باقىت قونۇپ باسىنا،
سول ئارادا توي بولسىن①.

ئاقساقال دۇئاسىنى تەستە تۈگىتىپ، ئاجىزلاپ كەتكەن قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. خېلىدىن بېرى ئەندىشىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان بالىچاقىلار ئاقساقالغا ئەگىشىپ قولىنى كۆتۈردى. «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن سۆز بىلەن دۇئا ئاياغلاشتى. دەركەمباي ئاقساقال خۇددى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل تىنىپ كۆزىنى يۇمدى.

---

① ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى — بالاڭنىڭ كۆڭلى شاد بولسۇن، مىڭ يىلقىلىق باي بولسۇن، ھەيدىگىنى قوي بولسۇن، چاينىغىنى ماي بولسۇن، بەخت قونۇپ بېشىغا، پات ئارىدا توي بولسۇن.

— دادامغا ھېچ ئىش بولماس، ساپارغالى ئاكا، — دېدى ساپارغالىنى ئۇزىتىپ چىققان تىلەۋبەردى ئەندىشىسىنى باسالمىغان ھالدا. ساپارغالى ئۇنىڭغا يۈزلەندى ۋە تولىمۇ سالماق ئاۋازدا:

— ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئىنىم. ئۇ بۇگۈن ھاياتىدىكى يەنە بىر يۈكتىن قۇتۇلدى. مەن ئۆيدىكى مال ـ ۋارانلارنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ كەچكە يېقىن كېلىمەن. سىلەر ئاقساقالنىڭ يېنىدا بولۇڭلار. ئۇنى ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويماڭلار، — دېدى. تىلەۋبەردى ساپارغالىنىڭ ئېتىنى يېتەكلەپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى.

گەرچە ساپارغالى تىلەۋبەردىگە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ خۇدادىن دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ، كۆزىنى يۇمدى. ئۆمرىدە ھېچقانداق ئادەمگە يامانلىق قىلمىغان بۇ ئادەممۇ بىرچاغلاردا پەلەكنىڭ تەتۈر چۆرگۈلىشى بىلەن ئاز بولمىغان دىشۋارچىلىقلارنى تارتقانىدى. ئاپەت بولغان يىل ئۆتۈپ ياندۇرقى يىلى يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئېنىقلىغاندا، كىمدۇر بىرى دەركەمباي ئاقساقالنى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا «ئىدىيەسى قالاق. سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ. بىر يىلنىسى داڭۋي رەھبەرلىرى يىغىن ئېچىپ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا قوروپ كەتسۇن بۇنداق يىغىنلىرىڭ، دەپ پارتىيەگە قارشى چىققان. ئۇ دائىم مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەكسىيەتچى سۆزلەرنى قىلىدۇ» دەپ چېقىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا بىر قورۇ مالنىڭ ئىگىسى بولغان دەركەمبايدىن مال

قايتۇرۇۋېلىنىپ، بۇزۇق ئۇنسۇرلار قاتارىدا كۈرەش سەھنىسىگە تارتىپ چىقىرىلدى.

ساپارغالى چۇشلۇك تاماقنى ئۇن - تىنسىز يېدى. ئوتتۇنغا كەتكەن باللار بىلەن مال بېقىشقا كەتكەن باللار تېخى قايتىپ كەلمىگەچكە، قەسەن بىلەن قىدىرغوجىنى مال بېقىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئىرمەك بىلەن ئىرتۇستۇكنىڭ ئالدىغا ماڭدى. بۇنى كۆرگەن ئايالى كۈمۈش بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ:

— دەركەمباي ئاقساقالنىڭ كېسىلى ئېغىر بولسا بېرىپ قويامدىم، قانداق؟ — دەپ سورىدى. ساپارغالى ئاتقا مىنىۋېتىپ:

— بېرىپ قوي. ئۇ دېگەن ئاتا كۆرگەن ئۇلۇغ ئادەم. ئىشقىلىپ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، — دېدى.

كۈن يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ساپارغالى ئېتىنى دېۋىتكىنىچە تاغ تەرەپكە يورۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مەھەللىدىن چىقماي تۇرۇپلا ئاتقا قارىغاينىڭ قورۇق شاخ - شۇمبىلىرىنى سۆرەتكەن ئىككى ئوغلى يولۇقتى.

— نېمىگە شۇنچىۋالا كېچىكىپ كەتتىڭلار؟ — دېدى دادا شاخ - شۇمبىلارغا قاراپ قويۇپ.

— ئوتتۇنلۇق ياغاچ ئېلىۋاتساق ئورمان قوغدىغۇچىسى كېلىپ قېلىپ بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدى، — دېدى دادىسىنىڭ سۆزىگە جاۋاب قايتۇرغان ئىرمەك يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ، — ئېتىمىزنى تارتىۋالغىلى تاس قالدى دېگىنە. بىز سېنىڭ ئىسمىڭنى چىقىرىۋېدۇق ئاندىن قويۇپ بەردى.

بۇ سۆزدىن ئەجەبلەنگەن ساپارغالى سورىدى:

— نېمە، ھۆل قارىغاي كەسكەنمىدىڭلار؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئىرتۇستۇك ئاكىسىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، — بىز قارىغايلىقنى ئارىلاپ يۈرۈپ يىقىلغان قۇرۇق قارىغايدىن تاپقانىدۇق. ئۇنى ئاتىقا لايىقلاپ كېسىۋاتساق ئورمان قوغدىغۇچىسى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇ قارىغاينى پايلاپ يۈرگەنگە ئۇزۇن بولغانىكەن. ئۇ: «بۇ قارىغاي كۆك كېسىلگەن، ئاندىن بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇلغان. ئۇنى كەسكەن ئادەم قارىغاي قۇرۇپ قاقشال بولغاندىن كېيىن ئەكەتمەكچى. ھازىر مۇشۇنداق ئامال - چارىلەرنى ئىشلىتىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. سىلەر راستىنلا ساپارغالى ئاكىنىڭ بالىلىرى بولساڭلار مەندىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتىپ قويۇڭلار. مەن ھامان بىر كۈنى بۇنداق ئامال ئىشلەتكەن ئادەملەرنى تۇتماي قويمايمەن. سىلەر ئۇنى جايىدا جىم قويۇڭلار. ئوتۇن ئالغۇڭلار بولسا باشقا يەردىن ئېلىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ شاخ - شۇمبىلارنى ئالدۇق.

ساپارغالى ئويلىنىپ قالدى. ئىككى بالىسىغا بىرنەرسىلەرنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# ئىككىنچى باب

دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ئەھۋالى بىر دەمدىلا پۈتۈن يۇرتقا پۇر كەتتى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىنىڭ ئانچە كۆپ قالمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان يېقىن ـ يورۇقلار كەينى ـ كەينىدىن ئۇنى يوقلاپ كېلىشتى. ساپارغالى ئۆيگە كىرگەندە دەركەمباي ئاقساقال ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ساپارغالى بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولدى.

— بۇياققا كەلگىن، — دېدى ئۇنى كۆرگەن ئومار ئاقساقال يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ، — سېنىڭ كېلىپ كەتكىنىڭنى بالىلاردىن ئاڭلىدۇق. ناھايىتى ياخشى قىپسەن، ئىنىم. قاراپ باقسام بۇ يۇرتتا ياشقا ئەڭ چوڭى دەركەمباي بىلەن ئىككىمىز ئىكەنمىز. بىزدىن كېيىن قالساڭ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى سەن بولىسەن. ۋاقىت دېگەن ئاتقان ئوق. تۈنۈگۈنكى ياش يىگىتلەر قاراپ باقسام تۆرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قاپتۇ. بالىلارنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، دەركەمباي ئاقساقال سەن كېلىپ كەتكەندىن كېيىن مۆجىزە يۈز بەرگەندەك خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ. ساڭا كۆپ رەھمەت.

ساپارغالى ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن ئومار ئاقساقالنىڭ يېنىغا كېلىپ جايلاشتى. دېگەندەك

بۇ سورۇنــدا ئۇمار ئاقسـاقالــدىــن باشقـا يـاشقا چــوڭــراق بىر ىمۇ يوق ئىدى.

— ئاقسـاقالـنــىــڭ ياخشـى بـولۇپ قېلـىـشى ئـاۋالــەم خــۇدادىن، ئۇنــىــڭدىن قالــسا سىلــەرنىڭ دۇئايــىڭلارنــىــڭ شـاراپىتــىــدىن، ئۇمــار ئــاقساقــال،ـــ دېـدى ساپارغــالــى ئوڭايسىزلانغاندەك بىر قىياپەتــتە،ـــ شۇ چاغــدىمۇ ماڭــا پاتلا ياخشى بولۇپ قالىدىغاندەك بىلــىنگەن. مــەيلى كــىم بولسۇن كۈننىڭ سىر ىقىنى كۆرسۇن.

ئــۇنىڭ سۆزــگە ئولتــۇرغانلارنــىــڭ ئىچــىــدىكى بىــرى ئارىلاشتى.

ئېگىز بويى، تەن قۇرۇلۇشى خۇددى تەنهەرىكەتچىلەردەك بۇ ئــادەم قىرىق يــاشلار ئەتــراپــىدا كۆرۈنــەتــتى. ئۇنــىــڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل كـۈچ ـ قۇۋۋەت تەپچىپ تۇراتتــى. يــۇمىلاق، ئەمـــما چوقۇر كــەلگەن يۈزىــدىن قەتــئىــيلــىــك چىقىپ تۇراتتى. ئوت چاقناپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىــدە ئاق كۆڭــۈلــلــۈك بىــلــەن باتۇرلــۇقــنىڭ ئــۇچــقــۇنــلــىــرى كــۆرۈنەتتى. قاپقارا قاشلىرى، ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرى ئــۇنى تېخــىمۇ سۈرلــۈك كۆرسىتــەتتى. ساپـارغالى ئۇنــى نەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلغان بولسىمۇ ئــېسىگــە ئالالــمىدى.

— ئــومار ئاقســاقال ناھايــىتى توغــرا دەيدۇ. ئادەملــەر ئوخشاشمايدۇ. بەزىلەر ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئانچــە ياخــشى بىلــىپ كــەتمــەيدۇ. چىشــى ئاغرىغــان ئادەمنــىــڭ ئاغزىغا «سۈپ» دەپ قــويسا نــىمــە ئۈچۈن ئــاغرىق قويــۇپ بېــرىدۇ. چۈنكــى ئۇنىڭ ئــاغزىغا «ســۈپ» دېگەن ئادەمــدە خاســيەت بار. شۇنــىڭ ئۈچۈن چىش ئاغرىقى توخــتــاپ قــالىدۇ. گــەرچــە بۇ بىــر خــۇراپىي تــۈس ئــالغـان ئــىش بــولسىمــۇ ئەھۋال شۇنــداق. بىزنىــڭ تۇغقــان ئــاكــىمــىز

ساپارغالىنىڭ كېلىپ كېتىشى بىلەن ياخشى بولۇپ قالغانلىقىدىكى سەۋەب مانا مۇشۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى ھەممەيلەن باش لىڭشىتىپ ماقۇللاشتى. ساپارغالى شۇ چاغدىلا قوشنا يېزىدىكى داڭلىق ناخشىچى، ئۇرۇمچىدىكى قايسىبىر سەنئەت ئۆمەكىنىڭ ئارتىسى شالقارنى ئېسىگە ئالدى. بۇ ئادەم دەركەمباي ئاقساقالنىڭ يىراق تۇغقىنى ئىدى. ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ ئۆزىنىڭ قاچان كەلگەنلىكى، تۇغقىنىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆرۈپ كېتىش ئۈچۈن بۇياققا ئۆتكەنلىكى، يەنە قانچە كۈندە كەتمەكچى بولىۋاتقانلىقى، ئۇرۇمچىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ناخشا سەنئىتىنىڭ كەلگۈسى، قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى، ئاقىنلار ئېيتىشىشى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك جەلىپ قىلارلىق ئىدىكى، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار چوڭ شەھەردە تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ باشقىچە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەندە دەركەمباي ئاقساقال ئالىبۇرۇن ئۇخلاپ قالغانىدى.

كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ سىرتقا چىقتى. كۈن پېتىشقا ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن يىراق - يېقىندىن كەلگەنلەر خوشلىشىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى. شۇلارنىڭ ئىچىدە شالقارمۇ بار ئىدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ساپارغالىنى چەتكە تارتىپ:

— ئاڭلىسام سىزدە يىغىپ ساقلاۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ ماتېرىيال بار ئىكەن. نەشرىياتتا بىر ئاغىنەم بولىدىغان. ئۇنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا ھۆكۈمەت ئەنە شۇنداق نەرسىلەرنى يىغىپ توپلام قىلىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ. ئەگەر شۇنداق

بولۇپ قالسا سىز ئۇنى ئاشۇ توپلامغا كىرگۈزۈپ نەشىر قىلدۇرۇڭ. بەلكىم ئۆزىڭىز ئىجاد قىلغان نەرسىلەرمۇ ئاز ئەمەستۇر. مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن سىزگە بۇ توغرىسىدا خەۋەر بېرىمەن،— دېدى. ساپارغالى بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى – بۇ ئۇندىمىدى. چۈنكى ئۇ ياش تۇرۇپ نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكە تولىمۇ ئېهتىياتچان بولۇپ كەتكەنىدى.

شالقار كەتتى. ساپارغالى ئويلىنىپ قالدى، قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ياكى توغرا بولمىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، كاللىسىغا «قولۇمدا بار ماتېرىياللارنى شالقارغا بېرىۋەتكەن بولسام بەلكى مېنىڭدە تۇرغىنىدىن ياخشىراق بولار ئىدى؟» دېگەن خىيال كەلگەنىدى. ئەمما بۇ خىيال ئۇزاق ئۆتمەي «ئۇنچىقماي توغرا قىلدىڭ. شۇنچە يىلدىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۇ نەرسىلەرنىڭ خەقنىڭ قولىدا يوقىلىپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟» دېگەن سادا بىلەن ئالماشتى.

ئادەملەر پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى. دەركەمباي ئاقساقال بىر خىل تىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ساپارغالى ئۆيدىكىلەرگە بەزى ئىشلارنى تاپىلىغاندىن كېيىن، ئايالى بىلەن ئۆيگە قايتتى.

— مەن ھەيران،— دېدى ساپارغالىنىڭ ئايالى ئاتقا مىنىۋېتىپ،— ئاقساقال راستتىنلا تىرىلىپ قالدى. باللىرىنىڭ دەپ بېرىشىگە قارىغاندا ئۇ ئاخشام بىر كېچە جان تالىشىپ چىققانىكەن. ئايالار شالقارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سىزنى راستتىنلا خاسىيەتلىك ئادەم ئوخشايدۇ دەپ قېلىشتى.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلغىن، كۇمۇش. ئەگەر بۇ گەپ سىرتقا يېيىلىپ كەتسە ئۇنىڭ دىشۋارچىلىقى ئاز

بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سىنىپىي تەركىبى يۇقىرى ئائىلە. يۇقىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ قالسا جاۋاب بەرمىكىمىز ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. قۇرۇق نام ـ ئاتاقنىڭ پايدىسى يوق.

ــ بۇنى ماڭا دېگەنىڭ نېمە پايدىسى. مەن پەقەت سىزگە ئايالالار ئارىسىدا بولۇنغان سۆزلەرنى يەتكۈزۈپ قويدۇم، خالاس. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. بۇ شالقارنىمۇ ـ زە؟

ــ راست دەيسەن، خەقنىڭ ئاغزىغا بىزنىڭمۇ ئامالىمىز يوق. ئەمما ئۆزىمىزنىڭ ئاغزىنى ئۆزىمىز باشقۇرمىساق بولمايدۇ. ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ سۆزلەرگە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىلىشىپ قالمىسۇن. ئايال تەرەپكە سەن ئىگە بول، ئەر تەرەپكە مەن ئىگە بولاي.

ئۇلار پاراڭلىشىپ بىر بەلدىن ئاشتى. كۈن پېتىپ ھەممە ياقنى كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئۆز قوينىغا ئېلىۋاتاتتى. تۆت تەرەپتىن ئوتلاپ قايتقان كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىناتتى. ھەپسىلىسى كەتكەن مالچىلار بار ئاۋازى بىلەن مال پادىلىرىنى ئۆز ئىزىغا سېلىشقا تىرىشىپ ۋارقىرايتتى. كالىلار بولسا قۇيرۇقلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن پۇلاڭلىتىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ جان ـ جەھلى بىلەن مۆرەيتتى، مالچىلارنىڭ ۋارقىرىغىنىنى قېتىمغا ئېلىپمۇ قويمىغاندەك تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىپ، يول ياقىسىدىكى چۆپلەرگە ئېغىز سېلىپ بىر ئىزدا توختاپ قالاتتى.

ــ بىز ئىرمەكنى ئۆيلەشنىڭ ئامالىنى قىلغان بولساق ياخشى بولاتتى،ــ دېدى ساپارغالى يۇقىرى تەرەپتىن تۈپۈرلاپ چۈشۈۋاتقان يىلقا توپىغا قاراپ قويۇپ،ــ

خىيالىم ھازىر پەقەت مۇشۇ ئىشتىلا قالدى. بىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە كېلىن چۇشۇرمەك نىمانداق تەستۇ؟

كۇمۇش ئېرىگە قاراپ قويۇپ ئېگەر ئۇستىدە ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئوڭشاپ ئولتۇردى، ئاندىن:

— مۇشۇ ئاي ـ مۇشۇ كۇنلەردە بۇنداق غەمدە قالغانلار يالغۇز بىزلا ئەمەس. چۇنكى قازاقنىڭ كېلىن ئالمىقى ئەزەلدىن ئادەمنىڭ يەلكىسىنى باسقان تاغ بولۇپ كەلگەن. قىزى بارلار قىز مېلىغا ئانچە ـ مۇنچە قېتىش ـ قوتۇش قىلىپ ئوغۇللىرىنى ئۆيلەۋاتىدۇ. بىزگە ئوخشاش قىزى يوق بىچارىلەر بولسا مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر كۇندە قېلىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام باراقاننىڭ ئوغلى قوشنا ناھىيەدىن قىز ئەپقېچىپ كەپتىكەن، قىز تەرەپتىن كەلگەنلەر باراقاننىڭ ئۆيىدىكىلىرىنى ساۋاپ، يۈز ـ كۆزىنى قانغا بوياپتۇ، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ، ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئاستىدىكى ئاتنى ياكى شۇ ئاتقا ئوخشىشىدىغان ئاتتىن بىرنى بېرىسەن، دەپتۇ. مۇشۇ كۇنلەردە قىزى بارلار بەكلا ئەتىۋارلىق بولۇپ كەتتى. ھەممە نەرسە گۇڭشېنىڭ ئىلكىدە تۇرسا ئوغۇل باققان بىچارىلەر شۇنچە مالنى نەدىن تاپسۇن؟ — دېدى.

ساپارغالى ئۇنچىقمىدى. ئۇ ئات ئۇستىدە خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئولتۇراتتى. دېمىسىمۇ ھازىرقى ئەھۋال مانا مۇشۇنداق. قازاقنىڭ قىزلىرى باشقىلارنىڭ قىزىغا ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ئاتا ـ ئانىنىڭ سۆزى بۇزغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس بۇيرۇق. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئالمىغان قىزنى ئاتا ـ ئانىسىلا ئەمەس، بەلكى پۇتۇن قازاق خەلقى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئەل ئىچىدە باش

كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئامالسىز قالدۇ. قايغۇ ـ ھەسرەتكە پېتىپ، باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇ.

ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە باللار ماللارنى جايلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. كۈمۈش ئاتتىن چۈشۈپ كىيىم ئالماشتۇرغاندىن كېيىن كالا سېغىشقا تۇتۇندى.

ــ دەركەمباي ئاقساقال قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ ــ دېدى دادىسىنىڭ ئېتىنى ئالغان ئىرتۇستۇك ئاتنى مۇما ياغاچقا باغلاۋېتىپ.

ــ ھازىرچە ياخشى. بۇگۇن ماللار ياخشى تويۇنغاندەك قىلدۇ، قەيەرلەرگە ئاپىرىپ باقتىڭلار؟ ــ دېدى ساپارغالى ئەمدىلا ئەگىنگە سولانغان قويلارغا كۆز تاشلاپ. قورساقلىرى تومپىيىپ چىققان قويلار خۇددى بۇ گەپتىن ھۇزۇرلانغاندەك بوينىنى سوزۇپ غوجايىنىغا قاراشتى.

ــ «نامازتۆپە» تەرەپكە ئۆتكەندۇق. ئۇ يەرنىڭ ئوت ـ چۆپى مول ئىكەن. قويلار باش كۆتۈرمەي ئوتلىدى. ئەتىمۇ شۇ تەرەپكە ئۆتىمىز، دادا. سەن خاتىرجەم بولغىن، بىز دېگەن سېنىڭ بالاڭ تۇرساق، مالنى ياخشى باقمىساق قانداق بولدۇ؟

ساپارغالى كۈلۈۋەتتى. ئۇ باللار بىلەن پاراڭلىشىپ، مال بىلەن ئايلانسا، يۈرىكىنى يەپ كېتىۋاتقان ھەسرەتنى ئۇنتۇپ، كىچىككىنە بولسىمۇ ئارام ئېلىپ قالاتتى:

ــ مانا سىلەرمۇ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدىڭلار، بالام. ئاتا ـ ئاناڭلارغا ئەسقېتىپ، ئۇلارنىڭ قولىنى سوۋۇتتىڭلار. سۆزۈڭنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. خۇدايىم تىلىگىنىڭنى بەرسۇن. ئەل ئىچىدە ئابرۇيلۇق قىلسۇن. كەلگۈسىدە بالىچاقاڭنىڭ خوۋلۇقىنى كۆر.

دادىنىڭ سۆزى ئىرتوستوكىنىڭ قەلبىنى شامغا ئوخشاش ئېرىتىۋەتتى. ئۇ دادىسىنى ياخشى كۆرەتتى ھەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. بالا تەربىيەسىگە ئەزەلدىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ كېلىۋاتقان دادا بالىلىرىنى يۈزتۇرا ماختاشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئادەتتە بالىلارمۇ دادىسىنىڭ ماختىشىنى كەمدىن ـ كەم ئاڭلايتتى. مانا بۈگۈن ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئىرتوستوكىنى ماختاپ قالدى.

دادا كەچلىك تاماققا ئولتۇرۇۋېتىپ ئىرمەكنىڭ كەيپىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن، قاپىقى سېلىنغان ھالەتتە ئولتۇرغىنىنى كۆردى. ئۇ چىنىدىكى چايدىن ئاندا ـ ساندا بىر ئوتلاپ قويۇپ، خۇددى داستىخاندىكى نەرسىلەرنىڭ سانىنى ئېلىۋاتقاندەك ئالدىغا سەل ـ پەل ئېگىلگىنىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى.

— ساڭا بۈگۈن نېمە بولدى؟ — دېدى ساپارغالى ئۇنىڭ چۈشكۈن ھالىتىگە قاراپ، — يېلى چىققان توپقا ئوخشاش بوشىشىپ كېتىپسەنغۇ؟ بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشكەن بولسا بۇ يەردە مەن بىلەن ئاپاڭ ھايات. ئۈششۈك تەگكەن ھەرىگە ئوخشاش تۈگۈلۈۋالماي، دېمەمسەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي.

ئىرمەك ئۈنچىقمىدى. كۆڭلىدە دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سۆزلىرى بولسىمۇ ئۇ بۇسۆزلەرنى قانداق دېيىشنى بىلمەيتتى. شۇڭا چىنىسىدىكى چاينى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ باش كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ داستىخانغا دۇئا قىلىشنى كېرەكقۇ؟ مەن ئادەم

باقماي ئىت باقفان ئوخشايمەن، ــ دېدى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ساپارغالى ئاچچىق بىلەن. چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئايالى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىماسقا سالدى. دۇئا ئوقۇلدى. باللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۆيدىن چىقتى.

ــ مېنىڭچە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئۆزىنىڭ مەيلى ئەمەس. شۇڭا ئىمكان بار ئۇنى بىر مەزگىل ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەيلى. بىچارە بالا يېقىندىن بېرى تۈگىشىپلا كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ ئاسان ئەمەس.

ساپارغالى ئايالىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە ئۇنچىقمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خاپىلىق تارقىلىپ كەتمىگەنىدى.

ــ بولمىسا سەن يۇرتۇڭغا بىر بېرىپ كېلەمسەن. ئۇ يەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يەنە بىر قېتىم ئورۇنۇپ باققان بولسا.

ــ مەنمۇ شۇنى ئويلىغان. بىراق ئالدىنقى قېتىممۇ ئۇلارغا تاپشۇرغان ئىشىمىزدىن نەتىجە چىقمىدى. بىزنىڭ هازىر ئېتىمىز ئۇلۇغ، سۆپرىمىز قۇرۇق بولۇپ قالغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. يەنە بېرىپ ئۇلارغا كېلىن ئىشىنى دېيىشكە تىلىم كۆيۈپ تۇرۇپتۇ. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

ــ ئۇ دېگەن بۇلتۇرقى ئىش. بىر يىل دېگەندە تالاي ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. بەلكىم ئۇلار ياخشىراق ماڭسا بىز بىلەن قۇدا بولۇشنى خالايدىغان بىرەرسى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. هازىر مېنىڭ غېمىم مۇشۇ بالىدىلا قالدى. ئۇ ئۆيلەنسە يول ئېچىلىپ قالغانلىرىنىڭ ئىشىمۇ ئوڭغا تارتاتتى.

— ئۇنداقتا يۇرتقا بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆتەي. مەيلى بولسۇن، بولمىسۇن ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى. كونىلار: «تەلەپ قىل، سەۋەب قىل» دېگەنىكەن.

ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئىرمەكنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ساپارغالىنىڭ ئىچىنىڭ سىقىلىشىمۇ پەسلەپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. ئۇ يوتقانغا كىرىپ ياتقاندىمۇ، ئەتىسى ئورنىدىن سەھەر تۇرغاندىمۇ خۇدادىن ئوغلىنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىپ، ياخشى بىر كېلىن بېرىشىنى تىلىدى.

قۇياش بىر خىل سالماقلىق بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلەتتى. پۈتۈن زېمىن قۇياش نۇرى بىلەن بارغانسېرى يوغىناۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ساپارغالى بۇنداق چاغلاردا دائىم دېگۈدەك تۆپىلىك ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇراتتى. يىراقلارغا كۆز تاشلاپ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن دالالارنى، دالالارنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان ئۆيلەرنى، يىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتقان يوللارنى، يىراقلاردا باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان ماللارنى، قەيەردىندۇر كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىسلارنى كۆرەتتى.

ساپارغالى بۈگۈن يەنە شۇ تۆپىلىك ئۈستىگە چىقتى. ئايالى بىلەن ئاخشام كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقاچقا، روھىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ تۆپىلىك ئۈستىگە ئولتۇرۇۋېتىپ بىردىنلا ئېسىگە دەركەمباي ئاقساقالنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن تۆپىلىك ئۈستىدىن چۈشۈپ ئاتقا مىندى ۋە دەركەمباي ئاقساقالنى يوقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— دادام هازىرمۇ تىنچ ئۇخلاۋاتىدۇ. نەپەس ئېلىشىمۇ

شـۇنداق نورمال. ئـەھۋال سوراپ كەلـگـەنـلـىـگىـزگـە كـۆپ رەھـمـەت. قىـنـى ئۆيگە كـىـرىـڭ، بـەلـكـىم بـۇ كـەمگـىـچـە ئـويغانـغـان بولۇشـى مـۇمكـىـن،ــ دېـدى تـىـلـەۋبـەردى ساپارغالـىـغا سالام بـەرگـەندىن كـېـيـىن ئـاتـنىـڭ بـېـشـىـنـى تۇتۇپ..ساپارغالى ئىككى خىيال بولۇپ ئاخـىـرى ئاتـتـىـن چۈشتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە دەركـەمـباي ئاقساقال يېـنـىـك تـىـنـىـپ ئۇخلاۋاتاتتى.

ساپارغالى دادىسىنى ئويغاتماقچى بولغان تىلەۋبەردىنى توسۇپ:

ــ بولدى ئويغاتما، ئۇخلاۋەرسۇن. ئۇنىڭ بىر ئوبـدان ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. سىـرتتـا يەنە بېجىرىدىغان ئىشىم بار ئىدى. مەن چىقاي. كەچكە يېقىن ئاقساقالنى يوقلاپ كېلىمەن،ــ دېدى. ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ يولىغا چۈشتى.

«خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغىن ئاقساقالنى،ــ دەيتتى ئۇ ئات ئۈستىدە يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ،ــ ئەگەر بولمىغاندا مەن ئوغلۇمنى ئۆيلىگۈچە بولسىمۇ...»

ئۇ كېـتـىـۋېـتـىـپ يول بويىـدا ئۆسۈپ قـالـغان يالـغـۇز چىنارغا زوقلىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چـىـنارنىـڭ غولىدىـن تەرەپ ـ تەرەپكـە يېيىلىپ كەتكەن شاخلاردىكى قويۇق، يۇمران يوپۇرماقلار بەئەينى كۈنلـۈككە ئـوخـشايـتـتـى. قۇياشـىـنـىـڭ ئۆتـكـۈر نۇرلىرى ئەنە شۇ تەبىئىي كۈنلۈك ئـۈستىگـە چۈشكەنـدە پەيدا بولغان تـارام ـ تارام ئالتـۇن نۇرلار ئۇنى تـېخـىـمـۇ گـۈزەل تۈسكە كـىـرگۈزۈپ، چاقـناۋاتقانـدەك بىر خـىـل تۇيغۇ ھـاسىـل قىـلاتتى. ھەم تـۈز، ھەم ئېگـىـز ئۆسكـەن غولى ئـۇنى تېخـىـمۇ كۆركـەم، تېخـىـمۇ ھەيۋەتـلـىك بـىـر

قىياپەتكە كىرگۈزگەنىدى. لەرزان شامالدا تىنماي مىدىرلاۋاتقان يوپۇرمىقى ئادەمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان سانسىز قوللارنى ئەسلەتتى.

ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ مۇشۇ چىنار تۈۋىدە بىردەم ئولتۇرۇۋالغۇسى بولسىمۇ، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر تىزگىن تارتماي يولىنى داۋام قىلدى.

ئۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ چىنار دەرىخىنى ياخشى كۆرەتتى. بالا ۋاقىتلىرىدا، ياش چاغلىرىدا ئاغىنىلىرى بىلەن مۇشۇ چىنار دەرىخى ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئاجايىپ شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىردىنلا شۇ چاغلاردىكى شادلىققا تولغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

ئۇ كېتىۋېتىپ ئادەملەرنىڭ غەم - قايغۇغا چۆممەيدىغان ۋاقىتلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇلار مۇشۇ تەبىئەت دۇنياسىدا توختىماي ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىكى شاد - خۇراملىق قايغۇ - ھەسرەتكە خۇددى بىر تۇغقاندەك ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادەملەر توختىماي خىيال سۈرەتتى. موھتاجلىق تۈپەيلىدىن قايغۇغا پاتاتتى. موھتاجلىق ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە، تەلۋىلەرچە خۇشاللىققا چۆمۈپ ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي، بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيتتى. بەزىدە ھەتتا بىر - بىرىدىن ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلماقچى بولغاندەك گىدىيىپ ئۆتۈپ كەتسە، بەزىدە ئەڭ سېسىق سۆزلەرنى قىلىپ بىر - بىرىنى چېقىۋالاتتى.

ساپارغالى كېتىۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى. دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئېسىگە

ئېلىپ، قارىغايغا ئوخشاش تۈپتۈز كەتكەن بۇ ئادەمگە بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئىگىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن «بارىس» يىراقتىنلا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ بىر دە ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتسە، بىر دە كەينىدە قېلىپ ئەركىلەيتتى. ئۆيگە يېقىنلاشقان ساپارغالى موما ياغاچقا باغلاقلىق تۇرغان ئاتلارنى كۆرۈپ بىر ئاز ئەجەبلەندى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرسى بالىسىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئىرىنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كۈمۈش كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇلار سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن، — دېدى ئۇ مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋېتىپ. داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرغان ساپارغالى بىرىنىڭ بالىسىغا، يەنە بىرىنىڭ ئۆزىگە دەم سالدۇرغىلى كەلگەنلىكىنى ئۇقتى. بالىسى بار ئايالنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، بالا كېچىچە چۆچۈپ يىغلاپ چىقىدىكەن. بۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن بوپتۇ. يەنە بىر ئايالنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، چىشى ئاغرىيدىكەن. نەچچە كۈن بوپتۇ ئاغرىق دەستىدىن تاڭغا تاڭنى ئۇلىغىنى.

ساپارغالى بۇ قانداق گەپ، دېگەندەك ئايالغا قاراپ قويدى. ئىرىگە چاي سۇنغان كۈمۈش ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ:

— مەن ئۇلارغا دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دېدىم. بىراق ئۇلارنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن بالىسى بار ئايالنىڭ قۇچاقتىكى بالىسى بىردىنلا چۆچۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بالىسىنى پەپىلەپ تىنچىتقاندىن كېيىن:

— ئاكا، كۆردىڭىز، بالا كېچىسى توختىماي مانا

مۇشـۇنداق چۆچۈپ چـىقـىدۇ. چـەتنەك تـەگـكەن بولـسا كىرەك. يەڭگەم بىزگە بەزى سۆزلەرنى ئىپتقان بولسىمۇ بىز سىزنى ساقلىدۇق. چۈنكى بىزنىڭ بۇ يەردە سىزدىن باشقا ھېچكىم يەتتە ئوغۇللۇق بولغان ئەمەس. بۇمۇ خۇدانىڭ سىزگە بەرگەن خاسىيىتى. ئۇنداق قىلماي بالامغا دەم سېلىپ قويغان بولسىڭىز،ــ دېدى. ساپارغالى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، يا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلەلمەي چىنىسىدىكى چايدىن ئوتلىدى، «نېمە دېسەم بولار» دېگەندەك لېۋىنى چىشلىدى.

ــ كېلىنلەر، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، دەم سېلىش دېگەن ناھايىتى ئوڭاي ئىش. ئاغزىمنى مىدىرلىتىپ «سۈپ» دەپ قويساملا بولىدۇ. بىراق مەن ئۇچۈن بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس. بىرىنچىدىن، مەن موللا ئەمەس. ئىككىنچىدىن، ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر، مەن ئۇنداق قىلسام بولمايدىغان ئادەم. ماڭا ئىشىنىپ كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. ياخشىسى ھەر ئىككىلىڭلار بۈگۈنلا مەھەللىگە بېرىپ دوختۇرنى تېپىڭلار. قۇرۇق سۆزگە ئىشىنىپ، بىكار ئاۋارە بولىدىغانغا خاتىمە بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى. ھېلىمۇ بىزگە خۇراپاتلىق ئاز زىيان سالغىنى يوق.

ئىككى ئايال بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدىن «ئاكىمىز توغرا دەيدۇ، دەرھال دوختۇرغا بارايلى. مەھەللىدە دوختۇر تۇرسا بىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىمىزنى قارىمامدىغان. موللىغا ئوقۇتىمەن دەپ ئاغرىق ئازابى تارتىپ يۈرگەن ئادەملەر ئازمۇ؟ بەزىلىرى

ساقىيشىنىڭ ئورنىغا ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

ئايالالار كەتتى. گەرچە ساپارغالى ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويغان بولسىمۇ ئۇلار ئۆيدىن چىقىشى بىلەن خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك بىئارام بولدى. ئۇ قاراپ تۇرۇپلا ئۆيگە كەلگەن ئىككى ئايالنىڭ ئىشەنچىسىنى يەرگە قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ساپارغالى مال بېقىشقا كەتكەن باللارنىڭ كەينىدىن «نامازتۆپە»گە قاراپ كېتىۋاتقاندىمۇ، «نامازتۆپە»گە كېلىپ باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان ماللارنى كۆرگەندىمۇ شۇ ئىش توغرۇلۇق خىيال قىلدى. تەر ئاققۇزماي مال ـ دۇنيا تېپىش كويىغا چۈشكەن بىر قىسىم چالا موللىلار ئەنە شۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئەزەلدىن ھال ـ ئەھۋالى ياخشى بولماي كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئادەملەرنى ئالداپ، ئۆزلىرىنى سەمرىتىۋاتاتتى. گەرچە بۇ ئىشلار پارتىيە كەلگەندىن كېيىن بىر ئىزىغا چۈشۈپ، بۇنداق موللىلار ئازلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاق كۆڭۈل، ساددا قازاق خەلقى شۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە يەنىلا ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتەتتى. شالقارنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان سۆزى مانا بۇنىڭ ئىسپاتى. ئادەملەرنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن خۇراپاتلىق قاچانمۇ تۈگەر؟

ساپارغالى مال بېقىۋاتقان باللارغا بەزى ئىشلارنى تاپىلىغاندىن كېيىن، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆك سايدىكى ئېگەرچىگە بۇيرۇتقان ئېگەرنىڭ پۈتكەن ـ پۈتمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن غولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ تېخى جۇمانالىنىڭ ئۆيىگە يەتمەي تۇرۇپ، شالاڭ

ساقاللىق، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ئېگەرچى جۇمانالى يولدا ئۇچرىشىپ قالدى.

— مەھەللىگە بېرىپ كېلەي، دەپ ماڭغانىدىم، — دېدى ئۇ سالام - سەھەتتىن كېيىن، — سىز بۇيرۇتقان ئېگەرگە لايىق كېلىدىغان ياغاچنى ئىزدەپ بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئېگەرگە لايىق ياخشى قېيىندىن تېپىپ قويدۇم. خۇدا بۇيرۇسا سىزگە يارىغۇدەك قىلىپ ياساپ بېرىمەن. ئالدىراۋاتقىنىڭىزغا قارىغاندا تويى يېقىن ئوخشىمامدۇ؟

ساپارغالى ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ يىراقلارغا كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن:

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن تاپماقنىڭ تەسلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن. مەيلى قانداق بولمىسۇن، كېلىننى ھامان ئالىدىغان گەپ. شۇڭا ئېگەرنى بالدۇرراق ياسىتىپ قوياي دېدىم، ئۇنداقتا ساڭا ئېيتەنىدىم، ئالدىرىماي ياخشىراق ياساپ بېرەرسەن، — دېدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە خوشلاشتى.

ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ھاياجان بېغىشلايدىغان يېشىل يايلاق بىر خىل گۈزەللىك ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇيەر - بۇيەردە توپ - توپ مال پادىلىرى باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتتى. ساپارغالى يايلاقنىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەسلەندى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا نۇرغۇن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىغاندا يۇقىرى تەرەپتىن بىر ئۈيۈر يىلقا ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ

بولمايلا يىلقىنىڭ كەيىنىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان كۆك بۆرىنى كۆردى. بۆرە تايىنچىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، يىلقىلارنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ساپارغالى قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ جىېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ئاستىدىكى ئات بۆرە تامان ئۇچۇپ كەتتى.

ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئاتلىقنى كۆرگەن بۆرە ئارىسالدى بولۇپ قالدى. يېقىندىن بېرى قۇترىغان بۆرىلەر پات ـ پات پەيدا بولۇپ، مالچىلارنى ئاۋارە قىلىۋاتاتتى. ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ مال توپىغا ئۈشتۈمتۈت ھۇجۇم قىلاتتى. شۇڭا مالچىلار دائىم دىگۇدەك ھوشيار بولمىسا بولمايتتى. كەنت تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم بۆرە يوقىتىش جېڭى ئۇيۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، بۆرىلەر يەنىلا پۇرسەت تاپسا مالغا تېگىش قىلاتتى. يىلقا توپىغا تېگىش قىلىدىغان بۇنداق ئىش كەمدىن ـ كەم ئۇچرايتتى.

ساپارغالىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن پەيدا بولغان بىرنەچچە مالچىنى كۆرگەن بۆرە قوغلاشنى توختىتىپ دەرھال كەينىگە ياندى. ئەمدى قوغلاش نۆۋىتى قېنى قىزىپ تۇرغان ياشلارغا كەلگەنىدى. ئۇلار ۋارقىراشقىنىچە كەينىگە بۇرالغان بۆرىنى قوغلاپ كېتىشتى...

ساپارغالى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۆيگە ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا سىرتتىن: «قانتى پۇتۇن شۇڭقار يوق، تۇيىقى پۇتۇن تۇلپار يوق، تۇزمايدىغان تۆمۈر يوق، ئۆتمەيدىغان ئۆمۈر يوق، تەقدىرنىڭ ئىشى، ئۇنىڭغا ئامال يوق» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن

ساپارغالىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ بالىچاقىلىرى ئۆينىڭ ئالدىدا تاياقتا تايانغىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلاپ تۇراتتى. ساپارغالىمۇ ئېتىنى تاشلاپ ئۈن سالغىنىچە يىغلاپ كىردى. دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پۈتۈن يۇرت تەۋرەپ كەتتى. توشمۇتۇشتىن ئات سېلىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر بار ئاۋازى بىلەن يىغلىشاتتى. ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن مەسچىتنىڭ ئىمامى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— سەۋر قىلىڭلار، تۇغۇلماق سۈننەت، ئۆلمەك پەرز. ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئىشى. بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئامالى يوق. بۇ ئالەمگە يىغلىتايلى، دەپ كەلمىدۇق، يىغلىغاننى پەسلىتەيلى، توختىتايلى دەپ كەلدۇق. توختاڭلار، سەۋر قىلىڭلار، تىرىككە تىرىكچىلىك كېرەك، — دېدى.

ساپارغالىنىڭ بىردىنلا ئۆزىگە ئۆچلۈكى كەلدى. نەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ، مانا بۈگۈن قارا باسقاندەك دەركەمباي ئاقساقال جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭ يېنىدا بولالماي قالدى. ئۇ دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ئۆزلىرىنى ئالداپ قويىدىغانلىقىنى غەپلەت بېسىپ بىلمەي قالغانىدى.

مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ساپارغالى يۇيۇشقا كىردى. ئۇ ئۇزۇن يىل رەھمەتلىك بىلەن بىللە يۈرۈپ جاپانى تەڭ تارتقاچقا، ئۇنىڭغا بولغان قايغۇسى قىيان سۈيىدەك يۇلقۇنۇپ، يۈرەك ـ باغرىنى تىلغايتتى. ئۇ مەرھۇمنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئۆتكەندىمۇ، چۆگۈن بىلەن مەزىننىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ بىرچاغلاردىكى ناھەقچىلىككە چىدىماي ئوتتۇرىغا

سەكرەپ چىققان چاغلىرىنى، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ، سۆيىدە ئاقىۋانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. رەھىمسىز يىللار ئاخىرى بىرىپ مانا شۇنداق قەيسەر بىر ئادەمنى ئېلىپ كەتتى...

مەرھۇم يەرلىكىگە قويۇلۇپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. «ئىشىكتىن مۈردا چىقسا، تۆڭلۈكتىن سەۋر كىرىدۇ» دېگەندەك يىغا بېسىلىپ، ئەتراپ تىنچىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ پەتىگە كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلار مەرھۇمنىڭ بالىچاقىلىرىغا:

ــ ئۆلۈمنىڭ ئالدى ئىمانلىق، كەينى خەيرلىك بولسۇن. ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن! مەرھۇم ياخشى ئادەم ئىدى. باشقىلارغا قانات يېيىپ، جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ئادەم ئىدى. تەقدىرنىڭ ئىشى. قالغانلار ئامان بولسۇن،ــ دەپ كۆڭۈل ئېيتاتتى، مەدەتلەرنى بېرەتتى.

ساپارغالى ئۆلۈم ئۈستىدە تۇرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۈچ نەزىرىنى، يەتتە نەزىرىنى تۈگەتتى. دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك كۈمۈشنىڭ يۇرتىغا بېرىش ئىشىمۇ سۇغا چىلاشتى. مەرھۇمنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىدىغان كۈندىن بىر كۈن بۇرۇن يېزىنىڭ، كەنتنىڭ رەھبەرلىرى كېلىپ مەرھۇمنىڭ بالىچاقىسىنى يوقلىدى. نەزىرىگە سويۇش ئۈچۈن بىر قوي تەستىقلاپ بەردى. شۇ كۈنلەردە قوي سويۇش چوڭ ئىش ھېسابلىنىدىغان بولسىمۇ، ئومار ئاقساقال سۆز قىلىپ قالدى:

ــ رەھبەرلەرنىڭ ھال سوراپ كۆڭۈل بۆلگىنىگە كۆپ رەھمەت. مەرھۇم ياخشى ئادەم ئىدى. يۇرتىمىزدىكى

ئادەملەرنىڭ ئالدى بولىدىغان. بىراق ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەممىمىزنى قاتتىق قايغۇغا سالدى. مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە يەتتە نەزىرنىمۇ ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرىمىز. مېنى ئالجىپ قالدىمۇ بۇ چال دەپ ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار. مەن تېخى ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكىنىم يوق،ــ ئۇ سۆزىنى توختىتىپ ئاۋۋال گۇڭشېدىن كەلگەن رەھبەرلەرگە، ئاندىن كەنت باشلىقلىرىغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ھەم قەتئىيلىكمۇ، ھەم دىلغۇللۇقمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يۆتىلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى،ــ دېمەكچى بولغىنىم، مۇشۇ نەزىردە قوينىڭ ئورنىغا چوڭراق مال سويغان بولساق. پەقەت مەرھۇمنىڭ مۇشۇ نەزىرىدىلا. ئۇنداق بولۇشى ئۇ ئەينى ۋاقىتلاردا گۇڭشې قورۇشقا ھەممىدىن كۆپ كۈچ چىقارغان ئادەم؛ كونا جەمئىيەتنىڭ زالىملىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، يېڭى جەمئىيەتنى كۈيلىگەن ئادەم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ ئاۋۇلنىڭ ئادەملىرى تولۇق ھەرىكەتكە كېلىپ، خەلق گۇڭشېسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرغان. بۇ ئىشلارنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىڭلار بىلىسىلەر. گەرچە ئۇنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈدەك ئۇلۇغ تۆھپىلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما قوشقان ھەسسىسى بار. سويۇشقا بىرىلىدىغان مال بەرىبىر دەپتەرگە يېزىلىدىغان بولغاندىن كېيىن بۇ ئىش سىلەرگە ئۇنچە ئېغىر چۈشمەيدۇ. دەركەمبايغا يەنە بىر قېتىم يەتتە نەزىر بېرىشمۇ بۇنىڭدىن كېيىن نېسىپ بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ سىلەرگە دېمەكچى بولغان كىچىككىنە ئىلتىماسىم.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئۆينىڭ ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمدى. ئۆتمۈشنى كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئەسلەيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا دەركەمباي ئاقساقال ھېلىمۇ شۇنداق قايناپ تۇرغان ھالەتتە پەيدا بولغاندەك قىلدى...

قاراتاغ يېزىسىدا باھار ئەمدىلا كەلمەكتە ئىدى. يەردىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھور تۇپراقنىڭ ئادەملەرگە تونۇش خۇشبۇي ھىدىنى ئەتراپقا تارقىتاتتى. قۇياش زېمىننى خۇددى ئاستىغا ئوت يېقىلغاندەك قىزدۇرغاچقا، بوشاپ قالغان ئېتىزلىقلاردا كاللارنىڭ بەخىرامان يۇرگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولاتتى.

كوپېراتسىيە ماخوسى ئالدىغا ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئادەملەر قول - ئىلكىدە بار بولغان مال - ۋارانلىرى بىلەن، دېھقانچىلىققا كېرەكلىك سايمانلارنى خەلق گۇڭشېسىغا تاپشۇراتتى. خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن گۇڭشېنىڭ ۋەكىلى ئالدىدىكى ئۈستەلگە ئېگىشكىنىچە تاپشۇرۇلغان نەرسىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن تىزىمغا ئالاتتى. ئۇلار ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆپچىلىك ئارىسىدا خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا تەرغىبات يۇرگۈزۈۋاتقان دەركەمبايغا قاراپ قوياتتى.

— ئايايدىغان ھېچ نەرسە يوق. بۇنداق ياخشى زاماندا قانداق قىلسام بولىدۇ، دەپ ئالدى - كەينىگە قارىغان ئادەم كېيىن تۈگىمەس پۇشايمانغا قالىدۇ. خەلق گۇڭشېسى دېگەن قانداق ياخشى. تارقاق ئىگىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ زور كۈچ ھاسىل قىلىدۇ. سېنىڭ - مېنىڭ دەپ بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ. ھەممە ئادەم خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن

بولۇپ، كۈنلىرىنى غەم ـ ئەندىشىسىز كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ. دىلىغۇل بولماڭلار، يۇرتداشلار.

ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق زېرىكمەي ـ تېرىكمەي خىزمەت ئىشلىشى ئارقىسىدا گۇڭشېغا كىرگۈچىلەرنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. تىزىمغا ئېلىش ئورنى خۇددى بايرام بولۇۋاتقاندەك قىزىپ كەتكەندى. يىرتىق چاپان كىيگەن، يۈز ـ كۆزىنى توپا ـ چاڭ باسقان نامرات دېھقانلار دەركەمباينىڭ سەممىيلىككە تولغان سۆزلىرى بىلەن ئۆز تەقدىرىنى گۇڭشېغا باغلاپ، قولىدىكى بار بىساتىنى تىزىمغا ئالدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئات ـ ئۇلاغ، مال چارۋىلىرى بار بەزى ئادەملەر ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى كەمبەغەللەر ئىدى.

دەركەمباينىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى بىلەن قولىدىكى ھەممە مېلىنى خەلق گۇڭشېسىغا تاپشۇرغان ساپارغالى يېنىك تىنىپ ئاسمانغا قارىدى. قاتار ـ قاتار سەپ تارتقان تۇرنىلار غاز قانىتى بولۇپ، كۆك قەرىدە غاقىلداشقىنىچە كۈنچىقىشقا قاراپ ئۇچاتتى. باھار بىلەن زىننەتلىنىۋاتقان تەبىئەتكە ئەگىشىپ قاراتاغ يېزىسىدا يېڭى بىر ھايات باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئەسىرلەردىن بېرى يېڭى بىر مەدەنىيەتنى پەقەت چۈشلىرىدىلا كۆرۈپ كېلىۋاتقان سەھرا كىشىلىرى ئويناقلاپ كېتىۋاتقان يۈرەكلىرىگە ھاي بېرىپ، تەسەۋۋۇرلىرىدىكى يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئىللىق باھار شامىلى تاغ چوققىلىرىنى، ئېتىزلارنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، ئېگىز ـ پەس كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلەرگە ئۇرۇلاتتى.

شۇ كۈنى بۇ يەرگە خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن

ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى تاڭ دەركەمباينىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

— رەھمەت سىزگە، ئاقساقال، مەن ناھىيەلىك پارتكومغا، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. پارتىيە سىزنىڭ خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ئىشىدا كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىز سىزگە ئوخشاش ئادەملىرىمىز بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز، — دېدى.

شۇجىنىڭ سۆزى ئەتراپتىكىلەرنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، تاڭ شۇجى، — دېدى دەركەمبايمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ، — بىز بۇ كۈننىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقانغا ئۇزۇن بولغان. مانا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىدا قەد كۆتۈردۇق. يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئىگىسى بولدۇق. بۇنداق بولۇشىنى بىز بۇرۇن ئويلاپمۇ باقمىغان. سىز ماۋ جۇشىغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن دەركەمباي جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن ئۇ كىشىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن. كوممۇنىزم قۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشىمەن.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى. شۇ كۈنى تاڭ شۇجى يەنە ساپارغالىغا:

— مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. سىز باي چارۋىچىلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى، بىزنىڭ ياخشى ئىتتىپاقدىشىمىز.

پارتىيە ئەزەلدىن پارتىيەنىڭ سىياسىتىگە يېقىندىن ئاۋاز قوشقانلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى دەپ قاراپ كېلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ بۇ روھىڭىز قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، — دېگەنىدى. ئۇ يۆتكىلىپ كەتمىگەن بولسا، بەلكىم دەركەمباي كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنچىلىك ئېغىر كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتى...

بويى پاكار كەلگەن، ئۆزى چاقماقتەك دادۇيجاڭ سەرسەن ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۇستىگە قويغىنىچە باداشقان قۇرۇپ بىر چەتتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزى ئوتتەك ياناتتى، ھاياجانلانغانلىقىدىنمۇ ياكى غەزەپلەنگەنلىكىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بۇرۇن چاناقلىرى بىر كېرىلىپ، بىر يىغىلىپ تۇراتتى.

— ئۇنداقتا چوڭ مال سويۇشنى مۇشۇ ئاقساقالنىڭ نەزىرىدىن كېيىن توختىتىشقا سىز مەسئۇل، شۇنداقمۇ، ئاقساقال، — دېدى گۇڭشې رەھبەرلىرىنىڭ بىرى چاقچاق قىلغان قىياپەتتە. ئومار ئاقساقالنىڭ ھاياجاندىن ساقىلى تىترەپ كەتتى...

# ئۈچىنچى باب

يېغىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياش يەنىلا كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. كۆز يەتكۈسىز يايلاقتا مال پادىلىرى ئوتلاپ يۈرەتتى. ئاسماندا قۇشلار قاناتلىرىنى كەرگىنىچە ئۈچۈپ يۈرەتتى. ئىرمەك بىلەن ئىرتۇستۇك ئاستا مېڭىپ ئېقىنغا سىيلىنغان ئاسما كۆۋرۈك يېنىغا كەلدى. ئۆلارنىڭ ئاستى تەرىپىدە شارقىراپ سۇ ئاقاتتى. سۇنىڭ بويىدا گويا ئۆزىنى هازىرلا سۇغا تاشلاپ قانغۇچە چۆمۈلمەكچى بولغاندەك بىر قىياپەتتە بىر تۈپ تال ئېگىلىپ تۇراتتى.

— بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئىرتۇستۇك كۆزىنى پەستە ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا تىككىنىچە. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قاتتىق ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇنىڭغا مەندىمۇ نېمە ئامال دەيسەن؟ بەلكىم پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇدۇر. سەن ماڭا قارىغاندا ئەقىللىك، كۆيۈمچان. دادام بىلەن ئاپامۇ باللارنىڭ ئىچىدە سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئال. ئىمكان بار مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلىندۈرمە. مېنىڭ ھازىر مۇشۇنىڭدىن باشقا تاللاش يولۇم يوق. ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن تەلىيىمنى بىر سىناپ باقاي. مەيلى تەلىيىم ئوڭدىن كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن ھامان بىر

كۆنى ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىمەن. ياخشى ئىنىم، مېنى چۈشەنگىن. ماڭا ياردەم قىلىپ بىر ـ ئىككى كۈنگىچە بۇ ئىشنى دادام ـ ئاپاملارغا دېمەي تۇرغىن.

ئىرتۇستۇك ئاكىسىغا قارىدى. ئاكىسى خۇددى ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقتىكى تاغ چوققىسىغا نەزەر سېلىۋاتاتتى.

— يەنىلا ئويلىشىپ باققىن. بۇنداقلا چىقىپ كەتسەڭ ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن. بەلكىم ئويلىغانلىرىڭنى دادام بىلەن ئاپامغا ئېيتساڭ ئۇلارمۇ ياق دېمەسلىكى مۇمكىن.

— بۇنىڭ پايدىسى يوق. سەن دادامنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىسەن. بۇ ئىشنى ئۇ ئۇقسا ھەرگىزمۇ ماقۇل بولمايدۇ. بولدىلا، بۇ ئىشنى مۇشۇ يەرگىچە دېيىشەيلى. خەير خوش.

ئىرمەك شۇنداق دېگىنىچە ئىنىسىنى باغرىغا مەھكەم باستى. ئۇنىڭ كۆزىدىن قويۇلۇۋاتقان ياش بىر دەمدىلا ئىرتۇستۇكنىڭ مۇرىسىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە ئىنىسىنى قويۇۋەتسىلا ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ئۇنى باغرىغا باسقىنىچە خېلى ئۇزاق تۇردى.

ئىرتۇستۇكنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملەشتى. ئۇ ئاكىسىنى بۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ باقمىغاچقا، بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتامدىكىن دەپ قالغانىدى. بىراق ئەزەلدىن بىر ئىشلارغا ئالدىراپ قارار چىقارمايدىغان ئىرمەكنىڭ دېگەنلىرىنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى بىلگەندە بولسا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆزى بىلەن ئۆيدىن مال بېقىشقا بىللە چىققان ئىرمەك

قولىدا بىر تال تايىقى بولمىغان هالدا ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئىرتۇستۇك ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنداق قارارغا كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆز تەڭتۇشلىرى ئىچىدە راستىنلا بىشىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. ئادەملەر ئۇنىڭ دادىسى ئالدىدا ئۇنچىقمىغىنىنى بىلەن ئۇ يوق يەردە «بىر چاغلاردا كىرىلىپ تىرىسىگە پاتماي قالغان، مانا ئەمدى خوپ بولدى، شۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ. خۇدايىم بۇنداقلارنىڭ جازاسىنى ئەنە شۇنداق بىرىدۇ. قاراڭلار ئۇنىڭغا، ئەھۋالى شۇ تۇرسا يەنە ئاتتىن چۈشىسىمۇ ئۆزەڭگىدىن چۈشمەي يۈرگىنىنى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى خۇددى كونىلارنىڭ بۆرە ئورۇق بولسىمۇ يۈگىنى پاخپايتىپ ئورۇقلۇقىنى بىلىندۇرمەيدۇ، دىگەن سۆزىگە نىمىدىگەن ئوخشىغان؟» دىيىشەتتى.

ئىرمەك كىتىۋاتاتتى. خۇددى ئويلىمىغان يەردىن چاتاق تىرىپ قويغان گۇناھكار ئادەمدەك پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ كىتىۋاتاتتى. گەرچە قەيەرگە بىرىپ، قەيەردە تۈرىدىغانلىقى ئىنىق بولمىسىمۇ مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ كىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەمدى باشقا ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى ئۆزىگە بىر چاغلاردا قىزغىن ھايات ئاتا قىلغان، هازىر بولسا قۇچىقىغا پاتۇرالماي ھەيدەپ چىقارغان يۇرتىدىن تىززەك قۇتۇلۇش ئىدى. كەچكى شەپەقنىڭ قىزىللىقىغا پۈركەنگەن زىمىن خۇددى ئۇستا رەسسام ھەۋەس بىلەن سىزغان ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىلەرنى خۇددى ئالىقىنى ئۇستىگە ئېلىپ كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل ھىسسىياتتا كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. ئۆزىگە تونۇش

تاغدىن كېلىۋاتقان مەيىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى ۋە چېچىنى سىلاپ ئۆتتى. شامال بىلەن تەڭ ئاجايىپ يېقىملىق بىر خىل ھىد ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى.

كەچ كىرگەنسېرى ئاچلىق ئۇنى قىيناپ كېتىۋاتاتتى. ئۆمرىدە بۇنداق تىترەپ باقمىغان پۇت ـ قوللىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ خۇددى بەزگەك تەگكەن ئادەمدەك تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئىللىق ئۆينى، ساماۋارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆيدىكىلەرگە، مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋاتقان ئاپىسىنى ئەسلەپ قالدى. ئانا ئەنە شۇنداق ئىدى. باشقىلارنىڭ خۇشال ـ خۇرام يۈرۈشى ئۇچۇن كۆپىنچە ۋاقتىنى ساماۋار ئالدىدا ئۆتكۈزەتتى. بۇ يەرنىڭ ئادىتىمۇ شۇ، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى چاي بەرمەي چىقىرىش قازاق خەلقى ئۇچۇن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز نومۇس ئىش. بەزىدە ھەتتا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى چاقىرىپ چاي بېرىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۆيگە كەلگەن مېھمان تونۇسۇن، تونۇمىسۇن بەرىكەت. شۇڭا ئۆزى ئاچ قالسىمۇ مېھمانغا چوقۇم چاي بېرىدۇ. ئالدىغا ئوچۇق ـ يورۇق چىقىپ ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ.

ئىرمەكنىڭ قۇلىقىغا يېقىنلا بىر يەردە ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرۇپ قالدى. ئىت ھاۋشىغانىكەن، دېمەك يېقىنلا يەردە ئادەم بار، ئادەم بولسىلا ئۈمىد بار دېگەن گەپ. مەيلى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆيگە كىرسىلا ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

ئىرمەكنىڭ قەدىمى ئىختىيارسىز ئىتنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە بۇرالدى. ئېگىز دۆڭنىڭ تاپىنى

ئاستىدىكى توقاي بويىغا جايلاشقان ئۆي ۋە ئۆيدىن
كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈچ ئىس ئۇنىڭ كۆزىگە ئىنىق
كۆرۈندى. يوغان سېرىق ئىت ئۇنىڭغا قاراپ قاۋاۋاتاتتى.
ئىرمەك دۆڭدىن قاپتاللاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ
تۆۋەنلىگەنسېرى ئىت بەكرەك قاۋاپ كەتتى. ئىتنىڭ
قاۋىشىدىن ئەجەبلەنگەن ئۆي ئىگىسى ئىشىكتىن چىقىپ
ئىتىغا بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، قولىنى سايىۋەن
قىلىپ قاپتالدىن چۈشۈۋاتقان ئادەمگە قارىدى. ئۇ ئاشۇ
قارىشىدا تاكى ئىرمەك قاپتالدىن چۈشكىچە جايىدا
مىدىرلىماي تۇردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!— دېدى ئۆي ئىگىسىگە
يېقىنلاپ كەلگەن ئىرمەك سەل نېرىدا ياتقان ئىتقا
كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دېدى ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ
سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ،— نەدىن كېلىۋاتىسەن،
يىگىت؟
— قاراتاغ يايلىقىدىن كېلىۋاتىمەن، ئاكا،— دېدى
ئىرمەك جاۋاب بېرىپ.
— ئۇنداقتا بىر ئاۋۇلنىڭ ئادىمى ئىكەنمىزغۇ. قېنى
ئۆيگە كىر،— دېدى ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا قىزىقىش
نەزەرى بىلەن قاراپ. ئىرمەك ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن «ياياق
يۇرگىنىڭ نېمىسى ئات مىنىمەي؟» دېگەن مەنىنى
سەزگەندەك بولدى.
ئۆي كونا بولسىمۇ چوڭ ئىدى. ئۆي ئىچىدىكى ياشقا
چوڭ موماي بىلەن ياشراق كېلىن ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىش
نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ سالاملاشتى. كېلىن تۆرگە
كۆرپە سالدى.
— يولۇچى مەن، ئاپا،— دېدى ئىرمەك تۆرگە چىقىپ

سەل - پەل قورۇنۇش بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن مومايغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ،— ئىسمىم ئىرمەك. يوقالغان مال ئىزدەپ چىققانىدىم. سىلەرگە سالام بېرەي دەپ بۇياققا كېلىشىم.

— سالام بەرگەن ياخشى ئىشقۇ، بالام. ئۆزۈڭ قايسى ئەل، كىمنىڭ بالىسى بولىسەن؟

ئىرمەك بىر ئاز توختىۋېلىپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان موماي كېلىنىگە داستىخان سېلىشنى بۇيرۇپ:

— بىر - بىرىمىزگە يات ئەمەسكەنمىز. قىسىلماي ئازادە ئولتۇر. سېنى تونۇمىغىنىم بىلەن داداڭ ساپارغالىنى ياخشى تونۇيمەن. ئاپاڭ كۈمۈش ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ بىلسەم - بىلمىسەم سەن يەتتە بالىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭىغۇ دەيمەن. ئۆيلەندىڭمۇ؟

ئىرمەك بۇ گەپ بىلەن تەڭ قىزىرىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئەدەپ بىلەن بېشىنى چايقاپ:

— ياق، تېخى ئۆيلەنمىدىم،— دېدى. بۇ چاغدا داستىخان سېلىپ ئۈلگۈرگەن كېلىن ئىرمەككە چاي سۇندى.

— داداڭ ساپارغالى ئەل ئىچىدە نامى بار ئادەم تۇرۇپ ئۇنىڭ سېنى ئۆيلەپ قويمىغىنى قانداق گەپ؟— دېدى موماي ھەيرانلىقىنى يوشۇرمايلا. خېلىدىن بېرى ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئۈنچىقماي قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئوغلى دەرھال سۆزگە ئارىلىشىپ:

— ئاپا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئۇ دېگەن مېھمان تۇرسا،— دېدى. بۇنىڭ بىلەن موماي كۈلۈپ كەتتى.

— راست دەيسەن، بالام، ئىسىم قۇرۇسۇن، بىرچاغلاردا ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ياخشى ئۆتكەنلىكىمىز

ئۇچۇن ئاغزىمغا كەلگەننى سۆزلەپ كېتىپتىمەنغۇ. قېنى، چاي ئىچكىن. دېمىسىمۇ بۇ كۈنلەردە قىزى يوق ئادەملەرنىڭ كۈنى ھەقىقەتەن تەس بولۇپ كەتتى. بولدى، بۇ سۆزلەرنى قويايلى. ئەھۋالدىن قارىغاندا يوقالغان مېلىڭنى تاپالمىغان ئوخشايسەن. كۈنمۇ كەچ كىرىپ قالدى. بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قال. كېچىسى مال ئىزدەش ئەخمەقنىڭ ئىشى. ئەتە تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئىزدىسەڭمۇ ئۈلگۈرىسەن

موماي شۇنداق دېدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىرمەكنى چاي ئىچىشكە زورلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن توختىماي سۆزلەيتتى. مومايىنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

— رەھمەت، ئاپا. خۇدايىم بۇيرۇسا قونىدىغان كۈنلەرمۇ بولۇپ قالار. تۆۋەندە بىر ئاغىنەم بولىدىغان. شۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوناي. ھېلىمۇ سىلەرنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم.

ئىرمەك ئۇلارنىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي ئۆيدىن چىقتى. ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قالدى.

ئىرمەك بۇرۇن يالغان سۆزلىسە نەچچە كۈنگىچە ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەپ بىئارام بولاتتى. بىراق ھازىر ئۇنداق ئەمەس. بەزىدە سۆزلىگەن يالغان سۆزلىرىگە ئۆزىمۇ ھەيران قالىدۇ. چۈنكى رېئاللىق ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ تا ھازىرغىچە ئۆيلەنمىگەنلىكىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ئىچىدە ساقىلىنى سىيپىغىنىچە: «قازاقتا ئىككى ئىش چوڭ نومۇس: بىرى، كۆچۈشكە چامىسى يەتمەي يۇرتىدا قېپقېلىش؛ يەنە بىرى، يىگىرمىدىن ئاشقاندىمۇ ئۆيلىنەلمەسلىك» دېگەنلەرمۇ بولدى. باشتا بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا ھار كەلدى.

ئەمما نېمە ئامال. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يالغانچىلىقنى ئۆگەندى. گەرچە ئۇ يالغان گەپنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئامالسىز قالغان چاغدىلا ئىشلىتەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئەگەر شۇنداق دەپ يالغان سۆزلىمىسە بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئىرمەك قاراڭغۇ چۈشكەندە يوغان بىر توپ تېرەكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يېتىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك دەرەخ ئۇنىڭغا بىر ياخشى پاناھگاھ بولدى. ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتىدەك بۆرتۈپ چىققان دەرەخ يىلتىزى ئۇنىڭ بېلىنى تىرىشىگە مۇۋاپىق كەلدى. ئۇ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن قۇرۇق شاخلاردىن بىرئاز دۆۋىلەپ ئوت ياقتى. ئوت ناھايىتى تېزلا تۇتىشىپ، ئەتراپنى دىماقنى ئېچىشتۇرغۇدەك قاڭسىق ئىس قاپلىدى. ئوت ئۇچقۇن چاچرىتىپ چاراسلاپ كۆيەتتى. ئىرمەك ئوتقا مەيدىسىنى قاقلاپ شۇنچىلىك راھەتلەندىكى، ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۆمرىدە بۇنداق راھەتلەنگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتاتتى. قېلىن توقاي ئىچىدىن ھۇۋقۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يېقىنلا يەردىكى تاغ سۇيىنىڭ شاۋقۇنلىغان ئاۋازى قۇلاققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. توقاي تاغ سۇيىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك بىرئاز سۆرۈن ئىدى.

ئۇ گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئېگىزدىن پەسكە شارقىراپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتما، تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن چەكسىز دالا، تاغ كەينىدىن

كۆتۈرۈلۈپ چىققان توپ ـ توپ بۇلۇتلار كەلدى. ئۇ يەنە مەھەللىدىكى قىزلارنىڭ چىرايىنى كۆرگەندەك، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۆلگەن ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ قەلب دولقۇنلىرى داۋالغۇپ، گىلى بوغۇلغاندەك قىلدى. ئۇنىڭ جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇسى كەلدى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ، دىلى ئازار يېگەن بالىغا ئوخشاش شۆكلەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا ئىچىدىكى يالغۇز يوپۇرماقتەك ھېس قىلىپ، بىردىنلا شۈمشەرەپ قالدى.

مەھەللىدىكى قىزلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. بۇ قىزلار ئۇنىڭ مەيلىنى خۇددى تۆمۈر ماگنىتنى ئۆزىگە تارتقاندەك تارتىپ تۇراتتى.

ئىرمەك ئېغىر تىندى. ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر بولسىمۇ ئۇ ھامان ئاشۇ ئۆتمۈشنى ئەسلەشنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئاشۇ يىراقتا قالغان ئۆتمۈشنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ سېھىرگە تولغان ئاجايىب خاتىرىلىرى بار؛ قىيا بېقىپ يۈرەكنى لال قىلىدىغان گۈزەل چىرايلار بار.

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ لەۋلىرىنى تەمشىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن بۇرنىغا تولىمۇ مەززىلىك بىر پۇراق ئۇرۇلغاندەك بولدى. بۇ پۇراق مەڭگۈ ئۇنىڭ ئېسىدىن كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ دەسلەپ زەينەش ئىسىملىك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. قىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ زەينەشنى بىر كۈن كۆرمىسە خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك بولۇپ، قىلىدىغان ئىشنى تاپالماي قالاتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىملىق تويدا ئۇنىڭ بىلەن ناخشا ئېيتىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا

ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن نەتىجە چىقىرالمىدى. چۈنكى زەينەش ئېيتقان ناخشىسىدا بېشىنىڭ باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇن مەنىلەر بىلەن ئۇقتۇرغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ هامان ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيەتتى. لازىم بولسا جېنىدىنمۇ كېچىشكە رازى ئىدى. بىراق زەينەشكە ئۇنىڭ جېنى لازىم بولمىدى. كېيىنچە ئۇ توي قىلىپ كەتتى. زەينەش توي قىلغان كۈنى ئىرمەك بولۇشىغا هاراق ئىچىپ چاتاق چىقارغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلگۈچە تاياق يېدى.

شۇ كۈنى ئۇ بۇگۈنكىدەك ئۆيىگە قايتالماي قارىغايلىقتا قونۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى بىر زامانغىچە ئۇ هاراق ئىچىپ كەيپى كۆتۈرۈلگەن چاغدا زەينەش بار ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، چىراغنىڭ غۇۋا نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ئىشىككە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇراتتى. خىيالىدا زەينەش بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ سېھىرگە تولغان ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا زەينەش ئۇنىڭغا ئىشىكتىن هازىرلا چىقىپ قالىدىغاندەك، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا سىڭىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى.

كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈپ ئايمۇ توشتى. بىراق زەينەش ئۆيدىن چىقمىدى. ئۇ ئېرى بىلەن مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن تويلارغا باراتتى. خۇددى ئېرى ئۇنى تاشلاپ ئەرشكە چىقىپ كېتىدىغاندەك ئېرىنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايتتى. قولىغا دومبىرىنى ئېلىپ ئېيتىشىشقا چۈشكەندىمۇ ئىرمەككە قاراپ قويمايتتى. بىر كۈنى ئىرمەك ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىشقا چۈشۈپ

قاتتىق يىغلىدى. ئەتراپتىن كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ساداسى خېلى ۋاقىتقىچە يايلاق ئاسمىنىدا ياڭراپ تۇردى. ئىرمەك شۇ كۈنى بۇنىڭدىن كېيىن ئېيتىششقا چۈشىسەم ئادەم بولماي كېتەي، دەپ قەسەم ئىچتى.

شۇ ئىش بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ مال باققىلى كېتىۋېتىپ زەينەش بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان زەينەش ئۇنىڭ بىلەن قاتارلاشقاندىن كېيىن:

— بىلىمەن، مەندىن رەنجىپ يۈرىسەن. بىراق شۇ كۈنى ئۇ سۆزلەرنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. مېنى كەچۈرگىن. بۈگۈن ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن سەندىن ئەپۇ سوراش ئۈچۈن كەلدىم. يەنە بىر ئىش: مەندىن ئۈمىدىڭنى ئۈز. هازىر مەن دېگەن ئېرى بار ئايال. بۇنداق كەينىمگە كىرىۋالساڭ ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۇنتۇپ كەت، — دېدى. دېيىشكە ئاسان، ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس بولغان بۇ سۆزگە ئۇ قانداقمۇ جاۋاب بېرەلىسۇن؟

ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. زەينەش ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى.

— ماقۇل، زەينەش، مەن تىرىشىپ باقاي. ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئۇنتۇپ كېتىش سەن ئۈچۈن ئاسان بولغىنى بىلەن، ئەمما مەن ئۈچۈن ئاسمانغا چىققاندىنمۇ تەس ئىش. لېكىن مەن سەن ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىشقا رازى.

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— رەھمەت، ئىرمەك، مەن سېنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. سەن ياخشى يىگىت. خۇدايىم

ساڭىمۇ ھامان بىر كۈنى ھەممە ئادەم تاڭ قالغۇدەك كىيىنچەكتىن بىرنى بېرىدۇ. ساڭا كۆپ رەھمەت، مەن كەتتىم.

زەينەش ئېتىنى دېۋىتقىنىچە يۈرۈپ كەتتى. ئىرمەك ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن زەينەشنىڭ ئالايىتەن ئۆزىنى ئىزدەپ شۇنداق دېمىكىمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى.

ئىرمەك زەينەشنىڭمۇ ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندى. ئەگەر ئۇنىڭ بېشى باغلانمىغان بولسا، بەلكىم...

ئىرمەك مال بېقىۋاتقاندىمۇ، مالنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقاندىمۇ زەينەش توغرىسىدىكى ئويلىرىنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنى يەڭگىل سېزىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە بەل باغلىدى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. كۇلايقان ئىسىملىك بۇ قىز باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ سەل ـ پەل ئۇزۇنچاق كەلگەن يۈزى ئېگىز ھەم كېلىشكەن بەدىنىگە شۇنچىلىك ياراشقانىدىكى، ئادەمگە گويا ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مۈرىسىنى يېپىپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى ئادەمنىڭ زوقىنى ئۆزىگە تارتاتتى. قارىقاتتەك قاپقارا كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ بۇ قىز بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدى. ئۇ كۈنى ئىرمەك قوشنا ناھىيەدە ئولتۇرۇشلۇق كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىۋاتاتتى. چەكسىز كەتكەن پايانسىز دالا جىمجىتلىق ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۈن

تىنچىق بولۇپ، قەيەردىدۇر بىر يەردە چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئىرمەك كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئالدى تەرەپتە كېتىۋاتقان بىر ئاتلىقنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇشىدىن قارىغاندا ئايال كىشىدەك قىلاتتى.

ئىرمەكنىڭ ئاستىدىكى ئاتنىڭ تىزگىن سىيرىپ مېڭىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقى قىسقاردى. ئارىلىق ئەللىك مېتىردەك قالغاندا ئالدىدىكى ئات نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئىرمەك ئاتنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە جانىۋار ئات ئالدى ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئېتىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن قىز بىر خىل خورلۇق ئىچىدە ئېتىنى دېۋەتتى. ئات ماڭغان بولسىمۇ، ئەمما ئاقسىلىدى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان قىز بۇرىلىپ ئىرمەككە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن بىر خىل ئىلتىجا چىقىپ تۇراتتى. بۇ قىز كۆلايقان ئىدى.

— ئاتنىڭ سىرغىسى تېيىپ كېتىپتۇ①. ئۇنى تېڭىقچىغا ئاپىرىپ تاڭدۇرماقتىن باشقا ئامال يوق، — دېدى ئىرمەك قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىن كۆزىنى ئەپقېچىپ.

— يول ئۇزۇن، بۇ ئەتراپتا ئادەم بولمىسا قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دېدى قىز خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەكلا. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئامالسىزلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئىرمەك ئاتتىن چۈشتى ۋە قىزغا قاراپ:

— بۇنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئات ئالماشتۇرۇش.

---

① سىرغىسى تېيىپ كېتىش — ياتپىشى چىقىپ كېتىش.

قىنى، ئاتتىن چۈشۈپ بۇ ئاتنى مىنىڭ، ئاستىڭىزدىكى ئاتنى مەن مىنەي، — دېدى. قىز بىر پەس دېلىغۇللۇقتىن كېيىن ئىرمەكنىڭ ئېتىنى مىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن سەپەرداش بولۇپ قالدى.

سىرغىسى تايغان ئات خۇددى توكۇر ئادەمگە ئوخشاش ئاقسايتتى. ئۇ ھەربىر ئاقسىغاندا ئۇستىدىكى ئىرمەكمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادەمنىڭ كۆزىگە ئاقساۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىز بىردىنلا كۈلۈۋەتتى.

— ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغىنىڭىز بەك ياخشى بولدى. بولمىسا بۇ ئاقساق ئات بىلەن قانداقمۇ قىلار ئىدىم. سىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنىمنى كەچۈرۈڭ. شۇ تاپتا سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— ھېچقىسى يوق. باھانىدە سىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئىسمىم ئىرمەك. ئالدىمىزدىكى قىزىل يۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ ئادىمى. سىزچۇ، نەدىن كېلىۋاتىسىز؟

ئۇلار ئەنە شۇنداق تونۇشتى. قىزنىڭ ئىسمى كۇلايقان، شەھەرلىك بولۇپ، ئۇمۇ قىزىل يۇلتۇز گۇڭشېسىغا تۇغقان يوقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئاتلار ئالمىشىپ ئۇلار قىسقا مۇددەتلىك سەپەرداشلاردىن بولۇپ قالدى. ئىرمەك كېتىۋېتىپ تەڭرىدىن ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈشنى، پەرىزاتتەك بۇ قىزغا كۆپرەك ھەمراھ قىلىشنى تىلىدى.

چەكسىز كەتكەن كەڭ دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇلار سازلىقتىن ئۆتۈپ بىر تۆپىلىككە چىقتى. بۇ يەردىن كۆپكۆك ئوتلاق باشلىناتتى. ئوتلاق بىلەن ئوتلاقنى ئايرىپ تۇرغان كەڭ جىرانىڭ ئىچى ياۋا تېرەك ھەم چاتقاللار بىلەن تولغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىنى كېسىپ

ئۆتكەن چوڭ بىر سۇ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ شىددەت بىلەن ئاقاتتى. سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆسكەن ئىككى تۈپ قارىغاي هازىرلا يۇپۇرماق چىقارغاندەك ياپيېشىللىق ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئاشۇ قارىغايلىق تەرەپتىن قۇرغاق ئوت بىلەن دېۋىرقايىنىڭ ئارىلاشما پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ، كىشىنى بىر خىل گۈزەل تۇيغۇغا چۆمدۈرەتتى. ئۇلار ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بويىغا كېلىپ توختاشتى.

ــ سىز ئاۋۋال سۇدىن ئۆتۈڭ. ئاستىڭىزدىكى سۇدىن ئۆتۈپ كۆنگەن ئات، ــ دېدى ئىرمەك قىزنىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

ــ ئۇنداقتا سىزچۇ؟ ــ دېدى قىز ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئاقساق ئاتقا ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ.

ــ سىز ئۇ قاتقا ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بويىنىغا تۈرۈپ بۇياققا ھەيدىسىڭىزلا بولدى.

ــ بۇنداق قىلىپ نېمە كەپتۇ. قارىسام بۇ ئات بەكلا كۈچلۈكتەك قىلىدۇ. بىز سۇدىن مىنگىشىپ ئۆتەيلى، سىز ئالدىغا مىنىڭ، مەن كەينىگە مىنەي. شۇنداق قىلساق مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن.

ئىرمەك بىرنەرسە دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا قىز ئاتتىن چۈشتى. ئىرمەككە شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامالمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئاقساق ئاتنىڭ ئات كۆرپىسىنى ئېلىپ ئۆز ئېتىنىڭ كەينىگە سالغاندىن كېيىن قىزنى كەينىگە مىندۈردى. قىزنىڭ بەدىنىدىن چىقىۋاتقان قىزىق ھارارەت ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇلغاندەك بولدى.

ئات پۇشقۇرتقىنىچە سۇدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ــ ئاۋۇ يەردە بىرئاز ئارام ئېلىپ ئاتلارنى سەگىتىۋالايلى، ــ دېدى قىز ئاتتىن چۈشۈپ كىيىمىنى

بىر قۇر تۇزەشتۇرگەندىن كېيىن. ئىرمەك ئات كۆرپىسىنى ئاسقاق ئاتنىڭ ئۇستىگە سالغاندىن كېيىن «قانداق قىلسام بولار؟» دېگەندەك بىر پەس ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كۇلايقان بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بۇ يەرگە كېلىپ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دېدى يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ. شۇنىڭ بىلەن ئىرمەك قارىغاي ئاستىغا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ دۇپۇلدەپ سېلىپ كېتىۋاتقان يۈرىكى هازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ لام — جىم دېمەي قىزنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ، بارماقلىرىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. قىزنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا يا هەئە، يا ياق دەپ جاۋاب بېرەتتى. قىز ئۇنىڭ ياۋاش هەم ساددىلىقىدىن سۆيۈنۈپ شادلىق ئىچىدە مىدىرلاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ يۇمران يەلكىسى ئۇنىڭغا تېگىپ كەتتى. تارتىنچاقلىقتا پۇت — قولى چۈشىلىپ قالغان ئىرمەك قىزنىڭ ئوتلۇق بەدىنىنىڭ تېگىشى بىلەن ئەس — هوشىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە تىترەپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي بۇ خىل تىترەش ئاستا — ئاستا ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن بار بولغان بىر خىل ئىنتىلىش بىلەن ئالمىشىپ، ئۇزۇندىن بېرى ئۇخلاپ ياتقان سۆيگۈسىنى ئويغىتىۋەتتى...

ئەگەر هاۋا بىردىنلا بۇزۇلۇپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ يامغۇردىن شەپە كەلمىگەن بولسا، ئىرمەك ئاشۇ هالەتتە يەنە قانچىلىك ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئىرمەك قولىدىكى تاياق بىلەن ئۆچۈشكە باشلىغان گۇلخاننى چۇقچىلىغاچ ئەنە شۇلارنى ئەسلىدى. ۋاقىتنىڭ

ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ خۇددى ئاپتاپتا ئۆڭگەن ماي بوياق رەسىمگە ئوخشاش سۇسلىشىپ كەتكەن ئەسلىمىلەر ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرلا كىشى قەلبىنى يېڭىباشتىن لەرزىگە سېلىپ، ئادەمنى شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمدۈرىدۇ. ئىرمەك تولىمۇ شېرىن بىر نەرسە يەۋاتقاندەك لېۋىنى تەمشىپ قويدى، ئاندىن شېرىن ئەسلىمىلەر قوينىدا ئۇخلىماقچى بولغاندەك ئىككى كۆزىنى يۇمدى.

قەلبىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ جىسمىنى كۆيدۈرۈپ، كۆڭۈل ئارامىنى بۇزدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى ئاشۇ قىزغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، كېچىلىرى كىرپىك قاقماي تاڭلار ئېتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سىرلىق بىقىشى، تولىمۇ پەس ئاۋازدا گەپ قىلىشى، بېشىدىن پات - پات گەجگىسىگە چۈشۈپ قالىدىغان ھاۋا رەڭ گاز ياغلىقى، كۆلگەندە لىغىرلاپ كېتىدىغان بەدىنى ئۇنىڭ نەزىرىدە تەڭداشسىز گۈزەل ئىدى.

ئىرمەك كۇلايقاننىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىراق ئۇنىڭغا كۇلايقاننىڭ سۇدىن ئۆتىدىغان چاغدا ئاتقا مىنگەشمەن دېيىشى، قارىغاي ئاستىدا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىشى شۇنداق بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇلار قىزنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە بۇرۇلىدىغان يەرگە كەلگەندە كۇلايقان ئويلىمىغان يەردىن مال بېقىۋاتقان تۇغقىنىنىڭ بالىسىنى تونۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىرمەك ئات ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ كۇلايقاندىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئەمما ئايرىلماسقا

ئۇنىڭدا ھېچقانداق سەۋەب يوق ئىدى. يېرىم كۇنلۇك يول ئەنە شۇنداق بىر دەمدىلا ئاخىرلاشتى.

كۇلايقان كېتىدىغان كۇنى ئويلىمىغان يەردىن ئىرمەكنىڭ ئۆيىگە خوشلاشقىلى كەلدى. ئىرمەكنىڭ ساپ دىللىقىغا، ئۆزىگە چىن دىلىدىن ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. شۇنداق ياخشى ۋە ئەدەپلىك بالا تەربىيەلىگەنلىكى ئۇچۇن دادا بىلەن ئانىنى ماختاپ كەتتى. قىزنىڭ گۇزەل ھەم ئوچۇق - يورۇقلۇقىنى كۆرگەن ئانا ئۆيدە بار بولغان ھەممە نەرسىسىنى داستىخانغا تۆكۈپ قىزنى مېھمان قىلدى. ئانا تاماق ئەتمەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا قىز رەھمەت ئېيتىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ قارىسى يىتكۇچە قاراپ تۇرغان ئىرمەك ھېلىھەم ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى سۇدىن ئۆتكۇزۇپ قويۇشنى ئۆتۇنسە ئىكەن، دېگەن ئويدا ئىدى.

— نېمىدېگەن ياخشى قىز - ھە؟ گەپ - سۆزىمۇ جايىدا. ئادەمگەرچىلىكى ئادەمنى قايىل قىلىدۇ، ھەممە تەرەپتىن تەڭ يېتىشكەن. كېلىن بولسا مانا مۇشۇنداق بولسا. بالام، سەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باقتىڭمۇ؟ دېمەكچىمەنكى، ئىككىڭلارنىڭ ئىشى توغرىسىدا، — دېدى ئانا قىز كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە. ئىرمەك بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئانىسى، — دېدى ئۆيدىن چىققان ساپارغالى ئايالىغا بۇرۇلۇپ، — ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئۇ قىز دېگەن شەھەرلىك. شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئەنە شۇنداق سۆزگە باي، مەدەنىي كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىمىزگە «رەھمەت» ئېيتىش ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى كۆرۇپ، ئوغلۇڭ بىلەن چىقىشىپ قالدىمىكىن دېسەڭ خاتالاشقان بولىسەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنىڭ ئېگىز يەرگە ئەمەس،

بوسۇغىسى بىز بىلەن تەڭ يەرگىمۇ چاپىمىز يەتمەيۋاتسا. بالىنى خىجىل قىلماي كىرىپ ئىشىگىنى قىل. خام خىيال دېگەن قاچانلا بولمىسۇن خام خىيال. ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش بىز ئۇچۇن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

ئانا ئويلىنىپ قالدى. دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى.

ئىرمەك شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ جىمىغۇرلىشىپ كەتتى. ئۇ دائىم دېگۇدەك يالغۇز يۈرەتتى. ئېيى كېلىپ قالسا هاراقنى ئۆلگۇچە ئىچىپ، دەردىنى هاراقتىن ئالاتتى. هېچكىم بىلەنمۇ كارى يوق ئىدى...

ئىرمەك چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. تاڭ تېخى ئاتمىغان بولسىمۇ، شامال چىقىۋاتاتتى. ئاسمان قەرىدە چاقماق چېقىپ، قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن زېمىننى يورۇتاتتى. چاقماق يورۇقىدا شامالنىڭ كۈچى بىلەن بېشى يەرگە تېگەي دەپ قالغان تاللار غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئارقىدىنلا هاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر يېغىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى.

ئىرمەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. يېغىش ئالدىدا تۇرغان يامغۇرغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىسىمۇ، ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئۆمرىدە تالاي قېتىم يامغۇردا، قار - شىۋىرغاندا قالغانىدى. بىراق بۈگۈنكىسى ئۇنىڭغا ئوخشاشمايتتى. ئوخشاشمايدىغان يېرى هازىر دېگەن يا بالدۇر ئەمەس، يا كېيىن ئەمەس، تاڭغا ئاز قالغان ۋاقىت ئىدى.

ئۇ كېتىۋېتىپ دالدىلانغۇدەك يەر ئىزدەپ ئەتراپقا قاراپ قويدى. قېلىن توقايلىق ئۇنىڭغا هومايغان هالدا قاراپ تۇراتتى. ئۇ خېلى ماڭغان بولسىمۇ دالدا بولغۇدەك

ھېچ نەرسە ئۇچرىمىدى. قاتتىق چاقماقتىن كېيىن يامغۇر تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.
ئىرمەك توختاپ كىيىمىنى يەشتى. ئۇ سۇغا چۈشكەن مۈشۈككە ئوخشاش ناھىيە بازىرىغا كىرسە بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەشكەن كىيىمىنى پوملاپ قولتۇقىغا قىسقاندىن كېيىن، تېز - تېز قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى ۋە كۆپ ئۆتمەي بىر كۆۋرۈك يېنىغا كەلدى.
ئىرمەكنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، دادىسىغا بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن بىرچاغلاردا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدىغان دادىسى بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ دادىسى ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى قىلاتتى، مال باقاتتى، مالنىڭ ئايىغىنى تازىلايتتى، ئوتۇن ياراتتى، ئۆينىڭ بىقىنىدىكى ئىسكىلات ئۆينىڭ تېمىنى سوقۇپ، ياپقاندى. دائىم دېگۈدەك ئۆتۈكىنى مايلاپ پارقىرىتىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ «بالىلارغا قويۇپ بەرسىڭىز بولمامدۇ، چارچاپ يېتىپ قالماڭ» دېگەن سۆزىگە دادىسىنىڭ «ئۇلار تېخى كىچىك، سۆڭىكى قاتقىنى يوق. ھازىرچە كۆچۈم بولغاندىن كېيىن ئىشلەپ تۇراي. بالىلار چوڭ بولغاندا سەن دېمىسەڭمۇ ئۇلار مېنى بۇنداق ئىشلارنى قىلغىلى قويمايدۇ» دېگىنىنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغانىدى.
ئىرمەك ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا تامىقىغا قاتتىق بىر نەرسىنىڭ كېلىپ كەپلەشكىنىنى سەزدى. دادا بالىلارنىڭ ئۆسۈپ چوڭ بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. بالىلارمۇ چوڭ بولدى. بىراق دادىسىغا نېمە قىلىپ بېرەلىدى؟ ئىرمەك ھەرقانچە ئويلاپمۇ دادىسى

ئۇچۇن قىلىپ بەرگەن بىر ەر - يېرىم ئەھمىيەتلىك ئىشنى ئېسىگە ئالالمىدى.

دادا ئۇنچىقمىغىنى بىلەن ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ سەپسېلىپ تۇراتتى. بىر كۈنى تاماق ۋاقتىدا ئۇ قاچىسىدىكى تامىقىنى يەپ بولۇپ، قازان بېشىغا بوينىنى سوزۇپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ھەربىكىتىگە قاراپ تۇرغان دادا گېلىنى بىر - ئىككى قېتىم قىرىپ قويدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە سەپسېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نومۇس قىلغىنىدىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇشىغا دادىسى ئۇنىڭغا قاراپ: «گېلىمنى قىرىپ قويسام، قىزىرىپ كەتكىنىڭنى قارا،— دېدى ۋە ئاپىسىغا قاراپ، — ئانىسى، ئىرمەك بۇگۈن ھەققىي بىر ئەركەككە ئوخشىدى. ئۇنىڭغا يەنە بىر قاچا تاماق ئۇسۇپ بەرگىن. ئۆسۈۋاتقان ئادەم تاماقنى جىق يېگەندىلا ئاندىن قۇۋۋەتكە تولىدۇ. قۇۋۋەت دېگەن ئادەمنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساس. كىمكى تاماقنى كۆپ يېسە، تاماق تالىمىسا ئۇ كەلگۈسىدە ھېچكىمنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايدۇ، بەلكى ئۆز جېنىنى ئۆزى گۇلدەك بېقىپ كېتەلەيدۇ» دېدى. ئىرمەك شۇ كۈندىن باشلاپ دادىسىنىڭ تامىقىنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ: «ئىشتىھايىم تازا ياخشى ئەمەس. ھازىرچە مۇشۇنچىلىك يەپ تۇراي» دەيتتى. ئىرمەك ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ بالىسىنىڭ تاماقنى كۆپرەك يەۋالسۇن دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ، كۆزى ئىسسىق ياشقا تولدى.

«دادا، جېنىم دادا، مېنى كەچۈرۈڭ. مەن سىزنىڭ

ئۈمىدىڭىزنى ئاقلىيالمىدىم. سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن...»

سىرتتا يامغۇر توختاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئىرمەك كۆۋرۈك ئاستىدىن چىقتى. تاڭ ئاللىقاچان ئاتقان بولۇپ، يامغۇرمۇ توختاپ قالغانىدى. كۈنپېتىش تەرەپتىن ئاسماننىڭ تېگى سۈزۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئىرمەك بىر توپ چاتقالنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، تامبىلىنى سىققاندىن كېيىن كىيىمىنى كىيدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇ بېسىپ مېڭىشقا تېگىشلىك ئۇزۇن مۇساپە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئىرمەك ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالغاندىن كېيىن كۆۋرۈكتىن ئۆتتى ۋە يولنىڭ چېتى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. بىر كېچە يامان ئەمەس ئۆتكۈزۈلگەچمۇ ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

# توققۇزىنچى باب

ساپارغالى سىرتتىكى ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە نامازشام بولاي دېگەنىدى. ئۇنى كۆرگەن «بارىس» ئەركىلەپ ئالدىغا كەلدى ۋە ئاياغلىرىغا سۈركىلىپ ماڭغىلى قويمىدى. ئۇنىڭ بۇگۈن ئۆزىگە بەكلا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساپارغالى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— ئىت بولساڭمۇ قالتىس ھايۋانىغۇ سەن، تاماق بەرگەن ئىگەڭگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلىسەن. بارغىن، بېرىپ ئارام ئال، كۆپ ئۆتمەي قاراڭغۇ چۈشىدۇ. زېمىنگدىكى يۈكۈڭ ئېغىرلايدۇ. كېچىچە مالغا قارايسەن. مەن سەندىن رازى، — دېدى. «بارىس» خۇددى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەنگەندەك ئىككى مۈرىسىنى چىقىرىپ كېرىلگەندىن كېيىن نېرى كەتتى.

يادىدىن قايتقان ماللار دۈپۈرلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۆيگە ھەممىدىن بۇرۇن كالىلار، ئۇنىڭدىن كېيىن يىلقىلار كەلدى. ئالدىغا پەرتۇق تارتقان كۈمۈش ئۆيدىن چىقىپ، يادىدىن قايتىپ كەلگەن كالىلارنى سېغىشقا تۇتۇندى. ئۇ ئالدى بىلەن قاتار باغلانغان موزايلارنىڭ بىرىنى يېشەتتى. ئاندىن ئۇنى ئېمىتىپ باغلىغاندىن كېيىن كالىنى سېغىشقا باشلايتتى. ئەپچىل بارماقلىرى كالا ئەمچىكىنى يەڭگىل سىيرىشى بىلەن ئەمچەكتىن ئېتىلىپ چىققان سۈت چېلەككە چۈشۈپ بۇژغۇن

چىقىراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تاكى قاتار باغلانغان موزايىلار تۈگمۈچە داۋاملىشاتتى. ئۇنىڭغا يېقىن كالىنى سېغىپ سۈتىنى سۈزگىچە كۈنمۇ ئولتۇرۇپ، ئەتراپ كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرىغا چۆمەتتى. بەزى كۈنلىرى كۈندۈزى بايتال سېغىشقا چولىسى تەگمەي قالسا، كالا سېغىشنى تاماملىغاندىن كېيىن بايتال سېغىشقا تۇتۇش قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بار ـ يوق ئالتىلا بايتىلى بولۇپ، كۆپىنچىسى كۈندۈزى سېغىلاتتى.

كۈمۈش كالىلارنى سېغىپ بولغاندىن كېيىن سۈتنى سۈزۈپ، تالادىكى ئوچاقتا ئېسىلغان قازانغا قۇيدى ۋە كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىگە ئىككى تال تېزەك تاشلاپ قويدى، ئاندىن ئىشىك ئالدىدىكى قايناۋاتقان ساماۋارنى جاڭغابىلغا كۆتۈرگۈزۈپ ئۆيگە كىرگۈزدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆيگە كىرىپ ـ چىققاندا ئىشىك تۈۋىگە ئېسىپ قويغان ساباⓘنى پىشىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. چۈنكى سابادىكى ئاتنىڭ سۈتى قانچە كۆپ پىشىلسا، شۇنچىلىك تەملىك، شۇنچىلىك كۈچلۈك بولاتتى. ئۇ سابادىكى قىمىزنى پىشۇۋېتىپ جاڭغابىلدىن:

— بۈگۈن ئىرمەك بىلەن ئىرتۇستۈككە نېمە بولدى، ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى. ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان جاڭغابىل ئاپىسىغا:

— ئۇقمىدىم، ھېلىغىچە كېلىپ قالار، — دەپ جاۋاب بەردى.

بىر ئائىلىلىك توققۇز جان كەچ كىرىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. بەزىلىرى پادىدىن قايتقان

ⓘ سابا — قىمىز ئېچىتىدىغان تېرە خالتا.

مالنىڭ سانىنى تۆگەللىسە، يەنە بەزىلىرى ئاتنىڭ ئېگەر ـ توقۇمىنى ئېلىپ، ئاتنىڭ دۈمبىسىنى پاكىز سۈرتەتتى. يەنە بەزىلىرى قويلار بىلەن قوزىلارنى ئايرىپ، باشقا ـ باشقا ئەگىنلەرگە كىرگۈزەتتى. بەزىلىرى بولسا ئوتۇن كەسلەپ، ئاپىسىغا ياردەملىشەتتى. ئىشقىلىپ، ئائىلىدىكى توققۇز جاننىڭ بىكار قالىدىغانلىرى بولمايتتى.

ــ هاي قەسەن،ــ دېدى ساپارغالى تۆتىنچى ئوغلىنى چاقىرىپ،ــ ماۋۇ بايتالغا نېمە بولغان، كۆزىدىن ياش ئېقىپ قاپتىغۇ؟

قەسەن بايتالنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە سەپسېلىپ قارىدى. بايتالنىڭ ئوڭ كۆزىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى.

ــ بىلمىدىم، دادا،ــ دېدى قەسەن بايتالنىڭ كۆزىگە قاراۋېتىپ،ــ مەن يىلقىلارنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرىگە بارمىدىم. يىلقىلار بۈگۈن ناهايىتى ياۋاش ئوتلىدى. بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشكىنىمۇ، چىشلەشكىنىمۇ يوق.

ــ ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ كۆزىگە كۆمۈتىدەك بىرنەرسە كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ماڭ بېرىپ ئۆيدىن تۇز ئاچىق. ئۇنىڭ كۆزىگە پۈركۈپ قويايلى،ــ دېدى دادا چەتتىكى موما ياغاچقا ئېسىپ قويغان نوختىنى ئېلىۋېتىپ.

بۇنداق ئىشلار دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى. بەزىدە بىرەر قوينىڭ پۇتى ئاقسىسا، يەنە بەزىدە كالىنىڭ شۆلگىيى ئېقىپ قالاتتى. بەزىدە تېخى ئاتلارنىڭ بۇرنىدىن توختىماي ماڭقىمۇ ئاقاتتى. شۇنداق چاغلاردا

ساپارغالى تۇرلۇك ئامال ـ چارىلەرنى قوللىنىپ ئۇلارنى داۋالايتتى. ئەھۋالى ئېغىرراقلىرىنى دادىۋىنىڭ مال دوختۇرىنى چاقىرتىپ كېلىپ شۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇراتتى.

قەسەن ئۆيدىن تۇزنى ئاچىقىپ دادىسىغا بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ تۇزنى ئاغزىغا سالغانلىقىغا، ئاتىنىڭ كۆزىنى ئىككى قولى بىلەن ئېچىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە پۈركۈگەنلىكىگە قاراپ تۇردى.

— تۇزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مانا مۇشۇنىڭدىن بىلسەڭ بولىدۇ. ئۇ تىلىنى بىلگەن ئادەمگە تېپىلمايدىغان دورا. قىزدۇرۇپ چىشقا باسساڭ چىش ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. كۆزدىن ياش ئېقىپ قالغاندا كۆزگە پۈركۈسەڭ، كۆزدىن ئاققان ياشنى توختىتىدۇ.

— ئۇ نېمىشقا كۆزدىن ئاققان ياشنى توختىتىدۇ؟ — دېدى قەسەن ھەيران بولغان ھالدا. دادا كەنجى بالىسى ئىركىنبەكنىڭ ئۆزىگە سۇنغان چىنىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى سۇ بىلەن ئاغزىنى چايقىغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— بۇ ناھايىتى ئاددىي. تۇز ئاچچىق. ئۇ كۆزگە كىرگەندىن كېيىن كۆزنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆزدىكى ياشنى كۆپەيتىدۇ. كۆزدىكى ياش كۆپەيسە، ئاتىنىڭ كۆزىگە كىرىپ كەتكەن ئۇششاق نەرسىلەر ياشنىڭ قويۇلۇشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ ـ دە، كېيىنكى قېتىم كۆزدىن ياش چىقمايدۇ.

دادىنىڭ سۆزى قەسەن بىلەن ئىركىنبەكنى قايىل قىلغان بولسا كېرەك، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى.

كۇن پېتىۋاتاتتى. ساپارغالى چوغدەك قىزارغان قۇياشقا قاراپ قويۇپ ئۆزىگە ئۆزى غودۇردى:

— ھەممىسىنىڭ مىلى كېلىپ بولدى، بۇ ئىككى بالىغا نېمە بولدىكىنە؟ ئۇلار بىرەر كاشىلىغا يولۇقۇپ قالمىغاندۇ – ھە؟

ئۇنىڭ يۈركى بىردىنلا سىلىپ كەتتى. تاغدا بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. بەزىدە مال يوقالسا، بەزىدە مالغا بۆرە تېگەتتى. يەنە بەزىدە باشقىلارنىڭ يېرىگە كىرىپ كەتسە يايلاق جېدىلى چىقىپ، قىزىل كېكىردەك بولىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ جاڭغابىلنى ئىككى ئاكىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. دادىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان جاڭغابىل ئەمدىلا ئاتنى مىنىپ تۇرۇشىغا، يۇقىرى تەرەپتىن قويلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بولدى قوي، بىزنىڭ قويلارنىڭ ئاۋازى. ئۇلار كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ساپارغالى ئاتىنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆيىنىڭ قېشىغا قويغان ئوغلى قىدىرغوجىغا قاراپ قويۇپ. بۇنىڭ بىلەن جاڭغابىلمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئالدى.

— ئىشلار پۈتكەن بولسا چايغا كىرىڭلار، — دېدى كۇمۇش ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، ئاندىن توپۇرلىشىپ كېلىۋاتقان قويلارغا قارىدى ۋە، — ئىرمەك بىلەن ئىرتۇستۇك چاينى مالنى جايلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئىچىسمۇ بولىدۇ. ساماۋار بەكلا قايناپ كەتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ساپارغالى ئايالىنىڭ سۆزى بىلەن ئۆي تەرەپكە ماڭدى ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئىركىنبەكنىڭ يېنىغا

كېلىپ، ئۇ قويۇپ بەرگەن سۇ بىلەن قولىنى يۇدى. دەل شۇ پەيتتە جۇماتاي بىر دىنلا:

— تاغام كېلىۋاتىدۇ، — دەپ قالدى. ساپارغالى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە يېقىنلاپ قالغان قېيىنئىنىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بارلىق ئۆي ئەزالىرى خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئەبىلبەك يىراقتىنلا سالام بېرىپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن كۆرۈشكەن تۇغقانلارنىڭ چىرايىدىلا بولىدىغان شادلىق تەپچىپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ساپارغالى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، — بۇنچە كەچتە سېنى بۇ ياقلارغا قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

بالىلارغا ئېتىنى بەرگەن ئەبىلبەك ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان ھەدىسى بىلەن سالاملاشتى، ئاندىن يېزنىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— قانداق شامال بولاتتى، يېزنە، سىزنىڭ شامىلىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇزۇن بولدى كۆرۈشمىگىلى، سىزنى بەكلا سېغىنىپ كەتتىم.

— يالغۇز مېنى سېغىنىپ كەتمىگەنسەن؟ — دېدى ساپارغالى قېيىنئىنىسى بىلەن چېقىشىپ، — بۇ يەردە تېخى سەن ئۇچۇن مەندىنمۇ قىممەتلىك ھەدەڭ بار.

— راست دەيمەن، بۇ قېتىم سىزنى ھەدەمدىنمۇ بەكرەك سېغىنىپ كەتتىم. قارىغاندا مەن سېغىنغان بىلەن سىز سېغىنمىغان ئوخشايسىز، يېزنە؟

ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئۇنى جىيەنلىرى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى:

— بىزمۇ سىزنى سېغىنىپ كەتتۇق، تاغا، ئۇياقتىكى تۇغقانلار ئامانمۇ؟

— بۇ قېتىمقى ئۆتكەندە بەرگەن ۋەدىڭىز بويىچە ئۇزۇنىراق تۇرارسىز. ئەگەر سۆزىڭىزدە تۇرمىسىڭىز ئىككىنچىلەپ يۈزىڭىزگە قارىمايمىز.

— ۋاھ، مەن بۇگۇن كىچىكچە ئۇخلىماي تاغام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكنى ئاڭلايدىغان بولدۇم - دە...

بالىلىرىنىڭ قىن - قىنىغا پاتماي قالغانلىقىنى كۆرگەن ساپارغالى ئۇلارغا:

— بولدى قىلىڭلار. ئۇنى بۆرىگە ئوخشاش ئوتتۇرىغا ئېلىۋالساڭلار ئۇ ئۆيگە قانداق كىرىدۇ؟ ئالدى بىلەن تاغاڭلارنى ئۆيگە باشلاپ، ئاندىن كېيىن نېمە دېگۈڭلار كەلسە شۇنى دېمەمسىلەر، ئەخمەقلەر، — دېدى. بۇنىڭ بىلەن بالىلار تىلىنى چىقىرىپ يولنى بوشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تولىمۇ قىزغىن قارشى ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئەبلىبەك يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم كەمپۈت ئېلىپ بالىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

ئەبلىبەك ئوتتۇرا بويلۇق، چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان، كۆزلىرى قاپقارا، ئەمما ئۇرا كۆز كەلگەن، قىرىق نەچچە ياشتىكى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدا باشقىلاردا ئاسانلىقچە تاپقىلى بولمايدىغان جەلپ قىلىش كۈچى بار بولۇپ، بىر كۆرۈشكەن ھەرقانداق ئادەمدە ياخشى تەسىرات قالدۇراتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ ساپارغالى بۇ قېيىنئىنىسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەبلىبەكمۇ يېزنىسىنى يېقىن دوستىدەك كۆرۈپ، ئىچ سىرلىرىنى ئۇنىڭغا تۆكەتتى. بەزى سورۇنلاردا بىلمىگەنلەر ئۇ ئىككىسىنى يېقىن دوست بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتى.

— يۇقىرىقى مەھەللىدىكى تويغا بارغانىدىم،— دېدى ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن دۇئانى تۇگىتىپ،— كېچە شۇ يەردە بولدۇم. ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن بىرنەچچە ئەل - ئاغىنە بىر يەرگە جەم بولۇپ قاپتىكەنمىز، كېچىچە پاراڭ سېلىپ، تاڭغا يېقىن ياتتۇق. ئورنىمىزدىن تۇرغاندا كۈن ئۆرلەپ كەتكەنىكەن. تويىنىڭ سېلىككەن ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ بېرىپتىمىز. شۇڭا باللارغا دەپ ئازراق توي كەمپۈتى ئېلىۋالغان، ھەدە، بۇنى ساڭا بېرەي.

ئۇ شۇنداق دەپ بىر ئوچۇم كەمپۈتنى ھەدىسىگە سۇندى. جاڭغابىل بىردىنلا كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟— دېدى دادا ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرۈپ،— بۇ يەردە كىمنىڭ بىر يېرى ئېچىلىپ قاپتۇ، ئەدەپسىز.

دادىسىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرگەن جاڭغابىل كۈلكىسىنى دەرھال يىغىشتۇردى، ئاندىن:

— تاغامنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى ئاپامنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، شۇڭا كۈلگەنىدىم. ئىشەنمىسەڭ زەن سېلىپ قاراپ باق،— دېدى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تاغىسى ئەبلىبەك كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنىڭغىمۇ كۈلۈش كېتەمدۇ؟ ئۇ دېگەن ئاپاڭنىڭ ئۆز ئىنىسى تۇرسا. قاراپ باققىنا، تاغاڭغا. ئۇنىڭ ھەرىكىتىلا ئەمەس، يەنە تېخى چىرايىمۇ ئاپاڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. ئەگەر بېشىغا ياغلىق چىگىدىغان بولسا باشقىلارنىڭ ئۇنى ئاپاڭلارمىكىن دەپ قېلىشى تۇرغان گەپ.

دادىنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. دېمىسىمۇ مۇنداقلا قارىغان ئادەمگە ئەبلىبەك ھەدىسىگە بەكلا ئوخشايتتى.

چاي ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىچىلدى. قايماقلاپ ئېتىلگەن ئەتكەنچاينىڭ تەمى ئېغىزدا قېلىپ، ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرەتتى. ئەبىلبەك چاينى راھەتلىنىپ ئىچتى. ئۇ پاراڭ بىلەن بولۇپ، قانچە چىنە چاي ئىچكەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلمىدى. ئۆيدە جان سانى كۆپ بولغاچقا، بەزىدە بىر چېلەك سۇ پاتمىدىغان ساماۋارنىڭ چېپى يېتىشمەي قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا قولى ئەپلىك جۇماتاي تالادىكى ئاسما ئوچاقتا چۆگۈن ئېسىپ قايناق سۇ قايناتاتتى. ئۇلار ئۈچ تال بادرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، كېرىپ قويغان ئاچىماق ياغاچنى ئاسما ئوچاق دەپ ئاتىشاتتى. چۆگۈن شۇ ئوچاقتا ئېسىلىپ ئاستىغا ئوت قالىناتتى.

ــ تاغاڭلارنىڭ ئېتى بەلكىم سوۋۇپ بولدى، ئېگىرىنى ئېلىپ ئوتقا قويۇڭلار، ــ دېدى ساپارغالى بالىلىرىغا يۈزلىنىپ.

ــ ئاران بىر كەلگىنىڭدە قوي سويۇپ مېھمان قىلغان بولساق بولاتتى. بىراق ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، قولىمىزدىكى ماللارنىڭ ھەممىسى گۆشىنىڭ. باشلىقلارنىڭ تەستىقىسىز ئۇنى سويالمايمىز. شۇنداق بولسىمۇ ساقلاپ قويغان ئازراق سۈر گۆش بار. سىلەر ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىۋېرىڭلار، مەن تاماققا تۇتۇش قىلاي، ــ دېدى كۇمۇش خىجىل بولغان ھالدا ئىنىسىگە بۇرۇلۇپ.

ئەبىلبەك كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن:

ــ بۇنىڭ خىجىل بولغۇدەك نېمىسى بار، بىز يا يات ئادەم بولمىساق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. ھەممىلا يەردە مال كوللېكتىپنىڭ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ھېچكىم ھېچكىمدىن يامانلىمايدۇ. ئۆتكەندە مېنىڭ قوشنام

قازباي ئالتايدىن كەلگەن تۇغقانلىرىغا ھېچكىمگە دېمەي بىر قوي سويغانىكەن. تەشكىلدىن ئادەم چىقىپ ئۇنى راسا تەرلەتتى. ئاندىن «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، قولىدىكى مالنى باشقا بىرىگە ئېلىپ بەردى. ئۇ بىچارە ھازىرغىچە پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي يۈرىدۇ، — دېدى.

قېيىنئىنى بىلەن يېزنە تالاغا چىقتى. ھاۋانى قارا بۇلۇت قاپلىۋالغاچقا، پۈتۈن ئەتراپ خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. ھاۋانىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا كۆپ ئۆتمەيلا يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلغان مەيىن شامال يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى.

— بەلكىم ئاڭلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. دەركەمباي ئاقساقال قازا بولۇپ كەتتى. ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقاندەك يېقىن ئۆتەتتۇق. ھەدەڭ ئەتە يولغا چىقىمەن، دېگەن كۈنى قازا قىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەدەڭنىڭ سىلەرنى يوقلاپ بېرىش ئويى سۇغا چىلاشتى. بىر ھېسابتا سېنىڭ كەلگىنىڭمۇ ياخشى بولدى. ھەدەڭنىڭ يولى قىسقىرايدىغان بولدى.

ئەبىلبەك يېڭىلا ئورىغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە تارتقاندىن كېيىن بۇرىلىپ يېزنىسىگە قارىدى. ئەزەلدىن گەپنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئادەتلەنگەن يېزنە ئۇنىڭغا بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى قىلىۋاتاتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، يېزنە، مەن دېگەن مەن، ھەدەم دېگەن ھەدەم. بۇنداق دېسىڭىز مەن كېلىپ ھەدەمنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان بولمامدىمەن؟

— سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايسەن. مەن

ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەسلىدە ھەدەڭ سىلەر تەرەپكە ئۆتۈپ، ئىرمەكنىڭ ئىشى توغرىسىدا سىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىدى. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئىرمەكنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن دېمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ بىر ـ ئىككىدىن باللىق بولدى. ھازىر ئىرمەكنىڭ روھىي كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس...

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىردىنلا ئىرمەكنى ئېسىگە ئېلىپ ئىرتۇستۇكنى چاقىردى. بىراق ئىرتۇستۇكتىن جاۋاب بولمىدى.

ــ ھەي قەسەن، ــ دېدى ئۇ ئاخىرى ئۆينىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەلگەن تۆتىنچى ئوغلىنى چاقىرىپ، ــ ئاكاڭ ئىرتۇستۇك ئۆيدە يوقمۇ؟

ــ ھازىر ئۇنىڭ ئۇ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىم، ــ دېدى قەسەن قاراڭغۇدا قولىنى جەنۇب تەرەپكە جۆنەپ.

ــ بار، بېرىپ ئۇنى نەدىن بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كەل. ئۇنىڭدىن سورايدىغان گەپ بار.

دەل شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن:

ــ تاماق تەييار بولدى، ئۆيگە كىرىڭلار، ــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. كۆمۈش ئۇلارنى چاقىرىۋاتاتتى.

ــ ئىرمەكنىڭ ئىشى توغرۇلۇق بارىدىغان ئىش بولسا بولدى، ھەدەم بارمايلا قويسۇن، ــ دېدى ئەبلىبەك بەكسى بىلەن نارىن ئۇستىدىكى گۆشنى پارچىلاپ، ــ ئۆتكەندىمۇ مۇشۇ ئىش توغرىسىدا يېقىن ئۆتىدىغان بىرقانچە ئادەملەر بىلەن رەنجىشىپ قالدۇق. ھازىر بىزنىڭ ئۇياقتىمۇ ئىرمەككە ئوخشاش بويتاقلاردىن خېلى بار. بۇنىڭ بىر تەرىپى سىياسىيغا بېرىپ تاقالسا،

يەنە بىر تەرىپى ئىقتىسادقا بېرىپ تاقىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر مۇھىم تەرىپى نىسبەت. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھازىر ئەر كۆپ، ئايال ئاز ئىكەن. بۇ مېنىڭ سىلەر دەۋاتقان ئىشتىن ئۈزۈمنى ئەتەي قاچۇرغىنىم ئەمەس.

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىشىكتىن ئىرتۇستۇك كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ساپارغالى ئىرمەكنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدى.

ــ نېمە تىلىڭنى چاينايسەن، قېنى دېگىنە، ئىرمەك ھازىر قەيەردە؟ سەن ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ، بۇ چاغقىچە ئۇ توغرۇلۇق بىرگە خەۋەر بەرگەن بولاتتىڭ. قېنى گەپ قىل، ئاكاڭ زادى قەيەردە؟

ــ ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ــ نېمە؟!... يەنە بىر دېگىنە، ئۇ نەگە چىقىپ كەتتى؟

ــ بىلمەيمەن. ئۇ ئەتىگەن ماڭا كېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلغان. مەن شۇنچە تۇتۇۋالغان بولسامۇ، ئەمما ئۇ بوي بەرمىدى. ئۇ ماڭىدىغان ۋاقتىدا بۇ توغرۇلۇق سىلەرگە گەپ قىلماسلىقىمنى ئۆتۈنگەن.

ئىرتۇستۇك شۇنداق دېدى.

ــ ئىتتىنىڭ بالىسى، شۇنچە چوڭ ئىشنى ئۇ مەندىن ئۆتۈنگەن دەپ ھازىرغىچە بىزگە تىنمىدىڭمۇ؟ تېرەڭنى تەتۈر سويۇۋالمايدىغان بولسام!

ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان يېزنىسىنى ئەبلىبەك تۇتۇۋالدى. ئانا ئولتۇرغان ئورنىدا داڭ قېتىپ قالدى. بالىلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئۇلار ئاكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ــ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟ ــ دېدى قەسەن

سىرتقا چىققاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا، ــ بىچارە دادام بىلەن ئاپام ئەمدى قانداقمۇ قىلار؟
ــ ھېچقانداق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆيدىن نېمە ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنلىكىنى مەن بىلمەن. ئۇ خوتۇن ئالسىلا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، ــ دېدى جۇماتاي قەسەننىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ.
ــ جۆيلۈمە، ــ دېدى ئىرتۇستۇك ئۇنى جىملەپ، ــ چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدىغانغا سەن تېخى كىچىك. ئاغزىمغا كەلدى دەپ بىلجىرلاۋەرسەڭ مەندىن تاياق يەيسەن.
ــ ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، ئۆزۈڭ ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، دېدىڭغۇ؟
ــ بۇنى مەنمۇ ياخشى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇ چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئۇ ماڭغان چاغدا قۇرۇق قول ئىدى، ھەتتا يەيدىغانغا نانمۇ ئېلىۋالمىغانىدى.
بالىلار جىم بولدى. ئۇلار تۇيۇقسىز غايىب بولغان ئاكىسىنى سېغىنىۋاتاتتى.
ساپارغالى ئۆمرىدە بۇنداق ئاچچىقلىنىپ باقمىغانىدى، غەزەپتىن چىڭقىلىۋاتقان مېڭىسى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، چىشلىرى كىرىشىپ توختىماستىن غىچىرلايتتى. ئەگەر ئۆيدە قېيىنئىنىسى ئەبىلبەك بولمىغاندا ئىدى، ئۇ بۈگۈن بالىلىرىنى سۇر - توقاي قىلىپ ئاتقا مىنگەن بولاتتى. ئەپسۇس، ئۆيدە مېھمان بولۇپ قالدى. بېشىغا ھەرقانچە بالا ئىش كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مېھمان ئالدىدا تەنتەك موزايدەك توختىماستىن سەكرەش ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى. ئەنە

كۆمۆشمۆ شۇنداق. ئۇ ئىچ ـ باغرىنى يەپ كېتىۋاتقان ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە پۈكلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىت بولغان بولسا ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق ئولتۇرمىغان بولاتتى. ئەڭ بولمىغاندا ياغلىقى بىلەن بۇرنىنى تۇتۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىمىغان بولاتتى. كىملەرنىڭدۇر بىرلىرىنى قارغاپ، يولدىشىنى تېززەك يولغا چىقىشقا ئۈندىگەن بولاتتى...

— ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟

ساپارغالى شۇنداق دەپ قاتتىق خورسىندى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن گەپلىرى بولسىمۇ، بۇ گەپلەرنى قانداق بايان قىلىشنى بىلمەيتتى، ۋۇجۇدىغا سىغماي قېلىۋاتقان ھەددىدىن زىيادە غەزەپ ـ نەپرەت، يۈرىكىنى تىلغاپ كېتىۋاتقان قاتتىق ئەنسىرەش بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى گاراڭ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ تۇرۇپ ئىرمەككە ئاچچىقى كەلسە، تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. ھازىر ئۇ نەدىدۇر؟ ئاچچىقىدا ئۆزىنى بىرنەرسە قىلىۋالمىغاندۇر؟ دېگەن ئوي كاللىسىدا قايىنام ھاسىل قىلىپ، يۈرىكىنى توختىماستىن مۇجۇيتتى. ئۇ يەر تېگىدىن ئايالىغا قاراپ قويدى.

ئازاب ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان كۆمۈش بىرئاز ئېسىنى يىغقان بولسا كېرەك، ئورنىدىن تۇرغان پېتى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئويلىمىغان يەردىن چوڭ بىر ئىشقا دۇچ كەلگەن ئەبلىبەك گېلىنى قىرىپ قويدى:

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىرمەكتىن كۆرۈپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ، يېزنە. بىلىپ تۇرىمەن، ھازىر

ھەدەم بىلەن ئىككىڭلار كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئازاب ئىچىدە قانداق قىلىشىڭلارنى بىلەلمەيۋاتىسىلەر. شۇنداقتىمۇ ئاچچىقىڭلارغا هاي بىرىڭلار. گەرچە بۇ سىلەرنىڭ يۈرۈكىڭلارنى تۆكىدىغان ئىش بولسىمۇ هامان ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى تېپىلىدۇ.

ساپارغالى ئېغىر تىندى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قېيىنئىنىسىگە قارىدى:

— ئەھۋالنى سەنمۇ ئۇقتۇڭ. دېگىنە، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىمىزمۇ؟ ياق، بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مەن هازىرلا ئات توقۇپ ئۇ ۋاپاسىزنى ئىزدەپ تاپىمەن.

— قاچاندىن بېرى ئەقلىڭىز ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالدى، يېزنە؟ — دېدى ئەبىلبەك بىردىنلا قايناپ، — مېنى بۇ ئىشتىن خۇشال بولۇپ تاماشا كۆرۈۋاتىدۇ، دەپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ مۇشۇ كېچىدە ئات ئەمەس، تۇلپار مىنسىڭىزمۇ ئۇنى قەيەردىن تاپىسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە هاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر يېغىش ئالدىدا تۇرىدۇ. چوقۇم ئىزدەيدىغان ئىش بولسا مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە ئاتلىناي.

— ئۇنداقتا، بىز قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، بۈگۈن كېچىنى ئۆيدە ئۆتكۈزىمىز. خۇدا بۇيرۇسا، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئاتقا مىنىپ بۆلۈنۈپ ئىزدەيمىز. ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى هازىرچە مۇشۇ ئۆيدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. سىز بالىلارغا ئېيتىڭ، ئۇلار ئاغزىغا ئىگە بولسۇن. مېنىڭچە ئۇنىڭ يېنىدا ئاقچىنىڭ تايىنى

يوق ھېچ نەگە بارالمايدۇ. بازار يېزىغا ئوخشاشمايدۇ. پۇل بولمىسا بىر ۋاق قورساق تويدۇرۇشمۇ بەسى مۇشكۇل. شۇڭا كېچىدە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قىينىماي تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتەيلى. ھازىر بىزنىڭ قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ساپارغالىنىڭ دېمى سىقىلىپ، يۈز ـ كۆزلىرى چىڭقىلىپ كەتتى. بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، يۈرىكى شىددەت بىلەن دۈپۈلدەپ سوقاتتى. تىزىغا قويۇۋالغان قوللىرى كۈيۈشۈپ، پۈتۈن بەدىنى ھەددى ـ ھېسابسىز چۈمۈلە كىرىۋالغاندەك قىچىشىپ كەتتى. ئەبلەبەك سۆزلەۋاتاتتى، سۆزلىگەندىمۇ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى دانىمۇدانە قىلىپ، شۇنداق ئورۇنلۇق سۆزلەۋاتاتتى. ساپارغالى خۇددى نەپىسى يېتىشمەيۋاتقاندەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، كۈچەپ نەپەس ئالدى، ئاندىن قېيىنئىنىسىگە بۇرۇلۇپ قارىدى:

— قارىغاندا سېنى بۈگۈن بىزگە خۇدا ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ. بولدى، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن. بايا ھازىر بىزنىڭ قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، دېگەندەك بىر گەپ قىلىۋىدىڭ. قېنى دېگىنە، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىمىز؟

— مەنمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەن. ئەگەر بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىساق ئۇنى تېپىپ كەلگىنىمىز بىلەنمۇ بىكار. ئۇ ھامان بىر كۈنى يەنە قېچىپ كېتىدۇ. سىزگە دېسەم، يېزىنە، كاللامدا مۇنداق بىر ئىش بار: ئاڭلىسام بۇ يىل ئات ئالغىلى قەشقەردىن ئادەم كەپتۇ.

ئەبلبەك سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ساپارغالىنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ، كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇمۇ ئۇزۇندىن بېرى شۇ ئىشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھەل قىلىش قىيىن بولغان بەزى ئىشلارغا ئامال قىلالماي بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ گەپنى قېيىنئىنىسى تېشىۋاتاتتى.

— ھازىر بىزگە بىردىنبىر چىقىش يولى مانا مۇشۇ. كېلىننى شۇ ياقتىن ئەكېلەيلى.

— بۇ دېمەككە ئاسان، ئەمەلگە ئاشۇرماق قىيىن بولغان ئىش، ئىنىم. مەنمۇ بۇ توغرىسىدا ئويلىنىپ باققان. ئەمما ھەل قىلىش قىيىن بولغان ئىككى ئىشقا دۇچ كەلگەن. چۈنكى سەن دېمەكچى بولغان كېلىن ئۇيغۇر، باشقا مىللەت. مەيلى كىمنىڭ بالىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە ئەزىز. مۇشۇ ئىشنى دەپ بىز خەقنىڭ ئۇۋالىغا قالساق بولمايدۇ. بۇ مەن يولۇققان بىرىنچى قىيىن ئىش. ئىككىنچى قىيىن ئىش بولسا بىزنىڭ باللارنىڭ قەشقەرگە مال ھەيدەپ بېرىشىغا تەشكىل رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن دېمىسەممۇ سەن ئوبدان بىلىسەن. شۇڭا بۇنى ياخشىراق ئويلىشىپ باقايلى.

ساپارغالى سۆزلەۋېتىپ، ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئايالىغا قاراپ قويدى. تولا يىغلاپ ئىككى كۆزى ئىششىپ كەتكەن كۇمۇش كىگىزنىڭ چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— بۇ دېگەنلىرىڭىزمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى ئەبلبەك ھەدىسىگە قاراپ قويۇپ، — ئەمما مېنىڭچە بولغاندا ئۇيغۇر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئۇنچە كۆپ پەرق

يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ يىلتىزىمىز ئەزەلدىن بىر. سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ چوڭ مومام ئۇيغۇر. ئايالىڭىزنىڭ تومۇرىدىمۇ ئۇيغۇرنىڭ قېنى بار. بۇنى دېمىگەندىمۇ بىز تەرەپتە بۇلتۇر قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بارغان يىگىتلەردىن بىرقانچىسى ئۇيغۇردىن ئايال ئەكەلگەن. ئۇلار ئۆيىنى بىر ئوبدان تۇتۇۋاتىدۇ. بەزى جەھەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرى تولىمۇ ئىشچان كېلىدۇ. تاماققا، بالا تەربىيەلەشكە ئۇستا. قارىسام بەك كۆپ ئويلىنىپ كەتكەندەك قىلىسىز. سىز ئالماقچى بولغان كېلىن قەشقەردە. ئۇ سىزگە كېلىن بولۇپ كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، بۇنىسى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. سىناپ باقساق ئاندىن بىلىمىز. شۇنداقمۇ، ھەدە؟

گەپنىڭ نېمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغان كۆمۈش خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن:

— بويلىرىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئۇكام، سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ يەلكەمدىن تاغ ئاغدۇرۇلغاندەك بولدى. ئۆيگە كېلىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا بولدى، بىز ھەرگىزمۇ ئۇنى - بۇنى دەپ دىلىغۇل بولمايمىز. شۇنداق ياخشى ئامال - چارەڭ بولغاندىن كېيىن بۇرۇنراق كېلىپ بىزنى غەمدىن خالاس قىلساڭ بولماسمىدى. سەن بۇ ئىشنى يېزىنەڭ بىلەن ئوبدانراق مەسلىھەتلەشكىن. بىز ئامال قىلىپ جىيەنىڭنى قەشقەرگە يولغا سالايلى. ئاڭلىسام ئات ھەيدەپ بارغانلارغا بېرىدىغان ئىش ھەققىمۇ يۇقىرى ئىكەن. بىزگە ئىرمەكنىڭ ئات ھەيدەپ تاپقان پۇلىنىڭ كېرىكى يوق. ئۇ قەشقەرگە بارىدىغانلا ئىش بولسا ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ قاراپ تۇرمايدۇ، —

دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قايغۇ ـ ئەلەملەر كۆتۈرۈلۈپ، يېنىكلەپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ــ ئۇنداقتا تەشكىللنى قانداق قىلىمىز. ئۆتكەندە مەن بۇ توغرۇلۇق دادۇي رەھبەرلىرىگە ئاززاق پۇراتقانىدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، بۇ ئىشقا پەقەت كەمبەغەل چارۋىچى، تۆۋەن ئوتتۇرا چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىلا ئەۋەتىلىدىكەن.

ــ ئەگەر ئىرمەكنىڭ ئات ھەيدەپ قەشقەرگە بېرىشىگە قوشۇلساڭلار تەشكىللىنىڭ ئىشىنى سىناپ باقساق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دېگىنى يەرلىك سىياسەت. باشقا مەقسەت يوق، ئات ھەيدەپ تاپىدىغان پۇلنى شۇ كەمبەغەل چارۋىچى، تۆۋەن ئوتتۇرا چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرى تاپسۇن دېگەن گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر يەر بىلەن يەنە بىر يەرنىڭ سىياسەت ئىجرا قىلىشىمۇ ئوخشاشمايدىكەن. بىزىمىزغا تەۋە قاراسۇ چارۋىچىلىق دادۇينىڭ دادۇيجاڭى باي دېھقاننىڭ بالىسى. ئۇ دادۇيجاڭ بولغاندىن كېيىن ئامال قىلىپ دادۇينىڭ كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بۇلتۇر بىر گۇڭ بىر سومدىن ئاپلىنىپ، قاراسۇ چارۋىچىلىق دادۇيى ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. بەك بولمىسا بىزنىڭ ياكى ناھىيەگىچە بارارمىز. بىزنىڭ پۇتىمىزغا بىرسى كىشەن سېلىپ قويمىغاندىن كېيىن.

ئەبىلبەكنىڭ سۆزى بىلەن ساپارغالىنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇلار مۇشۇ ئىش ئۇستىدە ئۇزاق پاراڭلاشتى. ئەبىلبەكنىڭ ھەدىسىمۇ ئۆز يېزىسىدىن ئات ھەيدەشكە بارغان بەزى ياشلارنىڭ شۇ ياقتىن ئايال ئەكەلگەنلىكىنى، قازاق ئېلىگە كېلىن

بولۇپ چۈشكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ پەرىزاتتەك چىرايلىق بولۇپلا قالماي، يەنە مۇلايىم، ئەدەپلىك، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدىغان رايىش، ئىشچان ئىكەنلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. ئۇلار مۇشۇ سۆز تېمىسىغا شۇنچىلىك كىرىشىپ كەتكەندىكى، خۇددى هازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇيغۇر كېلىننىڭ ئۆز ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى هېس قىلىشىپ، ئۇنىڭ سۆپەتلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئۇزۇندىن بېرى باشنى قاتۇرۇۋاتقان چىگىچ تۈگۈن مانا مۇشۇنداق يېشىلىپ كەتتى. ئەر - خوتۇن ۋە ئىنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئادەم قەشقەردىن كېلىن ئەكېلىش ئۈستىدە ئۇزاق مۇزاكىرە قىلىشتى. ئۇلارنىڭ چېھرىدىن ئادەم بالىسىدا ئاسانلىقچە پەيدا بولمايدىغان يېقىملىق تەبەسسۇم پارلاپ تۇراتتى.

— باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن قازاق تىلى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. شۇڭا كېلىنىمىز كەلگۈچە ئازراق بولسىمۇ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ قويايلى. بۇنىڭ كېلىننىڭ ئۆيىمىزدە قىسىلىپ قالماسلىقىغا پايدىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە سۆزلەشمۇ ئانچە تەس ئەمەس. پەقەت بەزى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزىلا ئوخشاشمايدۇ شۇ،— دېدى ساپارغالى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— مەن ئۇيغۇرچىنى ئانچە - مۇنچە بىلىمەن،— دېدى ئۆيگە قاچانلاردۇر كىرىۋالغان قىدىرغوجا بىردىنلا جانلىنىپ.

بۇ سۆز بىلەن ئۆيدىكىلەر تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— قالتىسقۇ سەن، ئۇيغۇرچىنى نەلەردە يۇرۇپ ئۆگىنىۋالدىڭ، شەيتان، — دېدى ئەبىلبەك جىيەنىگە بىر دىنلا ئامراقلىقى كېلىپ.
— دادامنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان ئۇيغۇر ئاغىنىلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان. ئۇلار جەڭگە دېگەن سۆزنى يەڭگە دەيدۇ.
— مەنمۇ بىلىمەن. ئۇلار جايلاۋ دېگەن سۆزنى يايلاق، باستاۋ دېگەن سۆزنى بۇلاق، بولاما دېگەن سۆزنى بولامدۇ، دەيدۇ.
— ئۇيغۇرلار ئاتنى ئات، قوينى قوي، تاماقنى تاماق، ناننى نان، سۇنى سۇ، — دەيدۇ دېدى ئىركىنبەك ھەربىر ئېغىز سۆزنى دانىمۇدانە قىلىپ. ئۇلار بىر تەرەپتىن پاراڭلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۇلۇشەتتى. تېخى يېڭىراقتىلا ئۆي ئىچىنى قاپلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، ھەممە يەنە بۇرۇنقىدەك نورمال ھالەتكە قايتقانىدى.
— مەن ھەيران، — دېدى خېلىدىن بېرى سۆزگە ئارىلاشماي ئولتۇرغان قىدىرغوجا بىر دىنلا سۆز قىلىپ، — قاراپ باقسام بىزدە بار ئادەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلاردا بار ئىكەن. مەسىلەن، ئۇسسۇل ئويناش، توي - تۆكۈنلەردە سالاملىشىش، ئۆلۈم - يىتىملەردە يىغلاپ كىرىش، مېھمان كەلسە داستىخان سېلىش، بەيگە بېرىپ ئوغلاق تارتىشىش، توي قىلىپ كېلىن كۆچۈرۈش، چوڭلارغا سالام بېرىش، تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىش قاتارلىقلار. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر - قازاق دەپ بۆلۈنىدۇ؟
بۇ ھەقىقەتەنمۇ چىڭ سوئال ئىدى. ئانا بىقىنىدىلا ئولتۇرغان قىدىرغوجىنىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى.

ــ مانا، يېزنە، جىيەنلىرىم چوڭ بولۇپ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك سوئاللارنى سورىغۇدەك بوپتۇ. ئۇلار كەلگۈسىدە چوقۇم چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ،ــ ئۇ سۆزىنى توختىتىپ قىدىرغوجىغا بۇرالدى ۋە شۇنداق دېدى،ــ ئەقلىڭگە بارىكاللا. شۇنداق مۇھىم نەرسىگە دىققەت قىلىش مۇشۇ كەمگىچە مېنىڭمۇ كاللامغا كەلمەپتۇ. سەن دەۋاتقان بۇ ئىش تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئادەت. گەرچە ئۇيغۇر بىلەن قازاق باشقا ـ باشقا ئىككى مىللەت بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ تېگى بىر. مەيلى بۇرۇن بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن ئۇيغۇر بىلەن قازاق قىز ئېلىشىپ، قىز بېرىشىپ قۇدا بولۇپ كەلگەن. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىلەرمۇ ئۇيغۇرلارغا جىيەن بولۇپ كېلىسىلەر. چۈنكى ئاپاڭلارنىڭ چوڭ مومىسى ئۇيغۇر. ئۇ موممىز بوۋىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭغا تېگىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانىكەن. ئۇيغۇر خەلقى ئەنە شۇنداق باغرى يۇمشاق، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەر ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان خەلق. ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئەگەر بۇ ئۆيگە ئۇيغۇردىن يەڭگەڭلەر كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئۇنى چوقۇم ھۆرمەتلەڭلار. ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىڭلار. ئۇنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىپ، ئۇنى ھەرگىز قاچۇرۇپ قويماڭلار.

باللار بىر ئېغىزدىن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندىمۇ خېلى ئۇزاققىچە ئۆزلىرىگە يەڭگە بولىدىغان ئۇيغۇر قىزىنى ئويلاپ ياتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كەلگۈسىدىكى يەڭگىسى ئادەم ھەيران قالغۇدەك چىرايلىق، قاش ـ كۆزلىرى

تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، دۈگىلەك يۈزلۈك، قۇلىقىدىكى ئالتۇن ھالقىسى چاقناپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى.
— نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ — دېدى جاڭغابىل بېشىنى ئىرتۇستۇكىنىڭ يوتقىنى ئىچىگە تىقىپ پەس ئاۋازدا.
— سېنىڭچە تاغىمىزنىڭ دېگەنلىرى ئەمەلگە ئاشارمۇ؟
— نېمىشقا ئاشمىغۇدەك؟ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.
— مەنمۇ شۇنداق بولىسىكەن، دەپ ئالىلادىن تىلەۋاتىمەن. ئەگەر ئاكام ئۇيغۇردىن ئايال ئېلىپ قالسا بىزدىن تېنىپ كەتمەس — ھە؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئاپامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ، قازاقچا كېلىن بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر قىزلىرى تولىمۇ ياخشى ئىكەن. ئۇلار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىدىكەن.
— ئاڭلاشنىغۇ ئاڭلىدىم. بىراق بىزنىڭ ئائىلە باشقا ئائىلىلەرگە ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى بىز دېگەن يەتتە ئوغۇل. يەتتە ئوغۇلنىڭ ئېغىرچىلىقى مۇشۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. نان يېقىش، تاماق ئېتىش، كىر - قات يۇيۇش، كالا سېغىش، يەنە ئايىغى چىقمايدىغان نۇرغۇن ئىشلار.
— دېگەنلىرىڭغۇ توغرا. بىراق، ئاكام ئايال ئالسا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان ئىشلارنى قىلمايدىغان بولىدۇ. دادام بىلەن ئاپامنىڭ بېشىدىكى غەممۇ تۈگەيدۇ.
— يەنە تېخى ساڭىمۇ يول ئېچىلىدۇ. ئەگەر سەن خوتۇن ئېلىپ قالساڭ بىز بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋېرەمسەن ياكى بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتەمسەن؟
— بۇنى تېخى ئويلاشقۇدەك بولمىدىم. ھازىرقى ئەھ

مۇھىم ئىش ئاكامغا خوتۇن ئېلىپ بېرىش. باشلىقلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ ئۇنى ئات ھەيدەپ ماڭىدىغانلار قاتارىغا قوشۇپ قويغان بولسا ياخشى بولاتتى. مېنىڭ دادامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. قارىغىنا، شۇنچە قەيسەر ئادەمنىڭ بولۇپ قالغىنىنى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

ئەگەر ئانا ئۇلارنى جىملىمىگەن بولسا خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭ سالغان بولاتتى. ئۇلار ئانىنىڭ جىملىشى بىلەن سۆزىنى توختىتىپ جىم بولۇشتى.

كېچە ناھايىتى ئىمتاس ئىدى. تېخى يېڭىراقتىلا چاققان چاقماق بىلەن گۇلدۇرمامىنىڭ ئاۋازى توختاپ قالغان بولۇپ، قەيەردىندۇر ئۇرۇۋاتقان ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ساپارغالىنى بىر كېچە قارا بېسىپ چىقتى. گاھىدا ئۇنى ساقچىلار قوغلىسا، گاھىدا تولىمۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇق قوغلايتتى، گاھىدا سازلىققا كىرىپ چىقالماي، سازغا چۆكسە، گاھىدا تاغ چوققىسىدىن سىيرىلىپ، تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلاتتى. كېيىن ئۇ ئىرمەكنى كۆردى. ئىرمەك جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ساپارغالى ئۇنى قوغلىماقچى بولۇۋىدى، پۇتىغا بىر نەرسە ئىلىنىۋېلىپ پەقەتلا يۈگۈرىيەلمىدى. شۇنداقتىمۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئىرمەكنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىنى قېلىن چاتقاللىق توسۇپ تۇراتتى. چاتقاللىق بەكلا زىچ بولغاچقا، ئۇ بەزى يەرلىرىدىن ئۆمىلەپ ئۆتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدا ئالدى تەرەپتە يوغانلىقى بەل ياغاچتەك كېلىدىغان بىر يىلان تۈگۈلۈپ ياتاتتى. يىلاننىڭ سۇرىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قورۇلۇپ، يۈرىكى

سوغۇرۇلغاندەك بولدى. يىلان ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ بىر سەكرەپلا يىلاندىن ئاتلاپ ئۆتتى ۋە جىبىننىڭ بارچە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرەۋاتاتتى. بىر چاغدا بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدى، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ مىڭ بىر تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىرمەكنى كۆردى. ئىرمەك ئىككى كۆزىنى مەھكەم يۇمغىنىچە مىدىر قىلماي ياتاتتى. ئىرمەك ئۆلۈپ قالغانىدى. ساپارغالى ئۈن سىلىپ يىغلاپ كەتتى. قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلىغاچقا، ئۈنى سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغانغاندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

# بەشىنچى باب

ساپارغالى چۆچۈپ ئويغانغاندا سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئەبلىبەك بولسا يوتقانغا بېشىنى چۈمكەپ ئۇخلاۋاتاتتى. پەقەت كۈمۈشلا ئويچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. ساپارغالى بىردىنلا خۇددى باشقىلار ئۆزىگە مەدەت بەرگەنگە ئوخشاش باشقىلارغىمۇ مەدەت بېرىش لازىملىقىنى، جاھاندا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ يەنىلا مەدەت بېرىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ بىرى چوقۇم شۇ. ئەگەر ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئايرىلسا ئۈمىدسىزلىك، نادامەت ئىچىدە ياشاپ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ياشاشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان بولاتتى. مەيلى باي بولسۇن، مەيلى گاداي بولسۇن ھەممە ئادەم باشقىلارنىڭ مەدەت بېرىشىگە موھتاج. بۇمۇ خۇددى ئىنسان ھاۋاغا موھتاج بولغانغا ئوخشاش.

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ئايالىغا قاراپ، — تېخى بالدۇر ئىكەن، يېتىپ ئارام ئال. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ. ھازىر بىچارە بالا نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟

— ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق. ئۇنىڭ تالادا قونۇپ

قىلىشى تونجى قېتىم ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلار. بەلكىم ئىرمەك ھازىر ئاشۇ چارۋىچىلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندۇ. خاتىرجەم بول، ئەبلىبەك بىلەن ئىككىمىز تاڭ ئاتسا ئۇنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىمىز.

كۇمۇش ئېرىگە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولۇپ، سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن ئۆپكىسىنى تولدۇردى. ساپارغالى ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ھەرقاچان ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە مەدەت بېرىپ، ئۇنىڭ قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتى، ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ھەسرەتلىرىنى يەڭگىللىتەتتى.

— سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. قارىغاندا ۋاقىچە يولغا چىقىدىغان ئوخشايسىلەر، — دېدى كۇمۇش يوتقانىنى ئۈستىگە يېپىۋېتىپ. ساپارغالى ئەمدى ئۇيقۇنىڭ مەززىسى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ سىرتتا يېغىۋاتقان يامغۇرغا قۇلاق سالغاچ كۆزىنى يۇمدى.

چاي ئۇن — تىنىسىز ئىچىلدى. ساپارغالى باللىرىغا ئىش تاپىلاپ يولغا سالغاندا يامغۇرمۇ توختاپ قالغانىدى. ئۇ ئاخىرىدا قېيىنئىنىسى ئەبلىبەك بىلەن ئاتقا مىنىپ، مەھەللىگە سوزۇلغان يول بىلەن يورۇپ كەتتى. ئاسمانىنىڭ كەينى سوزۇلۇپ، ئاستا — ئاستا قۇياش جامالىنى كۆرسەتتى. قۇياشنىڭ تەپتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئەتراپتىن ھور كۆتۈرۈلەتتى.

— بىز چاتاق مېڭىپ قالمىغاندىمىز — ھە، — دەيتتى ساپارغالى ئەبلىبەككە ئەندىشىسىنى يوشۇرمىغان ھالدا.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — دەيتتى ئەبلىبەكمۇ

چۈشەندۈرۈپ، — مەن ئىرمەكنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلمەن. ئۇ بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتىمۇ، بولدى، ئۇنى بىر باشقا ئاچىقماي قويمايدۇ. پەمىمچە ئۇ ئاخشام چوقۇم دالادا، ناھىيە بازىرىغا يېقىن بىر يەردە قوندى. ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇ ھازىر يولدا دېگەن گەپ. مېنىڭ بۇ يولدا ماڭايلى، دېيىشىمدىكى سەۋەبمۇ مانا مۇشۇ. چۈنكى يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن سۈرۈشتۈرۈش ئاسان. يولدا كېتىۋېتىپ سۈرۈشتۈرسەك بەلكىم ئۇنى كۆردۈم دېگەنلەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا كۆڭلىمىزدە سان بولىدۇ - دە، ئۇنى ئاسانلا تېپىۋالىمىز.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلىشا - پاراڭلىشا ئاخىرى چۈقچىيىپ چىققان بىر تۆپىلىككە چىقىپ قالدى. بۇ يەردىن تۆت ئەتراپنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. نېرىقى سايدىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ بۇژغۇنلارنى چاچراتقىنىچە توختىماستىن ئېقىپ تۇراتتى. سۇنىڭ شاراپىتىدىن بوك - باراقسان بولۇپ كەتكەن تال - تېرەكلەر خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك توختىماستىن ئىككى ياققا ئىرغاڭلايتتى.

— قارا سېنىڭ باشقا كۈن چۈشكەندە ئۆزلۈكىڭدىن كېلىپ قالغىنىڭنى. سەن بۇرۇندىن ئالدىڭ ئوچۇق ياخشى يىگىت ئىدىڭ. خۇدا ئوڭلاپ مۇشۇ خاسىيىتىڭنىڭ ئارقىسىدا ئىرمەكنى تېپىۋالساق باشتىكى ئەڭ چوڭ غەممۇ تۈگىگەن بولاتتى. ياردەم قىلدىڭ، ئەمدى ئاخىرىغىچە ياردەم قىلغىن. ئەڭ بولمىغاندا ماڭا ھەمراھ بولۇپ باشلىقلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىپ بەر. بىر ئادەمگە

قارىغاندا ئىككى ئادەمنىڭ ئەھۋال ئېيتقىنى ياخشىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ماڭا قارىغاندا سۆزگە ئۇستىراق. سەن يېنىمدا بولساڭ كۆڭلۈم توق تۇرىدۇ.

— چاتاق يوق، يېزنە، مېنى ماختىغىنىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ مەن بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇرىمەن. كېلىن كەلگەندە ماڭا تون كىيدۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولىدى.

— ھېلىغۇ بىر تون ئىكەن، ئون تون دېسەڭمۇ تون سەندىن ئايالانسۇن. چۈنكى سەن دېگەن مېنىڭ قېيىنئىنىم.

ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن چۆچۈگەن ئاتلار قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇشتى. يامغۇردىن كېيىنكى يول يۇمشاق بولۇپ، بۇ يولدا ئاتلار ھەۋەس بىلەن مېڭىپ كېلەتتى.

ئەبلەك يول بويى ئىرمەكنى سۇرۇشتۇرۇپ ماڭدى. ئۇ ئۇچرىغانلارغا ئىرمەكنىڭ تۇرقىنى سۈرەتلەپ ئۇلاردىن مانا مۇشۇنداق يىگىتنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورايتتى. ناھىيە بازىرى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاتلىقلار باشلىرىنى چايقاپ كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ساپارغالىنىڭ يۈرىكى گويا توختاپ قېلىۋاتقاندەك تۆۋەن تارتىپ كېتەتتى.

— ئۇمىدنى بۇنداق ئاسان ئۈزۈۋەتكەن بىلەن بولمايدۇ، يېزنە، — دەيتتى ئەبلەك ساپارغالىنىڭ خورسىنىشىغا قاراپ قويۇپ، — ھەرقانداق غەلبە ئەجىردىن كېلىدۇ، ئەجىر قىلماي ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يېتىدىغان ئىش بولسا ھەممە ئادەم بۇ ۋاقىتچە قانات چىقىرىپ ئاسماندا ئۇچقان بولاتتى. سىزگە دەپ بەرسەم بىزنىڭ يېزىدا شۇنداق بىر ئادەم بولىدىغان، ناھايىتى

تىرىشچان، ھەرقانداق ھۈنەرنى بىر كۆرۈپلا قىلالايدىغان. ئۇ بىر كۈنى تارباغاتاي تەرەپتىكى بىر تۇغقىنىنىڭكىگە بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۇ يەردە بىر ئادەم ھېچقانداق ئەجىر قىلمايلا پۇل تېپىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا مەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش پۇل تاپمايمەنمۇ دېگەن ئوي كەپتۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «مەن داخان» دەپ ئۆزىنى ماختاپ يۈردى، ھەممە ئىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۈنى ـ بۈنى ئوقۇپ يۈردى. ئەمما ئۇنىڭ ئوقۇغان ئادەملىرىنىڭ بىرسىمۇ ساقايمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىپ، يۇرتتا ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم بولۇپ قالدى. مەن ئويلايمەن، نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بار؟ مېنىڭچە داخان بولغان ئادەم ئەڭ بولمىغاندا چوقۇم تېبابەتتىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بىرسىنى بولمىسىمۇ بىرسىنى ئوقۇپ ساقايتالايدۇ.

سابارغالى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئەبلەبەك مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئادەم ئىدى، دائىم دېگۈدەك ئۈمىدۋار يۈرەتتى. بەزى ئىشلارغا ئەقىل يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇنىڭ بىلەن سەپەرگە چىققان ئادەم ھەرگىزمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمايتتى. شۇنچە ئۇزۇن يولنىڭ قانداق تۈگەپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. كۈن قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلار يولدىن چەتلەپ سۇ بويىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. قىنىغا پاتماي ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سالاتتى. سۈزۈك سۇنىڭ ئاستىدىكى تاشلار خۇددى ئەينەك ئاستىدا

تۇرغانـدەك كـۆرۈنۈپ تـۇراتتـى. بەزىـدە چـوڭ ـ چـوڭ بىلىقلارمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ساپارغالى خۇرجۇنىدىكى داستىخاننى ئېلىپ تـۇزرەك يەرگە يـايدى. كۈن چۈش بـولۇپ قالـغـاچقا، نـان قـۇرۇق بولسىمۇ قەنتتەك تېتىپ كـەتتى. زۇمرەتـتەك تاغ سۈيـى گالدىن ئۆتكەندە ئادەم راھەتلىنىپ، يېنىكـلەپ قالاتتـى. ئۇلار سۇ بويـىدا ئولتـۇرۇپ نان، ئىرىـمچىـك ۋە قـۇرۇت بىلەن قورسىقىنى ئەستەرلىدى.

ــ بۇ يىـل دارامەت ياخشـى چىقسـا بولاتتى،ــ دېـدى ساپارغالى ئاغزىدىكى ناننى چايناپ يۇتقاندىن كېيىـن،ــ بۇلتۇر دارامەت بەكلا تۆۋەن چىققاچقا نۇرغۇن ئائىلىلـەر قەرزدار بـولۇپ قالدى. خـۇداغا شۈكرى، بـىزنىـڭ ئـادەم كۆچىمىز كۆپ بولغاچقـا ئالمىـغان، بەرمىـگەن بوپتـۇق. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە خەلق قانداقمۇ قىلار؟

ــ ئۇغۇ شۇنداق. بىراق بۇنىڭمۇ ياخشـى تەرىپى بـار. مەسىلەن، ھەممە ئادەم ئوپمۇئوخشاش. باي ـ گاداي دېگەن مەۋجـۇت ئـەمەس. ئاغـرىـپ قالسـاق بىكارغـا داۋالايـدۇ. مىنگەن ئېتىمىز پۇلسىز. ئاپەتكە ئۇچرىساق يۇقىرىدىـن بېرىدىغان ياردەم پۇلسىز. يەنە تېخى مەكتـەپ پۇلسـىز. ئەگەر مۇشـۇنداق پۇلسـىز نەرسـىلەرگە پۇل ئـالىدىغـان بولـسا دارامەت چوقـۇم يۇقـىرى چـىقىـدۇ، ئـەمما ئـۇنـى چىقىم قىلىدىغان يەر كۆپىيىپ ئىككى سـەككىز ـ ئـون ئالتە بولىدۇ.

ــ سېنىـڭ مۇشۇ ئاغـزىڭزە، ئادەم بـىر گـەپىنـى دەپ بولغۇچە ئاغزىنى تۇۋاقلاپ بولغان. نەدىن تاپىسەنكىنتاڭ بۇنداق گەپلەرنى؟

ــ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، يېـزنە. ئۇلۇغ داھىيمىـز

ماۋ جۇشى بىزگە: «ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن. مانا بۇ سىز دېگەن نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى. ئۇياقتىن قارىسىڭىز سىز دېگەندەك، بۇياقتىن قارىسىڭىز مەن دېگەندەك.

— بىراق بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز كوممۇنىزىمغۇ؟ يۇقىرىدىن كەلگەن كادىرلار كوممۇنىزمغا بارغاندا بارلىق نەرسىلەر ھەقسىز بولىدۇ. كىمگە نېمە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنىڭغا ئىگە بولالايدۇ. ھەممە ئادەم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەپ، ئېھتىياجىغا قارىتا تەمىنلىنىدۇ، دېگەن. ئازاد بولغىنىمىزغا خېلى ئۇزۇن بولدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك ئۇلار دېگەن كوممۇنىزمنى قاچان قۇرۇپ بولىمىز.

— سىز دەۋاتقان كوممۇنىزم ھازىرقى سوتسىيالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى. ئۇنىڭغا يېتىش ئۇچۇن ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان كېتىدۇ. سىزگە شۇ گەپلەرنى قىلغان كادىر سوتسىيالىزم دەۋرىدە ھەممە ئادەم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدۇ، ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ئالىدۇ دېگەن گەپلەرنى قىلمىغانمۇ؟ بەزىلەرنىڭ بىر يىل ئىشلەپ يېگەن ـ ئىچكىنىگە قەرزدار بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب مانا مۇشۇ. بەزىلەر قارىسىڭىز ئېيىقتەك بەستلىك، ئەمما ئىش قىلغاندا كۆتۈرەم بولغان ئۆكۈزگە ئوخشاش ئاران ـ ئاران مىدىرلايدۇ. نان يېيىشتە بار، ئىش قىلىشتا يوق. مانا مۇشۇنداق ئادەملەر سوتسىيالىزمنىڭ چاقىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. سىز مەسىلىنى مانا مۇشۇنداق ئويلاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئاسان خاتالاشمايسىز. كۆڭلىڭىزمۇ ھەردائىم ئازادە تۇرىدۇ.

ئەبلبەك سۆزىنى تۈگىتىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم كەلسە يېزنىسىگە مانا مۇشۇنداق چاقچاقلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگەتتى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق بولغاچقا ساپارغالىمۇ ئۇنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، ئامال بار ئۇنى ئۆيدە بىر قانچە كۈن ئارتۇق تۇرغۇزۇۋېلىشقا تىرىشاتتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ تۇرغاندا ئىرمەك ھارغىن پۇتلىرىنى سۆرەپ يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ قورسىقى چىدىغۇسىز ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنچە ئۇزۇن يول باسقان بولسىمۇ، يول ياقىسىدا بىرەر ئۆي ئۇچرىمىدى، ئۆي ئۇچرىمىغاندىن كېيىن چاي ئىچىپ قورساقنى توقلىۋېلىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قورساق ئېچىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر دەرد ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ سەپەر ئۇستىدە بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ تالاي قېتىم قورسىقى ئېچىپ كەتكەن. ئۇ چاغدا قورسىقى ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكىدەك بۇنچىلىك قىينىلىپ باقمىغان. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا نىشان بار. قەيەردە، قاچان قورسىقى ئاچسا كىمنىڭكىگە كىرىشنى بىلىدۇ. ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس. شۇنداق بولغاچقىمۇ قورساق ئاچلىقى ئۇنى قاتتىق قىيىنىماقتا. ئۆيىنى سېغىندۇرماقتا. مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقۇزماقتا.

ئىرمەك يولنىڭ بويىغا ئولتۇرۇپ ئازراق دېمىنى ئالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا پۇت - قوللىرى تىترەپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىۋاتاتتى. ئۆستەڭ ئىچىدە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەچكىمۇ يىلىكى سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. ھەممىدىن

مۇھىمى قورساق. شۇ تاپتا بىر چىنە قىزىق چاي، بىر پارچە قاتتىق نان بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟ بەلكىم شۇ تاپتا ئۆيدىكىلەر جەم بولۇپ ئاپىسىنىڭ قايماقلاپ ئېتىپ بەرگەن ئەتكەنچېيىنى ئىچىۋاتقاندۇ؟ ئىرتۇستۇك قانداق قىلىدىكىن. ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاپىسى بىلەن دادىسىغا دېگەنمىدۇ؟ ئەگەر دېگەن بولسا دادىسىدىن ئۆلگۈچە تاياق يېيدى ھەرقاچان. بۇنداق ئىشقا دادا قەتئىي يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ باللىرىغا قويىدىغان تەلىپى قاتتىق، بولۇپمۇ ئۇنى ئالدىغان ئادەمگە تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ دېگەن ئابرۇيىغا ھەممىدىن بەك ئېتىبار قىلىدىغان ئادەم.

ئىرمەك خورسىنىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمدى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىرمۇنچە يول تۇراتتى.

ئۇ غەيرىتىنى يىغقاندىن كېيىن كۆزىگە خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيىنى كۆزلەپ يۇرۇپ كەتتى. ئۆيىنىڭ تۇرخۇنىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىس بۇ ئۆيدە چاي قايناۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ يولنىڭ بويىغا توختىتىپ قويۇلغان ھارۋىغا بويۇنداپ قاراپ قويدى. ھارۋىكەشمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ھارۋىنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان يۈك ئۇندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىمۇ دائىم دېگۈدەك دادۇيدىن مانا مۇشۇنداق ئاق خالتىلارغا قاچىلانغان ئۇنلارنى ئالاتتى.

ئۇ چاندۇرمىغان قىياپەتتە ھارۋىكەشنىڭ ئالدىدىن مەيدىسىنى كېرىپ ئۆتتى. ئۆتكى سەل - پەل سىرىق كەلگەن ھارۋىكەشنىڭ ساقىلى يوق بولۇپ، كوسىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يۇرتىدىكىلەر كوسا ئادەمنى يېرىم ئەر

دەپ پەقەتلا ياراتمايتتى. ئۇنىڭ ئىسىگە شۇ كېلىپ ئۆزىچىلا كۈلۈپ كەتتى.

يول ماڭغانسېرى قىسقىراۋاتاتتى. مانا ئۇ ھېلىقى تۇرخۇنىدىن كۆكۈچ ئىس چىقىۋاتقان ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغىمۇ كېلىپ قالدى. قورساقنىڭ ئاچلىقى ئۇنىڭ تارتىنچاقلىقلىقىنى يالماپ كەتكەچكە ئۇ ئاشۇ ئۆيگە بۇرۇلۇپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆيدىكىلەر داستىخانغا يىغىلىپ چاي ئىچىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئۆيدىكىلەر بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ياشقا چوڭراق بىر ئادەم سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

— سالامچى بولساڭ بۇياققا ئۆت،— دېدى. ئۇنىڭ چاقچاق ئارىلاشقان بۇ سۆزى ئىرمەككە تولىمۇ قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۆيدە جەمئىي بەش ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ياشقا چوڭ بولۇپ، مۇشۇ ئۆينىڭ غوجايىنلىرىدەك قىلاتتى. ئۆي ئىگىسى ئايال چاي قۇيۇپ ئۇنىڭغا سۇندى. بىر قىز بىلەن ئىككى ئوغۇل ئۇنىڭغا قىزىقىش ئىچىدە قاراپ قويىدى. ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلاردا بولۇپ، ئۇنىڭ بۇدۇر چېچى ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. ئوتتۇرانچىسى بولسا ئون ئۈچ ياشلاردا بولۇپ، توختىماستىن كۆزىنى چىمچىقلىتاتتى. ھەممىدىن كىچىكى قىز بولۇپ، يەتتە - سەككىز ياشلارغا كىرگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قاپقارا بىر جۈپ كۆزىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئىرمەك ئۆي ئىگىسى سۇنغان چاينى ئالدى.

— سالىمىڭغا قارىغاندا قازاق ئوخشايسەن،— دېدى ئۆي ئىگىسى ئەر ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخاندىكى زاغرىنى

سوروپ قويۇپ،ــ دېگىنە، قاياقتىن كېلىشىڭ؟ مېنىڭمۇ تاغدا نۇرغۇن قازاق ئاغىنىلىرىم بار، كىم بىلىدۇ شۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بالىسى چىقىپ قالامسەن تېخى.

ئىرمەك چاي ئىچكەچ ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇيغۇر ئادەم بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ:

ــ تونۇمايدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن دەۋاتقان ئۇ تەرەپلەر بىزگە بەك يىراق. يولۇچى ئىكەنسەن، چاينى ياخشىلاپ ئىچكىن. شۇغىنىسى زاغرا بولۇپ قالدى، رەنجىمىگىن. تاغقا چىقىپ قالغۇدەك بولساق قازاق ئاغىنىلىرىمىز مېھمان قىلىپ بېرىدىغان نەرسە تاپالماي قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ساماۋاردا قايناتقان ئەتكەنچېيىگە مەن شۇنداق ئامراق. قازاق دېگەن ئاجايىب مېھماندوست خەلق. بالىلىرىنىڭ تونۇسۇن ـ تونۇمىسۇن سالام بېرىشلىرىچۇ تېخى.

ئۆي ئىگىسىنىڭ سۆزى ئىرمەكنىڭ يۈرىكىنى مايدەك ئېرىتىۋەتتى. ئۇ ئاپقۇر چىنىگە چىلانغان زاغرىنى ئىشتىھا بىلەن يېدى. قورساقنىڭ ئاچلىقىمۇ ياكى زاغرا شۇنداق تاتلىقمۇ ئۇنىڭ قورسىقى ھېچ تويىاي دېمەيتتى.

ــ مېنى ئۆز تۇغقىنىڭلاردەك كۈتۈۋالغىنىڭلارغا رەھمەت،ــ دېدى ئۇ چايدىن كېيىن ئۆي ئىگىلىرىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ،ــ ئەگەر قىلىدىغان ئىش ـ پىشلىرىڭلار بولسا ياردەملىشەي، تاماقنى بىكار يېمىگىنىم بولۇپ قالسۇن.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بۈگۈن بۇ گەپنى بۇ ئۆيدە دەپ قالدىڭ، ئىككىنچى باشقا يەردە دېگۈچى بولما. ئۇنىڭ

ئۇستىگە ھەممە نەرسە كوللىكتىپنىڭ، بۇ يەردە ساڭا قىلدۇرغۇدەك ئىشىمىزمۇ يوق. رازى بولغان بولساڭ بولدى. بىزگە ھەممىدىن كېرىكى شۇ.

ئۆي ئىگىسىنىڭ بۇ سۆزى ئىرمەكنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىققاندا پۇت ـ قوللىرىغا جان كىرىپ، ئۆزىمۇ روھلىنىپ قالغاندى.

ئۇ ئاخىرى ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىكى باغ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. باغ ئىچىدىكى ئەمەن قوراي بېسىپ كەتكەن بىر بوشلۇقتا خام كېسەك بىلەن ياسالغان ۋەيرانە بىر شىپاڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. باغنى ئايلاندۇرۇپ سوقىلغان سوقما تامنىڭ ھەممىلا يېرىدىن دېگۈدەك شورا تاپقىلى بولاتتى. كىملەر تەرىپىدىندۇر ياساپ قويۇلغان قوپال ئورۇندۇق ئارىلىقى يېقىن قارىياغاچلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ تۇراتتى. بىرلا قارىغان ئادەم بۇ يەرنىڭ بىرچاغلاردا راسا ئاۋاتلىشىپ، ئويۇن ـ تاماشىنىڭ قاينىغانلىقىنى ھېس قىلالايتتى.

ئىرمەك شورىدىن ئاتلاپ باغقا كىردى. قورساق تويغانلىقى ئۇچۇن ئۇيقۇ كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئىككى قارىياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سوزغىنىچە ياتتى ۋە كۆپ ئۆتمەي ئۇخلاپ قالدى.

ــ يولغا چىقايلى،ــ دېدى ساپارغالى مۆزدەك سۇدىن ئاخىرقى قېتىم ئىچكەندىن كېيىن، ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يولغا چىقتى. ئەبلىبەك ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ ناخشا باشلىدى. ئۇ قامچا

تۇتقان قولىنى تىزىگە قويغان هالدا بىر چەتكە قىيسايغىنىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك سۈزۈك بولۇپ، ئادەمنى ئىختىيارسىز ناھايىتى ئۇزاقتا قالغان ھاياجانلىق مىنۇتلارغا باشلايتتى. گەرچە ساپارغالىنىڭ كۆڭلى بىر جايىدا بولمىسىمۇ ئۇ قېيىنئىنىسىنىڭ ناخشىسىغا ئىچىدە ئەگىشىپ يۈرىكىنىڭ سىقىلىشىنى باستى.

ئۇلار بىر كىچىك سۇدىن ئۆتۈپ كۆپ ماڭمايلا پاتقاققا پېتىپ قالغان هارۋىغا يولۇقتى. هارۋىغا لىقىدە ئۇن بېسىلغان بولۇپ، سۇ يىغىلىپ قالغان بۇ يەرگە كەلگەندە هارۋىنىڭ چاقى پاتقاققا پېتىپ كەتكەنىدى. هارۋىكەش قامچىسىنى ئىككى ئاتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بىرقانچە قېتىم ئوينىتقان بولسىمۇ، بار كۈچى بىلەن تىرەجىگەن ئىككى ئات هارۋىنى پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرالمىدى. تېرىككىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان هارۋىكەش ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەن ئىككى ئاتلىققا قاراپ قويدى.

— هارۋا پېتىپ قاپتۇ ـ دە،— دېدى ئەبىلبەك ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ،— بۇ ئەھۋالدا هارۋىنىڭ پاتقاقتىن چىقىمىقى ئاسان ئەمەس. زاپاس ئارقان بولغان بولسا بىزمۇ تېقىملەپ باققان بولساق بوپتىكەن.

ئويلىمىغان يەردىن ياردەمنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن هارۋىكەش ئاستىغا سالغان مىشكاپنىڭ ئىچىدىن ئارقان ئالدى:

— سىلەرنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، يامان ۋاقىتتا ياردەم بەرگىنىڭلارغا رەھمەت،— دېدى.

— ئەرزىمەيدۇ. ئادەم بولغانىكەن ھامىنى ياردەمگە موھتاج بولىدۇ، بىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئارقاننىڭ ئۇچىنى ئىككىمىزنىڭ ئېتى كۈچىيەلەيدىغان يەرگە

باغلا. بولمىسا بىزنىڭ ئاۋارە بولغىنىمىز بىكارغا كېتىدۇ.

ئەبىلبەك شۈنداق دەپ ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى تېقىمىغا باستى. هارۋىكەش ئىككى ئارقاننىڭ ئۇچىنى هارۋىنىڭ ئوقىغا مەهكەم باغلىغاندىن كېيىن يەنە بىر ئارقاننى ساپارغالىغا بەردى. بۇ ئۇسۇل ئۇنۇم بېرىپ تۆت ئات هارۋىنى پاتقاقتىن سۆرەپ چىقاردى. هارۋىكەش ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم رەهمىتىنى بىلدۈردى.

ـــ هە راست، سەندىن سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى. سەن بازاردىن چىققۇچە يولدا بىر يىگىتنى كۆردۈڭمۇ؟

ئەبىلبەك شۈنداق دەپ هارۋىكەشكە ئىرمەكنىڭ روشەن بەلگىلىرىنى ئېيتىپ بەردى. هارۋىكەش بىردىنلا مەهەللىنىڭ سىرتىدا كۆرگەن يىگىتنى ئېسىگە ئالدى.

ـــ دېمىدىمۇ، يېزنە، چوڭ يولدا ماڭغاننىڭ پايدىسىنى كۆردۈق مانا. هازىر ئىرمەك ناهىيە بازىرىدا. بىز ئۇنى بۈگۈن ناهىيە بازىرىدىن تاپالايمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ـــ شۇنداق، ئىنىم. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ هازىر ئۇچقان قۇشقا ئوخشاش يەڭگىللەپ كەتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ناهىيە بازىرىدىن تېپىش ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ قايسى تۆشۈككە كىرىپ كەتكىنىنى كىم بىلىدۇ؟

ـــ قىزىقسىز ـ دە، يېزنە. ئۇنىڭ بازار ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ بىلگەن بەردە قايسى تۆشۈككە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىسەك ئۇياتقۇ. هازىر بىز ئۈچۈن مۇهىمى ئۇنىڭ بازار ئىچىدە ئىكەنلىكى. ئۇنى تېپىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. بۇنداق ئىشقا كەلگەندە مېنىڭ خېلىلا ئېپىم بار.

ساپارغالى قىپىنئىنىسىنىڭ مۇشۇ سۆزى بىلەن يەڭگىل نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ قىپىنئىنىسىگە دەيدىغان ھەددى ـ ھېسابسىز كۆڭۈل سۆزلىرى بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدى.

ئۇلار ئاخىرى بازار ئىچىگە كىرىپ كەلدى. بازارنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن كەتكەن كوچىلىرىدا ئادەملەر ئۇ ياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئىككى ئات قوشۇلغان ھارۋىنىڭ ئۈستىگە قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان، سۇمبۇل چاچلىرى قۇلاقلىرىنى يېپىپ تۇرغان، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ھال رەڭ تۇمشۇقىنى سەل ـ پەل ئۇچلىغان بىر خانىم ئولتۇراتتى. بۇ قايسىبىر چۆچەكلەردە سۆزلەنگەن مەلىكىنىڭ ئۆزى ئىدى.

— پاھ،— دېدى ئەبىلبەك ھارۋىدا ئولتۇرغان خانىمغا قاراپ،— يېزنە، بەخت دېسە مانا مۇشۇنى دېسە بولىدۇ. نېمىدېگەن قالتىس مەنزىرە بۇ. ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى بىلىدىغان ئادەم دېگەن باشقا. قارىغاندا ئۇ چوقۇم ئادەتتىكى ئايال ئەمەس.

— بەلكىم،— دېدى ساپارغالى ئاتنى ماگىزىن ئالدىدىكى ياغاچقا باغلاۋېتىپ، ـ بازار دېگەندە باشلىق تولا. شۇ باشلىقلارنىڭ بىرسىنىڭ ئايالىمۇ تېخى.

— مەيلى كىمنىڭ ئايالى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،— دېدى ئېتىنى ياغاچقا باغلانغان ئاتلارنىڭ ئارىسىغا يېتىلەپ كىرگەن ئەبىلبەك ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي،— ئۇ ئايال ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. مەدەنىيەت دېگەن مانا مۇشۇ. مەن ھەر قېتىم بازارغا كىرگىنىمدە بازار خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە قاراپ، بىزمۇ قاچان ئۇلاردەك مەدەنىيەتكە ئېرىشەرمىز دەپ كېتىمەن.

— ھەيران قالغۇدەك نىمىسى بار، ئۇ دىگەن ئارتىس، ئويۇن قويۇش ئۇچۇن ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئارتىسلارنىڭ بىرسى. ئىسمى قەمبەرخان ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق ئۇسسۇلچىسى، — دىدى ياغاچتىن ئىتىنىڭ چۇلۇۋرىنى يەشكەن ياش يىگىت ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدىكى تۇگۇننى يىشىپ، — ۋاقتىڭلار بولسا ئۇلارنىڭ بۇگۇن كەچ قويىدىغان ئويۇننى كۆرۈڭلار. پۇلسىز. ئاڭلىسام يەنە بىرمۇنچە قازاق ئارتىسلارنىمۇ بار دەيدۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ساپارغالى ئىسىگە دەرھال شالقارنى ئالدى ۋە ئەبىلبەككە شالقارنىڭ دىگەنلىرىنى، ئۆزىنىڭ شۇ سەۋەبتىن خاسىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبىلبەك كۇلۇپ تىلىقىپ قالدى.

— بىز ئىككىگە بۆلۇنەيلى. سىز ئاۋۇ ماگىزىننىڭ ئالدىدىكى دەرەخ تۇۋىدە تۇرۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن — كەچكەنلەرنى كۆزىتىڭ. مەن بىرىپ باشقا كوچىلاردىن ئىرمەكنى سۇرۇشتۇرەي. شۇنداق قىلساق ۋاقىتنى تىجەپ قالىمىز. ئىرمەكنى تاپىمىقىمىزمۇ ئاسان بولىدۇ، — دىدى ئەبىلبەك كۇلكىدىن ئۆزىنى تەستە توختىتىپ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى مۇشۇ يەردە ئايرىلىشتى.

بىرسىنىڭ تۇرتۇشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن ئىرمەك كۆزىنى ئىچىپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان يىگىتنى كۆردى.

— قارىسام بۇ يەردە ئۇخلاپ كىتىپسەن. سىرتتىن كەلگەن ئوخشايسەن — ھە، — دىدى ئۇنى ئويغاتقان يىگىت. ئۇ ئىرمەك بىلەن تەڭدىمەتلىكتەك قىلاتتى، —

تونۇشۇپ قالايلى، ئىسمىم تالىپ. سەن ياتقان ئورۇندۇق مېنىڭ ماكانىم. چۈنكى مەنمۇ ساڭا ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن مۇساپىر.

ئىرمەك ئۇنىڭ ئۇزاتقان قولىغا قول بېرىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— ئۇنداقتا ياخشى. تام سوقالامسەن؟

— قورۇشنى ياخشى بىلىپ كەتمەيمەن، ئەمما توپا تاشلاپ، تاش ئورۇشقا كەلگەندە بوش كەلمەيمەن.

— ئەمىسە ئىككىمىز هازىردىن باشلاپ شېرىك بولدۇق. مەن تېخى يېگىرماقتا شىپىنىڭ گۆكسىغا تەۋە بىر قورۇنىڭ تېمىنى ئۇقۇشقاندىم. بۇ يەردە سېنىڭ ئۇچراپ قالغىنىڭ ياخشى بولدى. مېتىرىغا بىر سوم يىگىرمە تىيىندىن بېرىدىغان بولدى. ئىككىمىز بىر كۈندە قانداقلا بولمىسۇن بۇنداق تامدىن ئىككىنى سوقىمىز. قانداق ئىشلىگۈڭ بارمۇ؟

ئىرمەكنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئويلىمىغان يەردىن بېشىغا بەخت قۇشى قونۇۋاتسا ئۇنىڭ ياق دېيىشى مۇمكىنمۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىككىسى شېرىك بولدى. تالىپنىڭ بويى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىن چاققانلىقى ۋە ئەقىللىكلىكى چىقىپ تۇراتتى. بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن تالىپ ئىرمەككە:

— سەن مۇشۇ يەردە قوزغالماي دەم ئېلىپ تۇر. مەن چىقىپ تونۇش - بىلىشلەردىن تام ياغاچ ئۇقۇشۇپ باقاي. تام ياغاچنى تاپقان هامان يېنىڭغا كېلىمەن. مۇمكىن بولسا كەچ كىرگۈچە تامنى قورۇپ، ئىشنى قولغا ئالايلى،— دېدى. ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن

ئىرمەكنىڭ جاۋاب بېرىشىنىمۇ كۈتمەي يېقىن يەردىكى شورىدىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئىرمەك كېرىلدى، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بولۇشقا ئەسنىدى. ئۇ خۇشال ئىدى. تام سوقۇشقا بىر كىرىشىپ كەتسە ئۇنى ھېچكىممۇ تاپالمايتتى. تام سوقۇش كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولغىنى بىلەن پۇلى ياخشى. بىر كۈندە ئۈچ سوم پۇل تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ بىر چاغلاردا دادىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىشلاقتىكى قورۇنىڭ تېمىنى سوققان. مايماق چىقىپ قالغان تامنى نەچچە قېتىم ئۆرۈپ، نەچچە قېتىم شاخچا قۇرغان. تام سوقۇش قارىماققا ئوڭاي ئىشتەك قىلغىنى بىلەن شاخچا قۇرماق ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. سەللا دىققەت قىلمىسا قىلغان ئەمگىكى بىكار بولۇپ، تامنى ئۆرۈۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ شاخچا قۇرۇشتىن بەك قورقىدۇ. شاخچا قۇرۇشنى بىلىدىغان ئادەم بولسىلا ئۇنىڭ كۈچ چىقىرىشىدا مەسىلە يوق.

كۈن قايرىلغان بولسىمۇ يەنىلا قىزىتىپ تۇراتتى. ئەبىلبەك ئۆزى بىلىدىغان دەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ چىقتى. بىراق ئىرمەكنى كۆرگەن بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئىرمەكنىڭ خەۋىرىنى مۇشۇ دەڭلەردىن ئالغىلى بولاتتى. چۈنكى يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى دەڭلەرگە چۈشىدۇ. دەڭگە كېلىپ چۈشكىچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى بولمىسا بىرسىنىڭ بازارغا كىرىپ كەلگەن ئىرمەكنى كۆرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ سالپايغان ھالدا دەڭدىن چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدا بىر پەس تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرقى دەڭگە

بىر ىشتىن ئىبارەت بىرلا يول قالغانىدى. بۇ دەڭ دەل ئۇلار كەلگەن يولنىڭ دوقمۇشىدا بولۇپ، شۇ تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ دەڭگە چۈشەتتى.

شۇلارنى ئويلىغان ئەبلىبەك ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىگىنىچە قەدىمىنى يۆتكىدى. كۆڭلىدە يېزىنەم بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولغانمىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئالدى بىلەن يېزىنىسىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولىدى، ئەمما بۇ ئويىدىن تېزلا يالتايدى. چۈنكى ئۇ ئالدى بىلەن دەڭگە بېرىپ ئاندىن يېزىنىسىنىڭ يېنىغا بارسىمۇ ئۈلگۈرەتتى.

ئۇ كىرگەن دەڭدە ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. دەڭدىكى ئادەملەر ئۇنداق ئادەمنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ باشلىرىنى چايقاشتى. دەرۋازا تۈۋىدە يولۇقۇپ قالغان دەڭچى بوۋاي ئۇنىڭ ئادەم ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ساقىلىنى تۇتاملىغىنىچە بىر پەس تۇردى، كېيىن بېشىنى چايقاپ:

— مەن بىر يىگىتنى تونۇيتتۇم. ئويلاپ باقسام ئۇ سەن دېگەن يىگىتكە ئوخشاشمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگىمۇ ئۇزۇن بولغان،— دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەيلا دەرۋازىدىن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

— «جىننىڭ گېپىنى قىلسا جىن كەپتۇ» دېگەندەك مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن يىگىت مانا مۇشۇ. ئىسمى تالىپ. ياخشى يىگىت،— دېدى دەڭچى ئەبلىبەككە بۇرىلىپ. دەڭچى بوۋاينىڭ سۆزىدىن ھەيران قالغان تالىپ ئالدىدىكى ناتونۇش ئادەمگە قارىدى.

— بۇ ئاكاڭ بىرسىنى ئىزدەيدىكەن. مەن تېخى ئۇ ئىزدەۋاتقان ئادەم سەنمىكىن دەپ قاپتىمەن. بۇياققا كېلىپ قاپسەنغۇ؟

— سىزنى تام ياغاچ تېپىپ بېرەمدىكىن دەپ كېلىۋىدىم. بىر قورۇنىڭ تېمىنى سوقمىدىغان بولغان، — دېدى تالىپ كۆزىنى دەڭجا بوۋايغا يۆتكەپ.

— ئىشلەپ پۇل تاپمىدىغان ئىشىڭلا بولسا تام ياغاچ دېگەن سەندىن ئايلانسۇن. ئەنە ئاۋۇ لاپاسنىڭ ئاستىغا بېسىپ قويغان. ئاۋايلاپراق ئىشلىتەرسەن. تامنى ئۆزۈڭ يالغۇز سوقامسەن ياكى بىرەر شېرىكىڭ بارمۇ؟

تالىپ شۇ چاغدىلا باغدا ئۇچرىشىپ قالغان ئىرمەكنى ئېسىگە ئالدى ۋە بوۋايغا ئۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغاندا ئەبلىبەك ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

تام ياغاچنى كۈچىمەيلا تاپقان تالىپ ھاياجان ئىلكىدە باغقا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ كەلگەندە ئىرمەك ئورۇندۇق ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— يۈر، تام ياغاچنى تېپىپ قويدۇم. تېزرەك بېرىپ ئۇنى تام سوقمىدىغان قورۇغا يەتكۈزۈۋالايلى. بۈگۈن قانداقلا بولمىسۇن شاخچىنى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن قۇرۇۋالمىدىغان بولدۇق. تام سوقمىدىغان يەرنىڭ ئوسىسى كېلىكلىكمۇ بۇنى كۆرىدىغان گەپ تېخى.

ئۇلار تامنىڭ شورىسىدىن چىقتى. ئىرمەك ئۆزىنى بارغانسېرى زورىيىپ، كۆككە تاقاشقاندەك سېزەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ بىردىنلا تىزگىنى كۈچەپ تارتىلغان ئاتقا ئوخشاش تۇرغان ئورنىدا چىپپىدە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا دادىسى بىلەن تاغىسى تۇراتتى. ئىرمەكنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان تالىپ ئالدىدا تۇرغان ئىككى ئاتىلىققا قاراپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى دەڭدە كۆرگەن ئادەمنى تونۇپ قالدى ۋە ھەممىنى چۈشەندى.

دادا ئوغلىغا بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئىرمەكنىڭ يۈرىكى سىيلىپ، ئۆزىگە بېرىلىدىغان جازانى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى. ئۇ دادىسىنىڭ ئاچچىقلىنىپ چېچىلىشىنى، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ پۈتۈن جاھاننى بېشىغا كىيىشىنى، ھەتتا قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئۆزىنى ئايىماي ساۋىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ كىمدۇر بىرسىدىن «ئادەمنىڭ يۈرىكىگە يىغىلىپ قالغان ئاچچىق ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىلمىسە يۈرەكنى كاردىن چىقىرىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا دادىسى بىرئاز چېچىلىپ خاپا بولسا، ۋاپاسىز بالىسىنى پۇخادىن چىققۇچە ساۋىسا يۈرىكىگە يىغىلىپ قالغان ئاشۇ ئاچچىق يەڭگىللەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق دادا ئۇنداق قىلمىدى، ئوغلىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ غۇلچىنى كەڭ يايدى. ئۇ ئىرمەك ئويلىمىغان بىر خىل جاسارەت بىلەن قەدىمىنى پۇختا يۆتكەپ بالىسى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قۇچاقلاشتى. دادا كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ خېلى ئۇزاق تۇردى. ئىرمەكمۇ ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك بىر خىل قىياپەتتە دادىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى.

بۇخىل تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرگەن تالىپىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىشى قالمىغانىدى. شۇڭا كۆزىدىكى يېشىنى سۈرتكەندىن كېيىن قەدىمىنى تېز ـ تېز يۆتكىگىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

ئىرمەك بۇلارنى بىلمەيتتى، بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ دادىسىنى مەڭگۈ مۇشۇنداق قۇچاقلاپ تۇرۇشنى، ئۇنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماسلىقنى خالايتتى. يۈزىنى

ئۇنىڭ ئۆزىگە تونۇش ساقاللىرىغا سۈركەپ، جانغا ئارام بەخش ئېتىمدىغان ئۆتكۈر تەر ھىدىنى بولۇشىغا پۇرايتتى.

— ئەخمەق، ئەخمەق بالا، — دەيتتى دادىسمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بالىسىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، — بىزنى مۇشۇنداقمۇ ئەنسىرىتەمسەن؟ ئەمدى ياخشى بولدى. بىز قايتىدىن جەم بولدۇق. خۇداغا مىڭ شۈكرى، ئائىلىمىزگە خاتىرجەملىك قايتىپ كەلدى. بىز سېنى ئاخىرى تېپىۋالدۇق.

ئىرمەكنىڭمۇ دادىسىغا دەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن سۆزلىرى بار ئىدى. بىراق ئۇ بۇ سۆزلەرنى قانداق دېيىشنى بىلمەيتتى. بىر قېتىملىق قاباھەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنى ئازدۇرغان شەيتان دادىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. ئۇ ئاخىرى ھوشىنى تاپتى. ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەن مۇشۇ پەيتتە ئىرمەك قىلغان ئىشىدىن قاتتىق نومۇس قىلىۋاتاتتى. ئۇ دادىسى بىلەن تاغىسىنى كۆرگەن چاغدىلا پۈتۈن ئائىلىنىڭ سەرسانلىق كوچىسىغا كىرگەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئادەم دېگەننىڭ ئۈمىدسىزلىككە پاتىدىغان ۋاقىتلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ئۈمىدسىزلىككە پاتتىم دەپ تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىش ياخشى ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ دۇنيادا ئۈمىدسىزلىكنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان يەنە بىر خىل نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ سەۋر - تاقەت، ئاتا - ئانا ھەم قېرىنداشلىق مېھرى. بۇلارنى ئەستىن چىقارغان ئادەم ئۇچىغا چىققان ھاماقەت. ھاماقەت ئادەم ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا - ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، ئۆزىگە مىننەتسىز ياردەم بەرگەن ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنى تۈگىمەس ئازاب - ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلىدۇ.

— تاغاڭغا رەھمەت ئېيتقىن،— دېدى دادا قېيىنئىنىسى ئەبلەبەككە بۇرۇلۇپ،— ئۇ بولمىغان بولسا بەلكىم سېنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالمىغان بولاتتۇق.

ئىرمەك تاغىسىنىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى. قېرىنداشلىق مېھرى ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. تاغىسى ئۇنىڭغا بوگۈن نېمە ئۇچۇندۇر بۇرۇنقىدىنمۇ سۆيۈملۈك، بۇرۇنقىدىنمۇ قەدىرلىك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— تاماق يەيلى،— دېدى دادا ئېتىغا مىنىۋېتىپ،— مەندە ئاشلىق بېلىتى بار. ئاشخانىنىڭ تامىقىنى يېمىگەنگىمۇ ئۇزۇن بوپتۇ.

تاغىسىنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن ئىرمەك ئۇنچىقمىدى. ئۇلار ئاشخانا ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى ئات باغلايدىغان دارغا باغلىدى.

ئاشخانا ئىچىدە ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. دادا كاسسىرغا ئاشلىق بېلەتى بىلەن پۇلنى تۆلىگەندىن كېيىن ئۇچەيلەن چەتتىكى شىرەگە كېلىپ ئولتۇردى. چىۋىنىنىڭ دەستىدىن ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشاتتى. ئەبلەبەك ئۆزىنى ئاۋارە قىلىۋاتقان چىۋىننى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى سۇ چۈشۈپ تۇرىدىغان جۈمەكتە يەنە بىر قېتىم يۇدى.

لەڭمەن تومراق بولسىمۇ تەملىك ئىدى. ئىرمەك تاماق يەۋاتقاچ نېرىقى ئۆينىڭ ئىچىدىكى خېمىرنى غۇلاچلاپ تاشلاۋاتقان ئادەمگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ ئادەم ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ، خېمىرنى

كۆچەپ سوزغاندىن كېيىن ئەپچىللىك بىلەن ئايلاندۇرۇپ خۇددى ئارقان ئەشكەندەك ئېشەتتى، ئاندىن غۇلىچىنى يەنە كەڭ يېيىپ تارتاتتى، كېيىن بولسا ئەمبەلدىكى ئۇنىغا مىلەپ ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇراتتى.

— خالىساڭلار بۇگۈن قويۇلىدىغان ئويۇننى كۆرۈپ كەتسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ساپارغالى تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىپ.

— مېنىڭغۇ ئوتتەك كۆرگۈم بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىكارلىق ئويۇن ئىكەن. يېزىنە، سىز خالىسىڭىزلا مەن تەييار، — دېدى ئەبىلبەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپلا ھېلىقى ئايال چۇشكەن ھارۋىنى كۆرۈشتى. ھارۋا ئۇستىدىكى ئادەملەر پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناغرا - سۇناي چېلىشىۋاتاتتى. ساپارغالى ئۆز كۆڭلىدىن «ئويۇن قويغانغا ماڭغان بولسا كېرەك» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى.

ئۇلار چوڭ كوچىغا جايلاشقان كۇلۇبقا يېتىپ كەلگەندە كۆز باغلىنىشقا ئاز قالغان بولۇپ، توپ - توپ ئادەملەر كۇلۇبقا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— بولمىغۇدەك، — دېدى ئەبىلبەك بىردىنلا مېڭىشتىن توختاپ، — ئويۇن كۆرسەك بولمىغۇدەك. چۈنكى ئۆيدىكىلەر بىزنىڭ ئىرمەكنى تاپقىنىمىزنى بىلمەيدۇ. بىز بۇ يەردە ئويۇن كۆرۈپ ئولتۇرساق، ئۇلار ساراڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈننىڭ ئەلپازىمۇ ياخشى ئەمەس، قايتايلى.

ساپارغالى پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى، شۇنچىلىك مۇھىم ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىغا ئۆزىگە ئۆزى كايىپ، كەينىگە ياندى. دەڭگە قويغان ئاتنى مىنىۋېتىپ «ئويۇن

كۆرگەن بولساق بەلكىم شالقار بىلەن ئۇچرىشىپ قالار ئىدۇق. ئۇ ھېلىقى كىتاب چىقىرىدىغان ئىشنى قانداق قىلىدىكىن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچقا، ھەممە ياق خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىشى بىلەن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر يېغىپ كەتتى. لېكىن يامغۇر قانداق تېز ياغقان بولسا ھايال ئۆتمەي شۇنداق تېز توختىدى. ئاسماننىڭ چېتى سۈزۈلۈپ، بۇلۇتلار بۆرە تەگكەن قوي توپىغا ئوخشاش پىتىراپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاسمان گۈمبىزىدە يۇلتۇزلار چاقناپ، ئەتراپنى يامغۇردىن كېيىنكى ساپ ھاۋا بىر ئالدى.

# ئالتىنچى باب

ئىرمەك بىر خىل نەپەس ئېلىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ چاناقلىرى مەيدىسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىشىگە ئەگىشىپ كېرىلىپ يىغىلاتتى. ئانا پانارنى ئۆينىڭ ئىرمەككە يېقىنراق كەرىگىسىگە ئىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئۇزاق ئولتۇردى. ئانىنىڭ يۈرىكى بالىسىنى كۆرۈش بىلەن مايدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. مانا ئىرمەك — ئۇ تۇنجى تولغاقنى يەپ تۇغقان بالىسى. ئۇ بىرچاغلاردا كىچىك ئىدى. ئانىسىنىڭ باغرىغا چىڭ يېپىشىپ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئانىسىغا تەلپۈنەتتى. ئانىسىغا بىر كېلىۋالسا باشقا ھېچكىمگە بارغىلى ئۇنمايتتى. يىللار بىلىپ - بىلمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. ئىرمەكمۇ تىلى چىقىپ ھەممە ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك بالا بولدى. ئۇ چىرايلىق ئىدى.

— كۇمۇش، بۇ بالاڭ نېمانچە چىرايلىق، — دەيتتى دوستلىرى ئۇنىڭدىن ئىرمەكنى تالىشىپ، — چىرايلىق بالا تۇغۇشنىڭ سىرىنى بىزگىمۇ دەپ بەرسەڭچۇ، بىزمۇ ئىرمەككە ئوخشاش چىرايلىق بالىدىن تۇغۇۋالايلى.

ئۇلار شۇنداق دەپ كۇلۇشەتتى. قىزنىقچىلىقتا ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىققانلىقىنىمۇ بىلمەي قېلىشاتتى.

— ساراڭلار، — دەيتتى كومۇشمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ كولۇشۇپ، — ئىزا تارتماي شۇنداقمۇ گەپلەرنى قىلىشامسەن؟ ھەممىڭ ساراڭ بولۇشۇپسەن.

— بۇنى بىزدىن كۆرمە. كىم سېنى مانا مۇشۇنداق چىرايلىق بالىنى تۇغسۇن دەپتۇ. سىر سەندە بولسا بۇنى دەپ بېرىسەن. سەندە بولماي ئېرىڭدە بولسا بىز ئېرىڭنى ئەكېتىمىز جۇمۇ؟

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ئىمتاسلىقتا چۆمگەن يايلاق ھاياتىغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلاتتى. شۇنىڭغىمۇ يىگىرمە يىلدىن ئېشىپ كەتتى. شۇ گۈزەل چاغلار كەلمەسكە كەتتى.

ئانا خورسىنىپ قويدى، قايناق ھاياتنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئىرمەككە قارىغانسېرى كۆڭلى ئېچىلىپ، ئۆزىنى قانات چىقىرىپ كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك سېزەتتى. مانا ئۇنىڭ غەم - قايغۇسى كۆتۈرۈلۈپ ئۇغلى قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلدى.

— يىغلىغىن ئانىسى، يىغلىغىن، — دەيتتى ساپارغالى ئىرمەكنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە كۆز يېشىغا ئىگە بولالماي قىلمىۋاتقان ئايالىغا قاراپ، — يىغلىساڭ يەڭگىللەپ قالىسەن. يىغلىساڭ قايغۇ - ھەسرەتتىن نېرى بولىسەن. بۈگۈن قانچە يىغلىساڭ ساڭا سوت يوق.

دېمىسىمۇ شۇنداق بولدى. كومۇش يىغلا - يىغلا يەڭگىللەپ قالدى. ئانىسىغا ئەگىشىپ ياش تۆككەن ئىرمەكمۇ ئۆزىنى پەيدەك يېنىك سەزدى. ئۇ سىرتتا قونغان مۇشۇ بىر كۈن ئىچىدە تالاي نەرسىلەرنى ئويلىغانىدى. ئۆيگە قايتقۇدەك يۈزۈم قالمىدى دەپ، يىراق -

يىراقلارغا كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. دادىسى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپمۇ ئۆيگە بارغاندا ئۆزىگە تۇتۇلىدىغان مۇئامىلىنى دەڭسەپ باققانىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆرگىنى باشقا بىر نەرسە بولدى. ئاتا ـ ئانا مېھرى، قېرىنداشلىق مېھرى ئۇنى يېپيېڭى بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مانا مۇشۇ مېھرىنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى بۈگۈن كۆرۈپ يەتتى.

ئىرمەك كۈلدى. خۇددى بىرچاغلاردىكى ئانا باغرىدا ياتقاندەك چۇشەكەپ كۈلدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئانا بىلەتتى، شۇڭا ئېڭىشىپ بالىسىنىڭ پېشانىسىدىن بىرنى سۆيدى.

تاڭ ئاتتى. ئۆمىدكە تولغان بىر كۈنلۈك ھايات باشلاندى. ئىرمەكنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن روھلانغان بىر ئۆيلۈك ئادەملەر خۇشال ـ خۇرام چاي ئىچكەندىن كېيىن ئۆز ئىشلىرىغا ماڭدى. ئىرمەك بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىشىش ئۈچۈن ئەبىلبەك ئۇنى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئاچىقتى. بۇ يەردىن ئەتراپتىكى ھەممە يەرنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. پەستە تولغىنىپ ئېقىۋاتقان كۈمۈش دەريا گويا بىر ماي بوياق رەسىمگە ئوخشىشىپ قالغانىدى. تاغ ئېتىكىدىكى توقايلىق دەريانى قوغداش ئۈچۈن ياسالغان توسۇققا ئوخشايتتى.

ئىرمەك ئۆزىنى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك يەڭگىل سېزىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئەتراپ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە يورۇپ كەتكەندەك بىلىندى. غايىبتىن كەلگەن بىر كۈچنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى چىڭقىلىپ، ئۆزىدە غايەت زور بىر كۈچنى سەزگەندەك بولاتتى. بۇ كۈچ شۇنچىلىك

قۇدرەتلىك ئىدىكى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك، باشقىدىن چىراي ئېچىپ ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ماڭا قارا، جىيەنىم، — دېدى ئەبلەبەك جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن قولىدىكى تاماكىسىنى بولۇشىغا شوراپ، — سەن دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىققان ئەقىللىك يىگىت. بەزىدە ئەقىللىك ئادەمنىڭمۇ ئازىدىغان ۋاقىتلىرى بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە بۇنى ھەرگىز يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئادەم ئازمىسا ئەقىلنى نەدىن تاپىدۇ؟ ئادەم ئازغاندىلا نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى بىلەلەيدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ يامان ئىش ئۆزىنىڭ ئازغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تۈزەتمەسلىك، ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنمەسلىك. مەن دېگەن سېنىڭ تاغاڭ. تاغا دېگەن ئاتا — ئانىدىن كېيىن تۇرىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم. شۇڭا تاغاڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا ھەرگىز دېلىغۇل بولما. كۆڭلۈڭدىكى گەپلىرىڭنى ھەرگىز يوشۇرۇپ يۈرمە، بولامدۇ؟

ئىرمەك بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— ئۇنداقتا ياخشى، قېنى دېگىنە، كۆڭلۈڭدىكى ئەڭ چىگىش ئىش زادى نېمە؟

ئىرمەك خۇددى غايەت زور بىر توسۇققا دۇچ كەلگەندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يەردىن ئالغان بىر تۇتام چۆپنى توختىماي تىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەبلەبەك كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىلىپ تۇرىمەن، بۇنى سەن ھەرگىزمۇ ئاغزىڭدىن چىقىرالمايسەن. چۈنكى بۇ كۆرۈنگەن ئادەمگە ئېغىزدىن چىقىرىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. سەن ھازىر ئۆمرۈڭدىكى

ئەڭ قىيىن مەزگىلنى ئۆتكۈزۈۋاتىسەن. مىڭىنچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق. ھەممىسى ئۆتكۈنچى ئىشلار. مەن ساڭا دېسەم ئاياللار دۇنياسى تەبىئەت دۇنياسى ئىچىدىكى ئەڭ سىرلىق، ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ قورقۇنچلۇق دۇنيا. شۇنداق بىرچاغلار بولىدۇكى ئۇلار سېنىڭ يۈرىكىڭنى پارە ـ پارە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلار كۆكسۈڭگە قانغا بويالغان خەنجىرنى سانجىپ، سېنى بىر ئۆمۈر دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە تولغىنىپ يۈرۈشكە مەجبۇرلايدىغان قۇدرەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ رەھمى كەلمىگەندە شەپقەتسىزلىك بىلەن ئازابلاپ، كۈچلۈك قەھر ـ غەزىپى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنى پارچە ـ پارچە قىلىۋېتەلەيدۇ. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە گۈلگە ئوخشاش پورەكلەپ ئېچىلىپ، ئازار يېگەن قەلبىڭگە شادلىق، ھېچ نەرسىگە تەڭ قىلىپ بولمايدىغان لەززەت بېغىشلايدۇ. ئۆمرۈڭدە ئېرىشىش تەس بولغان سۆيگۈ بېغىشلاپ، بۇ دۇنياغا بولغان ئىشەنچەڭنى چىڭىتىدۇ. ئالدىڭدا چېكى يوق مۇھەببەت دېڭىزىنى پەيدا قىلىپ، سېنى ئۇنىڭدا قانغۇچە چۆمۈلدۈرىدۇ. بىر ئۆمۈر ئېسىڭدىن چىقمايدىغان ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ.

ئىرمەك ھەيران قالدى. تاغىسى سۆزلەۋاتاتتى، خۇددى مۇنبەرگە چىققان پەيلاسوپلارغا ئوخشاش چوڭقۇر مەنىلەرگە ئىگە سۆزلەرنى قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەۋاتقان ھەربىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسىنى تىترىتىپ، خۇددى سېھىرلەنگەن مۇزىكىغا ئوخشاش ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ تاغىسىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بەزىدە خۇددى جەننەتتە كىرگەندەك شادلىققا چۆمسە، بەزىدە دوزاخقا كىرگەندەك

ئازابلانغان. يېنىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەۋاتقان راستىنلا تاغىسىمىدۇ ياكى تاغىسى سىياقىغا كىرىۋالغان ئەۋلىيامىدۇ؟

ئەبىلبەك سۆزىنى توختىتىپ خېلى بىر ۋاققىچە جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن ئادەمنىڭ قەلبىنى ئېزىدىغان بىر خىل ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. ئىرمەك تاغىسىنىڭ ئۆزىگە كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى قىلىش ئۈچۈن كۈچەۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— مۇھەببەتمۇ ئەنە شۇنداق. ئۇ دېگەن جەننەتتىكى ئىللىق شامال، ھايات ـ ھۇيت دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىغان. ئۇ دېگەن دوزاختىن چىققان بىر پارچە كۆيدۈرگۈچى لاۋا، ئۆزۈڭنى دالدىغا ئالمىساڭ كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان. ئۇ دېگەن ئەڭ نېپىز، ئەڭ نازۈك ئەينەك، ئېھتىيات قىلمىساڭ سۇنۇپ كېتىدىغان. ئۇ يەنە ئەرشتىن چۈشكەن نۇر، جىسمىڭنى پاكلايدىغان. ئۇنىڭدا شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ بار، بەزىدە ئىختىيارىڭنى يۇلۇپ كېتىدىغان. ئۇنىڭدا شۇنداق قۇدرەت بار، ھەممە نېمىدىن ۋاز كەچتۈرۈۋېتىدىغان. ئۇ دېگەن بىر ئوغرى، قەلبىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى سىرلىرىڭنى ئوغرىلاپ، خەلقئالەمگە ئاشكارىلىۋېتىدىغان. بۇنى مەن دېمىسەممۇ سەن ناھايىتى ياخشى بىلىسەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سەن چوقۇم ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاچچىققىمۇ، تاتلىقىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيسەن.

ئىرمەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. سۆزىنى تۈگەتكەن ئەبىلبەك ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— نېمە، ئۇخلاپ قالمىغانسەن؟

ئىرمەك بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا بېشىنى

كۆتۈرگۈدەك دەرمانىمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئويلاۋاتاتتى، تاغىسى دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە تەئەللۇقلىرىنى ئىزدەپ، ئۇنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە نەقىش قىلىپ چېكىشكە تىرىشىۋاتاتتى.

— ئۇخلىمىغان بولساڭ ياخشى. هازىر ئېيتقانلىرىم بوگۇن ساڭا دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنىڭ بىر قىسمى. خۇدايىم بۇيرۇسا سەنمۇ هامان بىر كۈنى ئۆيلۈك ــ ئوچاقلىق بولىسەن. خۇددى داداڭغا ئوخشاش بالىچاقىلىق بولىسەن. بۇ دېگەن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى. بەزىلەرگە بۇ قانۇنىيەت بالدۇرراق كېلىدۇ. يەنە بەزىلەرگە كېچىكىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمە. شۇنداق بىر كۈنلەر كەلگەندە بولسا خۇدۇڭنى يوقىتىپ ئۇنىڭدىن بىزار بولما. بەلكىم تەڭرىم كېيىنكى ئىشلارنى ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ساڭا مۇشۇ كۈنلەرنى بېرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

تاغا كۆچەپ سۆزلىۋەتكەچكىمۇ بىردىنلا يۆتىلىپ كەتتى. ئىرمەك قولىنى سۇنۇپ تاغىسىنىڭ دۈمبىسىگە بوشقىنا مۇشتلاپ قويدى. تاغىسىنىڭ سۆزلىرى پۈلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان قىممەتلىك سۆزلەر بولغاچقا، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى يوروپ كەتكەنىدى. تاغا يۆتەلدىن توختاپ يانچۇقىغا قول سالدى ۋە كىشىگە نۇرغۇن خاتىرىلەرنى ئەسلىتىدىغان تاماكا خالتىسىنى ئالدى. تاماكا خالتىسى بېغىر رەڭ مەخمەلدىن تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر تال شاختا ئولتۇرغان يالغۇز قۇشنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەنىدى.

ئىرمەك بۇ تاماكا خالتىسىنى ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ بىلەتتى. ئۇنى تاماكا خالتىسغا چېكىلگەن ئاشۇ قۇش ئويغا سالاتتى. تاماكا خالتىسغا نېمە ئۈچۈن

يالغۇز قۇشنىڭ كەشتىلەنگەنلىكىنى سوراشقا نەچچە قېتىم تەمشەلگەن بولسىمۇ، سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. مانا بۈگۈن ئۇ بىردىنلا سوراپ قالدى. تاغا ئالدىرىماي تاماكا يۆگىدى، لېۋى بىلەن قەغەزنى نەمدىگەندىن كېيىن ئۇنى سىيرىپ جىپسىلاشتۇردى، ئاندىن چاقماق بىلەن تۇتاشتۇردى. ئۇ بۇ ھەرىكەتلەرنى شۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلىدىكى، مۇسابىقىگە چۈشكەن بولسا چوقۇم بىرىنچى بولغان بولاتتى.

— بۇنىڭ مەنىسىنى نۇرغۇن ئادەم سورىغان. بىراق مەن ئۇلارغا راستىمنى ئېيتماي باشقا بىرنەرسىلەرنى دەپ قويغان. بۈگۈن بۇنى سەن جىيەنىم سوراپ قالدىڭ. ساڭا يالغان ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ. بۇ تاماكا خالتىسىنىڭ كىملەر تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغانلىقىنى بەلكىم بىلىپ بولدۇڭ. بۇنى تويدىن بۇرۇن ھامماڭ سوۋغا قىلغان. بۇ قارىماققا لاتا خالتىدەك قىلغىنى بىلەن مەن ئۈچۈن ئات بېشىدەك چوڭلۇقتىكى ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك.

ئۇ تاماكىنى كۈچەپ شوراپ، ئىسىنى بۇرۇن تۆشۈكىدىن چىقاردى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئاۋازى ئىرمەككە تىترەپ كەتكەندەك ئاڭلاندى. تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى ئەتراپقا تارقالدى.

— مانا بۇ بىر تال شاخ. مانا بۇ يالغۇز قۇش. قارىغىنە، ھامماڭ نېمىدېگەن ئەقىللىك. مۇنداقلا قارىغان ھەرقانداق ئادەم بۇنىڭدىكى يوشۇرۇن مەنىنى چۈشىنەلمەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەنمۇ چۈشىنەلمىگەنىدىم. كېيىن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ بۇنىڭدىكى سىرنى تاپتىم. قېنى دەپ باققىنە، بۇنىڭدىكى سىر زادى قەيەردە؟ پەمىمچە سەن بۇنى تېپىپ بولدۇڭ.

ئىرمەك تاماكا خالتىسىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قارىغاندىن كېيىن:
— شاخمۇ بىرتال ئىكەن، قۇشمۇ بىر تال ئىكەن. شاخ قۇشنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىكى سىر دەل مانا مۇشۇنىڭدا، — دېدى. ئەبلىبەك قاقاھلاپ كۈلدى:
— ئەقلىڭگە بارىكاللا، جىيەنىم. شۇڭا سېنى ياخشى كۆرىمەن ئەمەسمۇ. تاپتىڭ. ھاماڭ دېگەن قانداق ئايال — ھە؟ ماڭا مۇشۇ كەشتە ئارقىلىق سەن بولمىساڭ مېنىڭ ياشىغىنىمنىڭ ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى سەن مېنىڭ ئېغىرىمنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان شاخ. مەن مەڭگۇ شۇ شاخقا قونۇپ تۇرىمەن، دېمەكچى. قانداق، مەنىسى چوڭقۇرمىكەن. ئادەم دېگەننىڭ ھاياتىدا خىلمۇخىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بىر شاخقا بىرلا قۇشنىڭ قونۇپ تۇرۇشى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدۇ.
ئەبلىبەك قولىدىكى تاماكىسىنى كەينى — كەينىدىن بىرقانچىنى شورىدى، ئاندىن تاماكا خالتىسىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.
— ھامىمام ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن، — دېدى ئىرمەك بىردىنلا جانلىنىپ، — مۇھەببەتنى بۇنداق ئىپادىلەش راستىتىنلا ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇ تاماكا خالتىسى خۇددى سىز ئېيتقاندەك ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەن. ھازىر مۇھەببەتنى مۇنداق قەدىرلەپ، مۇنداق يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە كەشتىلەرنى ئويلاپ تاپىدىغانلار كۆپ ئەمەس.
— بۇ كۆڭۈلگە ياقىدىغان گەپ بولدى. ئادەم دېگەن ئۆمرىدە مانا شۇنداق ھاياجانلىق مىنۇتلاردىن قانچىسىنى باشتىن كەچۈرىدۇ؟ بىرنىمۇ، ئىككىنىمۇ ياكى ئۈچىنىمۇ؟ مەيلى قانچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشىدىن

قەتئىيىنەزەر ئادەمدەك ياشىشى كېرەك. ئۆزىنى قەدىرلىگەنلەرگە جېنىنى بېرىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا بۇ دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

تاماكا خالتىسى بىلەن باشلانغان پاراڭ بىر دەمدىلا ئارىدىكى قورۇنۇشلارنى ئەكەتتى. ئۇلار كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بەزى قىيىن ئىشلار، ئادەملەرنىڭ كەيپىياتى، كوللېكتىپ ئىگىلىك، دادۇي بوغالتىرىنىڭ ھەر كۈنى سىقىپ سۈيىنى چىقارغاندىن كېيىن بېرىدىغان گۆش ـ پوشكى، ياشلارنىڭ روھىي ھالىتى توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. پاراڭ قىزىغانسېرى سۆزنىڭ تېمىسىمۇ يېڭىلىنىپ تۇردى.

ــ داداڭ بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ سېنى قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بارسۇنمىكىن دېيىشتۇق. گەرچە بۇ بارىمەن دەپلا بارىدىغان ئىش بولمىسىمۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن سېنىڭ ئىدىيەڭدىن ئۆتكۈزمەكچى.

تۇيۇقسىز دېيىلگەن بۇ سۆزدىن ئىرمەك ھاڭ ـ تاڭ قالدى. تاغىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىگەندەك ئىككى كۆزى ئۇنىڭغا قادىلىپ قالغاندى.

ــ بۇ مۇنداق ئىش،ــ دېدى تاغىسى ئۇنىڭ ھەيرانلىققا تولغان كۆزىگە قاراپ قويۇپ،ــ بىز سېنىڭ شۇ ياقتىن ئۆيلىنىپ كېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق. چۈنكى سەنمۇ بىلىسەن، ئۆيلىنەلمىگەنلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ئات ھەيدەپ بېرىپ شۇ تەرەپتىن ئۆزىگە ھەمراھ تېپىپ كەلدى. ھازىر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنداق ياخشى كېتىپ بارىدۇ. سەنمۇ چوڭ بولۇپ ئەر يەتتىڭ. بۇ ئىشنى يەنە كېچىكتۈرسەڭ كېيىن تۈگىمەس پۇشايمانغا قالىسەن.

يېشىڭ ئۆتۈپ كەتكەندە كۆچىگەننىڭ پايدىسى يوق. ئاپاڭمۇ «ئىرمەكنىڭ ئات ھەيدەپ تاپقان پۇلىنىڭ بىزگە كېرىكى يوق، ئۇنى قانداق خەجلىگۈسى كەلسە شۇنداق خەجلىسۇن» دېدى. گەرچە قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىش جاپالىق بولسىمۇ بېرىدىغان ئىش ھەققى يامان ئەمەس. مەنمۇ سېنىڭ شۇ ياقتىن ئايال ئېلىپ، داداڭ بىلەن ئاپاڭنى غەمدىن خالاس قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر سەنلا ماقۇل دېسەڭ داداڭ بىلەن ئىككىمىز دادۋي، گۇڭشې ھەتتا ناھىيە رەھبەرلىرىگىچە بېرىپ، ئۇلاردىن سېنى قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىشىنى ئۆتۈنەمەكچى.

ئىرمەك خۇددى يەرگە كىرىپ كەتمەكچى بولغاندەك ئېگىلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بۇ ئىشقا دىلىغۇل بولىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئات ھەيدەپ بارغانلارنىڭ شۇ تەرەپتىن ئايال ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان. بىراق كۆڭلىرىنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭمۇ شۇ كوچىغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. قەشقەر دېگەندە راستتىنلا ئايال دېگەن شۇنچىلىك كۆپمىدۇر؟ ھەرقانچە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ بارسىلا ئەكەلگۈدەك ئۇ يەردىمۇ بۇ يەردىكى مال بازىرىغا ئوخشاش ئادەم بازىرى يوقتۇر؟

— نېمىشقا ئۈنچىقمايسەن، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دېدى تاغا ئۇنىڭ شۈمشىيىپ قالغان تۇرقىغا ئېچىنغان ھالدا.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ — دېدى ئىرمەك ئاخىرى قەددىنى بىر ئاز رۇسلاپ، — سىلەر شۇنداق دەۋاتقان يەردە مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. بوپتۇ، مەن سىلەرنىڭ رايىڭلارغا

باقچانمۇ بولاي، ئەمما سىلەر مۇشۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلغاندا مېنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟

ئەبلىبەك ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك جىيەنىنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

— ئەگەر بۇ ئىشقا ماقۇل بولسام قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بارىدىغانلىقىمنى، ئۇياقتىن ئايال ئەكەلمەكچى بولغانلىقىمنى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتىدۇ. تەلىيىمگە ئايال ئەكېلەلىسەمغۇ ياخشى. ئەكېلەلمىسەم مېنىڭ ئۆلگىنىم شۇ ئەمەسمۇ؟ كېيىن يۇزۇمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۇرىمەن؟ ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتۇمدا قانداق تۇرىمەن؟

ئەبلىبەك ئويلىنىپ قالدى. بىر ھېسابتا جىيەنىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. ئەگەر جىيەنى بۇ ئىشنى ئېسىگە سالمىغان بولسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقار ئىكەن. ئۇنداقتا بۇ ئىشنى قانداق قىلسا بولار؟ ئالدىدا توساتتىن پەيدا بولغان داۋاندىن قورقۇپ ئاران تاپقان ئامالنى بولدى قىلسۇنمۇ؟ ياق، بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، قىلىدىنمۇ ئىنچىكە بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىش كېرەك.

بىر توپ تورغاي ئۆلارنىڭ يېنىغىلا چۈشۈپ سايراپ كەتتى. ئۆلارنىڭ سايرىشىدىن تولۇپ تاشقان بىر خىل قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. ئەبلىبەك شۇلارنىڭ ئىچىدىكى جۇغى چوڭراق بىر تورغاينىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. تورغاينىڭ ئاشۇ تۇرقى «ئىسىت، ئادەم بولۇپ قالغانلىقىڭنى، شۇنچىلىك بىر ئىشقا ئامالسىز

قالغانلىقىڭدىن ئۇيالساڭچۇ» دېگەن مەنە چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— ئۇنداقتا بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتايلى. ئۆيدىكىلەردىن باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن. شۇنداق قىلساققۇ بولار؟

ئىرمەك بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇن - تىنسىز ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرگەن تاغىسىنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

— گەپ قىلساڭچۇ، يىگىت، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي، — دېدى ئۇ جىيەنىگە يەنە بىر قېتىم ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئىرمەك گېپىنى قىرىپ قويۇپ، — سىلەر باشلىقلارنىڭ ئالدىغا مېنى ئات ھەيدەپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ كىرگەندە نېمە دەيسىلەر؟ بالامنىڭ قەشقەرنى كۆرگۈسى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلغان بولساڭلار، دېمەيدىغانسىلەر. ئەگەر شۇنداق دېسەڭلار ئۇلار رۇخسەت قىلارمۇ؟ تاغا، سىز دېگەن بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەڭ ئەقىللىك ئادەم. پەرىشتىنىڭ ئۆزى. ئەمما بۇگۇن سىزگە زادى نېمە بولدى؟

ئەبلىبەك ئەندىكىپ كەتتى. شۇ تاپتا كونىلار ئېيتقاندەك «غوجامنىڭ قورسىقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق» دېگەندەك بىر ئىش بولۇۋاتاتتى. ئۇلار ئىرمەكنى ئۆيلەپ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى راستتىنلا ئويلىمىغانىدى. ئەگەر چاپىقىنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىدىغان ئىش بولۇپ

قالسا ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتنى قانداق تۈزەيدۇ؟

ئەبلىبەك تاماكا خالتىسىنى ئېلىپ ئالدىرىماي تاماكا يۆگىدى، تاماكىنى كۈچەپ تارتىپ ئۇنىڭ ئىسىنى ئاغزىدىن ھالقا قىلىپ چىقاردى. كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلمەي چىققان دۈگىلەك ھالقىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ ھاۋادا يوقىلىپ كەتتى.

ئەبلىبەك ئويلىنىۋاتاتتى. ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىشقا تىرىشىۋاتاتتى. شۇنچە ياخشى ئامالنىڭ مۇشۇ بىر ئىش تۈپەيلىدىن يوققا چىقىشىنى ئويلىغاندا مېڭىسى چىڭقىلىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. ئۇنىڭ قولىدىن بۇ ئۆمرىدە ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلغان ئەمەس. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان نى ـ نى ئىشلارنى ئۇ ھېچبىر كۈچىمەيلا ھەل قىلغان. شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىرمەكنى قەشقەرگە ئەۋەتىشتىن ئىبارەت مۇشۇ چارىمۇ بار. ئۇ بۇ چارىنى ئويلاپ تاپقاندا يېزىنىسى بىلەن ھەدىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ چوڭ تۈگۈننى يەشتىم دەپ ئويلىغان. ئۆزىنىڭ ئەقىللىكلىكىدىن سۆيۈنۈپ، مەيدىسىنى كەرگەن. بىراق ھازىر...

تاغىسىنىڭ خىيالغا پاتقان ھالدا ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىرمەكنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. تاغىسىنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇرسا ئۇ يەنە نېمىدەپ ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدۇ؟ ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە، بەزىدە ئۆزىدىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە، بەزىدە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئايىمايدىغان. مانا بۇلار مۇشۇ دەمدە ئىسپاتلاندى. تاغا

ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ياخشى ئەقىلدىن بىرنى كۆرسىتىۋىدى، ئۇ خۇددى تاغىسى مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىدىن بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋالىدىغاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا بىرمۇنچە چىگىچ نەرسىلەرنى تاشلاپ قويىدى، يەنە تېخى ئۇنىڭ بىلەن زاكۇنلىشىپ، ئۇنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى.

ئىرمەك ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، تاغا، مەن ئەسلىدە سىزگە بۇنداق گەپلەرنى قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئويلاپ باقسام، مەن راستىنلا ئەقىلسىز ئىكەنمەن.

تاغا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قويىدى:

— ياق، كەچۈرۈمنى سەن ئەمەس، مەن سورىشىم كېرەك. چۈنكى دېگەنلىرىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان نازۇك ئىشلار. ئەگەر سەن بۇ ئىشلارنى ئېسىمگە سالمىغان بولساڭ، مەن ئالدىڭدا كەچۈرگۈسىز خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولاتتىم. كونىلار: «بەيگە تۈزدە ياخشى، گەپ يۈزدە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. ئەگەر سەن بۇ ئىشلارنى يۈزۈمگە سالماي ئىچىڭدە ساقلاپ قويغان بولساڭ، تاغاڭنى تىرىك ئۆلتۈرگەن بولاتتىڭ. بولدى، بۇ گەپلەرنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە قويۇپ تۇرايلى. سەن مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇپ ئىشىڭغا بېرىۋەرگىن. ئۆزۈم يالغۇز قېلىپ يەنە بىر ياخشىراق ئويلىنىپ باقاي.

ئىرمەك ئورنىدىن تۇردى. كۆڭلىدە تاغىسىغا بىرنەرسە دېگۈسى بولسىمۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ تاغىسى

توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى. تاغىسى ھەقىقەتەنمۇ ئاز تېپىلىدىغان ياخشى ئادەم ئىدى. بىر يىلى ئۇ ئاپىسى بىلەن تاغىسىنىڭكىگە باردى. شۇ كۈنى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ھاممىسىنىڭ تۇغقانلىرىمۇ كەلگەنىدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆينىڭ ئىچى بازاردەك قايناپ كەتكەنىدى. بۇ ئىرمەك ئۇن ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئىدى. ئۇ ھاممىسىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى قالى بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كەتتى. قالى بەستلىك كەلگەن، بىر جۈپ كۆزىدىن زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بالا ئىدى. ئۇلار بىردە موزايلارنىڭ پېشانىسىنى تاتىلاپ ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرسە، بىردە تورپاقلارنى مىنىپ بىر ـ بىرسىنى قوغلايتتى. گاھىدا كېپىنەكلەرنى قوغلىسا، گاھىدا تۆپىلىكلەرگە چىقىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى.

بىر كۈنى قالى كەكلىك تۇتۇش توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا كەكلىك تۇتۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. ئاتىنىڭ قۇيرۇق قىلىدىن ياسىغان قىلتاققا ئىلىنگەن كەكلىكلەر پالاقشىپ ھېچ قاياققا قاچالماي قالاتتى. قالى شۇلارنى دەپ بېرىۋاتقاندا ئىرمەكنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا كەكلىك تۇتۇۋاتقان مەنزىرە كېلىۋېلىپ، بەدەنلىرى چىڭقىلىپ كەتتى.

— ئۇنداقتا كەكلىك تۇتقىلى قاچان بارىمىز؟ — دېدى ئىرمەك قالىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا. قالى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشقا قاراپ قويدى، ئاندىن:

— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بارايلى، قىلتاق ياسىماق بەكمۇ ئاسان، — دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەكلىك تۇتۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ئىرمەك ئۆيدىن

قايچا ئوغرىلاپ چىقتى. قالى ئۆيدە ئولتۇرغان مېھمانىنىڭ ئىپتىنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر تۇتام كەستى. ھەممە تەييارلىق پۈتتى.

تىك جىلغا ئاستىدىكى سۇ شاۋقۇن سېلىپ ئاقاتتى. جىلغىدىكى قىيا تاش ئۈستىگە قونۇۋالغان كەكلىكلەر پۈتۈن جىلغىنى بېشىغا كىيىپ سايراۋاتاتتى. ئۇلار سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ قىلتاقنى ياسىدى. قالى راستتىنلا قىلتاق ياساشقا ئۇستا ئىكەن، قىلتاقنى بىردەمدىلا ياساپ بولدى. ئەمدىكى مەسىلە قىلتاقنى كەكلىكلەر سۇغا چۈشىدىغان يەرگە قۇرۇشتىلا قالغانىدى. قالى سۇ بويىنى ياقىلاپ ئاخىرى قىلتاق قۇرىدىغان يەرنى تاپتى.

ئۇلار قېلىن چاتقال كەينىدە ئىككى قوزۇق ئارىلىقىغا تارتىپ قويۇلغان قىلتاققا كۆز تىككىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇراتتى. ئەتراپ تىمتاس بولۇپ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. ئىرمەك تولا كۈتۈپ كەكلىك تۇتقىلى كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ساقلاۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، تاغدا سايراۋاتقان كەكلىكلەر قىلتاق يېنىغا چۈشەي دېمەيتتى.

— ئۇلار قاچان سۇ ئىچكىلى كېلىپ، قاچان قىلتاققا چۈشىدۇ؟ — دېدى ئىرمەك ئاخىرى جىمجىتلىقنى چىدىماي.

— نېمانداق خوتۇن كىشىگە ئوخشاش كوتۇلداۋېرىسەن؟ — دېدى قالى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، — ئالدىرىغاننىڭ پايدىسى يوق.

ئىرمەككە قالىنىڭ سۆزى بەكلا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ دائىم مانا مۇشۇنداق چوڭلار قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا ئامراق ئىدى.

ۋاقىت ئۆتۈۋاتاتتى. كۈن بەكلا تىكلىشىپ كەتكەچكە،

ئادەمنى خۇددى تونۇردىكى ئوتقا ئوخشاش كۆيدۈرەتتى. سۇ بويى سالقىن بولسىمۇ، ئەمما چاتقالنىڭ ئارىسىدىن چىقىۋاتقان دىمىق نەپەس ئېلىشقا كاشىلا قىلىپ تۇراتتى.

ئىرمەك بىردىنلا قاياقتىندۇر كەلگەن ئۇيقۇ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالدى. شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان شېرىن ئۇيقۇ كۈننىڭ ئوتتەك تەپتىنىمۇ ئەكەتكەندەك قىلاتتى. ئىرمەك ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن غەيرىتىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچتى، بىراق ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرى خۇددى تاش ئېسىپ قويۇلغاندەك يەنە يۇمۇلۇپ كەتتى. شۇ چاغدا قالى ئۇنى نوقۇپ قالدى:

— قارا، كەكلىكلەر تۆۋەن چۈشتى.

ئىرمەك كۆزىنى تەستە ئېچىپ قىلتاق قۇرۇلغان تەرەپكە قارىدى. راست دېگەندەك تاغ بېشىدىن چۈشكەن بىر ئۈيۈر كەكلىك ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، سۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئىرمەكنىڭ يۈرەكلىرى بىردىنلا ئويناپ كەتتى. قالى راستتىنلا قالتىس ئىكەن، ئۇ كەكلىكلەرنىڭ مۇشۇ يەرگە چۈشىدىغانلىقىنى قانداق بىلگەندۇ؟

ئارىلىق يېقىنلىشىۋاتاتتى. قالىنىڭ دەپ بېرىشىگە قارىغاندا، كەكلىكلەر باشقا ئۇچار قاناتلارغا ئوخشاشمايدىكەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى قىلتاققا چۈشۈپ قالسا قالغانلىرى دەرھال ياردەمگە كېلىدىكەن. ھەمراھىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەتتا ھاياتىنىمۇ ئايىمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىلتاققا چۈشۈپ قالىدىكەن.

ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ھەيران قالغانىدى. كۆڭلىدىن نەدىمۇ شۇنداق ئىش بار، دېگەنلەرنى

ئۆتكۈزۈپ، قالىنى پو ئېتمۋاتىدۇ دېگەن ئويغا كەلگەنىدى. مانا بۈگۈن بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغان بولدى. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا قالى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ يۇكسەك ئادەمگە ئايلىناتتى.

كەكلىكلەر سۇ بويىدا قاتارلىشىپ سۇ ئىچىشتى. سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مۈگدىگەندەك قىلىپ جايلىرىدا قىمىر قىلماي تۇرۇشتى. ئىرمەكنىڭ يۈرىكى ۋاقىت ئۆزارغانسېرى تېخىمۇ بەكرەك سېلىپ كېتىۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز قىلتاق قۇرۇلغان يەردىن ئەللىك مېتىر نېرىدىكى قېلىن چاتقاللىق مىدىرلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك يوغان بىر ئېيىق چىقىپ كەلدى. ئېيىق ئىككى ياقىقا ئىرغاڭلىغىنىچە كەكلىكلەرگە يېقىنلاپ كەلدى. توساتتىن پەيدا بولغان يوغان مەخلۇقنى كۆرگەن كەكلىكلەر بىردىنلا سەگەكلىشىپ، قاناتلىرىنى كەرگىنىچە ئۇچۇپ كەتتى. ئېيىق ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ، تۇمشۇقىنى سۇغا تىقتى.

كەكلىكلەر تاش ئۈستىدە جىنىنىڭ بارىچە سايراۋاتاتتى. ئىرمەك قورققىنىدىن نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالدى. قالىمۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈگەن بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ياغاچتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى.

ئېيىق سۇنى ئىچىپ بولۇپ، «قانداق قىلسام بولىدۇ» دېگەندەك ئۇياق ــ بۇياققا قاراپ قويدى. ئۇ سۇ كېچىپ ئۇ قاتقا ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇنداق بولغان

بولسا ئالەمچە ئىش بولاتتى. ئىرمەك بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقنىڭ سۇدىن ئۆتۈپ كېتىشىنى خۇدادىن توختىماي تىلىدى. ئۇ قورقۇپ كېتىۋاتاتتى، قورقىنىدىن ئىشتىنىغا ئاززاق چىقىرىپمۇۋەتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېيىققا يەم بولۇپ كەتسە بولمايتتى. ئۇ تېخى كىچىك، كۆرىدىغان كۈنلىرى ئالدىدا. ئويلاپ قويغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشقىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كەتكۈسى يوق. شۇ تاپتا بىر كارامەت يۈز بېرىپ تاغىسى كەلگەن بولسا...

ئېيىق بېشىنى كۆتۈرۈپ نېمىدۇر بىرنەرسىنى ھىدلىغاندەك قىلدى. ئاندىن ئىرمەك بىلەن قالى مۆكۈنۈپ ياتقان چاتقاللىق تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ قارىشى بىلەن ئىرمەكنىڭ يۈرىكى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىچىدە تاغىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىلىدى. ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە بېشىغا كۈن چۈشكەن ھەرقانداق ئادەم خۇدادىن ياردەم بېرىشنى تىلەپ بىرەرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرسا ئۇ ئادەم ئاق كۆڭۈل بولسىلا ئالدىدا پەيدا بولىدىكەن.

ئېيىق تولىمۇ سەت ئالچاڭشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ تېخى چاتقاللىققا يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا قالى ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر قاچتى. ئۇنىڭ چاتقاللىقتىن قېچىپ چىقىشى بىلەن ئېيىقمۇ قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئۇنى قوغلاپ كەتتى. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. قالى سۇنى بويلىغان ھالدا جىنىنىڭ بارىچە چىرقىراپ قېچىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئىرمەكمۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ دوستىغا قانداق ياردەم بېرىشنى بىلمەيتتى. قالى بىرنەرسىگە

يۆتلىشىپ يىقىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ قەدەملىرى بارغانسىرى ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئويلىمىغان يەردىن تاغا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئېتىنى قاپتالدىن قامچىلىغان هالدا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ چۇشۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگىمۇ تىك قاپتال كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئىرمەك تاغىسىنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. چۈنكى تاغا ئېيىقتىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇ قالىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالايتتى.

راستىنلا شۇنداق بولدى. قاپتالدىن ئوقتەك چۈشكەن تاغا ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېلىپ قامچا بىلەن ئېيىقنىڭ دۇمبىسىگە بىرنى سالدى. بۇنىڭ بىلەن غەزەپلەنگەن ئېيىق قالىنى تاشلاپ تاغىسىنى قوغلاپ كەتتى. تاغا قاچقىنىچە سۇدىن ئۆتۈپ، قارشى قىرغاقتىكى قېيىنلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئىرمەك ئېيىقنىڭمۇ سۇدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ يۈگۈرۈپ قالىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، دەرمانى قالمىغان قالى ئىككى كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. ئۇ ئىرمەكنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆرە بولدى.

— يېزنەم قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇ. بۇ چاغدا ئىرمەكنىڭ تاغىسى ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە قېيىنلىقتىن چىقىپ سۇ بويىغا كەلگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ بىر قېتىملىق خېيىم - خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئىرمەك تاغىسى ئۆزلىرىنى ئىزدەپ قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە قالىغا قاراپ دىمىقىنى قېقىپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭ «تاغام قانداق ئىكەن؟» دېگىنى ئىدى...

ئىرمەك كېتىۋېتىپ بىردىنلا شۇلارنى ئويلاپ قالدى. ئالىقانچىلىك بۇلۇت بولمىغان ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن بىرقانچە قۇمايدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىلمىگەن تونۇش دۆڭلۈكلەر، تونۇش ھاۋا ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسلەتتى. ئۇ يول بويىدىكى تونۇش چاتقاللارنى، قاشالارنى، تېرەكلەرنى كۆرۈپ مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن قايناق ھاياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. كونا دوستلار بىلەن غايىبانە كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن مۇڭداشتى. يۈرىكىدىكى ئۆچەي دەپ قالغان مۇھەببەت يالقۇنى يېڭىباشتىن يېلىنجاپ، مۇزلاپ كەتكەن قەلبى ئىسسىغاندەك بولدى. دەرد ـ ئەلەملەردىن ئېزىلىپ كەتكەن يۈرىكى سۇ ئىچكەندەك بولۇپ، پۈتۈن جىسمى سۆيۈنۈپ كەتتى. كۆڭلىدە «قالى ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ؟ شۇ ئىشلار ھېلىمۇ يادىدا بارمىدۇر» دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۇنىڭ تونۇش چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ زوقى كېلىدىغان كادىر بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ يەنە تاغىسىنىڭ «پۈتكۈل ھاياتىدا بەختكە ئېچىلمىغان ئادەم ئۇ دۇنيادا چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇ بەلكىم ئاللانىڭ ھۆكمى بىلەن بۇ دۇنياغا باشقىلارغا ئىبرەت بولۇش ئۈچۈن كەلگەن بولۇشى ياكى دۇنيادىكى جىمى بەختسىزلىكلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈپ، ئاخىرقى ئۆمرىدە شاد ـ خۇرام ئۆتۈشكە ئاساس سېلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەملەر ئادەتتە جىمغۇر، ئەمما تۇرمۇشقا پىشقان كېلىدۇ. ھەرقانداق بەختسىزلىكلەرنى ئۈن ـ تىنسىز كۆتۈرۈپ، ئۆز تۇرمۇشىدىن ۋايسىمايدۇ. قىلغان ياخشىلىقلىرىنى

ئەبەدىلئەبەد داۋراڭ قىلىپ، باشقىلاردىن ئاغرىنمايدۇ» دېگەنلىرىنى ئەسلىدى. تاغىسى بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ھاياتلىق ئالىمىدىكى ئەڭ نازۈك، ئەڭ ئىنچىكە ۋە ئەڭ ھەقىقىي نەرسىلەرنى ناھايىتى ئۆتكۈر تىللار بىلەن ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىر خىل روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئادەمنى قايىل قىلىدىغان پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئادەتتە جىيەنىگە بۇنداق سۆزلەرنى قىلمايدىغان تاغا بۈگۈن ئەنە شۇنداق سۆزلىدى.

ئۇ كېتىۋېتىپ يەنە «مۇھەببەت ناھايىتى قۇدرەتلىك. ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشى، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭغا نائىل بولغان ئادەم مەيلى تەڭداشسىز پادىشاھ بولسۇن، مەيلى گاداي بولسۇن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەزىز جېنىدىن كېچىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن يەنە نېمىگە ئىككىلىنىمەن، ئاتا ـ ئانامنىڭ، تاغامنىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەردە قويىمەن. ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتسەممۇ قەشقەرگە بېرىشىم كېرەك» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

قىلىن ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر تۆمۈرتۈمشۇق ھە دەپ دەرەخلەرنى توكۇلدىتاتتى. قەيەردىندۇر ھۇۋقۇشنىڭ سۇرلۇك ئاۋازى ئاڭلاندى. جىلغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى چاتقاللىقتىن تورغايلارنىڭ چۇرۇقلاشقان ئاۋازى ئۇزۇلمەيتتى. ئىرمەك قېلىن قارىغايلىق ئىچىگە كىرىۋېتىپ ئانچە يىراق بولمىغان قارىغاي شېخىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان تىيىننى كۆرۈپ قالدى. تىيىن قۇيرۇقىنى لىكىلداتقىنىچە چىرايلىق

كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئىرمەك ئاخىرى ئۆزىنى چىرماپ تۇرغان ئەندىشىلەردىن قۇتۇلۇپ، قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ قەشقەر دېگەن شەھەرنى پەقەت باشقىلارنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئىشنى پۇختا قىلىش ئۈچۈن نۇرزىدانىنىڭ ئۆيىگە بېرىش نىيىتىگە كەلدى.

نۇرزىدانىنىڭ ئۆيى بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇ نۇرزىدانىنى تونۇسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. نۇرزىدان بۇلتۇر قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىپ ئۇيغۇر ئايالىدىن بىرنى ئەكەلگەچكە، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىسا كۆڭلىدىكى تۈگۈنلىرى يېشىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇنىڭ ئالدىدا نۇرزىدانىنىڭ كىگىز ئۆيى ئېنىق كۆرۈندى. ئۇ يەنە نەچچە ئون قەدەم ماڭسىلا نۇرزىدانىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باراتتى، بىراق ئىرمەك بىردىنلا توختاپ قالدى، كېيىن بۇ ئويىدىن يالتىيىپ كەينىگە ياندى.

# يەتتىنچى باب

ئەبلىبەك چىنىدىكى قىمىزنى سۈمۈرۈپ، تاڭلىيىنى چېكىپ قويدى. قىمىز ھەقىقەتەن تاڭلايىنى چەككۈدەك تەملىك ئىدى.

— كېچىدىن بېرى ئىرمەكنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ قىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتىمەنغۇ، — دېدى كۈمۈش جاۋۇردىكى قىمىزنى سورۇپ، — ئەتىگەن توققۇجىنىڭ قەغىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئاندىن ئېسىمگە كەلدى.

— بىزنىڭ بۇ شۇجى ئۆيىمىزدە قىمىز بارلىقىنى قانداق بىلگەندۇ؟ — دېدى ساپارغالى ھەيران بولغان ھالدا.

— ئۇ دېگەن توققۇجا. مۇشۇنچىلىك ئىشلارنى بىلمىسە قانداق باشلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزگە بەرگەن ۋەزىپىسى بار تۇرسا، — دېدى كۈمۈش ئېرىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ، — ئۇنىڭغا ئون كىلوغا يېقىن قىمىز قۇيۇپ بەردىم. ياخشى قىمىزنى ئىچىپ بەلكىم بىزنى ماختاپ ئولتۇرغاندۇ ھەرقاچان.

— قۇرۇق ماختىغانىنىڭ نېمە كېرىكى. ئەپلەپ - سەپلەپ ئالغىنى ئالغان. باشقا كۈن چۈشكەندە ياردەم قىلايمۇ دېمەيدۇ.

— بەلكىم بۈگۈن ئۇنى تاپساڭلار ياردەم قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئۆيدىن قىمىز

ئالدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى كۆمۈش ئېرى سۇنغان چىنىگە قىمىز قۇيۇۋېتىپ.

— بارغۇلۇق بولسا ئۆزۈلۈك بار، مەن ھەرگىز ئۇنىڭ ئالدىغا بارمايمەن.

— نېمە، دادۇينىڭ شۇجىسىدىن رەنجىپ قالغان يېرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئەبلىبەك يېزىنىسىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ساپارغالى قېيىنئىنىسىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ، — دېدىمغۇ، ئۆتكەندە ئىرمەكنى قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بارسۇن دېگەن مەقسەتتە ئۇنى ئىزدەپ بارسام، نېمە دېدى دېمەمسىلەر، «تاغا، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇ توغرىسىدا ئېنىق ھۆججەت بار. سىز دېگەن باي چارۋا. بىزنىڭ ئۇياقتا ئەۋەتىۋاتقان ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى كەمبەغەل چارۋىچى، تۆۋەن ئوتتۇرا چارۋىچىلار. مېنى خاتالاشمىسۇن دېسىڭىز بۇ گەپنى ئىككىنچىلەپ ئاغزىڭىزغا ئالماڭ» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئاسمانغا چىقاي دېسەم ئاسمان يىراق، يەرگە كىرەي دېسەم يەر قاتتىق بولۇپ كەتتى. ئىچىمدە ئۆزۈمنى تىللاپ يېنىپ كەلدىم.

خېلىدىن بېرى دەيدىغان سۆزىگە پۇرسەت تاپالمايۋاتقان ئەبلىبەك بۇ سۆز بىلەن ئازراق جانلىنىپ قالدى:

— ئۇنداقتا بىز ئۇنى ئىزدىمەي بىۋاستە گوڭشې باشلىقلىرىنى ئىزدەيلى. شۇنداق قىلساق مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز. چۈنكى گوڭشې باشلىقلىرىغا نىسبەتەن بۇ دېگەن كىچىك ئىش. ئۇلار توققۇجىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بەرسىلا توققۇجىنىڭمۇ ئامالى قالمايدۇ، بىراق...

قېيىنئىنىسىنىڭ گەپنى شۇ يەردە توختىتىپ قويغانلىقىنى كۆرگەن ساپارغالى بىردىنلا قىمچىلىپ كەتتى:

— نېمە ئۇ بىراق؟ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي سۆزۈڭنىڭ ئاخىرىنى ئېيت.

— ئىرمەك بۇ ئىشقا تازا قىزىماي تۇرىدۇ.

ئۇ ئىرمەك بىلەن بولغان سۆھبەتنى باشتىن ـ ئاخىر يېزنىسى بىلەن ھەدىسىگە سۆزلەپ بەردى.

— دېمىسىمۇ بۇ بىزنىڭ خىيالىمىزغا كەلمىگەن مۇھىم ئىش ئىكەن. ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى كۇمۇش ئېغىر خورسىنىپ.

— مەن باياتىندىن بېرى مۇنداق ئويلىدىم، بولامدۇ ـ بولمامدۇ ئاڭلاپ بېقىڭلار، — دېدى ئەبىلبەك ئورنىدىن ئازراق قوزغىلىپ قويۇپ، — بىز بۇ ئىشتىن يانساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئالدى بىلەن تەشكىلىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالايلى، ئاندىن كېيىن ئىرمەك مەن بىلەن بىزنىڭ يۇرتقا بارسۇن. مەن ئۇنى قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بارغانلار بىلەن كۆرۈشتۈرەي. ئۇلارغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەيلى. شۇنداق قىلساق، بەلكىم ئىشىمىزدىن چاتاق چىقماسلىقى مۇمكىن. ھازىر بىزگە مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق.

ئۇنىڭ سۆزى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ قەلبىگە سايە تاشلىغان ئەندىشىنى كۆتۈرۈپ كەتتى.

— ئۇنداقتا نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن، بىزگە تېزدىن چاي بەرگىن. بۇ ئىشنى يەنە كېيىنگە سۆرىمەي ئەبىلبەك بىلەن ئىككىمىز مەھەللىگە چۈشۈپ باشلىقلارنى ئىزدەيلى، — دېدى ساپارغالى قىمىز ئىچكەن چىنىسىنىڭ ئۈستىگە ئالىقىنىنى يېيىپ. بۇنىڭ بىلەن كۇمۇش

دەرھال قوزغىلىپ چايغا تۇتۇش قىلدى. ساپارغالى يەڭگىل بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سېنىڭ بۇ ئىشقا كۆپ كۈچ چىقارغانلىقىڭدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن، ئىنىم. بايا سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ قۇلاق - مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كېتىۋىدى، مانا ئەمدى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ باشلىقلارغا يولۇقىدىغانلىقىمنى ئويلىسام پۇت - قولۇمدا جان قالمايۋاتىدۇ.

ئەبلىبەك كۈلۈپ كەتتى:

— قىزىقسىز - دە، يېزنە، مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ پۇت - قولىدا جان قالمىغان بارمۇ؟ باشلىق دېگەن بىزگە ئوخشاشلا ئادەم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز دادۇيگە ئەمەس، بەلكى گۇڭشېغا بارىمىز. ئاڭلىسام باشلىق دېگەن قانچە چوڭ بولغانسېرى ئادەملەرگە مۇئامىلىسى شۇنچە ياخشى بولىدىكەن. ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق.

— ئىلاھىم دېگىنىڭدەك بولسۇن. گۇڭشېغا بارغاندا باشلىقنىڭ يېنىغا بىللە كىرەرسەن؟

— سىز پۇت - قولۇمدا جان قالمايۋاتىدۇ دەۋاتسىڭىز مەن بىللە كىرمىسەم قانداق بولىدۇ؟ ئالمادىن يىقىلىپ قالسىڭىز يۆلەيدىغانغا ئادەم كېرەك - دە!

بۇ سۆز بىلەن ھەر ئىككىلىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

— تاپمايدىغان گېپىڭ يوققۇ سېنىڭ. ساڭا ئوخشاش قېيىنئىنىسى بار ئادەمدىن بۇ دۇنيادا زادى قانچىسى باردۇ؟ ماڭا پەقەت بىرسى باردەكلا بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئەبلىبەك.

— مانا بۇ «ئىلىشمىغۇچە تېپىشماس» دېگەن شۇ، يېزنە. بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى.

ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كۈمۈش بىر خىل

پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا كۆلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىككىسىگە ھەۋىسى كېلەتتى. خۇدادىن ئىككىسىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىناقلىقىنىڭ مەڭگۇ داۋاملىشىشىنى تىلەيتتى.

چاي ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىچىلدى. ئۇلار چاي ئىچىپ بولاي دېگەندە، ئۆيگە ئىرمەك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ بىر خىل شاد ـ خۇراملىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يېزىنىسىگە قاراپ:

ــ ھېلىقى ئىشلار كاللامدىن ئۆتتى. بۇنىڭدىن كېيىن سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇ. دادام ـ ئاپاملار خاتىرجەم بولسۇن، مەن چوقۇم بۇ ئىشلارنى ياخشى قىلىشقا تىرىشىمەن،ــ دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئۆيدىكى كەيپىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى.

ــ مەن سىنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. شۇڭا سىنىڭ رازىلىقىڭنى ئالماي داداڭ بىلەن ئىككىمىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا گۇڭشېغا ماڭماقچى بولۇۋاتاتتۇق. بۇ سۆزنى قىلىپ بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتىڭ. سىلەر ئۆيدە تۇرۇپ بىزنىڭ خۇش خەۋىرىمىزنى كۈتۈڭلار.

كۈمۈش ئالدىراپ قالدى. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ساندۇقنى ئاختۇرۇپ ئېرىنىڭ ھېيت ـ بايراملاردا كىيىدىغان كىيىمىنى ئالدى. يىلدا پەقەت بىر ـ ئىككى كۈنلا ساپارغالىنىڭ ئۇچىسىغا چىقىدىغان بۇ كىيىملەر پېتىنى يوقاتمىغان بولۇپ، ھازىرلا ماگىزىنىدىن سېتىۋالغاندەك تۇراتتى. ئاق كۆڭلەك، قېلىن سارجىدىن تىكىلگەن شىم ـ پەشمەت، قاردەك ئاپپاق قالپاق كىيگەن ساپارغالى گويا چوڭ شەھەردىن كەلگەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرگە ئوخشىشىپ قالغانىدى. ئىرمەك دادىسىنى بۇرۇن بۇنداق ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغاندەك ئىختىيارسىز

«پاھ» دەۋەتتى. ئەبىلىبەكىمۇ بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە يېزىنىسىگە تىكىلىپ قالغانىدى.

— مۇشۇ قىياپەت بىلەن گۇڭشې باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا كىرسىڭىز، ئۇلار چوقۇم نەدىن كەلگەن كاتتا ئادەمدۇ، دەپ ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدىغۇ، — دېدى ئەبىلىبەك زوقلىنىش تۇيغۇسى بىلەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ساپارغالىنى ئازراق سەگىتىپ قويدى:

— راست دەيسەن، يەنىلا ئاددىيراق كىيىپ بارغىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ. چۈنكى بىز تويغا ئەمەس، ئىش پۈتكۈزگىلى بارىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دېگەن باي چارۋا. شۇنداق تۇرۇپ بۇنداق ياسىنىپ بارسام بولمىغۇدەك.

— دادا، — دېدى ئىرمەك ئۇنىڭ ئەمدىلا كىيگەن كىيىمىنى يەشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — سەن گۇڭشېغا ئەمگەك قىلغىلى ئەمەس، بەلكى رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتىسەن. شۇنداق بولغاندىن كېيىن پاكىز كىيىنىپ بارساڭ بىزگىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ ياخشى. كىيىمدە نېمە گۇناھ. مەن بۇنداق كىيىنىپ يۈرگەنلەردىن بىرقانچىنى كۆردۈم. شۇنداق ئەمەسمۇ، تاغا؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق. داداڭ مېنىڭ دېگەن سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەن داداڭغا كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلغان. قارىغىنا ئۇنىڭ ئەپتىگە، قايسىبىر كىنولاردىكى ئارتىسلارنىڭ ئۆزى. بولدى، گەپنى ئاۋۇتماي يولغا چىقايلى. كىم بىلىدۇ، بۇ كىيىمنىڭ خاسىيىتى بىلەن بۈگۈن ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتىپ قالامدۇ تېخى؟

ساپارغالى بىر خىل خىجىللىق ئىچىدە كۈلۈپ

قويدى. ئىرمەك ئىككىسىنى ئاتلاندۇرۇپ يولغا سالغاندا كۇن چىڭقىچۇش بولغانىدى.

— گۇڭشىغا باشلىقلار ئىشقا چۇشكىچە يېتىپ بارالارمىز - ھە! — دېدى ساپارغالى قاتراۋاتقان ئاتنىڭ ئۇستىدە ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ.

— ئەلۋەتتە. قانچە بالدۇر بارساق شۇنچە ياخشى. باشلىق دېگەننىڭ ئىشى كۆپ بولىدۇ. ئىشخانىسىدىن ئادەم ئۇزۇلمەيدۇ. بەزىدە تويۇقسىز ناھىيەگە يىغىنغا كېتىدىغان، خىزمەت تەكشۇرگىلى تۆۋەنگە چۇشىدىغان ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. تەلىيىمىز بولسا گۇڭشى باشلىقلىرى بىلەن ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالامدۇق تېخى.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، — دېدى ساپارغالى بىر جۇپ كۆزىنى گۇزەللىك ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان پايانسىز دالاغا تىكىپ، — سېنىڭچە باشلىقلارنىڭ قايسىسىغا يولۇققىنىمىز تۇزۇك؟

— يولۇققاندىن كېيىن چوڭىغا يولۇقىمىز - دە. يەنى گۇڭشى باشلىقىغا.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى. مەن ئۇنىڭغا بالىمىزنىڭ ئات ھەيدەپ قەشقەرگە بارغۇسى بارلىقىنى، شۇڭا باشلىقتىن ئۇنىڭ ئات ھەيدەپ قەشقەرگە بېرىشىغە رۇخسەت قىلىشىنى سوراپ كەلگەنلىكىمىزنى دەيمەنغۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بىراق بۇنى دېگەندە سۆزلەرنى شاخلاتماي دەيسىز. بولمىسا دېمەكچى بولغان مەقسەت چۇشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ. مەقسەت چۇشىنىكسىز بولۇپ قالسا، ئىشىمىز ئەپلەشمەي قالىدۇ. يەنە بىر گەپ، بەك بولمىغاندا ئىرمەكنى قەشقەرگە ئەۋەتىشتىكى مەقسەتنى ئوچۇق دەيلى. چۇنكى

كېلىن ئېلىش قازاقىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش. بۇنىڭغا باشلىقلار چوقۇم كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئاتلار بىر خىلدا يورۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاتنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ ـ توزان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە تۇمان كۆتۈرۈلگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. يول بويىدا، يىراق دالادا ئوتلاپ يۈرگەن توپ ـ توپ ماللار يايلاق ھاياتىغا گۈزەللىك بېغىشلاپ، كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالاتتى. گەرچە گۆشى قۇرۇلغاندىن بېرى تالاي قېتىم ئاپەت بولۇپ، نۇرغۇن مال ـ چارۋىلار ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، خۇدا بەرىكەت ئاتا قىلغان مال ـ چارۋىلار يەنىلا ئازلاپ كەتمىگەندەك، كۆندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

— يېزنە، مەن ھەيران، — دېدى ئەبىلبەك توپ ـ توپ ئوتلاپ يۈرگەن ماللارغا قاراپ قويۇپ، — ئەگەر ماللار ياخشى بېقىلسا، تەبىئىي ئاپەت بولمىسا يەنە نەچچە يىلدا بۇ ماللار يايلاققا سىغماي قالىدىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، كەلگۈسىدە چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلىشالىساقلا ھۆكۈمەتنىڭ يايلاققا مۇۋاپىق ماللارنى ئېلىپ قېلىپ، قالغان ماللارنى سويۇپ خەلققە تارقىتىپ بەرگەننى كۆرەلەيمىز. بەزىبىر ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا قانداق ياخشى زامان دېسەڭچۇ. شۇ زامانغا ئۇلاشسام نېمە ئارمان؟

— چوقۇم ئۇلىشىسىز، يېزنە. چۈنكى سىز دېگەن پولات ئىرادىلىك، كۆڭۈل ـ كۆكسىڭىز دەريادەك كەڭ ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن ياخشىلار ياشايدىغان زامان. كىم بىلىدۇ، راستىنىلا ئۇيغۇر كېلىن ئېلىپ قالسىڭىز يۈز ياشتىن ئېشىپ كېتەمسىز تېخى؟

ئۇلار بىر تەرەپتىن پاراڭ سېلىشسا، يەنە بىر

تەرەپتىن كۆلۈشۈپ، گۆشىپ ئورگىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قىلىشتى.

گۆشىپ ئورگىنى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى موما ياغاچقا نۇرغۇن ئاتلار باغلاقلىق تۇراتتى. بۇ ئاتلارنىڭ بەزىسى گۆشىپغا ئىش پۈتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئېتى بولسا، يەنە بەزىسى سودا ـ سېتىق ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئېتى ئىدى. ساپارغالى بىلەن ئەبىلبەك ئېتىنى ئاشۇ ئاتلار قاتارىغا باغلىغاندىن كېيىن گۆشىپ ئورگىنى دەرۋازىسىدىن كىردى.

ــ گۆشىپ باشلىقى يوق، ناھىيەگە يىغىنغا كەتكەن. مەن سىلەرنى يېڭى كەلگەن شۇجىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرەي، ــ دېدى كاتىپ يىگىت قىزغىنلىق بىلەن. ساپارغالى «قانداق قىلىمىز» دېگەندەك ئەبىلبەككە قارىدى.

ــ مەيلى، ــ دېدى ئەبىلبەك ئىككىلەنمەيلا، ــ يېڭى كەلگەن شۇجى بىزنى قوبۇل قىلارمۇ؟

ــ بۇنىڭدا مەسىلە يوق. ئۇ كەلگەن بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇنىڭ قوبۇل قىلغان ئادەملىرى ئوتتۇز ـ قىرىققا يەتتى. بۇگۈن سىلەر نەق ۋاقتىدا كەپسىلەر. ئۇ ھازىر ئىشخانىسىدا يالغۇز.

ساپارغالىنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇلار ئىشخانىغا كىرگەندە يېڭى كەلگەن شۇجى بىر نەرسە يېزىۋاتاتتى. ئۇ ئىشخانىغا ئادەم كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

يېڭى كەلگەن شۇجى تەمبەل، قامەتلىك، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ يوغان كۆزى چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل تەمكىنلىك، ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىدىغان ئەقىل ـ

پاراسەت چىقىپ تۇراتتى. ساپارغالى ئۇنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى، ئەمما ئىسىگە ئالالمىدى.

— خەي شۇجى، بۇلار سىزنى ئىزدەيدىكەن، — دېدى كاتىپ يىگىت ساپارغالى بىلەن ئەبىلبەكنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ. شۇجى ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈۋېتىپ ساپارغالىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇمۇ شۇ تاپتا ساپارغالىنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى ئېسىگە ئالدى:

— سىز قاراتاغ كەنتىدىكى ھېلىقى...

بۇ چاغدا ساپارغالىمۇ ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى:

— ئىسمىم ساپارغالى، خەي شۇجى. بىز بىر قېتىم خەلق گۇڭشېسىغا مال تىزىملاتقىلى بارغاندا كۆرۈشكەن.

— شۇنداق. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆزگەرمەپسىز. شۇ چاغدا تاڭ شۇجىنىڭ سىزگە دېگەن سۆزلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟

ئەبىلبەك ھاڭ - تاڭ قالدى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن ھالدا يېڭى كەلگەن گۇڭشې شۇجىسى بىلەن خۇددى كونا دوستلاردەك پاراڭلىشىۋاتقان يېزىنىسىگە قاراپ تۇراتتى.

— قېنى، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى خەي شۇجى كاتىپنى چاي قۇيۇشقا بۇيرۇپ، — مەن بۇگۈن قەدىناس دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. سىز چىقىپ كەتمەي بىزگە تىلماچلىق قىلىپ بېرىڭ. بىز پۇخادىن چىققۇچە پاراڭلىشىۋالايلى. سىز بىلمەيسىز، بۇ ئادەم دېگەن باي چارۋا بولسىمۇ بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز. تاڭ شۇجى

ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق دېگەن. شۇ چاغدا مەن تاڭ شۇجىنىڭ كاتىپى ئىدىم.
خەي شۇجى بىردىنلا شۇ چاغدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. دېمىسىمۇ ئۇ قالتىس چاغلار ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى ئېزىلىپ ئۇھ دېگۈدەك ھالى قالمىغان خەلق ئاممىسى كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، يېڭى قۇرۇلغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوللىدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشكە بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى.
خەي شۇجى ساپارغالى بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ:
ــ شۇ چاغدا يېنىڭىزدا يەنە بىر ئادەم بولىدىغان. ھېلىقى تاڭ شۇجى ماختىغان ئادەمنى دەۋاتىمەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ــ دەپ قالدى. خەي شۇجىنىڭ دەركەمباي ئاقساقالنى دەۋاتقانلىقىنى بىلگەن ساپارغالى ئۇنىڭغا دەركەمباي ئاقساقالنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېگەندە خەي شۇجى خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى.
ئەبىلبەك ئۆزىنى خۇددى غاز پېيىدەك يەڭگىل سېزەتتى. يېزىنىسىنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى ئۇنى ناھىيەدىن كەلگەن مۇھىم كادىرغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ خەي شۇجى بىلەن ئوچۇق ـ ئازادە سۆزلىشىۋاتاتتى.
ــ قېنى دەڭا، ھازىرقى ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭلار؟ ــ دېدى خەي شۇجى ساپارغالىغا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا. ساپارغالى

ئۇنىڭغا بىردىنلا كۆڭلىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى تۆكتى. گەپ قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىشقا كەلگەندە، خەي شۇجى «بۇ قانداق گەپ» دېگەندەك كاتىپ يىگىتكە قارىدى.

— شۇنداق بىر ئىش بار، خەي شۇجى. بىراق ئادەمنى ھەرقايسى چارۋىچىلىق دادۈيلىرى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. بۇ توغرۇلۇق بىز ئاللىقاچان تۆۋەنگە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ بەرگەن،— دېدى كاتىپ يىگىت دەرھال ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەن خەي دالۇڭنىڭ نامىدا چارۋىچىلىق دادۈي باشلىقلىرىغا بىر پارچە ئالاقە يېزىڭ. يولداش ساپارغالىنىڭ ئەھۋالى باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئوخشاشمايدىكەن. ئەگەر ئادەم بەلگىلىمىگەن بولسا بۇ كىشىنىڭ بالىسىنى بەلگىلىسۇن. ئەگەر ئادەمنى بەلگىلەپ بولغان بولسا تەڭشەش ئېلىپ بارسۇن. مېنىڭ بىلىشىمچە، قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىش ئىشى ھەم جاپالىق، ھەم مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىش ئىكەن. مۇشۇنداق ئىشقىمۇ كەلسە ـ كەلمەس بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىۋالسا قانداق بولىدۇ. ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش ياخشى ئىش ئەمەس.

كاتىپ يىگىت شۇجىنىڭ سۆزى بىلەن چىقىپ كەتتى ۋە كۆپ ئۆتمەي تامغا بېسىلغان ئالاقە قەغىزىنى ئېلىپ كىردى.

— بۇنى ئېلىڭ، يولداش ساپارغالى. مەن ئىشلىرىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇپ، بىزنى بالدۇرراق توي كەمپۈتىگە ئېغىز تەگكۈزۈشىڭىزگە تىلەكداشمەن. پۇرسەت چىقسا سىزنى چوقۇم كۆرگىلى بارىمەن. مەيلى

تۇرمۇشتا بولسۇن، مەيلى خىزمەتتە بولسۇن قىيىنچىلىقتا يولۇقسىڭىز مىنى ئىزدەڭ. مەن خەي دالۇڭ پىرىنسىپ يول قويىغان دائىرىدە سىزگە ياردەم قىلىمەن.

ساپارغالىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ھەقىقىي بىر ئادەمدەك سېزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى...

— قالتىس ئىش بولدى، يېزنە،— دېدى ئەبىلبەك ئاتقا مىنىپ يولغا چىققاندىن كېيىن،— كىم ئويلىغان گۆڭشې شۇجىسىنىڭ سىز بىلەن دوست چىقىپ قېلىشىنى. مەن ئىككىڭلارغا قاراپ بەكلا پەخىرلىنىپ كەتتىم. قاراڭە تۇرقىڭىزغا، ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئۆزى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىش پۈتكۈزگىلى بارغاندا مۇشۇ كىيىمىڭىزنى كىيىۋېلىڭ. چاقچاق ئەمەس، بۇ كىيىمدە بىر خىل خاسىيەت بار.

— بۇمۇ بىرىنچىدىن، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، قارىغىنىدا خەي شۇجىنىڭ گۇڭشېغا شۇجى بولۇپ كېلىشىگە بىزنىڭ ئۆلگۈرۈپ كەلگىنىمىزنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇڭشې باشلىقىنىڭ يىغىنغا كەتكىنىنى كۆرمەمسەن. شۇنداق بولمىغان بولسا بىز خەي شۇجى بىلەن ئۇچرىشالامتۇق؟ ئىككىنچىدىن، ساڭا ئوخشاش قېيىنئىنىمنىڭ خاسىيىتى. سەن كەلگەندىن بېرى بۇ ئائىلىنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتتى. سەنلا بولساڭ خۇدا بۇيرۇسا چوقۇم كېلىنلىك بولۇپ قالىسەن. مەيدەمنى كېرىپ يۈرىمەن.

— شۇنداق. مەيدىڭىزنى كېرىپ يۈرىدىغان ۋاقتىڭىز كەلگەندەك قىلىدۇ. مەن بۇنى خەي شۇجىنىڭ سۆزىدىن

بىر ئاز سىزىپ قالدىم. بۇنى دېمىگەندىمۇ خەي شۇجى دېگەن سىزنىڭ يېقىن ئادىمىڭىز. ئۇنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى سىزنى ئۇنتۇماي بىر كۆرۈپلا تونۇۋالغىنىنى دەيمىنا؟ ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم ئىكەن. يەنە كېلىپ بەكلا يۇرەكلىك ئىكەن. مۇشۇنداق باشلىقلار كۆپرەك بولسا بەك ياخشى بولغان بولاتتى.

— توغرا دەيسەن. خۇدايىم ئۇنى يامان كۆزدىن نېرى قىلسۇن. مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلسۇن. بۇ خەۋەرنى ھەدەڭ ئاڭلىسا يۈرىكى يېرىلىپ كەتمەس ـ ھە؟

— بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەدەمگە بۇ گەپنى ئەگىتىپ دەيلى. كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن بىراقلا خۇش قىلىۋېتەيلى.

— ئۇنداقتا، دادۇي باشلىقلىرىنىچۇ؟

— بۇنىڭ ئاياىدىغان ھېچنېمىسى يوق. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئۇلارنىڭ خىزمىتى. بىز ئالدى بىلەن دادۇي باشلىقلىرىنى تېپىپ ئالاقىنى قولىغا تۇتقۇزايلى. تىلىنى چاينىسا ئالاقىنى قايتۇرۇۋېلىپ ئۇدۇل خەي شۇجىنى تاپايلى. ئەمدى ئاياىدىغان يېرى قالمىدى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ دادۇي ئىشخانىسى ئالدىغا كەلگەندە توقتۇجا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. توقتۇجا ئۇلارنى كۆرۈپ قەدىمىنى توختاتتى.

— سىزنى ئىزدەپ كېلىشىمىز، شۇجى،— دېدى ساپارغالى سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن قولىدىكى ئالاقە قەغىزىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ،— گوڭشېغا يېڭىدىن كەلگەن خەي شۇجىنىڭ يازدۇرغان ئالاقىسى.

توقتۇجا ئالاقىنى ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى

تۇرقىدىن قاتتىق زىددىيەت ئىچىدە قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— خاپا بولمايسىز، ساپارغالى ئاكا، بىز قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بارىدىغان ئادەمنى ياچپىكا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ بولغان. بۇنى ئۆزگەرتىشكە مەندىمۇ ئامال يوق. بەك بولمىسا خېنەنگە ئات ھەيدەپ بارىدىغان يەنە بىر ۋەزىپە بار. ئىرمەك شۇنىڭغا بارسۇن.

— سەن ماڭا ئادەتلىنىپ قالغان رامكاڭ ئىچىدە گەپ قىلما، شۇجى. مەن بالامنى ئات ھەيدەپ پۇل تاپسۇن، دېمەكچى ئەمەسمەن. قارىغاندا ئالاقىنى چالا ئۇقۇغان ئوخشايسەن. ئەگەر بۇ ئىش قولۇڭدىن كەلمىسە ئالاقىنى قايتۇرۇپ بەر، مەن ئۇنى ئېلىپ خەي شۇجىنىڭ يېنىغا باراي.

تۇققۇجىنىڭ ئالاقە تۇتقان قولى بىردىنلا تىترەپ كەتتى. ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۇلارغا قاراپ قويۇپ، ئالاقىگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ ئالاقىنى ئوقۇۋېتىپ ساپارغالىنىڭ ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى.

— قارىغاندا سىز بۇ ئىشنى سۇ ئۆتمىگۈدەك دەرىجىدە پۇختىلاپ كەلگەندەك قىلىسىز. بوپتۇ، خەي شۇجىنىڭ يۈزى. سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن دادۇيجاڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن سىلەرگە جاۋابىنى بېرەي.

دادۇي شۇجىسى شۇنداق دېگىنىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

— بۇ گەپنى ياخشى دېدىڭىز، يېزنە، قارا بۇ بىرنېمىنىڭ ئەپتىگە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرۇپ. خەي شۇجى بىۋاستە يازدۇرغان ئالاقىغىمۇ ئۇستاتلىق

ئىشلىتىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى ئەبلەك يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ.

— بەزى ئادەملەرگە راستتىنلا ئامال يوق. بۇنى ئۇلاردىنمۇ كۆرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىزگە هازىر ھەممىدىن بەك كېرىكى ئىرمەكنىڭ قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىشى. ئۇ جاۋابنى تېزرەك ئېلىپ چىقسا بولاتتى.

ساپارغالىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا توققۇجا ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى.

— بىز ئىرمەكنىڭ قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بېرىش ئىشىغا قوشۇلدۇق، ئەمما ۋاقىت قىس. مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە يولغا چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا دادۇيگە بىر كېلىپ كەتسۇن. ئۇنىڭغا تاپىلايدىغان ئىش بار. يەنە تېخى توختامغا قول قويىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. ساپارغالى يېنىك تىن ئالدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدىكى يول داغداملىشىپ، كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتقۇدەك دەرىجىدە نۇرلىنىۋاتاتتى. بۇ يول ھەقىقەتەنمۇ پارلاق يول ئىدى. بۇنداق يولدا ماڭغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ، ئۆزىنى بارغانسېرى ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى.

شۇ كۈنى ئۆينىڭ ئىچى بايرام شادلىقىغا چۆمدى. بۇ خۇش خەۋەردىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن كۈمۈش تاپقان ـ تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ ئىنىسى بىلەن ئۆي ئىچىدىكى ھەممەيلەننى مېھمان قىلدى. دادىسىنىڭ شۇنچە يوغان شۇجى ئاغىنىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان باللار بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، ئۆزلىرىنى سامادا ئۇچۇۋاتقاندەك سېزىشتى.

— دادا، ئەنە شۇنداق كاتتا ئاغىنىڭىز بار تۇرۇپ سىز

بۇرۇن نېمىشقا ئىزدىمىگەن؟ نېمىشقا بىزگە ئۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمىگەن، — دېدى جۇماتاي دادىسىغا ئەركىلەپ. دادا ئويلىنىپ قالدى. جۇماتاي دائىم دېگۇدەك جاۋاب بېرىش تەس بولغان مانا مۇشۇنداق سوئاللارنى سورايتتى.

— بۇ ناھايىتى بۇرۇنقى ئىشلار، بالام. ئۇ چاغدا بىز خەلق كۆچۈشى قۇرۇشقا ئەمدىلا ئاتلانغان. شۇ زامانلاردا تاڭ شۇجى دەيدىغان ناھىيەنىڭ بىر شۇجىسى بولىدىغان. شۇ شۇجى دەركەمباي چوڭ داداڭلار بىلەن مېنى ماختىغان. ھازىر كۆچۈشىغا شۇجى بولۇپ كەلگەن خەي شۇجى شۇ چاغدا تاڭ شۇجىنىڭ كاتىپى ئىدى. بىلىملىك ئادەم دېگەن باشقىچە بولىدىكەن. ئارىدىن شۇنچە ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇ مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق. جاھاندىكى بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرمەك ھەقىقەتەن تەس.

— ئۇنداقتا كېيىن سىز تاڭ شۇجى بىلەن خەي شۇجىنى ئىزدەپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى قىدىرغوجا سۆز قىستۇرۇپ.

— نېمىسىنى ئېيتىمەن؟ بۈگۈن سىلەر ماڭا بىر - بىرىدىن ئېغىر سوئاللارنى قويغىلى تۇردۇڭلارغۇ؟ — دېدى ساپارغالى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ياق، ئىزدەپ باقمىدىم. ئۇ چاغلاردا مەندە ئۇلارنى ئىزدەپ بارغۇدەك سالاھىيەتمۇ يوق ئىدى. ھازىر شۇلارنى ئويلىسام خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولىمەن. ئادەم بالىسىنىڭ ئۆمرىدە ئۆكۈنىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولىدىكەن.

داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئون ئادەمنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق قۇياشقا ئوخشاش پارلاپ تۇراتتى.

بولۇنۇۋاتقان پاراڭلارغا ئۇن - تىنسىز قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئىرمەكىنىڭ ئاغزى كۈلكىدىن يومۇلمايتتى. دادىسىنىڭ شۇنداق بىر شوخ ئاغىنىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەندىشىنىڭ ھەممىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۆزىنى غايەت زور نۇر ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇ ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندىمۇ، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كەتكەندىمۇ ئەنە شۇنداق بەخت كۈلكىسىنىڭ ھەمراھلىقىدىن ئايرىلمىدى.

ئاخىرى قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ تاڭ يورۇدى. بىر كېچە ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىق ھالسىراپ تاڭمۇ ئاتتى. بىر كېچە ئۇيقۇدا ياتقان زېمىن قەددىنى رۇسلاپ، يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى. ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن ئاستا - ئاستا تۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ چالا ئۇيقۇلۇق سۆزلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كالىلارنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ مۆرەشلىرى بىلەن، چېلەك كۆتۈرگەن ئاياللار ئەسنىگىنىچە ئىشىكلەردىن چىقىشقا باشلىدى.

ساپارغالى ئورنىدىن تۇرغاندا ئىشىك تۈۋىدىكى ساماۋار پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن بىر كېچە ئاجايىپ راھەتلىنىپ ئۇخلىدى. شېرىن ئۇيقۇنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۆزىنى ھەم ئازادە، ھەم يەڭگىل سېزەتتى. روھىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، بۇ دۇنياغا قايتىدىن تۆرەلگەندەك ھېسسىياتتا بولدى. ئۇ كىيىمىنى كىيىۋېتىپ ئۇخلاپ ياتقان بالىلىرىنى ئويغاتتى. بالىلارمۇ بۈگۈن خۇددى دەم ئېلىشقا قويۇۋەتكەن مەكتەپ بالىلىرىغا ئوخشاش راھەت ئىچىدە ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئۇخلاۋاتاتتى. ساپارغالىدىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ

ئەبىلبەك تۇردى. بۇ چاغدا سىرتتىكى ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ ئىشىكتىن كۇمۇش كىرىپ كەلدى.
— يەنە ئازراق ئۇخلىساڭلار بولمامدۇ، كۈن تېخى بالدۇر،— دېدى ئۇ ساماۋارنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ.
— ئۇيقۇ دېگەننى قاچانلا ئۇخلىۋالسا بولىدىغان نەرسە. ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، ئەبىلبەك بىلەن ئىرمەك ئىككىسى سەپەرگە چىقىدۇ،— دېدى ساپارغالى كىيىمنى ئالدىراپ كىيىۋاتقان ئىرمەككە قاراپ قويۇپ.
— قىزىققۇ سىز؟— دېدى كۇمۇش كۆلكىسىنى توختىتالمىغان هالدا،— ئىشلىرىڭىزنى پۈتكۈزۈۋېلىپ ئىنىمنى قوغلىغىنىڭىز نېمىسى؟
— بۇ مېنىڭ مەيلىم ئەمەس، كىتابتىن شۇنداق چىقىپ قالدى،— دېدى ساپارغالىمۇ بوش كەلمەي. بۇ سۆز بىلەن ئەبىلبەكمۇ كۈلۈپ كەتتى.
— يېزىنەم توغرا دەيدۇ، هەدە، هازىر ۋاقىت قىس. شۇڭا هامىنى ماڭىدىغان ئىش بولغاندىن كېيىن بالدۇرراق ماڭغىنىمىز تۈزۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىمگە تالاي كۈن بولۇپ كەتتى.
كۇمۇش ئۇنچىقمىدى. باللار ئورنىدىن تۇرۇپ يوتقان - كۆرپىلەر يىغىلغاندىن كېيىن چاي ئۈن - تىنسىز ئىچىلدى. هەممەيلەننىڭ روهى كۆتۈرەڭگۈ بولسىمۇ كۆڭلىدە يەنە بىر خىل جىددىيچىلىك هۆكۈم سۈرەتتى. چايدىن كېيىن ئىرمەكنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىندى، ئاندىن هەممەيلەن ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىپ ئەبىلبەك بىلەن ئىرمەكنى ئۇزىتىپ قالدى.
— ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولسا بولاتتى،— دېدى كۇمۇش ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— غەم يېمە، خوتۇن، خۇدا بۇيرۇسا ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. چۈنكى ئىرمەكنىڭ يېنىدا ئەبلىبەك بار،— دېدى ساپارغالى بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئىككى گەۋدىگە قاراپ قويۇپ.

ئىرمەك بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇدا ئاتا قىلغان گۈزەل مەنزىرىلەرگە كۆز تىكتى. باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان پايانسىز دالادىكى ئېقىن سۇلار بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كۈمۈش لېنتىدەك پارقىرايتتى. بىر كۆچىيىپ - بىر پەسىيىپ تۇرغان دەريا شاۋقۇنى گويا يېقىملىق مۇزىكىدەك يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ، كۆڭۈللەردىكى ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئېگىز - پەس يوللار ئۆمۈچۈك تورىدەك يېيىلىپ مەھەللىلەر بىلەن مەھەللىلەرنى، ئېتىزلار بىلەن ئېتىزلارنى تۇتاشتۇرسا، قۇياش نۇرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك چوققىلار پۈتۈن دۇنياغا نەزەر سېلىۋاتقان گىگانت ئادەمگە ئوخشايتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ بىردىنلا كەكلىك تۇتقان چاغلارنى ئەسلەپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇ ئاپىسى بىلەنمۇ مۇشۇ يولدا ماڭغانىدى.

— شۇ ئىشلارنى ئۇنتۇماپسەن - دە،— دېدى ئەبلىبەك ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ،— بۇ دېگەن قاچانقى ئىشلار. سەن ئېسىمگە سالمىغان بولساڭ ئۇنتۇپ كېتەركەنمەن. شۇ ئىشلارنى مانا ھازىر ئويلىسام يۈرىكىم سېلىپ كېتىدۇ. قانداق قورقۇنچلۇق - ھە؟ ھېلىقى ئېيىقنىڭ يوغانلىقىنى دەيمەن. ئۆمرۈمدە نەچچە قېتىم ئېيىق كۆرگەن بولسامۇ، ئۇنىڭدەك يوغان ئېيىقنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. راست دەۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا سىزمۇ قورقۇپسىز ـ دە؟
— قورقمايدىغان ئىش بولامدۇ، ئەخمەق.
— ئەمىسە قاپتالدىن خۇددى تۈز يەردە ئات چاپتۇرغاندەك ئات چاپتۇرۇپ چۈشتىڭىزغۇ؟
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە، ئۇ يەردە ئىككى قېرىندىشىم تۇرسا. مەن دېگەن تاغا. تاغا دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شۇنىڭدىن بىلىپ قوي.
ئىرمەك كۈلدى، كۈلگەندىمۇ چىن دىلىدىن كۈلدى. دېمىسىمۇ تاغا ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ بىرى ئىدى.
ئاتلار پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ قاتتىق ماڭدى. ئۇلار مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە ئاتلارنىڭ ساغرىسىدىن قارا تەر چىقىپ كەتكەنىدى. ھاما ئىرمەكنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى.
— بىز ئالدىرايمىز، قېنى چاي بەرگىن. قالغان گەپنى چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئەبىلبەك ئايالىنى ئالدىرىتىپ. ئۇ ئايالىغا بولغان ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ھاما كېيىنكى سۆزلەردىن جانلىنىپ، چىرايىغا خۇشاللىق كۈلكىسى تەپچىپ چىقتى.
— راۋشەن ياخشى قىز. دادۇينىڭ ئايالى كادىرى بولغاندىن بېرى ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم رازى. قىلغان ئىشلىرى ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. سىلەر بارساڭلار، ئۇ چوقۇم چىن كۆڭلى بىلەن ياردەم قىلىدۇ، — دېدى ئۇ تولىمۇ خۇشخۇي ھالدا. ھامىسىنىڭ سۆزىدىن ئىرمەك راۋشەننىڭ ئۆزلىرى كۆرۈشمەكچى بولغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى.
— راۋشەننىڭ ئېرى تەلىم ياخشى يىگىت. بۇرۇن

ئىچكۈلۈككە بىرىلىپ كەتكەن. ئايال ئالغاندىن بىرى ئىچكۈلۈكتىن قول ئۈزۈپ، ھەممە ئادەم ماختايدىغان يىگىتكە ئايلاندى. ئۇ سىڭنىڭ ئىشىنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. بۇنى بارغاندا بىلىسەن،ــ دېدى ئەبلەبەك كېتىۋېتىپ.

راۋشەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۆيگە باشلاپ چاي قۇيدى. چىڭقىچۇش مەزگىلى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئۇ ئۆيدە ئىدى.

ــ دادۇيدىن ھازىرلا كېلىشىم. سىلەر چاي ئىچىپ تۇرۇڭلار، مەن چىقىپ ئۇنى چاقىرىپ كىرەي،ــ دېدى راۋشەن ئورنىدىن تۇرۇپ. ئىرمەك ھەيران قالدى. شۇنچە تېز ۋاقىت ئىچىدە قازاقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئىگىلىگەن ئالدىدىكى بۇ ئۇيغۇر ئايالغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى قوزغالدى.

راۋشەن ھەممە جەھەتتىن ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۇدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايى، ئەدەپ ـ قائىدىلىكى، ئىشەنچ چىقىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى، سەممىيلىكىنى، باشقىلاردا كەم ئۇچرايدىغان تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كۆلگەندە پەيدا بولىدىغان زىننەتلىكى باشقىلارغا ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق ۋە لاتاپەتلىك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان چىرايىدىن بىر خىل جاسارەت بىلەن كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ تەپچىپ تۇراتتى.

كۆپ ئۆتمەي ئۆيگە ئىنچىكە، ئاق سېرىق يىگىت كىرىپ كەلدى. ئىرمەك ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ ئۇنىڭ راۋشەننىڭ يولدىشى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى. تەلىم تاغىسى دېگەندەك خۇشخۇي، ياخشى يىگىت ئىدى.

ئۇ ئىككى مېھماننىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن بەكلا ئېچىلىپ كەتتى، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ، ئىرمەككە روھنى ئۇرغۇتىدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى، مەدەتلەرنى بەردى. گەپ ئارىلىقىدا ئايالىنى ماختاپ، ئۇنىڭغا بولغان قىزغىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى ئەسلى روشەن. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ھەممە ئادەم راۋشەن دەپ ئاتىغاچقا ھازىر راۋشەن بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئايالىغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ.

— باشتا ماڭىمۇ غەلىتە ئاڭلانغان. ھازىر كۆنۈپ كەتتىم. راۋشەن بىلەن روشەن ئەسلىدىلا بىر گەپ ئىكەن ئەمەسمۇ؟ راۋشەننى ئىتتىكرەك دېسە قۇلاققا روشەن دېگەندەك ئاڭلىنىپ كېتىدىكەن.

ئۇ شۇنداق دەپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ئاجايىپ بىر خىل لاتاپەت چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار چاي ئىچكەچ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. روشەن بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بىلدۈرۈپ:

— قارىسام بۇ يىگىت بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر دوستۇم بولىدىغان، شۇنىڭغا قارىتىپ خەت يېزىپ بېرەي. ئۇ ئامال قىلىپ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. يولدىشىمۇ ياخشى يىگىت. ئۇ ياردەملەشكەن ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دېدى، ئاندىن قەغەز - قەلەم كەلتۈرۈپ خەت يازدى. ئەبلىبەك ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا:

— خۇدا تىلىكىڭنى بەرسۇن، قېرىنداش. ئۆمرۈڭدە

ھەرگىز خاپىچىلىق تارتمىغىن. بىزگە قىلغان مۇشۇ ياردىمىڭ ئۈچۈن ياخشى نىيىتىڭ قالقان بولۇپ سېنى بىر ئۆمۈر قوغدىسۇن، — دېدى. ئىرمەك ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تۆت بۇرجەك قىلىپ قاتلانغان خەتنى قولىغا ئالغاندا يۈرىكى يايلاقتىكى توسۇن ئاتقا ئوخشاش يۇلقۇنۇپ كەتتى.

ئويلىمىغان يەردىن روشەن ئۇلارغا مانا مۇشۇنداق ياردەم قىلدى. ئىرمەك كېتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نۇرغۇنلىغان گۈزەل نەرسىلەرنىڭ مۇھەببەتتىن ئاپىرىدە بولىدىغانلىقىنى، مۇھەببەت بولمىسا ئادەملەرنىڭ ۋەھشىيلىكتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئادەملەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان بالايىئاپەتنى پەقەت مۇھەببەتلا توسۇپ قېلىپ، ھەممە نەرسىنى گۈزەللىككە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ، قەلبىدىكى خۇشاللىقنى ھەممە ئادەم بىلەن ئورتاقلاشقۇسى كېلەتتى.

# سەككىزىنچى باب

ناتونۇش تاغ ئۇنىڭ كۆزىگە ھەم سىرلىق، ھەم گۈزەل كۆرۈنەتتى. گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن جىلغا ئىچى تولىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كېتەتتى. قاپتالدا ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلار قارىيىپ كۆرۈنەتتى. جىلغىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئېقىن سۇ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن سالاتتى. سۇنىڭ تاشقا ئۇرۇلۇشىدىن چاچراپ چىققان مونچاق ـ مونچاق تامچىلار فونتاندەك يېيىلىپ يەنە سۇغا چۈشەتتى. تويۇنغان ئاتلارنىڭ پۇشقۇرتۇشلىرى جىلغا بويلاپ يىراق ـ يىراقلارغا كېتەتتى.

ئىرمەك تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. ئۇلار ھەيدىگەن بىر توپ يىلقا قاپتالدا ئوتلاپ يۈرگەن يىلقىلارغا قىزىققاندەك پات ـ پات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قاراپ قوياتتى.

— يەنە قانچە كۈندە يېتىپ بارالايمىز؟ — دېدى ئىرمەك يېنىدىكى كېرىمگە بۇرۇلۇپ.

— بۇنى مېڭىشىمىز بىلىدۇ. تېزرەك ماڭساق بىرەر ئايدا، ئالدىرىماي ماڭساق قىرىق كۈنلەردە يېتىپ بارارمىز. بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ، ئۆيدىن چىققانغا ئىككى كۈن بولا ـ بولمايلا زېرىككەن ئوخشىمامسەن؟ — دېدى كېرىم ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ياقەي، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، — دېدى ئىرمەك تۈزلەڭلىكتە ئوتلاۋاتقان يىلقىلارغا قاراپ قويۇپ.

دېمىسىمۇ ئۇلار ئۆيدىن چىققىلى ئىككى كۈن بولغان بولسىمۇ، ھېچقانچە يول باسمىغانىدى. خۇددى ئۇزۇن سەپەرگە ئەمەس پادا باققانغا چىققانغا ئوخشاش ماڭدامدا بىر توختاپ، يىلقىلارنى يېيىلدۇراتتى. بۇنى ئۇلار يىلقىنىڭ ئېتىنى شۇ پېتى ساقلاش، دەپ ئاتىشاتتى.

شۇ كۈنى داۋىنىڭ شۇجىسى توققۇجا ئۇنىڭغا ئىشخانىسىدا بىر سائەتكە يېقىن دەرس ئۆتتى. ئات ھەيدەپ بېرىش خىزمىتىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەتلەرگە ئوخشاشمايدىغانلىقىنى، ھەربىر تۇياق ئاتنىڭ بىباھا ئىكەنلىكىنى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى جان تىكىپ قوغداش لازىملىقىنى، بىرىنىڭمۇ ئاغرىپ ئۆلسە بولمايدىغانلىقىنى خۇددى دورا ئېزىپ ئىچكۈزگەندەك ئىچكۈزدى. ئۇ يەنە سىياسىي ۋەزىپىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىلەرنى بەردى. ئىرمەك ئويلىنىپ قالدى. ۋەزىپە ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، شۇجى، — دېدى ئىرمەك توختامغا قول قويۇۋېتىپ، — مەن بۇ ۋەزىپىنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىمەن. ھەرگىز سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى چۈشۈرىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. دېگىنىڭىزدەك قىلىپ ئاتلارنى ساق - سالامەت تاپشۇرۇشقا ۋەدە بېرىمەن. بەلكىم سىز بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، بۇ ئىشقا دادام بىلەن ئاپام سىزدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى خەي شۇجى دادامنىڭ كونا تونۇشى ئىكەن ئەمەسمۇ؟

توققۇجا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن «ۋەدە بەرمەك ئاسان، ئەمما ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. قېنى كۆرىمىز، دېگەنلىرىڭنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىسەنكىن» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

ئىـرمەك ئۇلـتـۇرۇپ شۇلارنـى ئـەسـلـدى. ۋەزىـپـە هەقـىقەتەنمۇ ئېغىر ئىدى. يـۈزگە يېقىـن يىـلـقىنىـڭ تەقدىرى مـۇشۇ يەتتـە ئادەمگە بـاغلىق ئـىدى. ئۇلارنـىـڭ ئىچىدىكى بىرى ئاشپەز بولۇپ، ئاساسەن تامـاق ئېتـىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

يىلقـىلار ئالتـە ـ يەتتە تـوپ بولۇپ ئوتـلاۋاتاتتى. بـۇ يـەرنىڭ چۆپلىرى ئىـرمەكنىـڭ يۇرتىدىكى چۆپلـەردەك ئۇنچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. چۆپلىرى ئېگىز بولـمىغىنـى بىـلەن قورايـلـىرى ئېـگـىز بولـۇپ، بـەزى يەرلـەردىـكـى قوراينىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويى كېلەتتى. كۆپىـنچىسـى قىزىل قوراي ئىدى، شامال چىقسا كۆل سۈيىگە ئوخشاش داۋالغۇپ كېتەتتى. ئىرمەك ئاشۇ قورايلىقتا قارىغىنىچـە قولىدىكى سويلىنى تېخىمۇ بەكرەك سىقىمدىدى.

ــ سويلا بىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم،ــ دېگەنىدى يول باشلىغۇچى بولۇپ تەيىنلـەنگەن جاپپار ئاكا مـاڭىدىغان كۈنى ئۇلارغا بىردىن سويلا تارقىتىپ بېرىپ،ــ ئۇ ئـات هەيدەپ مېڭىـش سەپىرىمىزدە كەم بـولسا بولـمايدىغان قورالىمىز. بىز بۇ قـورال بىلەن يىـرتقۇچ هـايۋانلارنىـڭ ئاتلارغا زىيان سېلىشىدىن ساقلىنالايمـىز. بۇنداق ئـىش سەپەر جـەريانىدا يـۈز بېرىپ تـۇرىدۇ. بولۇپـمۇ بۆرىلـەر، بەزىـلىرى ئاتـلارغا ئاچـلىقتـىـن هۇجۇم قىـلسا، يـەنـە بەزىلىرى تـوقلۇقتـىـن هۇجۇم قىـلىدۇ. ئـۇلارنىڭ سانـى كۆپ بولغـاچقا بىـزگە بېرىـلگەن بىـر مىلـتـىق بىـلـەن ئۇلارنىڭ هۇجۇمـىغا تاقـابىل تۇرغـىلى بولـمايدۇ. شۇڭـا تارقىتىپ بېرىلگەن سويلىنى ياخشى ئاسراڭلار. كېچىسى ياتقاندا قولغا ئاسان چىقىدىغان يەرگە قويۇپ يېتىڭلار.

ياشقا هەممىدىن چوڭ جاپپار ئاكا كۆپنـى كۆرگەن، تـالاي قېتىم داۋان ئاشقان ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇ يەنە يـولدا دىققـەت

قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنى تاپىلىدى. بولۇپمۇ ھەركىمنىڭ مىنگەن ئېتىغا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشىنى، خەتەرلىك يول بۆلەكلىرىدە ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقنى، ئاشپەزنىڭ تامىقىدىن ئېيۋەن تاپماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى گوياكى ھەربىي بۇيرۇققا ئوخشايتتى. ئىرمەك بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋېتىپ بىردىنلا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشقىنى ئەسلەپ قالدى.

ياشلاردىن تەشكىللەنگەن خەلق ئەسكەرلىرى ئەتىرىتى ئۇنى ئۆزىگە بەئەينى ماگنىتتەك تارتىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ مۇرىسىگە قورال ئېسىپ مەشىققە ماڭغىنىنى كۆرگەندە يۈرىكى مۆچ سوقۇپ قويغاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇ خەلق ئەسكىرى ئەمەس ئىدى. خەلق ئەسكەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك قوشۇنغا ئۇنىڭدەك باي چارۋىنىڭ باللىرى قاتنىشالمايتتى.

ئۇ ئېگىزرەك دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خەلق ئەسكەرلىرىگە تىكىلگىنىچە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، كەمبەغەل ئائىلىنىڭ باللىرىغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا باي ئائىلىدە تۇغۇلغاننىڭ ئازابىتىن باشقا ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق بۇنداق ئائىلە ئۇنىڭ نەزىرىدە كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان، ئەمما ھېس قىلغىلى بولىدىغان خىيالىي بىر دۇنياغا ئوخشايتتى. ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ باي چارۋىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. چۈنكى ھازىر ئۇلارنىڭ

ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى كەمبەغەل سانىلىدىغان بەزى ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىنمۇ تۆۋەنرەك ئىدى.

شۇ ئارىدا جاپپار ئاكا كېرىمنى چاقىرىپ قالدى:

ــ هاي كېرىم، سەن بېرىپ چېدىر قۇرغۇدەك ياغاچ تېپىپ كەل. هاۋانىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ. كەچتە بىرنەرسە يېغىپ قالامدۇ، قانداق؟

كېرىم كەتتى. ئىشلار ھەقىقەتەن جاپالىق ئىدى. مەخسۇس بىر ئاتقا چېدىر ۋە ئاشخانىنىڭ جابدۇقلىرى ئارتىلاتتى، يەنە بىر ئاتقا بولسا يېمەكلىك ئارتىلاتتى.

ئىرمەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان بىرنەچچە پارچە بۇلۇتنىڭ ئۇزۇپ يۈرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئوچۇق ئىدى. ئىرمەك ھەيران قالدى. جاپپارئاكىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمەي ئەتراپقا قاراپ قويدى. ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تۆت يىگىت قارتا ئويناۋاتاتتى.

ئىرمەك ئوتلاۋاتقان ئاتلارغا قاراپ قويغاندىن كېيىن تۆش يانچۇقىنى تۇتۇپ قويدى. ئۇ يەردە ئاپىسى تىكتۈۋەتكەن ھېلىقى خەت بىلەن گۆشكىچى يېزىپ بەرگەن ئىسپات بار ئىدى. بۇ خەت بىلەن ئىسپات خۇددى ئاۋازسىز چاقىرىقتەك ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا ئازراق شامال چىقتى. تاغ ئىچكىرىسىدىن ئۇرۇپ تۇرغان يەڭگىل شامال بىلەن ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرى ئويناپ، ياللىرى يەلپۈنگەندەك بولدى. شامال بىلەن تەڭ قارتا ئويناۋاتقانلار ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ھەممىيلەن جاپپارئاكىنىڭ باشلامچىلىقىدا چېدىر تىكىدىغان ئورۇننى تاللاپ، چېدىرنى يايدى.

چېدىر ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. جاپپار ئاكا يولغا چىقىدىغان چاغدا ئۇنى پەقەت يامغۇر ـ يېشىنلىق

كۇنلەردىلا تىكىدىغانلىقىنى، ئاساسلىق ئاشخانا لازىمەتلىكلىرىنى قويىدىغانلىقىنى، كېچىسى كۆزەتتە تۇرىدىغانلارنىڭ چېدىر ئىچىگە كىرىشىگە بولمايدىغانلىقىنى، چېدىر ئىچىدە يېتىشقا توغرا كەلگەندە نۆۋەتلىشىپ ياتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى. ئۇ يەنە: «ئەگەر چېدىر تىكىشكە توغرا كېلىپ قالسا، چېدىر تىكىشكە كېرەكلىك ياغاچنى تاغ ئىچىدىن ئالىمىز. بۇمۇ نۆۋەت بىلەن بولىدۇ. تاغ تۈگەپ ياغاچ تېپىش ئىمكانىيىتى قالمىغاندىلا، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى چېدىرنىڭ ياغاچلىرىنى بىرگە ئېلىپ ماڭىمىز. شۇنداق قىلساق ئاتنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى يەڭگىللىتەلەيمىز» دېگەنىدى.

كۆپ ئۆتمەي كېرىم ئاتقا قۇرۇق چەنزىدىن بىرقانچە تال سۆرىتىپ كەلدى. يىگىتلەر ھەرىكەتكە كېلىپ تۆت تال چەنزىنى ئىككىدىن بىر ـ بىرىگە ماتاپ باغلىغاندىن كېيىن يۇتىنى كېرىپ توختاتتى. ئاندىن ئىككى باشتىكى كېرىلگەن چەنزىنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇنراق چەنزىنى مىندۇرۇپ، ئۇنىمۇ ماتاپ باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن چېدىرنىڭ قۇرۇلمىسى پۈتتى.

ــ بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىدىغان بولدۇق، يىگىتلەر، قېنى چېدىرنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتايلى، ــ دېدى جاپپار ئاكا بايام يەرگە يايغان چېدىرنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ. چېدىر ناھايىتى ئاسانلا ياغاچ قۇرۇلمىنىڭ ئۈستىگە يېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن يامغۇردىن دالدىلانغىلى بولىدىغان جاي چىقتى. كېرىم بىلەن ئىرمەك چېدىرنىڭ كەينى تەرىپىنى يۆگەپ تاش بىلەن باسۇرۇپ قويدى.

ــ بۈگۈنكى كەچلىك كۆزەتچىلىك كىمگە كەلدى؟ ــ

دېدى جاپپار ئاكا چېدىر ئىچىگە نەرسە - كېرەكلەرنى كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يىگىتلەرگە بۇرۇلۇپ.
— ئىرمەك، كېرىم ۋە باققۇجىغا كەلدى، — دېدى ئېيىقتەك بەستلىك نۇراش.
— ئۇنداقتا ئۇچۇڭلار بۇگۈن بىر كىچە جاپا چېكىدىغان بولدۇڭلار. قارىغاندا يامغۇر كېچىچە ياغىدىغاندەك قىلىدۇ. يامغۇردا قالغان ئاتلار خەتەرلىك بولىدۇ. ئازراقلا غەيرىي شەپە ئاڭلىسا ئۈركۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە كۆپ يىلقىنى بىر - بىرىگە ماتاپ باغلايدىغانغا بىزدە ئۇنچە كۆپ ئارقانمۇ يوق. ئىرمەك، سەن مەسئۇل بولۇپ قولىمىزدا بار بولغان ئارقان بىلەن باشلامچى يىلقىدىن بىرقانچىنى باغلىغىن. شۇنداق قىلساق بۇنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ. ئىشقىلىپ بۇگۈن كېچە ھەممىمىزگە ئاراملىق يوق.
ئىرمەك جاپپارئاكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىككى ھەمراھى بىلەن يىلقىلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەككىز يىلقىنى ئارقانلاپ، قوزۇقـقا كۆرمەكلەپ باغلىدى. بۇ چاغدا ئاسمان گۈمبىزى قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ، يامغۇر شىددەت بىلەن سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى.
ھەرھالدا تاماق يامغۇردىن بۇرۇن يېيىلدى. ئاشپەزلىككە تەيىنلەنگەن مەمتىلاخۇن ئۇستام تولىمۇ چاققان ئىدى. ئۇ ئىش قىلغاندا قول - قولىغا، پۇت - پۇتىغا تەگمەي قالاتتى. ئۆزىمۇ پاراڭچى بولۇپ، بىلمەيدىغان ئىشلىرى ئاز ئىدى. قازاقلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ يۇرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ قازاقچە سۆزگە سۇ بولۇپ، قازاقچە ناخشىلارنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى.

ئات كۆزىتىدىغانلار رېزىنكە ئۆتۈك بىلەن يامغۇرلۇقنى كىيىپ چېدىردىن چىقتى. يامغۇر سۈيىگە چىلانغان ئاتلار خىرە - شىرە يورۇقتا شۈمشىيىشىپ تۇراتتى. بىر قولىدا سويلا، يەنە بىر قولىدا قولچىراغ كۆتۈرگەن ئىرمەك ئالدىدا ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن مىلتىق كۆتۈرگەن كېرىم، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سويلا كۆتۈرگەن باققۇچا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولۇپ، تەخمىنەن ئوتتۇز مېتىردەك چىقاتتى. كېرىم بىلەن باققۇچىنىڭ قولىدىمۇ قولچىراغ بولۇپ، ھازىر ئەتراپ تىنچ بولغاچقا ياقمىغانىدى.

يامغۇر بىر خىل سۈرئەتتە ئالدىرىماي چۈشۈۋاتاتتى. ئىرمەك قولچىراغنى بىر يەرگە توپلاشقان ئاتلارغا تۇتتۇۋىدى، ئاتلارنىڭ دۈمبىسىدىن ئېقىۋاتقان يامغۇر سۈيىنى ئېنىق كۆردى. سۇ جانىۋارلارنىڭ ئۈستىدىن چېلەك بىلەن قۇيغاندەك شۇرقىراپ چۈشۈۋاتاتتى. ئىرمەك بۈگۈن كېچىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇلار ئاخشام ئاستىغا ئاتنىڭ توقۇمىنى سېلىپ ئايدالادا ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە ياتقانىدى. دالانىڭ سالقىن ھاۋاسى تەننى بىر ئاز شۈركۈندۈرسىمۇ يەنىلا ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئىرمەك ئىككى ھەمراھىنىڭ يەڭگىل تىنىشىغا قۇلاق سالغاچ خېلى ئۇزۇنغىچە ئويغاق ياتتى. كېيىن جاپپار ئاكا بىلەن نۇراشنىڭ پارىڭىغا، تۇرسۇننىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ ئەسنىگەن ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئويغانغان چاغدا تۈن نىسپىدىن ئاشقان بولۇپ، ئاتلارنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۈچەيلەن بىردەم بىر يەرگە يىغىلسا، بىردەم تارقىلىپ تاڭنى ئاتلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىش بىلەن ئاتقۇزاتتى. بۈگۈنكى كېچە تۈنۈگۈنكى كېچىگە پەقەتلا ئوخشاشمايتتى. گەرچە ئەتراپ تىمتاس بولسىمۇ، بۇ تىمتاسلىقنىڭ ئىچىگە قانداق خەتەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئىرمەك ئاتلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىۋېتىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان قورايلىققا قاراپ قويدى. ئۇنىڭغا بۈگۈن كېچە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خەتەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قورايلىققا يوشۇرۇنغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەگەر يىرتقۇچ ھايۋانلار ئاشۇ قورايلىققا يوشۇرۇنغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئاتلارغا ھۇجۇم قىلىشى تولىمۇ ئاسان بولاتتى. ئۇ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە «جاپپار ئاكا قانداقلارچە بۇ يەرنى قونالغۇ قىلىپ تاللىدىكىنە؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئاتلار گويا يامغۇردىن بىزار بولۇۋاتقاندەك ئارىلاپ ـ ئارىلاپ پۇشقۇرۇپ قوياتتى. ئاياغ ئاستىدىكى يەر مىچىلدايتتى. تاڭ سۇزۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىرمەك ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەرمىدى. نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ چېدىرىغا قايتماي يەنىلا يىلقىلارنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن جاپپار ئاكا:

— سېنىڭ بۇ يەردە ئىشىڭ قالمىدى، چېدىرغا بېرىپ ئارام ئال، ئەتە سەھەردە يەنە يولغا چىقىمىز، — دېدى.

ئەمما ئىرمەك جاپپار ئاكىنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋابەن:

— مېنىڭ ئۇخلىغۇم يوق. سىلەر بىلەن بىرگە كۆزەتتە تۇرۇپ، يىلقىلارنىڭ كېچىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتىشىگە بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشقۇم بار.

بۈگۈنكى كېچە راستتىنلا ئالاھىدە بىر كېچە بولدى، — دېدى.

جاپپار ئاكا كۈلۈپ كەتتى:

— بۇ روھىڭ بولىدۇ، ئەمما ۋەزىپە بۈگۈن بىلەنلا تۈگەپ كەتمەيدۇ. قەشقەر دېگەن نە؟ ئالدىمىزدا نى خەتەرلىك يوللار، نى خەتەرلىك كېچىلەر بار. بولدى، كۆڭلۈڭنى چۈشەندۇق، بېرىپ ئۇخلا، — دېدى ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا.

ئىرمەك ئامالسىز ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ چېدىرغا كىردى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق چېدىرغا كىرگەن كېرىم بىلەن باقۇجا بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە ئالىلقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئىرمەك تىنىمسىقىلاپ يۇرۇپ دوپپامچىلىك چېدىر ئىچىدىن ئۆزى ئاران سىققۇدەك ئورۇن تاپتى ۋە ئىككى تىزىنى قۇچاقلىغان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى.

ھەممىدىن بۇرۇن ئويغانغان مەمتىلاخۇن ئۇستام ئىرمەككە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئەپلەپ ياتقۇزۇپ، ئۇستىدىن ئاتلىدى. يۈت قويغۇدەك يەر بولمىغان چېدىر ئىچىدە ئۇنىڭغا شۇنداق قىلماقتىنمۇ باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ چېدىردىن چىققاندا يامغۇر ئالىلقاچان توختىغان بولۇپ، پىتراۋاتقان بۇلۇتلار ئارىسىدىن يۇلتۇزلار خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەمتىلاخۇن ئۇستام يۇلتۇزلارغا قاراپ ھاۋانىڭ ئېچىلىپ كېتىدىغىنىغا ئانچە كۆپ ۋاقىت قالمىغانلىقىنى پەملىدى.

يامغۇر سۈيىگە چىلاشقان بىر كېچە مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. مەمتىلاخۇن ئۇستام دۈم كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننى تۆمۈرچىگە ياساتقان چەمبەر ئوچاققا

ئاسقاندىن كېيىن چېدىر ئىچىدىكى قۇرۇق ئوتۇندىن ئاچىقىپ ئوت ياقتى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇق ئوتۇن چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. چېدىر ئىچىدىكى يىگىتلەر ئورنىدىن تۇرغاندا تاڭ ئېتىپ، قازاندىكى سۇ ۋاراقشىپ قايناۋاتاتتى.

يامغۇردىن كېيىنكى تاغ ئىچى ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ھەممە ياق يۇيۇنۇپ باشقىچە تۈسكە كىرگەن، يول بويىدىكى سارغىيىشقا باشلىغان ئوت ـ چۆپلەرمۇ يامغۇر سۈيىگە چىلىنىپ يۇمشىغان. قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان تاغ تېكىلىرى گويا بۇ مەنزىرىگە مەپتۇن بولغاندەك يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى. خىلمۇخىل قۇشلار بەس ـ بەس بىلەن سايرىشىپ، يېڭى بىر كۈنگە تەنتەنە قىلىشاتتى. ئاسماننىڭ قەرىدە بۇركۇتلەر ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى...

ئات ئۈستىدە جايلىشىپ ئولتۇرغان مەمتىلاخۇن ئۈستام گېلىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ، ئاستا ـ ئاستا يىراقلارغا تارقالدى:

ئاسپاندا ئۇركەر ئالتاۋ، شولپان جالغىز،
ئۆمۈرگە ئۆتۈپ كەتكەن ئارماندامىز.
بارىندا ئورالىڭىنىڭ ئويىنادا كۆل،
ماڭگىلىك تۇرمايمىز بۇ جالغاندا بىز[1].
......

[1] ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ــ كۆكتە ئۈكەر ئالتىدۇر، چولپان يالغۇز، بۇ ئۆمۈر ئۆتكەنىگە ئارماندا بىز. ئۆمرۈڭنىڭ پۈرسىتىدە ئوينا ـ كۈلگىن، مەڭگۈلۈك تۇرمايمىزغۇ جاھاندا بىز.

ناخشا خۇددى دولقۇنلۇق تاغ سۈيىگە ئوخشاش بىر كۆچىيىپ، بىر پەسىيىپ ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى. بەزىدە كىشى قەلبىنى خىمىر يۇغۇرغاندەك ئۆزى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇپ، ناھايىتىمۇ ئۇزاق بىر دەۋرلەرگە ئەكېتەتتى.

— قازاقمۇ سەنچىلىك ئېيتالمايدۇ، مەمتىلاخۇن ئاكا، سەن بۇ ناخشىنى قەيەرلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغان؟ — دېدى نۇراش ھەيران بولغان ھالدا.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا جاپپار ئاكىنىڭ:

— ئاتتىن چۈشۈڭلار، مۇشۇ يەردە ئارام ئالىمىز، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەمتىلاخۇن ئۇستام ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يېتەكلەپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتمۇ مېڭىشتىن توختىدى.

— نەدىن ئۆگىنىدۇ دەيسەن، ئۇكا، قازاقتىن ئۆگەنمەمدىمەن. قاراپ باقسام مېنىڭمۇ قازاق ئارىسىدا يۈرۈۋاتقىنىمغا ئۇزۇن يىللار بولۇپتۇ. نۇرغۇن توي - تۆكۈن، نۇرغۇن ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىغىمۇ قاتنىشىپتىمەن. ساڭا دېسەم، قازاق قېرىنداشلار داستىخىنى كەڭ، ئاغىنىدارچىلىققا يارايدىغان خەلق. مۇنداق خەلقنى ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن.

— سۆزۈڭگە قارىغاندا قازاق بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئۆتتۇرىسىدا ئانچە كۆپ پەرق يوق ئوخشىمامدۇ؟

— مېنىڭچە شۇنداق. ئارىلاشساقلا بىر - بىرىمىزنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىنىشىمىزمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. مەن ناھايىتى دىققەت قىلىپ باقتىم، ئوخشاشمايدىغان يەرلىرىمىز ناھايىتى ئاز ئىكەن. مەسىلەن، كىچىككىدە قۇدا چۈشۈش، ئۇكە تاقاش، قىز مېلى ئېلىش دېگەندەكلەر.

— ئۇنداقتا سىلەردە ئۇنداق ئىشلار يوق ئوخشىمامدۇ؟ تويىنى قانداق ئۆزتىسىلەر؟
— توي ناھايىتى ئاددىي بولىدۇ. بۇرۇنلاردا ئوغۇلغا قىزنى ئاتا - ئانىلىرى تاللاپ بېرىدىغان، يەنى سىلەرنىڭ قۇدا چۈشۈشىڭلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان. ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ئوغۇل بىلەن قىز ئوبۇكتا بولغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپتىن قىز تەرەپكە ئەلچى بارىدۇ. بۇ ئەلچىلەر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، تويىنىڭ ۋاقتىنى، تويغا كېتىدىغان ئاشسۇيىنى، سويۇش مېلىنى، كىيىم - كېچەك، ئېلىم - سېلىقنى پۈتكۈزىدۇ. توي بولىدىغاندىن بىر كۈن بۇرۇن يىگىتنىڭ قولدىشى تەرەپتىن ئادەم كېلىپ يىگىتنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن يىگىت قولدىشىنىڭ ئۆيىگە ئەكېتىدۇ. تاكى قىز كۆچۈرۈلۈپ كەلگۈچە يىگىت ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەلمەيدۇ. قىزمۇ شۇنداق. قىزنىمۇ قىز قولدىشى ئۆيىگە ئەكېتىدۇ. توي قىزغىن، ئەمما ناھايىتى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزى تەرتىپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا قازاق بىلەن ئۇيغۇرنىڭ تويى ئاساسەن ئوخشاش.
— بۇنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىپ ياخشى قىلدىڭىز، ئۇستام، — دېدى نۇراش مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى رەتلىشىپ بېرىۋېتىپ، — مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغان. چۈنكى مېنىڭمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر دوستلىرىم بار. بىز توي قىلساق ئۇلارنى چاقىرىمىز. ئۇلار توي قىلسا بىزنى چاقىرىدۇ. ئىتتىپاقىمىزمۇ ناھايىتى ياخشى. بىر چاغلاردا مەنمۇ ئۇيغۇرچىنى يامان ئەمەس سۆزلەيتتىم، ئۇزۇن بولدى سۆزلىمىگەچكە ئۇنتۇپ كەتتىم.

— قولۇڭدىكى ئىشىڭنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىزگە قازاقچە ناخشىدىن بىرقانچىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى باققۇجا مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ قولىدىكى چېلەكنى ئېلىپ، — قازاقچە ناخشىنى باشقا مىللەتنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا ئادەمنى ھاياجانغا چۆمدۈرۈۋېتىدىكەن.

— ئارقا ئىشىكنى كۆپرەك قىلساڭ مەمتىلاخۇن ئۇستام ساڭا قازاقچە ناخشا ئېيتىپ بېرىپلا قالماي يەنە رۇستەمى داستاننى ئېيتىپ كېچىچە ئۇخلاتمايدۇ.

كېرىمنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سېنىڭمۇ شۇنداق قىلمىغىنىڭنى بىر كۆرەي، — دېدى باققۇجا چېلەكنى پۇلاڭلاتقىنىچە سۇغا كېتىۋېتىپ، — ئۆزئارا ياردەم دېگەن مانا مۇشۇ.

ئوتتۇرىسىنى كەڭ جىلغا بۆلۈپ تۇرىدىغان بۇ يەرنىڭ قارشى تەرىپى تۈزلەڭلىك بولۇپ، قاتار - قاتار تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەردىن تولغىنىپ چىقىۋاتقان كۆك ئىس خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن كۆك ئەجدىھادەك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئىككى قوزۇق ئارىسىغا تارتىلغان ئارغامچىغا قاتار باغلانغان بايتاللار سېغىلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. كۈننىڭ تەپتى سەل بوشىغاندەك قىلغان بىلەن يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. يايلاق مەنزىرىسى ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

— مانا بۇ ئاخىرقى مەھەللە. ئۇنىڭ بۇياقىدا ئادەملەر ناھايىتى شالاڭ ئۇچرايدۇ. شۇڭا سىلەر بۇ يەردە ماللارغا قارىغاچ دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار. مەن ئۇياققا ئۆتۈپ ئازراق ئۇششاق - چۈششەك سېتىۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي. تەلىيىڭلار ئوڭدىن كېلىپ قالسا بىرەر بوتۇلكا ھاراقمۇ

سىتىۋېلىپ قالامدىم تېخى، — دېدى جاپپار ئاكا ئاتقا مىنىۋېتىپ.
— ماڭا سەرەڭگە كېرەك ئىدى، يېنىمدا سەرەڭگە قالماپتۇ، — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭ كەينىدىن توۋلاپ.
— ماڭا ئازراق شېكەر ئالغاچ كەل، — دېدى كېرىممۇ شۇنىڭغا ئۇلاپلا.
— شېكەرنى نېمە قىلىسەن؟ سەن يا خوتۇن كىشى بولمىساڭ شېكەر يەيدىغانغا؟ — دېدى نۇراش بىردىنلا كېرىمنىڭ چىشىغا تېگىپ.
— ئىشىڭنى قىلە، — دېدى بۇ گەپ بىلەن چىرايى ئۆزگەرگەن كېرىم ئۇنىڭغا دوق قىلىپ، — شېكەرنى بۇيرۇسام مەن بۇيرۇدۇم، ساڭا نېمە دەز كەتتى؟
— نېمىدەپ دەز كەتمىگۇدەك، — دېدى نۇراشمۇ ئېيىقتەك بەستىنى سەل - پەل مىدىرلىتىپ قويۇپ، — هازىر شېكەر بېلەتلىك. بېلىتىڭ بولمىسا قىممەتكە سېتىۋالىسەن. خىيالىڭدا بۇ پۇللارنى ئاسماندىن چۈشتى دەپ قالدىڭمۇ؟
— ئالدىڭغا پۇل سوراپ بارمىغاندىن كېيىن ئىشىڭنى قىلە.
— گەپ قىلمىسام گېپىڭ يوغانغۇ سېنىڭ، يەنە تېخى «ئالدىڭغا پۇل سوراپ بارمىغاندىن كېيىن» دەيسەنغۇ؟
ئاچچىقتىن چىشلىرى گەز - گەز بولغان نۇراش ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى. كېرىممۇ مەيدىسىنى كېرىپ چالۋاقاپ كەتتى.
— دېسەم قانداق قىلاتتىڭ؟ قارىسام نەچچە كۈندىن بېرى مەن بىلەنلا قالدىڭ. خىيالىڭدا مېنى كۆكەرمىلىك قىلسام قورقۇپ قالىدۇ دەپ قالغان ئوخشىمامسەن. ئاڭلاپ قوي، قولۇڭدا چەيلىنىپ خېمىر بولۇپ كەتسەممۇ

ساڭا يېلىنىدىغان كېرىم دۇنياغا كەلمىدى. ئېيىققا ئوخشاش ئالچاڭشىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى قاندىاق قىلاي.

تۇرسۇن تۇتۇۋالغان نۇراش جېنىنىڭ بارىچە يۇلقۇندى:

— مېنى قويۇۋەت، ئۇ پىت يەيدىغان قوتۇرنى تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام نۇراش بولماي كېتەي.

— پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ سۆزلە، پىت يەيدىغان قوتۇر دەپ سېنى دېسە بولىدۇ. پىت يېمىگەن بولساڭ شۇنداق سەمرىيەلەمتىڭ؟

— بولدى قىلىشساڭ بولامدۇ، نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق بۇ،— دېدى قازان بېشىدىن يېتىپ كەلگەن مەمتىلاخۇن ئۇستام ئاچچىقلانغان هالدا،— سىلەرنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ قاراپ بېقىڭلار بۇ ئاسمان ـ پەلەك تاغلارغا. قاراپ بېقىڭلار ئالدىمىزدا سوزۇلۇپ ياتقان ئەگرى ـ بۈگرى يوللارغا. قاراپ بېقىڭلار باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان ئاتلارغا. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە قاراشلىقمۇ. خەتەرلىك يوللاردىن بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆتىمسىلەرغۇ؟ ئىتتىپاق بولۇشنىڭ ئورنىغا قىلىپ يۈرگەن ئىشىڭلارنى قارىمامدىغان. مۇشۇنداق بىر ـ بىرىڭلار بىلەن سوقۇشۇپ يۈرسەڭلار سەپىرىڭلار قانداقسىغا ئوڭۇشلۇق بولىدۇ؟

مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ سۆزى بىلەن ئىككىيلەن جىمىپ قېلىشتى.

— دېمىسىمۇ شۇنداققۇ،— دېدى باققۇچا كېرىم بىلەن نۇراشقا قاراپ قويۇپ،— ئۆيدىن چىققىنىمىزغا بىرنەچچە كۈنلا بولدى. مەمتىلاخۇن ئۇستام دېگەندەك

خەتەرلىك يول تېخى ئالدىمىزدا. كىچىككىنە ئىشلارنى دەپ بىر ـ بىرىمىزنى رەنجىتسەك قانداق بولىدۇ؟ شىكەر بولسا نېمە بوپتۇ، بولمىسا نېمە بوپتۇ. بۇ قېتىمقى كەمچىلىك ھەر ئىككىڭلاردىن ئۆتتى.

— باققۇجا توغرا دەيدۇ. كەمچىلىك ھەر ئىككىڭلاردىن ئۆتتى. نۇراش، سېنىڭ تەرگەيدىغان يولۇڭ يوق ئىدى. مەيلى ئەرزان ئالسۇن، مەيلى قىممەت ئالسۇن ئۇ دېگەن شەخسىي ھېساب. ھەرگىزمۇ چوڭ قازاننىڭ ئىشى ئەمەس. بۇ ئىشقا كەلگەندە سەن كىرىمدىن كەچۈرۈم سورىشىڭ كېرەك!— دېدى تۇرسۇن گەپنى ئۇدۇل قىلىپ.

— نېمىدەپ كەچۈرۈم سورىغۇدەكمەن؟ ھەممىڭلار بىلىسىلەر، بىز يولغا چىققاندىن بېرى ئۆزئارا چاقچاق قىلىشىپ كېلىۋاتىمىز. ئارىمىزدا نى ـ نى ئېغىر چاقچاقلار بولدى. ھېچكىم بىلەن ھېچكىم سوقۇشۇپ قالمىدى. بۈگۈن مەنمۇ شۇ قاتاردا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ قويسام، خۇددى ئوقۇرۇق تەگكەن موزايدەك چىچاڭشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن نېمىدەپ كەچۈرۈم سورىغۇدەكمەن. كەچۈرۈم سورىغۇسى كەلسە ئۇ ئاۋۋال سورىسۇن. كىم ئۇنى نوچىلىق قىلسۇن دەپتۇ،— دېدى نۇراش غۇدۇڭشىپ.

— ھەي، كىم نوچىلىق قىپتۇ؟ چاقچاقمىش، چاقچاق قىلىشنى بىلمىگەندىن كېيىن كۆتۈگىنى قىسىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟

ئاران پەسلىگەن جېدەل بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆچىيىپ كەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە خۇددى چۈجە خورازدەك ھۈرپىيىشىۋاتقاندا جاپپار ئاكا كېلىپ قالدى.

— ھە نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ ئەتراپتىكىلەرگە ھەيرانلىق ئىچىدە. ئىرمەك بولۇنغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

— قاراڭلار قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى. خۇددى بۇرۇن بىر - بىرىڭلارنى بىلىشمەيدىغاندەك، سەپەرداش، يولداش تۇرۇپ ئۇيالمىدىڭلارمۇ؟ بۇ تۇنجى قېتىملىقى بولغاچقا كەچۈرۈۋېتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنە مۇشۇنداق جېدەل قىلسا ئۇنى قوشۇندىن قوغلاپ چىقىرىمەن. مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن كېرىم بىلەن نۇراش تەييارلانسۇن. ئىككىسى چېلىشىشقا چۈشىدۇ. كىم يىقىلسا شۇ يىقىتقان ئادەمدىن كەچۈرۈم سوراپ قول ئېلىشىدۇ.

جاپپار ئاكىنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قاراشتى. بۇمۇ بولىدىغان ئامال ئىدى. بۇنداق بولغاندا كوت - كوتلارمۇ بېسىلىپ، ئوغۇل بالىلىق ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلاتتى.

— شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟ — دېدى تۇرسۇن بىر ئاز دېلىغول بولغان ھالدا، — قاراڭە، نۇراشنىڭ ئەلپازىغا.

— بولمايدىغان ھېچ ئىش يوق، — دېدى كېرىم بېلىگە بەلبېغىنى مەھكەم باغلاپ. ئۇنىڭ تۇرقىدىن غەزەپكە كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇ چېلىشىشتا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېرىمنىڭ يېڭىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىسمۇ، لېكىن نۇراشنىڭ بەستىگە قاراپ ئىككىلىنەتتى.

چېلىشىش باشلاندى. نۇراش يەرگە مەھكەم دەسسىۋالغاچقا كېرىم ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى مىدىرلىتالمىدى. نۇراش راستتىنلا كېرىمنى كۆزگە ئىلمايۋاتاتتى. بۇنداق ھەرىكەت بىرقانچە قېتىم

تەكرارلاندى. ئۇلارغا قاراپ جىددىيلەشكەن مەمتىلاخۇن ئۇستام ئىچىدە «ھەي كىرىم، ھەي كىرىم، نۇراش بىلەن چىلىشىمەن دەپ سەتلىشىپ يۇرگىچە كەچۇرۇم سوراپ قۇتۇلساڭلا بولماسمىدى. كەچۇرۇم سورىغانغا ئادەمنىڭ بىر يېرى كەم بولۇپ قالاتتىمۇ. بۇنداق چىلىشىشنى مەن كۆپ كۆرگەن. سەن ئۇنى ئورنىدىن قوزغىتىمەن دەپ ھالىڭدىن كەتكەندە ئۇ سىېنى شاپىدە تۇتىدۇ ـ دە، كۆتۇرۇپ يەرگە ئۇرىدۇ» دەپ پىچىرلىدى.

دېمىسىمۇ كىرىم نۇراشنىڭ ئالدىدا يولۋاس ئالدىدىكى قويدەك تۇراتتى. ھەريەر ـ ھەريەردىن كەلگەن بۇ يىگىتلەر مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئازراق ئەسرا بولۇشقان بولسىمۇ بىر ـ بىرىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىگەندى.

چىلىشىش خېلى بىرھازاغىچە داۋاملاشتى. ئىرمەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتلارغا قاراپ قويدى. ئاتلار باش كۆتۇرمەي ئوتلاۋاتاتتى.

نۆۋەت ئەمدى نۇراشقا كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىگە خاس بولمىغان بىر خىل چاقىقانلىق بىلەن كىرىمنى «كاپپىدە» تۇتۇپ، يەردىن يۇلۇۋالدى. بۇنى كۆرگەن باشقىلار «كىرىم ئەمدى تۈگەشتى» دەپ ئويلىدى. نۇراشنىڭ قولىدىكى كىرىم خۇددى دادىسى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن بالىغا ئوخشىشىپ قالغانىدى. نۇراش ئۇنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە شۇنداق ئۇرغان ئىدى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزىگە كىرىم يەرگە كىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بىراق كىرىم يەرگە كىرىپ كەتمىگەندى. يانپىشى يەرگە تېگەيلا دەپ قالغاندا مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن بىر قولىنى يەرگە تىرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ھاسىراپ كەتكەن

نۇراش ئۇنى يىقىتتىمغۇ دەپ بىخۇدلىشىپ قالغانىدى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان كېرىم ئىتىلىپ كەلگىنىچە نۇراشنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ كەتتى ۋە چاقماقتەك تېزلىك بىلەن چارپۇتلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرمىگەن نۇراش يەرگە خۇددى سۇۋادان تېرەكتەك «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى. غەلىبە كېرىمگە مەنسۇپ بولدى. كېرىم بېرىپ ئۇنى يۆلىگەندە نۇراش كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنى كەچۈرگىن، سەن راستتىنلا قالتىس ئىكەنسەن، — دېدى.

چۇشلۇك تاماق تولىمۇ كۆڭۈللۈك يېيىلدى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا بىر خىل شادلىق تەپچىپ تۇراتتى. بىردەملىك كۆڭۈلسىزلىك ئۆتۈپ كېتىپ، سەپەرداشلار بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كەلگەندە، ئىتتىپاقلىقنىڭ، دوستلۇقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىكىنى ھەممەيلەن ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

— مانا سەن بۇيرۇغان شېكەر، مانا بۇ سەن بۇيرۇغان سەرەڭگە. ھاراق ئالاي دېسەم ھاراق يوق ئىكەن. بولتۇر بولىدىغان. بۇ يىل راستتىنلا يوقمۇ ياكى بولسىمۇ بەرگۈسى كەلمىدىمۇ ئىشقىلىپ ھاراق ئەكېلەلمىدىم، — دېدى جاپپار ئاكا ئاتقا مىنىشنىڭ ئالدىدا كېرىم بىلەن تۇرسۇنغا ئامانىتىنى بېرىپ، — سىلەرگە تاپىلايدىغان يەنە بىر سۆز، ئەمدىكى يول ئانچە ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ كۆپ. خەتەرگە تولغان يولنىڭ تەگدىن تولىسى مۇشۇ ياقتا. شۇڭا ئىدىيىدە ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار. بەلكىم بەزى يەرلەردە بىرقانچە كۈن قازان ئاسالماسلىقىمىز مۇمكىن. شۇڭا يانچۇقىڭلارغا نان سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭلار. ھەرقانداق

ۋاقىتتا ھوشيار بولۇڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ ھوشيار بولۇش ـ بولماسلىقىڭلار بىز ھەيدەپ ماڭغان ئاتلارنىڭ بىخەتەر يەتكۈزۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئەمىسە ئاتلىنىڭلار.

ھەممەيلەن ئۈن ـ تىنسىز ئاتقا مىندى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى ئانچە كۆپ بېسىلمىغان ئۇزۇن يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق جاپا ـ مۇشەققەتلىك بىرقانچە كۈننى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قىيالىرى ئاسمانغا تاقاشقان بىر جىلغىغا يېتىپ كەلدى. جىلغا ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈنگۈدەك دەرىجىدە جىمجىت بولۇپ، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىكەن، ــ دېدى ئەڭ ئاخىرىدا مەمتىلاخۇن ئۇستام بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ئىرمەك باش كۆتۈرسە دوپپىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك ئېگىز چوققىغا قاراپ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى مەمتىلاخۇن ئۇستام ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، ــ بۇ تېخى ئادەتتىكىسى. مەن بۇلتۇر ئات ھەيدەپ مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان. بىرىنچى قېتىم مېڭىشىم بولغاچقا نېمىشقىمۇ كەلگەندىمەن دەپ پۇشايمانمۇ قىلغان. ئۇ يىلى يامغۇر ـ يېشىنمۇ كۆپ بولدى، قارمۇ بالدۇر چۈشۈپ كەتتى. بىرمۇنچە باللار زۇكامداپ، بۇرۇنلىرى چۈۋۈلۈپلا كەتتى. بىرىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ بىر كېچە جۆيلۈپ چىقتى.

ــ ئۇنداقتا تازا جىددىيلەشكەنسىلەر. كېيىن قانداق قىلدىڭلار؟ ــ دېدى ئىرمەك مەمتىلاخۇن ئۇستامغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— قانداق قىلاتتۇق؟ دورا ئىچكۈزدۇق. قولىمىزدىن كېلىدىغان ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق. دورا پايدا قىلدىمۇ ياكى خۇدا شىپالىق بەردىمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇلار ياخشى بولۇپ قالدى. بۇنداق يەردە ئاغرىپ قېلىشنى خۇدايىم بەندىسىگە كۆرسەتمىسۇن. بۇرۇن بۇ يولدا ھاڭدىن ئۇچۇپ ئۆلگەنلەرمۇ بولغانىكەن. دېمەكچىمەنكى، يول ئىنتايىن خەتەرلىك. قاتتىق دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ سۆزى بىلەن ئىرمەكنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ھازىر ئۇلار كېتىۋاتقان بۇ يولمۇ خەتەرلىك ئىدى. مانا ئەمدى مەمتىلاخۇن ئۇستام بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك يولنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بېشارەت بەردى.

يول بىردە ئۆرلىسە، بىردە پەسلەيتتى. ئۇلار قۇرام تاش ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن بىر قىيانىڭ ئۇستىگە چىقتى. بۇ يەردىن قارىغان ئادەمگە پۈتۈن جاھان تاغلار بىلەن توشۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. ئىرمەك ئۆمرىدە نى - نى خەتەرلىك يوللاردا، ھاڭلاردا ماڭغان بولسىمۇ، ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان مۇنداق يولدا مېڭىپ باقمىغانىدى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا ئەتىسى چۈشكە يېقىن يەنە بىر ھاڭغا يېتىپ كەلدى. تۆۋەندە ئۇلۇغ سۇ گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتاتتى. سۇ تەرەپكە سوزۇلغان يول قۇياش نۇرىدا كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ يولغا چۈشكەن ئاتلار كەينى ئايىغىنى ئاۋايلاپ باساتتى. سۇ بويىغا چۈشىدىغان تىك قىيا خەتەرلىك بولۇپ، ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولاتتى. نېرىقى تەرەپتىن كەكلىكلەرنىڭ تاغ ئىچىنى بېشىغا كىيىپ سايرىغان

ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىرمەكنىڭ سۇ بويىغا چۈشكىچە پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. خەتەرلىك يول تۈگىگەندىن كېيىن ھەممەيلەن يەڭگىل نەپەس ئېلىشتى. ئاتلارمۇ ئازابلىق يول بولۇپ توغرا كەلگەندەك تاشتىن - تاشقا ئۈرۈلۈپ ئېقىۋاتقان مۇزدەك سۇغا تۇمشۇقىنى تىقىپ سۇ ئىچىشتى. ئاتلار ھەر قېتىم سۇ ئىچىپ بېشىنى كۆتۈرگەندە ئاغزىدىن سۇ تامچىلايتتى. ئىككى قولىقىنى يوپۇرغان ئىرمەكنىڭ ئېتى ئىگىسىگە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەرمەكچى بولغاندەك ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قاراپ قويىدى. ئىرمەكمۇ خۇددى ئۇنى نائۇمىد قويغۇسى كەلمىگەندەك، ئات قارىغان تەرەپكە بېشىنى بۇراپ قارىدى. سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا ناھايىتى كۆپ تاغ ئۆچكىلىرى ئوتلاپ يۈرەتتى. ئىرمەك تاغ ئۆچكىلىرىدىن سەل نېرىدىكى تاش ئۈستىدە ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان تاغ تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزىنى ئېنىق كۆردى.

# توققۇزىنچى باب

— ئاۋۇ يەرگە چۈشەيلى،— دېدى جاپپار ئاكا قولى بىلەن ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆرسىتىپ،— كەچ كىرسە بۇنىڭ بۇ ياقىدا قونالغۇ قىلغۇدەك يەر يوق، ئەمما سۇدىن ھازىر ئۆتمەيمىز،— ئۇ شۇنداق دەپ تۇرسۇنغا بۇرالدى، ئاندىن مۈرىسىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى،— قاپتالدا نۇرغۇن تاغ ئۆچكىلىرى ئوتلاپ يۈرىدۇ. سەن دېگەن ئەسكەر بولغان ئادەم. سۇدىن ئۆتۈپ تاغ ئۆچكىسىدىن بىرنى ئات. ياخشىسى تېكە بولسۇن. سەن ئوق چىقارغىچە بىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمىز.

تۇرسۇن قېلىن چاتقاللار دالدىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن تاغ ئۆچكىلىرىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن مىلتىقنى قولىغا ئالدى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدىن «شۇنداق قىلىش قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى

تاغ ئۆچكىلىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاتلارغا، ئادەملەرگە قاراپ قويغاندىن كېيىن ئوتلاشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار تاغ ئىچىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى غەمسىز ياشاۋاتقاچقا، ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خەۋپنى سەزمەيتتى.

ئىرمەك تۇرسۇننىڭ سۇدىن ئۆتكىنىگە، ئاندىن ئاتنى بىر تۈپ چاتقال تۈۋىگە باغلاپ، چاتقالنىڭ كەينىگە ئۆتكىنىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئۇمۇ بىرچاغلاردا

دادىسىغا، تاغنىسىغا ئەگىشىپ ئوۋغا چىققانىدى. گەرچە ئوۋچىلىق جاپالىق ئىش بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭۈللۈك ئىدى. بولۇپمۇ قارىغاي ئاستىدا، ئۆڭكۈر ئىچىدە قېلىن جۇۋىغا ئورىنىپ يېتىش، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان ئېلىك گۆشىنى يېيىش شۇنداق كۆڭۈللۈك ئىدىكى، بۇ ئىشلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ ئېسىدىن كەتمىگەنىدى.

«پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تاش ئۈستىدىكى تاغ تېكىسى دومىلاپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن جاپپار ئاكا:

— ماڭايلى، — دېدى ئورنىدىن قوزغىلىپ. ئاتلار سۇغا كىردى. نۇرغۇن ئاتنىڭ ئايىغىدىن چاچرىغان سۇ تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ كەتتى. ئاتلار بىردە تۇمشۇقىنى سۇغا تىقسا، بىردە پۇشقۇرتۇپ سۇدىن ئۆتتى. بۇ چاغدا تۇرسۇن تاغ تېكىسىنى كۆتۈرگىنىچە چاتقاللىقنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلدى.

— پاھ! — دەۋەتتى نۇراش تۇرسۇننىڭ يەلكىسىدىن تاغ تېكىسىنى ئېلىۋېتىپ، — كاساپەت سېمىزلىكىدىن تېرىسىگە پاتماي قاپتۇ. بۈگۈن بۇ يەردە ماي چايىنىغۇدەكمىز، ئاغىنىلەر.

— سەنمۇ مۇشۇ تاغ تېكىسىدىن قالمىغۇدەك دەرىجىدە سېمىز، شۇنداق تورۇقلۇق كەچكىچە قورساقنىڭلا جېدىلىنى قىلىدىكەنسەن، — دېدى باققۇجا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.

— قارىغاندا سەن باققۇجىنىڭ قوشۇنىدىن ھەيدەلگۈدەك كەلگەن ئوخشايدۇ ـ ھە؟ باشلىق بىزگە چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئاللىقاچان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولغان. شۇنداقمۇ، باشلىق؟

جاپپار ئاكا كۈلۈۋەتتى ۋە:

— شۇنداق. باققۇجىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشىنى

ساڭا تاپشۇردۇم. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ يۈرمىگىن، — دېدى.
بۇ سۆز بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.
— بوپتۇ، باشلىقنىڭ يۈزى، مەن سېنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىماي، ئەمما سەن بۇ تېكىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويىسەن.
جايىدا قىلىنغان بۇ گەپ بىلەن باققۇجىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالدى.
ئۇلار چۈشكەن جىرانىڭ ئىچى كەڭ بولۇپ، قاپتاللىرى بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغانىدى. ئاتلار پۇشقۇرغىنىچە قاپتال بويلاپ ئوتلاپ يۈرەتتى.
— بەربىر تېكىنىڭ گۆشى ئۇلگۈرمەيدۇ، شۇڭا چۈشتە چاي ئىچىپ، گۆشنى كەچكە قالدۇرايلى، — دېدى جاپپار ئاكا ئارىسالدى بولۇپ قالغان مەمتىلاخۇن ئۇستامغا قاراپ قويۇپ. مەمتىلاخۇن ئۇستام بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپ قازان بېشى تەرەپكە ماڭدى. باققۇجا نوراشنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تاغ تېكىسىنى سويۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭغا ئىرمەك بىلەن كېرىم ياردەملەشتى. چېلەك كۆتۈرۈپ سۇغا ماڭغان تۇرسۇن چاتقال ئارىسىدىن ئوتۇن سۆرەپ چىقىۋاتقان نوراشقا قاراپ قويدى. ئۇلار سەپەرگە چىققاندىن بېرى مانا مۇشۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ئۆزلىرى تېپىپ قىلىۋاتاتتى.
چاي قاينىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ يىگىت تاغ تېكىسىنى سويۇپ بولدى.
— ئىسىت، — دېدى باققۇجا ئۆزى تۇلۇمچىلاپ سويغان تاغ تېكىسىنىڭ تېرىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئۆيدە

بولغان بولسا قانداق ئېسىل چاناش بولاتتى ـ ھە؟ قاراڭلار بۇنىڭ يوغانلىقىغا.

ــ شۇنى دېمەمسەن؟ شۇنداق ياخشى نەرسىنى تاشلاپ كەتمەكتىن باشقا ئامال يوق، ــ دېدى كىرىم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

ــ قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ماڭا ياردەملىشىڭلار، ــ دېدى تۇرسۇن ئىرمەك بىلەن باققۇجىنى يېنىغا چاقىرىپ، ــ ماڭا سان گۆشىدىن توغراپ بېرىڭلار، ھۇنىرىمنى ئىشقا سېلىپ سىلەرگە بىر كاۋاپ قىلىپ بېرەي. تاغ تېكىسىنىڭ سان گۆشىدە كاۋاپ بەك ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەممىسىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. تۇرسۇن كاۋاپقا ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن چاي ئىچكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرسۇننىڭ ياغاچ زىخقا ئۆتكۈزگەن كاۋىپىنى ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئەتراپنى كاۋاپنىڭ مەزىلىك ھىدى بىر ئالدى.

ــ كاۋاپ پىشۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئۇستا ئىكەنسەن، بۇ ھۈنەرنى نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغانىدىڭ؟ ــ دېدى مەمتىلاخۇن ئۇستام كاۋاپنى ئىشتىھا بىلەن چاينىغاچ.

ــ ئەسكەرلىكتە ئۆگەنگەن، ئۇستام. ئەسكەر بولغان ئادەم ھەممىگە پىشىدىغان گەپكەن. بىزنىڭ بەنجاڭ ھەر قېتىم سىرتقا ۋەزىپە ئۆتىگىلى چىققاندا كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر كاۋاپدىنى بولىدىغان. ئۇنىڭ پىشۇرغان بېلىقلىرىمۇ تاڭلايدا قالىدىغان. مەن بۇ ھۈنەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن.

ــ شۇ، قارىسام پىشقان كاۋاپچىغا ئوخشاش پىشۇرۇپسەن بۇ كاۋاپنى. بولمىسا كەچتە گۆش

پىشۇرىمىز دەپ يۇرمەي، تېكە گۆشىنىڭ ھەممىسىنى كاۋاپ قىلىۋېتەمدۇق - يە؟— دېدى تۇرسۇننىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا كېرىم.

— كاۋاپنى جىق يېسە بولمايدۇ. كاۋاپ دېگەننىمىچۇ سېغىنغاندا يەيدىغان نەرسە،— دېدى كېرىمنىڭ سۆزىگە دەرھال ئىنكاس قايتۇرغان جاپپار ئاكا،— گۆشنىڭ كاۋاپقا لايىق يېرىنى ئېلىپ قويۇپ ئەتە كاۋاپ قىلايلى. قالغان قىسمىنى قازانغا سېلىپ كەچتە قورساقنى راسا بىر تويدۇرايلى. مەن تاغ تېكىسىنىڭ شورپىسىنى ئىچىشكە ئامراق.

— باشقىلار ئۆچكە گۆشى يەل، قىرىق يىللىق يەلنى قوزغايدۇ، دەيدىكەن. شۇنداق تۇرسا سىز ئۇنىڭ شورپىسىنى ئىچسىڭىز زىيان قىلمامدۇ؟— دېدى ئىرمەك ھەيران بولغان ھالدا.

— باشقىلار شۇنداق دەيدىكەنغۇتالڭ. ئەمما مەن تاغ تېكىسىنىڭ شورپىسىنى ئىچسەم شۇنداق يەڭگىللەپ قالىمەن. بەلكىم بۇمۇ مىجەزگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. مەسىلەن، بەزى ئادەملەر بار ئەتكەنچاي ئىچمىسە ئاغرىپ قالىدىغان.

— نەق گەپ،— دېدى خېلىدىن بېرى سۆز قىلماي ئولتۇرغان نۇراش بىردىنلا مىدىرلاپ،— بىزنىڭ بىر قوشنىمىز بولىدىغان، ئايالىدىن تىل ئاڭلاپ تۇرمىسا ئاغرىپ قالىدىغان. ئۇ بىچارە ئايالى تويغا كەتسە ياكى ئۆيدە بولسىمۇ ئۆزىگە قارايدىغانغا چولىسى تەگمەي قالسا ئىنجىقلاپ، ۋاي - ۋايلاپ ئاغرىپلا قالاتتى. ئايالىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ بولۇشىغا تىل سالاتتى. ئۇ ساقىيىپ قالاتتى.

نۇراشنىڭ سۆزى بىلەن ئەتراپتىكىلەر كۈلۈپ كېتىشتى.

— ما پونى كۆرۈڭ، — دېدى كۆزىدىكى ياشنى سۈرتكەن باققۇجا، — نەدىن تاپتىڭ بۇ يالغاننى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنىڭغا ئوخشاش قاملاشقان يالغاننى پەقەتلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. تىل ئاڭلىمىسا ئاغرىپ قالىدىغان ئىشنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم.

نۇراش باشتا باققۇجىنىڭ سۆزىگە سەل ـ پەل تېرىكتى. كېيىن باشقىلارنىڭ كۈلۈپ كۆزىدىن ياش چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزى توقۇپ چىققان يالغان سۆزنى ئىسپاتلاشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى.

— ئاڭلىسام سەن بۇ قېتىم قەشقەرگە ئۆيلەنگىلى مېڭىپسەن، شۇنداقمۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى قايسى كۈنى شۇ توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئۇلار سېنى خىجىل بولمىسۇن دەپ بۇ گەپنى يۈزۈڭگە سالمايۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ ئادەم سوراشقا تولىمۇ ئەپسىز ئىش. مەنمۇ نەچچە قېتىم ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلاي دەپ ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما پېتىنالمىدىم، — دېدى كېرىم ئىرمەك بىلەن يالغۇز قالغاندا. ئىرمەك خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن تولىمۇ تەس كۈنگە قالغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— كەچۈرگىن، — دېدى كېرىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بولدى، بۇ گەپنى سورىمىغان بولاي.

— ئولتۇرغىن، نەگە ئالدىرايسەن، — دېدى ئىرمەك بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەسلىدىمۇ بۇ بىر رېئاللىق. دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست. شۇنداق بولسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر مۇشۇ سۆز چىقسىلا يۈرىكىم يىغىنە

سانجىغاندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ، بەلكى بۇمۇ ئۆزۈمنى ئۆزۈم پەس كۆرۈشتىن پەيدا بولغان بىر خىل كەيپىيات بولسا كېرەك، چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە شۇنداق ئادەم،— ئىرمەك ئېغىر خورسىندى. كېرىم لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۇنىڭ سۆزىگە ئۈن - تىنسىز قۇلاق سېلىپ تۇراتتى،— مېنىڭ قەشقەرگە ئايال ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىم راست. ئەمەلىيەت قانداق بولىدۇ، بۇنى بىلمەيمەن. مەيلى بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقسۇن ياكى چىقمىسۇن ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. چۈنكى بۇ بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. رىزقى قوشۇلمىسا باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ بىكار.

— شۇنداقتىمۇ سەۋەب قىلىش كېرەك - دە. ئاڭلىسام كېلىپ چىقىشىڭ يۇقىرى بولغاچقا مۇشۇ كۈنگە قالغانىكەنسەن. بىز تەرەپتىمۇ شۇنداق، ئەمما ئەھۋال سىلەر تەرەپتىكىدەك ئۇنداق ئېغىر ئەمەس،— دېدى كېرىم بىر پەستىن كېيىن سۆز قىلىپ.

— بەلكىم شۇنداقتۇر. ساڭا دېسەم، بىز دېگەن يەتتە ئوغۇل. مەن بالىلارنىڭ چوڭى. ئارىمىزدا بىرمۇ قىز يوق.

— ئەمدى چۈشەندىم. بىز خەققە نىسبەتەن يەتتە ئوغۇلنىڭ يۈكىمۇ ئاسان ئەمەس. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ ئۆيگە كەلگەن كېلىن چوقۇم ھەر كۈنى يەتتە جاننىڭ نېنىنى يېقىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇشى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. بۇنداق ئائىلە مەھەللىدىكى غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ غاجايدىغان ئوبيېكتى. بەلكىم ئۇلار سىياسىي بىلەن مۇشۇ ئىشنى ئۆزئارا يۇغۇرۇپ، سېنىڭ ئالدىڭغا ئاتلاپ ئۆتۈش قىيىن بولغان داۋان ياسىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سەن بۇ

قېتىم قانداقلا بولمىسۇن بۇ داۋاندىن ئاتلاپ ئۆتۈشۈڭ كېرەك. بىلىپ تۇرىمەن، بۇ ساڭا ئاسان چۈشمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئامال قىلىپ مەقسىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇر. ماڭا ھاجىتىڭ چۈشىدىغان ئىش بولسا ھەرگىز تارتىنىپ يۈرمە. ياردىمىمنى ئايىمايمەن.

كېرىمنىڭ سۆزلىرى ئىرمەكنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۆتتى. دىمىسىمۇ غەيۋەتچى خوتۇنلارغا ئامال يوق ئىدى. ئاشۇ خوتۇنلارنىڭ كاساپىتىدىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار تاپقان لايىقلار يېنىپ كەتكەنىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىنمۇ ئىرمەكنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ يۈردى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ھامان ئۆزى توغرىسىدىكى چىگىچ خىياللار ئەلەڭگۈپ يۈرەتتى. جاۋابىنى تېپىش قىيىن بولغان «نىمە ئۈچۈن» دىگەن سوئاللار يۈرىكىنى مۇجۇپ، ئارامىنى بۇزاتتى. ئويلا ـ ئويلا ئۇ ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كەلدى. مەيدە يانچۇقىدىكى تىكىلگەن خەت بىلەن گۇڭشېنىڭ يېزىپ بەرگەن ئىسپاتىنى سىلاپ قويۇپ، يەڭگىل نەپەس ئالدى.

كۈن پېتىش ئالدىدا تۇراتتى. قاپتالدا ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلار تويغان بولسا كېرەك ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

— نىمە، مىجەزىڭ يوق ئوخشىمامدۇ؟ قاچاڭدىكى تاماقنىمۇ يېمەپسەن؟ — دېدى مەمتىلاخۇن ئۇستام ئىرمەككە بويۇنداپ قاراپ، — مەن دېدىمغۇ، بۇنداق يەردە ئاغرىپ قالساڭ بولمايدۇ، دەپ. قېنى دىگىنە، نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟

ئىرمەك تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بۇ ئادەمگە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىدى ـ دە:

— كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، ئۇستام. ھېچ

نەرىم ئاغرىغىنى يوق. كۆزىڭىزگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتسام كېرەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاخشام دادام بىلەن ئاپام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، — دېدى.

— ئۇنداقتا قاچاڭدىكى تاماق شۇ پېتىچە تۇرىدىغۇ؟ — دېدى مەمتىلاخۇم ئۇستام ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي.

— چۈشتە كاۋاپ بىلەن قورساقىمنى تويدۇرۇۋاپتىكەنمەن. شۇڭا كەچكى تاماق دېگەندەك ئۆتمىدى. بەلكىم ياتارغا يېقىن يەۋېتىشىم مۇمكىن.

— ئۇنداقتا مەيلى. بىزدە «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەن گەپ بار. خىجىل بولۇپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەس. سەپەر ئۇزۇن، يول يىراق. ھەرگىز بالىلىق قىلىپ سالمىغىن. ئۆينى سېغىنىش بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بۇنىڭلىق بىلەن تاماق يېمىسەڭ بولمايدۇ.

ئىرمەك قايىللىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. قىزىق، بايا دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ سۆزىنى چىقىرىۋىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دادىسى بىلەن ئاپىسى كېلىۋېلىپ، ئۇلارغا بولغان سېغىنىشى كۈچىيىپ كەتتى. ئانا ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ «ئوبدان بالام، ھەرگىز روھىڭنى چۈشۈرمە. ھۆكۈمەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلاپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەل. بىز كېلىنىمىزنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتۈۋاتىمىز» دېگەندەك قىلدى.

بۇ يەردە ئوتۇن جىق ئىدى، شۇڭا بىرنەچچەيلەن ئوتۇن يىغىپ گۈلخان يېقىشقا، يەنە بىرنەچچەيلەن چېدىر تىكىشكە مەسئۇل بولدى. تاغ ئىچىنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، ئۆتكەنكى يامغۇردىن كېيىن

ئۇلار ئىمكانىيەت يار بەرسىلا چىدىر تىكمىۋاتاتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئىككى گۇرۇپپا تەڭلا ھەرىكەتكە كەلدى.

— گۈلخان يېقىلىپ ياخشى بولدى،— دېدى كىرىم خۇشال ھالدا،— گۈلخان يېقىلسا ئاتلارمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، بىزمۇ خاتىرجەم بولىمىز. چۈنكى بۆرىلەر ئوتتىن قورقىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىدىن قارىغاندا بۆرىلەرنىڭ ئۇۋىسىدەك قىلىدۇ. سەن قىيادىن چۈشۈۋېتىپ بۆرىلەرنىڭ ھوۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم،— دېدى ئىرمەك ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن يىغقان ئوتۇنلىرىنى باغلاۋېتىپ،— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلخان يېقىلسا ئاتلارنى كۆزەتمەكمۇ ئاسان بولىدۇ. مەن گۈلخان يېقىپ ئولتۇرۇشنى بۇرۇندىن ياخشى كۆرەتتىم. گۈلخاننىڭ يالقۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە ھەممە ياق يورۇپ كېتىدۇ دېگىنە.

ئىرمەك بىلەن كىرىمنىڭ مىجەزى ئۆزلۈكىدىنلا كېلىشىپ قالدى. ئۇ ئىككىسى دائىم دېگۈدەك بىرگە بولاتتى، ئىشنىمۇ بىرگە قىلىپ، كۆزەتتىمۇ بىرگە تۇراتتى. گەرچە باققۇچا كۆزەتتە بىرگە بولغىنى بىلەن باشقا ۋاقىتتا كۆپرەك تۇرسۇننىڭ يېنىدا بولاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرسۇننىڭ مىجەزى ئېغىر بولۇپ، ئادەتتە ئانچە كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئەمما باققۇچا بىلەن بىرگە بولۇپ قالسا ئىككىسىنىڭ سۆزى تۈگىمەيتتى.

چىدىر تىكىلىپ نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى چىدىر ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا، گۈلخان يېقىلىپ، گۈلخاننىڭ يالقۇنى تاغ ئىچىنى

يورۇتۇۋەتتى. بىر يەرگە توپلاشقان ئاتلار بۇنىڭدىن ھەيران بولغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمان ــ پەلەك كۆتۈرۈلگەن گۇلخان يورۇقىغا قارىشىپ قويىاتتى.

ــ بۇياققا كېلىڭ، مەمتىلاخۇن ئۇستام،ــ دېدى جاپپار ئاكا قازاننى چېدىر يېنىغا دۆم كۆمتۈرگەن مەمتىلاخۇن ئۇستامنى يېنىغا چاقىرىپ،ــ ياتىدىغانغا ۋاقىت تېخى بالدۇر ئەكەن. بىزگە قازاقچە ناخشىلاردىن ئېيتىپ بېرىڭ. مەن سىز ئېيتقان قازاقچە ناخشىلارغا ئاشىق بولۇپ قالدىم.

يىگىتلەرنىڭ قاتارىغا كېلىپ ئولتۇرغان مەمتىلاخۇن ئۇستام قولىنى پەرتۇقىغا سۈرتتى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ تاماق چوڭلاردىن كەلگىنى بىلەن كۈچ كېتىدىغان بۇنداق ئىش ياشلاردىن كەلسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىمىزدا قازاق يىگىتلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلار تۇرغان يەردە ماڭا نېمە كەپتۇ،ــ دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلار چۇۋۇلداپ كەتتى:

ــ ئالدى بىلەن سىز ئېيتىڭ، ئۇستام. چوڭلار باشلىسا كىچىكلەر ئاخىرىنى چۇشۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟

ــ قازاقچە ناخشىنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىغۇمىز بار؟

ــ ئوراش توغرا دەيدۇ. سىز قازاقچە ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىكەنسىز ئەمەسمۇ؟

ــ مۇشۇ كۈنلەرمۇ غەنىيمەت. كېيىنكى كۈنلەردە بىز دائىم: «ھەي، مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ ئېيتقان ھېلىقى ناخشىلىرى» دەپ سىزنى ياد ئېتىپ تۇرىمىز. خاتىرە ئۈچۈن بولسىمۇ بىزگە ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى

كۆرىدىغان خەلق ناخشىلىرىدىن بىرقانچىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

مەمتىلاخۇن ئۇستام گېلىنى قىرىپ قويدى، ئاندىن يىراقلارغا كۆز تىككىنىچە ناخشىسىنى باشلىدى.

ئەسىك ئالدى قاراغان،
تامىرى جەرگە تاراغان.
ئايلانايىن جان ئاكەم،
قاباغىما قاراغان[1].
......

ناخشا تۈگىدى. ھەممەيلەن قىزغىن ئالقىش سادالىرى بىلەن مەمتىلاخۇن ئۇستامغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈردى.

— ئۇستام، سىز ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەنسىز، — دېدى نۇراش ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا، — شۇ تاپتا سىزنى ئۇيغۇر دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. مەن سىزگە قول قويدۇم. مەنمۇ بىر قازاق. قازاق بولغىنىم بىلەن ناخشىنى سىزگە ئوخشاش ھەقىقىدا يەتكۈزۈپ ئېيتالمايمەن. سىزگە كۆپ رەھمەت.

— ماختىغىنىڭلارغا رەھمەت. ئۇيغۇر بىلەن قازاق ئەزەلدىن قېرىنداش. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماڭا ئوخشاش قازاق ئارىسىدا چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇر قازاقچە ناخشىنى ئېيتالمىسا قانداق بولىدۇ. ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتالايدىغان قازاقلارمۇ ئاز ئەمەس.

---

[1] ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى — ئىشىك ئالدى قارىغان، يىلتىزى يەرگە تارىغان، ئۆرگۈلەي جان ئاتا، رايىمغا زەپ قارىغان.

مەمتىلاخۇن ئۇستام سۆزىنى تۈگىتىپ كۈلدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر خىل سەممىيلىك، ئادەمنى قايىل قىلىدىغان ھەقىقەت چىقىپ تۇراتتى.

گۈلخان چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. ئالىقانچىلىك بولۇت بولمىغان ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئاتلارمۇ خۇددى ناخشىدىن مەست بولغاندەك بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ جىمجىت تۇرۇشاتتى.

— قازاقنىڭ ئۆلىڭىنىمۇ ئاڭلىدۇق، ئاغىنىلەر، — دېدى كېرىم گۈلخانغا ئوتۇن تاشلاپ، — ئەمدى ئۇيغۇرنىڭ ناخشىسىدىنمۇ ئاڭلىمايلىمۇ. باشقا مىللەتنىڭ ناخشىسىنى بۇنچىلىك ئېيتقان مەمتىلاخۇن ئۇستام ئۆز مىللىتىنىڭ ناخشىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئېيتىدۇ ھەرقاچان.

ئۇنىڭ سۆزى ھەممەيلەنگە مايدەك ياقتى.

— مەن بۇ سۆزنى جان ـ دىلىم بىلەن قۇۋۋەتلەيمەن. مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىپ بېرىشىدە چاتاق يوق، ئەمما ھازىر ۋاقتى ئەمەس. ئۇ كىچىككىنە ئارام ئېلىپ تەييارلىق قىلىۋالسۇن. مۇشۇ ئارىلىقتا تۇرسۇن بىزگە ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىك ھاياتىدىن ئازراق سۆزلەپ بەرسە قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى باققۇجا.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ بولدى. مەن بۇ تەكلىپكە يۈزدە يۈز قوشۇلىمەن، — دېدى نۇراش قولىدىكى تاياق بىلەن گۈلخاننى قوچۇپ. ئۇنىڭ قوچۇشى بىلەن گۈلخان يالقۇنى ئەتراپنى يەنە بىر قېتىم يورۇتۇۋەتتى.

— يولداشلار شۇنداق دەۋاتقاندىكىن، بوپتۇ، مەن گازارما تۇرمۇشىدىن ئازراق سۆزلەپ بېرەي، — دېدى

تۇرسۇن چوڭقۇر تىنىپ،— بىر بەن، بىر پەي، بىر لىيەن بىر پۇتۇن گەۋدە. گازارما تۇرمۇشىنىڭ ماڭا ھەممىدىن بەك ياققان يېرى كوللېكتىۋىزملىق روھ. گازارما دېگەندە سېنىڭ، مېنىڭ بولمايدۇ. جەڭچىلەرنىڭ بىرەرى ئاغرىپ قالغۇدەك بولسا ھەممە جەڭچى ئۇنىڭ ئۇستىدە تىك تۇرىدۇ. گازارما دېگەن ئۇ بىر ئائىلىي مەكتەپ. گازارمىدا تەربىيەلىنىپ چىققان ھەربىر جەڭچىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش بولمايدۇ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تۇرسۇننىڭ سۆزىنى نۇراش بۆلدى:

— ئۇنداقتا سەنمۇ بوش ئادەم ئەمەس بولدۇڭغۇ؟ تاغ تېكىسىنى ئاتقان ۋاقتىڭدىلا مەن بۇنى سەزگەن. شۇنچە سەگەك جانىۋارنى بىر پاي ئوق بىلەن دومىلىتىۋەتتىڭ. دېگىنە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ھۈنەرلىرىڭ بار؟

— ھۈنىرىنى بىلمەكچى بولساڭ ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ باق ياكى مۇشتلىشىپ باق. شۇ چاغدىلا بىلەلەيسەن،— دېدى باققۇجا نۇراشنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— بىلىمەن،— دېدى نۇراش باققۇجىغا ئالىيىپ،— ئەسكەر بولغان ئادەم ئەلۋەتتە بۇنداق ئىشلارغا پۇختا بولىدۇ. مېنىڭ دەۋاتقىنىم باشقا ئىشلار.

— نېمانداق گېپىڭ تولا، سېنىڭ؟— دېدى باققۇجا يەنە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ،— مەرگەنلىكىنى كۆردۇڭ. چېلىشىشتا، مۇشتلىشىشتا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلدىڭ. ئۇ پىشۇرۇپ بەرگەن كاۋاپنىمۇ يېدىڭ. ئۇنىڭ تولىمۇ سالماق ئىكەنلىكىنى مەن دېمىسەممۇ بىلىسەن. ئۇنداقتا سەن زادى نېمە دېمەكچى؟ ياكى ياغاچچىلىق، تامچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ماشىنىچىلىقمۇ قولۇڭدىن كېلەمدۇ، دەپ سورىماقچىمۇ؟

باقۇجىنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. نۇراشنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن تۇرسۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەشىق، يېتىپ ـ قوپۇش، يېمەك ـ ئىچمەك، قورال ـ ياراغلارنىڭ تۈرى، مۇھەببەت، نىكاھ، تۇزۇم، تەمىنات قاتارلىقلار توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ــ پاكىز كىيىنىپ، رەتلىك يۈرۈشۈڭ بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە،ــ دېدى جاپپار ئاكا ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ،ــ تۇرسۇن راست دەيدۇ. گازارما دېگەن بىر ئالىي مەكتەپ. ئۇنىڭدا تەربىيەلىنىپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى يارامىلىق ئادەملەر. قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ، مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە قايسىڭلار كىر ـ قات يۇيالايسىلەر؟ كېسىپ ئېيتالايمەنكى، تۇرسۇندىن باشقا ھېچقايسىمىز يۇيالمايمىز. كىر ـ قات يۇيۇشنى ئايالالارنىڭ ئىشى، نومۇسلۇق ئىش دەپ قارايمىز. كىر ـ قات يۇيۇش راستتىنلا شۇنداق نومۇس ئىشمۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس. بىز خۇراپاتلىقنىڭ پاتقىقىغا بېلىمىزگىچە پېتىپ كەتكەچكە شۇنداق قارايمىز. شۇنداق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاپىمىزغا، ھەدە ـ سىڭىللىرىمىزغا، ئۆزىمىز ياخشى كۆرۈپ نىكاھىمىزغا ئالغان ئاياللىمىزغا ئىچىمىز ئاغرىمايدۇ. بىكار يۈرسەك يۈرىمىزكى، ھەرگىز ئۇلارغا ياردەملەشمەيمىز. شۇڭا مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھېچقايسىمىز تۇرسۇنغا يەتمەيمىز.

جاپپار ئاكىنىڭ سۆزى بىلەن ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمدى. ئىرمەك بىردىنلا ئاپىسىنى ئەسلەپ قالدى. بىچارە ئانا ئەتىدىن كەچكىچە ئۆينىڭ ئىشى بىلەن

بولۇپ، ئۇھ دېگۈدەك ھالى قالمايتتى. ئۆيدە شۇنچە كۆپ ئەركەك بولسىمۇ ئايال كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشى دەپ ياردەممۇ قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ بىچارە ئانا ئازراقمۇ ۋايسىماي ھەممە ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىلىپ تۈگىتەتتى.

— مېنىڭچە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئاز كۈن ئۆتمەي بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇ چاغ كەلگەندە ئاياللار ئازادلىققا چىقىپ، خۇراپاتلىق كىرىدىغانغا تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ. جاپپار دېمەكچى مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى تۇرسۇندىن ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالغان. بابا يولداشلار مېنىڭدىن ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مەن ھازىر شۇ تەلەپنى ئورۇنلاپ بېرەي،— دېدى مەمتىلاخۇن ئۇستام جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئاندىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ ناخشىسىنى باشلىدى:

ئالمىدىن رەڭلىك ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.
ئوت يېنىمدا ئوت كۆيەدۇ،
سول يېنىمدا ئىشتىياق.

ئىشتىياقنى تارتىتارتا،
ھېچبىر مادارىم قالمىدى.
روچىۋىندەك سارغىيىپ،
ئۇچارغا ھالىم قالمىدى.

روچىۋىن بولسا كىشى،
ئۇچسا قاناتىنى سوزۇپ.

بۇ يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
ئۆز يارىدىن ئۆمىد ئۈزۈپ.

ناخشا تۈگىدى. ناخشىنىڭ كۈچىدىن چوڭقۇر خىيالغا پاتقان يىگىتلەر خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. قازاق ناخشىسى ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىنى قانداق چەككەن بولسا، ئۇيغۇر ناخشىسىمۇ شۇنداق چەككەنىدى. ناخشىدىكى سىمۋوللاشقان روھ، سىمۋوللاشقان مۇھەببەت ئادەمنى ھەقىقەتەن ئويغا سالاتتى. مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاجايىپ چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمدۈرەتتى.

# ئونىنچى باب

شۇنداق قىلىپ ئات ھەيدىگەن يەتتە ئادەم ئاخىرى ئەڭ خەتەرلىك يول بۆلىكىگە يېتىپ كەلدى. پەقەت بىر لا ئات سىغىدىغان يىلان باغرى يول ئۆلارنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. سول تەرەپ تېگى كۆرۈنمەيدىغان ھاڭ، ئوڭ تەرەپ قورام تاشلاردىن تەركىب تاپقان قاپتال. تاماق ئېتىپ يېيىش ئەمەس، ئاتلارنى يېيىلدۈرغۇدەكمۇ ئىمكان يوق.

ــ «ئالۋاستى جىلغىسى» دېگەن مانا مۇشۇ،ــ دېدى جاپپار ئاكا ھەمراھلىرىغا چۈشەندۈرۈپ،ــ ھەركىم ئىككى كۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئۆزى ئېلىۋالسۇن. ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى ئاتلارغا ياخشى قارىسۇن. بۇنىڭ بۇياقى خەتەرلىك يول بۆلىكى. يۈك چۈشۈرۈپ، يۈك ئارتقۇدەك ئىمكانىيەتمۇ يوق. شۇڭا تۈرمۇشقا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەرنى ھەممىمىز لايىقىدا بۆلۈشۈپ ئاستىمىزغا سېلىۋالىمىز. ئىككى كۈن ئاتلارمۇ، ئادەملەرمۇ كۆرمىگەن كۈننى كۆرۈپ، تارتمىغان جاپالارنى تارتىدۇ. ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا كۈنىمىز تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. بۇ مېنىڭ سىلەرنى قورقۇتقىنىم ئەمەس. قالغىنىنى سەپەر ئۈستىدە بىلىسىلەر.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئاشخانىغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەر تەقسىم قىلىنىپ ھەربىر ئادەمگە تېگىشلىك نەرسىلەر بۆلۈپ بېرىلدى. ئىرمەك ئۆزىگە تەگكەن

ئىككى خالتا ئۇننى تەڭلەپ ئاستىغا سالدى. چېدىر بىر ئاتقا ئارتىلىپ، قازان بىلەن ماي يەنە بىر ئاتقا تەڭلەندى. سەپنىڭ ئالدىدا جاپپار ئاكا ماڭدى. ئاتلار بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بۇ بەش گۇرۇپپىغا بەش ئادەم مەسئۇل بولدى. ئىرمەك ھەممىنىڭ كەينىدە ئۆزىگە بۆلۈنگەن ئاتلارنى يېتىلەپ ماڭدى.

يول ماڭغانسېرى تىكلىشىپ، بەزى ئايلانمىلاردىن ئايلىنىپ ئۆتكۈچە ئادەمنىڭ يۈرىكى سىيلىپ كېتەتتى. يول ھەقىقەتەنمۇ خەتەرلىك بولغاچقا، ئاتلار ئاياغلىرىنى ئاۋايلاپ ئالاتتى.

ئىرمەك كېتىۋېتىپ پات - پات كەينىگە قاراپ، ئاتلارنىڭ سانىنى تۈگەللەپ قوياتتى. ئاتلار خۇددى ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى بىلگەندەك باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە كېلىۋاتاتتى.

«ياپىر، نېمىدېگەن خەتەرلىك يول،— دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئىچىدە،— ئىيە خۇدا، مۇشۇ خەتەرلىك يول بۆلىكىدىن ئۆتىۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلغىن!»

ئۇنى ھەممىدىن بەك ئەنسىرىتىدىغىنى يەنىلا يامغۇر ئىدى. ئەگەر پەۋقۇلئاددە يامغۇر يېغىپ قالغۇدەك بولسا بۇ يولدا مېڭىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى يول سەللا تېيىلغاق بولسا ئادەمنىڭمۇ، ئاتلارنىڭمۇ مېڭىشى تەسكە توختايتتى. بىر ئات تېيىلسا، بىر - بىرىگە چېتىلغان ئاتلارنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايتتى. شۇڭا چوقۇم يامغۇر توختاپ، يول ئەكچىگەندە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

ئىرمەك ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ناھايىتى زور بىر سىناق ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دادىسىنىڭ شوجىسى توقۇلۇپ كەتكەندەك ۋە بەرگەن ۋەدىسى يەنە بىر قېتىم ياڭرىغاندەك بولدى.

— توختاڭلار!

بۇ جاپپار ئاكىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن پۈتۈن سەپ ئۆز جايىدا مىدىرلىماي تۇردى.

— تۇرسۇن، باققۇجا، بۇياققا كېلىڭلار. يولنى قاپتالدىن چۈشكەن تاش توسۇۋاپتۇ. ئۇنى يۆتكىۋەتمىسەك بۇ يەردىن ئۆتەلمىگۈدەكمىز.

تۇرسۇن بىلەن باققۇجا ئالدى تەرەپتە ئىدى. شۇڭا ئۆزى يېتىلىگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدىدىكى ئاتنىڭ قۇشقۇنىغا باغلاپ ئالدىغا ئۆتتى. قورام تاش يولنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇلار بىرلىشىپ تاشنى تولىمۇ تەستە ھاڭغا دومىلاتتى. تاشنىڭ دومىلىشىدىن ھاسىل بولغان دەھشەتلىك ئاۋاز تاغ ئىچىنى بىر ئالدى.

مۇشەققەتلىك سەپەر داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ كۈنى قۇرۇق نان يەپ، سۇدانىدىكى سۇنى ئىچتى. بىر قېتىم تاغدىن دومىلىغان تاشنىڭ ۋەھىمىسىدىن يۈرەكلىرى جىغىلداپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، تاش ئۇلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن دومىلىدى. بولمىسا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

كەچ كىردى. پۈتۈن سەپ مېڭىشتىن توختاپ، ئارام ئېلىشقا بۇيرۇلدى. ئاتلار ئۆرە تۇرۇپ ئۇگدەۋاتاتتى. بىر كۈن ئاغزىغا گىياھ چاغلىق نەرسە سالمىغان جانىۋارلار ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە شۈكلەپ كەتكەنىدى. ئىرمەك مۇزدەك قورام تاشقا يۆلىنىپ، قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن تاغ ئىچىگە قۇلاق سالدى. تاغنىڭ ئىچى ئىمتاس بولۇپ، قۇلاققا ھېچقانداق غەيرىي شەپە

ئاڭلانمايتتى. ئۇلارنىڭ تەلپىگە ياغمۇر ياغمىدى. ئاسمان ئادەمنى خوش قىلىپ تولىمۇ ئوچۇق تۇراتتى. سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار كۆكتە جىمىرلاپ، ئۇلارنىڭ خۇشلۇقىغا ئورتاقلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئىرمەك ئويلىنىپ قالدى. ئۇ روشەن بەرگەن خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن قانداق قىلىشىنى بىلمەيتتى. سۆز دېگەننى دېمەك ئاسان. سۆز بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بولىدۇ. ئەگەر روشەننىڭ دوستى بۇ ئىشقا ئېتىبارسىز قارىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ نەگە بېرىپ، كىمدىن ياردەم سورىغۇلۇق؟ مەمتىلاخۇن ئۇستامدىن ياردەم سورىسىچۇ؟ ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىدا گەپ يوق. بىراق بۇمۇ تازا ئەپلەشمىگۇدەك. چۈنكى مەمتىلاخۇن ئۇستامدا ئۇنىڭ ئىشىغا يول مېڭىپ بىر باشقا ئاچىققۇدەك ۋاقىتمۇ يوق. ئۇ ئالدىراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئىش چېچىدىن تولا.

ئىرمەك ئېغىر خورسىنىپ قويدى. يولدا كەلگۈچە يولداشلىرى بىلەن گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ كەلگەچكە، يالغۇزلۇق ئۇنى قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقتەك خىيال دېڭىزىغا سۆرەپ كىرىۋاتاتتى. ئۇ توساتتىنلا «روشەننىڭ دوستى تاپىدىغان لايىق قانداقراق ئايالدۇ؟ ئەگەر كۆرۈمسىز، يۈزلىرىنى چوقۇر باسقان ئايال بولۇپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى. ئارقىدىنلا يەنە «سەن نېمانداق ئەخمەق؟ سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يەپتۇ، دەپ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ؟» دەپ كوتۇلداپ قويدى. زىددىيەتلىك خىياللار ئۇنىڭ ئارامىنى قويمايۋاتاتتى.

ئۇ مانا مۇشۇنداق خىياللارنى قىلىپ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى. نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا تاڭ ئاتقانىدى.

— تېزرەك ناشتا قىلىڭلار، — دېدى جاپپار ئاكا كۆپچىلىككە ۋارقىراپ، — كۈننىڭ مۇشۇنداق ۋاقتىدا خۇدا ئۇرغان بۇ جايدىن چىقىپ كېتەيلى.

— ناشتىنى كېتىۋېتىپ قىلساقمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن تۇرسۇن، — بۇ يەردىن جاق تويدۇم.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى نۇراش ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — ئىچىم بەكلا سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ يەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئالۋاستى جىلغىسى ئىكەن.

ئىرمەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان ئەينەككە ئوخشاش سۈزۈك ئىدى. خەتەرگە تولغان يولدا بىرنىڭ كەينىگە بىرى تىزىلغان ئۇزۇن سەپ خۇددى تاشپاقىغا ئوخشاش ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. جىمجىتلىققا چۆككەن جىلغا ئىچىدىن پەقەت ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق كېتىۋېتىپ، تاغ باغرىدىن چۇشۇۋاتقان چار يىلاننى كۆرۈشتى. يىلان شۇنچىلىك چوڭ ئىدىكى، بىلمىگەن ئادەم بىر ئېرىق سۇ چۇشۇۋاتامدىكىن دەپ قالاتتى. يىلان ئادەملەرنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. كېيىن بولسا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ باشقا ياققا بۇرالدى. بۇنىڭ بىلەن مۇرىسىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ ئۇلگۇرگەن تۇرسۇن يېنىك نەپەس ئالدى.

ئىرمەك مال بېقىۋېتىپ نۇرغۇن يىلانلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئوخشاش يوغان، قورقۇنچلۇق يىلاننى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ يىلان ئەمەس، خۇددى بىر ئەجدىھاغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ سۇرىدىن ئادەمنىڭ

تېنى شۇركۇنەتتى. ئىرمەكنىڭ ئېسىگە بىردىنلا قايسىبىر شائىرنىڭ «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەن سۆزى كەلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ جايىدا ئېيتىلغان سۆز ئىدى. ئۇ بۈگۈن راستتىنلا كۆرمىگەننى كۆردى. بۇنىڭ بۇياقى يەنە نېمىلەرنى كۆرىدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

— ئارام ئالايلى، — دېدى جاپپار ئاكا خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۈنلۈك توۋلاپ، — ھەممىدىن بەك ئاتلارغا ئۇۋال بولدى. يەنە ئازراق غەيرەت قىلساق ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئارام ئالغۇدەك يەرگە يېتىپ بارىمىز. بۇ قېتىم ھەرھالدا تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ يامغۇر ياغمىدى. قېنى يىگىتلەر، قورساقنى تويدۇرۇڭلار. مۇشۇ باھانىدە ئاتلارمۇ ئازراق سەگىۋالسۇن.

كۈن قايرىلىشى بىلەن پۈتكۈل تاغ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق بېسىشقا ئالدىرايتتى. كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان بۇ قاراڭغۇلۇق تاغ چوققىسىدىن، جىلغا ئىچىدىن، تاغنىڭ كامارلىرىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، ھەممە ياقنى ئاستا ـ ئاستا يالماپ يۇتۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئىرمەك ئۆز يۇرتىدا مال بېقىۋېتىپ ياكى سەپەرگە كېتىۋېتىپ پۈتۈن ئەتراپنىڭ مانا مۇشۇنداق گۇگۇم ئىچىدە بىر خىل سېھرىي تۈس ئېلىپ خىرەلىشىۋاتقانلىقىغا قاراشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق مەنزىرىدە ئۇ خۇش بولۇپلا قالماي ئۆزىنى يېنىك سېزەتتى، ئەمما بۇ يەردە بولسا ئۇنداق ئەمەس. بولۇپمۇ مانا مۇشۇ يول بۆلىكىدە. چۈنكى بۇ يول بۆلىكىنىڭ قاراڭغۇسى خۇددى بۈگۈن كۆرگەن چاريىلاندەك سۈرلۈك

ھەم دەھشەتلىك ئىدى. بۇ خىل ئوي ھازىر يالغۇز ئىرمەكتىلا ئەمەس. كىرىممۇ ئەنە شۇنداق خىيالدا ئىدى.

كىرىم بىر خىل ناچار كەيپىيات ئىچىدە خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن قاپتالدىن بۆرتۈپ چىققان تاش ئۈستىگە ئولتۇردى. يانچۇقىدىكى ناننى ئېلىپ چاينىغاندىن كېيىن، سۇداندىن بىرقانچە يۇتۇم سۇ ئىچتى. ئۇ قولىدىكى نانغا ئەلەم بىلەن قاراپ قويدى.

ئۇ ئاغزىغا سالغان ئاخىرقى بىرپارچە ناننى يۇتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئەمما تۇرالمىدى. ئۇ ئۆزى ساپساق بولۇپ، ھېچقانداق غەيرىي ئاغرىقنى سەزمەيتتى، لېكىن ئورنىدىن تۇرالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا ئويلاشقىنىمۇ جۈرئەت قىلغىلى بولمايدىغان قورقۇنچ ئىگىلەپ، ئاغزىدىن «ئىرمەك!» دېگەن سادا چىقىپ كەتتى. ئىرمەك يېتىپ كەلگەندە ئۇ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى يۇمۇلغان ھالەتتە تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئۇنىڭ ھالىنى كۆرگەن ئىرمەك ئەنسىز ئاۋازدا. كىرىم كۆزىنى ئېچىپ ئىرمەكنىڭ قولىدىن تۇتتى ۋە يەنە بىر قېتىم تۇرۇشقا تەمشەلدى، بىراق تۇرالمىدى.

— ھازىرلا ساپساق ئىدىم، نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن، ئورنۇمدىن تۇرالمايۋاتىمەن.

ئىرمەك چۆچۈپ كەتتى. خىيالىدىن كەچمىگەن ئىشلار كېچىپ، ئۇنىڭمۇ ئاغزىدىن «جاپپار ئاكا!» دېگەن سادا چىقتى. كىرىمنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن يۈرەكنى جىغىلداتقۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئىدى.

— شامالدارىپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى

مەمتىلاخۇن ئۇستام ئۇنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسىلىپ.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى جاپپار ئاكا ئەنسىز ئاۋازدا. مەمتىلاخۇن ئۇستام كېرىمنىڭ يانپىشىنى، تىزىنى، ئوشۇقىنى مىجىپ كۆردى. كېرىمدە سېزىم يوق ئىدى.

— ھازىرچە بۇنىڭغا ئامال يوق. ئەپلەپ - سەپلەپ ئۇنى ئالىۋاستى جىلغىسىدىن ئاچىقىپ كېتەيلى. شامالدارىش بەزىدە قاتتىق جىددىيلەشكەنلىكتىنمۇ بولىدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭ مىجەزى سوغۇققا مايىل بولسا كېرەك. شۇنداق بولسا تېكە گۆشى زىيان قىلغان گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يولدا ھېلىقى چار يىلاننى كۆردۇق. بەزى ئادەمنىڭ تېنى بۇنداق نەرسىلەرگە بەكلا سەزگۈر كېلىدۇ. قورقۇپ كەتكۇدەك ئىش يوق. ئۇنى كەڭرى مەيدانغا ئاچىقىپ چۇمكەپ قويساقلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ قولىدىن شۇ تاپتا پەقەت مۇشۇلا كېلەتتى. ئۇ كېرىمنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ شۇنداق دەپ قويدىمۇ ياكى شۇنداق قىلسا ياخشى بولۇپ قالامدۇ بۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىلھام ئالغان نۇراش:

— ئۇنداقتا كېرىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ جاپپار ئاكىنىڭ ئېتىغا مىندۈرەيلى. شۇنداق قىلساق ئىچى سىقىلىشتىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلۇپ قالىدۇ، — دېدى ۋە ئېيىقتەك بەستىنى ئېگىپ كېرىمنى دەس كۆتۈردى. يول ئىنتايىن تار بولغاچقا، ئاتلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قاتتىق ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا نۇراشقا

ھېچكىم ياردەم بېرەلمىدى. ئۇ كېرىمنى كۆتۈرۈپ پەم بىلەن مېڭىپ سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزدى. تاغ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېلىۋاتاتتى.

— بولدى، ھەرقايسىڭلار ئۆز ئورنۇڭلارغا بېرىڭلار، — دېدى جاپپار ئاكا ئاتقا مىنگەن كېرىمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، — دەرھال يولغا چىقىمىز.

كېرىم بىر خىل خىجىللىق ئىلكىدە نۇراشقا «ساڭا كۆپ رەھمەت» دېدى. بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان ھەقىقىي سۆز ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆتۈرۈلگەن ھاياجاننى ھېچكىم تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ تۇنجى قېتىم نۇراشنىڭ ئاغزىدا گۇر - گۇر قىلغىنى بىلەن كۆڭلىنىڭ تۈزلۈكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ، ئۇنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئويلاپ ئازابتىن تولغىنىپ كەتتى. دوستلۇق دېگەن قانداق ياخشى - ھە؟ كونىلار «ھەقىقىي دوست باشقا كۈن چۈشكەندە سىنىلىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن.

كېرىمنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. جاپا - مۇشەققەتكە تولغان سەپەر ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپلا قالماي يەنە چىن دوستلارغا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى...

كېرىمنىڭ توساتتىن ئاغرىپ قېلىشى بىلەن ھەممەيلەننىڭ يول ئازابىغا بولغان ئەندىشىسى تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالۋاستى جىلغىسىدىن تېزرەك چىقىپ كېتىدىغان ئىستەك ئىگىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھەربىر سوقماقلاردىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتەتتى. پات - پات بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇدادىن

يامغۇرنىڭ ياغماسلىقىنى، ئالدىرىماي قاراڭغۇ چۈشۈشىنى تىلەيتتى. كىرىمنى يۆلەپ كېتىۋاتقان جاپپارئاكىمۇ قارا تەرگە چۆمگەن هالدا پات ـ پات ئۇنىڭدىن هال سوراپ قوياتتى. گەرچە كىرىم ئىككى پۇتىدا جان بولمىسىمۇ پۇتۇن غەيرىتىنى يىغىپ، ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئېگەرنىڭ بېشىنى تۇتقان قولى ئېگەر بېشىغا كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، جاپپارئاكىنىڭ كۆيۈنۈپ قىلغان سوئاللىرىغا «ئەنسىرەپ كەتمەڭ، جاپپار ئاكا، مەن بەرداشلىق بېرەلەيمەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا جاپپارئاكىنىڭ قەلبى هاياجانغا تولۇپ، كىرىمنىڭ قەيسەرلىكىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولاتتى.

ئۇلار كۆپ يېتىپ، پۈتۈن ئەتراپ كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرىغا چۆمگەن بىر پەيتتە ئالۋاستى جىلغىسىدىن چىقتى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئادەمنى هاياجانغا سالىدىغان تۈزلەڭلىك، يۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان گۈزەل مەنزىرە يېيىلىپ ياتاتتى. ئىككى كۈن ئاچلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاتلار بولۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرۈش بىلەن تەڭ خۇددى تۇياقلىرى جايىغا مىخلىنىپ قالغاندەك ئوتلاشقا كىرىشىپ كەتتى. يىگىتلەر كىرىمنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، يۇمشاق ئورۇنغا ياتقۇزغاندىن كېيىن مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلىن يېپىندۇرۇپ چۈمكەپ قويدى. ئۇلارنىڭ هازىرقى بىردىنبىر غېمى ئۇنىڭ تېزرەك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشىدە قالغانىدى.

— يېڭى گۆش بولغان بولسا كىرىمگە شورپا سېلىپ

بەرگەن بولساق ياخشى بولاتتى،ــ دېدى مەمتىلاخۇن ئۇستام ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان جاپپارئاكىغا قاراپ،ــ بولسا ئۇچار قانات گۆشى بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

بۇ گەپ بىلەن سەگەكلەشكەن جاپپار ئاكا قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. كەينى تەرەپتىكى تاغدىن قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى.

ــ ئۇلار؟!

جاپپار ئاكا بىردىنلا گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئېگىز تاغ چوققىلىرىدا ياشايدىغان خاسىيەتلىك قۇش بولغاچقا، كۆڭلىدە كېرىم ئۇلارنىڭ شورپىسىنى ئىچسە چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن ئوي پەيدا بولۇپ، تۇرسۇننى دەرھال ئۇلار ئېتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئىرمەك تۇرسۇنغا ھەمراھ بولۇپ بىللە ماڭدى.

ــ ئاڭلىسام سەن قەشقەرگە ئۆيلىنىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپسەن. يەنە ئاز كۈندە ئىشىمىز تۈگەپ ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭىمىز. بەلكىم ساڭا ياردەم بېرەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. مەيلى قانداق ئەھۋالغا يولۇقما، بۇ نىيىتىڭدىن ۋاز كەچمە. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىنتايىن تىرىشچان. قولىدىن كەلمەيدىغىنى يوق. چۈنكى ئۇلار شەھەر تۇرمۇشىغا پىششىق. شەھەر دېگەندە ھەممە نەرسىنى پۇلغا سېتىۋالىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە ئوخشاشمايدۇ. بىز كەڭرى جاھانغا ئۆگىنىپ قالغان خەق. شۇڭا بەزى جەھەتتە ئۇلارغا يەتمەيمىز،ــ تۇرسۇن كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازى

كىلىۋاتقان تاغ چوققىسىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ ئۇرۇمچىدە ئوقۇغان بىر تۇغقىنىمىز بولىدىغان. كېيىن ئۇ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ئاقسۇ تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇ يەردە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، پەرزەنتلىك بولدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئۇيغۇر. ھەر ئىككىلىسى خىزمەتچى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىگە قارىغاندا بىللە ئوقۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىنىڭ بىر قىسمى توي قىلىپ شۇ يەرلىك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇيغۇردىن ئايال ئالغانلارمۇ بار ئىكەن، ئۇيغۇرغا تەگكەنلەرمۇ بار ئىكەن. مەن ئۇ تۇغقىنىمىزنىڭ ئايالىنى كۆرگەن. شۇنداق قاملاشقان، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئايال. مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بارغانلاردىن بىرقانچىسى شۇ ياقتىن ئۆيلىنىپ، ئايال ئەكەلدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، قەشقەر يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىكەن. ئۇلاردا بىزگە ئوخشاش قىز مېلى بولمىغاندىن كېيىن، ئۆيلىنىشكە قۇربى يەتمەي يۈرگەن ئاغىنىلەر ئاسانلا ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. بىر قوشنىمىز بولىدىغان، ھاراق دېسە دۈم چۈشىدىغان. ئۇ ئۇيغۇر ئايالغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن بىزنى ھەيران قالدۇرۇپ ئىشچان ئادەمگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ دەپ بېرىشىگە قارىغاندا، ئايالى ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق ئادەم بولۇشىدا ئاساسلىق رول ئويناپتۇ. ئاڭلىساڭ كۈلۈپ تېلىقىپ قالىسەن. ئۇ گەپكە كىرمەي سالپا ـ ساياق يۈرگەن كۈنى ئايالى نەرسە ـ

كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ «سېنىڭ بىلەن ئۈي تۇتمايمەن. سېنى ئادەم قىلىشقا كۆزۈم يەتمىدى. مېنى قەشقەرگە يولغا سېلىپ قوي، ئۆيۈمگە كېتىمەن» دەيدىكەن. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، قازاق ئەرلىرى ئۇچۇن بۇنداق ئىش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. شۇڭا ئەر بولغۇچى ئۇنىڭغا يېلىنىپ ياخشى ئادەم بولۇشقا ۋەدە بېرىدىكەن. قوشنام ئەنە شۇنداق ۋەدە بېرىپ يۈرۈپ ياخشى ئادەم بولۇپ قالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىرمەك كۈلۈپ تىلىقىپ قالدى. كۆزى كۆرمىگەن ئۇيغۇر ئايالىنىڭ ئەقلىگە قول قويۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ئاشتى. ئۇنىڭ يۇرتىدىمۇ ئەنە شۇنداق سالپا ـ ساياق يۈرىدىغان ئەرلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ كۆرگەن كۈنىنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ.

تۇرسۇن بىلەن ئىرمەك قىيا تاشنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى ئالغاندا يەر ـ جاھان كەچكى گۇگۇمنىڭ قوينىدا خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇرسۇن مىلتىقنىڭ قوندىقىنى مۈرىسىگە ئېلىپ بىر كۆزىنى قىستى. «گۈم!» قىلغان ئاۋاز بىلەن قىيا تاشنىڭ ئۇستىگە قونغان ئۇلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ پەسلەپ كەتتى.

ــ تېز بولايلى. نېمىدېگەن جېنى چىڭ جانىۋار. مەن جايىدىلا قىمىرلىمايدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئۇ قەيسەرلىكىنى ئىپادىلەپ ئۇچۇپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈچە ئۇنى تېپىۋالمىساق بولمايدۇ، ــ دېدى تۇرسۇن تۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ. ئىرمەك ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ ھەيران قالدى. كۆڭلىدە «بۇ مۇمكىنمۇ؟» دېگەنلەرنى

ئويلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. تۆۋەندە ئىگىز - پەس ئىېدىرلىق خىرە - شىرە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىسى يىقىلىپ - قوپۇپ يۈرۈپ مىڭ تەستە پەسكە چۈشتى ۋە بىر توپ تېۋىلغىنىڭ يېنىدىن ئۇلارنى تاپتى. بىر پۈتى ئۇزۇۋېتىلگەن ئۇلار مانا مۇشۇ يەردە جان ئۈزگەنىدى.

— پاھ! — دەۋەتتى ئىرمەك غازدىنمۇ چوڭراق ئۇلارنى قولىغا ئېلىپ، — مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق يوغان ئۇلارنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ راستتىنلا قۇشلارنىڭ پادىشاھى بولۇشقا لايىق ئىكەن. مەن ئۇنى چوقۇم ئوق تەگمەي ئۇچۇپ كەتتى، دەپ ئويلىغان. ئەسكەر بولغان ئادەم ھەقىقەتەن قالتىس بولىدىكەن.

تۇرسۇن كۈلۈۋەتتى. ئۇمۇ ئاتقان ئوقىنىڭ تەگكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ دەيدىغان گەپنى دەپ قويۇپ دەرگۇمان بولغانىدى. مانا ئەمدى ياخشى بولدى. ئۇنىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولدى.

قاراڭغۇ چۈشكەن بولسىمۇ، ئاتلار باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتاتتى، جىمجىت كېچىدە ئۇلارنىڭ پات - پات پۇشقۇرغىنى ئاڭلىناتتى. گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار تاماق يېگەچ ئاتلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قوياتتى. ئىككى كۈنلۈك قۇرۇق نان ئۇلارنى تاماقتا زار قىلىۋەتكەچكە، كەسكەن لەگمەندىن ئالدى ئۈچ قاچا، كەينى ئىككى قاچىدىن يېيىشتى.

— مەن لەگمەندىن ئون قاچا يەيدىغاندەك قىلىپ كېتىۋىدىم، خۇداغا شۈكرى ئۈچ قاچا بىلەن تويدۇم، — دېدى تۇرسۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۆزۈڭنى قانداقراق سېزىۋاتىسەن؟ — دېدى ئىرمەك ئۇلار شورپىسى ئىچكەن كېرىمنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— رەھمەت، ھەرھالدا يامان ئەمەس. ئۆزۈم كىچىككىنە يەڭگىللەپ قالغىنىم بىلەن ئىككى پۇتۇمدا يەنىلا جان يوق.

— ئۇستام دېدىغۇ، ئالدىرىمىساڭ پاتلا ياخشى بولۇپ كېتىسەن. ھەممىمىز خۇدادىن سېنىڭ تېزرەك ياخشى بولۇپ كېتىشىڭنى تىلەۋاتىمىز.

— ياخشى بولۇپ كەتسەم بولاتتى. مېنىڭ يېرىم يولدىن قايتىپ كەتكۇم يوق. قارىغىنا تازىمۇ بىر ۋاقىتتا دەسسىيەلمەس بولۇپ قالغىنىمنى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. كىم بىلىدۇ، ئۇلار شورپىسى پايدا قىلىپ ئەتىگىچە يەر دەسسەپ كېتەمسەن. كېچىچە چۈمكىنىپ ياخشىراق تەرلىگىن. تەر ئادەم بەدىنىدىكى كېسەللەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

— ماقۇل، دېگىنىڭدەك قىلىشقا تىرىشىمەن. سىلەرنى جاپاغا سېلىپ قويىدىغان بولدۇم.

— ئۇنداق دېمىگىن. بىز دېگەن سەپەرداش تۇرساق. ياخشى سەپەرداش ئۆمۈرلۈك دوست دېگەن گەپ بارغۇ. قالايمىقان خىياللاردا بولماي ياخشى ئارام ئال.

ئىرمەكنىڭ يەنە بىرمۇنچە تەسەللى سۆزلەرنى قىلغۇسى بولسىمۇ، ئۇلار شورپىسىنى ئىچكەن كېرىم ئۇخلاپ قالغانىدى. ئىرمەكنىمۇ ئۇگدەك بېسىۋاتاتتى.

— بۈگۈن مەمتىلاخۇن ئۇستامدىن باشقا بەشىمىز نۆۋەت بىلەن ئاتلارنى كۆزەت قىلايلى. بىر ئادەم بىر

سائەتتىن بولسۇن. شۇنداقتىمۇ سەگەك يېتىڭلار. مەسىلە كۆرۈلگەن هامان ئوق ئېتىپ بەلگە بېرىڭلار. ئالدىنقى بىر سائەتلىك كۆزەتنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي. كۆزەت تۈگىگەندە كىمنى ئويغاتسام شۇ ئورنىدىن تۇرسۇن،— دېدى جاپپار ئاكا كەينى - كەينىدىن ئەسناۋاتقان يىگىتلەرگە قاراپ.

كېچە تىنچ ئىدى. زاپاس ئوتۇن كۆپ بولغاچقا گۈلخان ئەتراپىنى يورۇتۇپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەي ئايمۇ چىقتى. ئاي يورۇقىدا ئاتلار باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتاتتى. خەتەرلىك يول ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىگەن بولسىمۇ، ئىككى كۈن ئاچ قالغان ئاتلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كەم دېگەندىمۇ ئون كۈن ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا ئالدىرىماي مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. يولنىڭ ئۆچتىن بىر قىسمى تۈگىدى. مۇشۇ ئازراق يول ئۈچۈن ئاز كەم يىگىرمە كۈن كەتتى. بەلكىم ئاتلارنى ئىگىسىگە تاپشۇرغىچە يەنە يىگىرمە كۈن كېتەر. مەيلى قانچە كۈن كەتسە كەتسۇن، كېرىم ياخشى بولۇپ قالسا بولاتتى.

جاپپار ئاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى. كېرىمنىڭ ئۈشتۈمتۇت ئاغرىپ قېلىشى ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋاتاتتى. ئۇ كېرىم ئەگەر يەنىلا يەر دەسسىيەلمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئېغىر تىندى. ئەگەر كېرىم راستتىنلا يەر دەسسىيەلمىگۈدەك بولسا ئاقسۇغا بارغاندا ئۇنى يەرلىك هۆكۈمەتكە تاپشۇرماقتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. كۈننىڭ چىڭقىچۇش مەزگىلىدە مەمتىلاخۇن ئۈستام ئۇلارنىڭ مېيى بىلەن كېرىمنىڭ پۇتىنى مايلاۋاتاتتى. پۇت بىردىنلا مىدىرلاپ

قالدى. بۇنى كۆرگەن مەمتىلاخۇن ئۇستام ۋارقىراپ كەتتى:

— مىدىرلىدى! كېرىمنىڭ پۇتى مىدىرلىدى!

ئۇنىڭ ئاۋازى كۆك ئاسماننى يېرىپ ئۆتۈپ دالادا ياڭراپ كەتتى. ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن يىگىتلەر يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. كېرەمنىڭ پۇتى راستتىنلا مىدىرلاۋاتاتتى. كېرىم بىردىنلا مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى.

— رەھمەت، ئۇستام، سىزگە كۆپ رەھمەت. بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان خۇشاللىق ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى. بۇ راستتىنلا بىر مۆجىزە ئىدى. مەمتىلاخۇن ئۇستام ئامال - چارىلەرنى ئىشلىتىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇنىڭ پۇتىنى مىدىرلايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى.

كېرىمنىڭ پۇتى مىدىرلىغىنى بىلەن يەنىلا جانسىز ئىدى. ئۇ سەپەر ئۇستىدە نەچچە قېتىم يەر دەسسەپ ئۆرە تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ دەسسىيەلمىدى.

— بولدۇ، سىلەر خاتىرجەم يولغا چىقىۋېرىڭلار. بىز سىلەر قايتىپ كەلگۈچە كېرىمنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمىز، — دېدى ئاقسۇ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى جاپپار ئاكىنى دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ. شۇنداق قىلىپ كېرىم دوختۇرخانىدا قالدى.

قەشقەرگە ئات ھەيدەش سەپىرى داۋاملىشىۋاتاتتى.

قىرىق كۈن دېگەندە ئاتلارنى ساق ـ سالامەت قەشقەرگە يەتكۈزگەن يىگىتلەر ئىش ھەققىنى قولىغا ئېلىپ «ئۇھ» دېيىشتى. ئاتلار ناھايىتى ياخشى كەلگەچكە، يەرلىك ھۆكۈمەت ئىش ھەققىنىڭ ئۈستىگە مۇكاپات ھېسابىدا پۇل قوشۇپ بەردى. بەش يۈز سوم پۇلنى ئالغان ئىرمەكنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى.

قىرىق كۈنلۈك يولداشلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ھەممەيلەن ئىرمەكنىڭ ئىشىغا ئۇتۇق تىلەپ، ئۇ قىزلارغۇدەك چاقچاقلارنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەتىللاخۇن ئۇستامۇ بار ئىدى.

ئىرمەك خەتتىكى ئادرېس بويىچە روشەننىڭ دوستىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى. سىرتتىن قارىغان ئادەمگە ئالدى بىلەن ھويلا ئىچىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈزۈن لاپاس چېلىقاتتى. ئىككى تۈپ يوغان جىگدە دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئاستىدىكى پېشايۋانغا تىزىۋېتىلگەن كاۋىلار كۈن نۇرىدا ئالتۇنغا ئوخشاش تاۋلىنىپ تۇراتتى. كاۋىسى ئۈزۈۋېلىنغان باراڭ ئاستىدا كونىراپ كەتكەن بىر كارىۋات تۇراتتى.

— تۇنىساخاننىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — دېدى ماموتئاخۇننىڭ ئىسمىنى دەرھال ئېسىگە ئالالمىغان ئىرمەك ئالدىدىكى ئايالغا ھودۇققان قىياپەتتە قاراپ.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى، تۇنىساخان دېگەن مەن بولىمەن، — دېدى بوغداي ئۆڭلۈك، قارا قاشلىق ئايال ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ. ئىرمەك ئۇنىڭغا روشەن يېزىپ بەرگەن خەتنى بەردى. تۇنىساخان خەتنى ئېلىپ شۇ يەردىلا ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھېچبىر

ئىپادىسىز چىرايى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ، مىيىقىدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇ خەتنى ئوقۇغانسېرى چىرايىدىكى تەبەسسۇم تېخىمۇ روشەنلىشىپ كۈلكىگە ئايلاندى.

— سىز راستتىنلا روشەننىڭ يېنىدىن كەلدىڭىزمۇ؟ قېنى ئۆيگە كىرىڭ. ئۇ ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ خېتىدىن قارىغاندا ياخشى تۇرۇپلا قالماي يەنە تولىمۇ بەختلىكتەك قىلىدۇ. ئۇ بەكلا تىرىشچان بولىدىغان.

تۇنىساخان دوستىنىڭ خېتىدىن بەكلا خۇش بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئىرمەك ئۆيگە كىردى. ناھايىتى ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيدىكى داستىخاندا بىرنەچچە يىگىت تاماق ئىچىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

— مېنىڭ ئىسمىم مامۇتئاخۇن، — دېدى ئىرمەكنىڭ روشەننىڭ يېنىدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان دۇگىلەك يۈزلۈك يىگىت ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — بۇلار مېنىڭ ئاغىنىلىرىم. سەت بولدى، تايىنى يوق تاماق ئەتكەندە كېلىپ قالدىڭىز. ئازادە ئولتۇرۇپ ئالدى بىلەن تاماق ئىچىڭ. قالغان گەپنى ئالدىرىماي سۆزلىشىمىز.

ساھىبخانىنىڭ قىزغىن پوزىتسىيەسى ئىرمەكنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرىنى سۈپۈرۈپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇشقا ئۈندەۋاتاتتى. مامۇتئاخۇننىڭ ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنىڭ شۇنچە يىراقتىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىشتى.

ئۇلار قانچە قىزغىن مۇئامىلە قىلغانسېرى ئىرمەك ئۆزىنى شۇنچە ئوسال سېزەتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئۇيغۇر يىگىتلىرى بېشىغا دوپپا كىيىپ، توپىلىق يولدا يالاڭ ئاياغ يۈرىدىغان، ئوچۇق تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ

ئالدىدىن مەيدىسىدىكى تۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، يۈز ـ كۆزلىرىنى ساقال باسقان، يۇزلىرى كۈن نۇرىدا قارىداپ، كۆزلىرىدىن بىر خىل ياۋايىلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىدى. بۇگۈن بولسا ئۇ تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىي، مېھماندوست، تەسەۋۋۇرغا باي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئىرمەك خىيال بىلەن لىق بىر جاۋۇر ئۇماچنى يېرىلىپ پىشقان قوناق ممسى بىلەن پاك ـ پاكىز يەۋەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا بىر خىل قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئىرمەك ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى جاۋۇرغا قاراپ خىجىل بولغىنىدىن ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتتى. چۈنكى باشقىلارنىڭ تامىقى تېخى يېرىم بولمىغانىدى.

ــ ھېچقىسى يوق، ــ دېدى ماموتئاخۇن ئۇنىڭ خىجىللىقىقا تولغان كۆزىگە قاراپ قويۇپ، ــ تاماقنى تېز يېگەن ئادەملەر ئەقىللىك، ئىشچان كېلىدۇ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلىدىغانلارلا تاماقنى تېز يەيدۇ.

بۇ سۆز ئۇنىڭغا تۇساتتىن تاغىسىنى ئەسلىتىپ قويدى. تاغىسى شۇنداق ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ باشقىلارنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى.

تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىندى. ماموتئاخۇننىڭ ئاغىنىلىرى مېھماننى ئۆيلىرىگە ئەكېتىش توغرىسىدا بىرپەس تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن خوشلىشىپ چىقتى.

ــ ئۇلارنىڭ قازاقنى كۆرۈشى تۇنجى قېتىم. ھەممىسى ياخشى يىگىتلەر. ئاغىنىلىرىمنىڭ سىز بىلەن دوست بولغۇسى كېلىپ قاپتۇ، ــ دېدى ئاغىنىلىرىنى ئۇزىتىپ قايتىپ كىرگەن ماموتئاخۇن ئىرمەككە سۆز

قىلىپ، ئاندىن سۆيىنىڭ لىۋىگە ئولتۇرۇپ روشەن ۋە ئۇنىڭ ئېرى، يايلاق تۇرمۇشى ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى. تۇنساخان ئۇنىڭغا روشەننىڭ خېتىنى ئوقۇپ بەرگەندە قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ بىردىنلا خىيالغا پېتىپ قالدى.

— بۇ ناھايىتىمۇ ئىنچىكە ئىش ئىكەن. شۇڭا ياخشىراق ئويلىشىپ ئاندىن بىرنەرسە دېيىشەيلى، — دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ. بۇ گەپ بىلەن ئىرمەكنىڭ يۈرىكى مۇزلىغاندەك بولدى.

ئۇزۇن سەپەر ھاردۇقى يەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ تېپتىنچ ئۆيدە مۈگدەشكە باشلىدى. تۇنساخان روشەننىڭ ئاپىسىغا تىنچ ـ ئامانلىقىنى يەتكۈزۈپ قويايى دەپ چىقىپ كەتتى. ماۋتئاخۇن ھويلىدا بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. ئەتراپنى تېزلا قاراڭغۇلۇق باستى.

ئىرمەك ئىچكىرىكى ئۆيگە سېلىنغان ئورۇنغا كىرىۋېتىپ دالان ئۆيدىكى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدى.

— بىز بۇ ئىشنى قىلىمىز دەيدىكەنمىز چوقۇم باشقا ئاچىقىشىمىز كېرەك. ئىشقىلىپ مەن ئايىغى چىقمايدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

بۇ ماۋتئاخۇننىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئايالى تۇنساخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىشنى قولغا ئالماي ئۇنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە روشەن خېتىدە چوقۇم ياردەم قىلىشىمىزنى تاپىلاپتۇ.

— مەن ياردەم قىلمايمەن دېمىدىمغۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، ئۆزىمىز تونۇيدىغان ئادەملەرنى

بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى. شۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇ ئىشقا رازىلىق بىرىدىغانلاردىن كىم بار؟

ماموتئاخۇننىڭ سۆزىدىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى. ئىرمەك ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى چۇشمەيلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا تاڭ ئەمدىلا يورۇغان بولۇپ، ئۆيدە ئەر ـ ئايال ئىككىسى كۆرۈنمەيتتى. ئىرمەك كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقتى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كوچا ئىككى قاسناقتىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئاستىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ خېلى ئۇزۇن تۇرغان بولسىمۇ كوچىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇدا يۈز ـ كۆزىنى يۇغاندىمۇ، هويلىغا كىرىپ پېشايۋاندىكى كاۋىلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىمۇ هەيرانلىقى بېسىلمىدى. كېيىن ماموتئاخۇن بىلەن ئايالىدىن پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا ئېتىزغا چىقىپ جاپالىق ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇقتى.

ئۇلار ئەتىگەنلىك چېينى ئىچىپ ئۆينى ئىرمەككە تاشلىغاندىن كېيىن يەنە ئالدىراپ ئىشقا كەتتى. چۈشلۈك تاماقمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە يېيىلدى. ماموتئاخۇن بىلەن تۇنساخان پەقەت كەچ بولغاندىن كېيىنلا ئىرمەكنىڭ ئىشى ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالىدى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئىرمەكنى ئۆيدە قالدۇرۇپ، مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان باقاخۇن ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

ئىرمەك تىت ـ تىت بولغان هالدا بىردە ئۆيگە كىرسە، بىردە سىرتقا چىقاتتى. ئۇنىڭ تەقدىرى هەل بولۇش ئالدىدا تۇرغاچقا جىددىيلەشكىنىدىن بىر جايدا

تۇرالماي ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. باقاخۇن ئىسمىلىك بۇ ئادەم مۇشۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ پومېشچىك بولۇپ، كۈرەش سەھنىسىگە تالاي قېتىم تارتىپ چىقىرىلغاچقا، دەرۋازىسى قېقىلسا يۈرىكىنى بىرسى سۇغۇرۇۋالىدىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۆيگە ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا دەرۋازا قېقىلدى. ئۇ ئەندىكىپ كەتتى. دەرۋازىنى ئېچىپ ماموتئاخۇن بىلەن ئايالىنى كۆرگەندىن كېيىنلا يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

— قىزىم سەلتەنەتنى ئۆزۈڭلارمۇ بىلىسىلەر، بۇ يىل يىگىرمە تۆت ياشقا كىردى. مېنىڭ سەۋەبىمدىن بۇ يەرنىڭ يىگىتلىرى ئۇنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىچارە بالامنىڭ مۇڭلانغان ھالىتىنى كۆرسەم يۈرىكىم خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئىش بولسىلا مەن رازى. سىلەر ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭلار. ئۇ ماقۇل بولسىلا ئىككىسىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويايلى.

دادا بولغۇچى شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ چىقتى. باقاخۇننىڭ مىسكىن ھالىتىنى كۆرگەن ماموتئاخۇننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا سەلتەنەت سىرتتىن بىر باغلام ئوتۇننى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. تۇنساخاننى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىدىن كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇزۇن ۋاقىت كۆرۈشمىگەن دوستلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. دوستلىرىنىڭ تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشكىنىنى كۆرگەن باقاخۇن بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقتى. تۇنساخان سەلتەنەتكە كۆڭلىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئۇنىڭ

سۆزىنى ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان سەلتەنەت بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۆي ئىچىدىن ئۇزۇنغىچە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. يىغىدىن باغرى ئېزىلگەن مامۇتئاخۇنمۇ تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە مانا ئەمدى ئىككى دوستلا قالغانىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. تۇنساخان ئۆيدىن چىققاندا چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ باقاخۇنغا سەلتەنەتنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلغانلىقىنى دېگەندە بوۋاينىڭ چىرايىدا بىردىنلا تىل بىلەن ئىپادىلەش تەس بولغان شادلىق پەيدا بولدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنى مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە پۈتكۈزۈشكە كېلىشتى. شۇنداق قىلىپ ئىرمەكنىڭ ئىشى بىردىنلا چاك بېسىپ قالدى.

نىكاھ كۈنى ئىرمەك مامۇتئاخۇنغا ئەگىشىپ بولغۇسى قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن سالا ئېتىزلار، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان رەت ـ رەت ئورمانلارنىڭ نېرىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان تاشيول، تاشيولنىڭ ئەگمىسىدىكى بوشلۇقتا كونىرىغىنىدىن بىر چەتكە قىيسىيىپ قالغان غېرىبانە بىر ئۆي كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئەتراپى سوقما تام بىلەن قورشالغان هويلا ئىچىدە يەرگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قالغان مال قوتىنى، شاخلاپ كەتكەن بىرنەچچە تۈپ ئالما دەرىخى بولۇپ، ئىككەندىن بىرى چاتالمىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. گەرچە بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق هويلىنىڭ ئىچى كۆڭۈل قويۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئالما ئاستىدىكى چۆنەكتە ئېچىلىپ كەتكەن ھەر خىل گۈللەر بىلەن ئوخشاپ

كەتكەن تۇرلۇك كۆكتاتلار ئادەمنىڭ زوقىنى تارتىپ تۇراتتى.

ئىرمەكنىڭ ۋۇجۇدى ئىللىق بىر سىزىم ئىچىدە جىۋىرلاپ كەتتى. ئۇلارنى ھويلىدا باقاخۇن كۈتۈۋالدى. ئىرمەكنىڭ بولغۇسى قېيىنئاتىسى يۈز - كۆزلىرىنى قورۇق باسقان، بويۇن گۆشلىرى تۇرۇلۇپ، قوللىرى قاداقلىشىپ كەتكەن، چاچ - ساقاللىرى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ گەرچە ئەمدىلا ئاتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، قارىغان ئادەمگە سەكسەن ياشتىكى بوۋايلاردەك كۆرۈنەتتى.

نىكاھ تۆت ئادەم بىلەنلا ئوقۇلدى. يىگى ئەر - خوتۇنلار سەلتەنەتنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئىرمەك ئايالىغا قاراپ قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئايالى ئۇ خىيال قىلغاندەك چوقۇر بولماستىن، بەلكى ئادەمنى تاڭ قالدۇرغۇدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ خۇددى ئاناردەك قىپقىزىل يۈزى، تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان بىلەكتەك توملۇقتىكى ئىككى ئۆرۈمە چېچى جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىرمەك ئۇنىڭغا قاتۇرۇپ قويغاندەك بىر ھالەتتە قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىرچاغدا كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ئالىقىنى بىلەن ئىككى كۆزىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىلىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا سەلتەنەت ئۇنىڭغا چېقىلىپلا قويسا پارە - پارە بولۇپ كېتىدىغان قىممەت باھالىق خىرۇستالدەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىرمەك تۈكۈرۈكىنى يۇتتى. سەلتەنەت ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلكە شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، ئىرمەكنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

# ئون بىرىنچى باب

شۆنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئالدىغا چىقىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ھەيرانلىق قاپلىغان چىرايىدا شادلىق بىلەن ئەنسىزلىك تەڭلا ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ بىر خىل خىجىللىق ئىلكىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قارىدى. ئېگىزدىن ئايلاندۇرۇپ بۆرتمە ئارتقان، ئۇكەسى بار قازاقچە دوپپا كىيگەن قىزلار، ئاياللار، مومايلار، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا ئاق قالپاق كىيگەن بوۋايلار، يىگىتلەر يول بويىدا قاتار تۇرۇپ ئۇنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ھودۇققىنىدىن دېمىنى چىقىرىشقىمۇ جۇرئەت قىلالماي قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە بۇنچىلىك ئەزىزلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، يۈرىكى خۇددى قۇش بالىسىدەك تېپىرلاپ، ۋۇجۇدىغا تولىمۇ شېرىن بىر تۇيغۇ تارقىلىپ كەتتى.

چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر موماي كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئىسرىق سالدى. كەينىدىن يەنە بىر موماي كېلىپ باغرىغا باستى:

— جېنىم بالام، ساق ـ سالامەت كەلدىڭلارمۇ؟

موماي پەقەت شۇنچىلىكلا دېيەلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش قۇياش نۇرىدا يالتىراپ كەتتى. ئۇ كۆمۈش ئىدى. بوسۇغىسىغا كېلىن كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا

تاقاشقاندەك بولۇۋاتاتتى. بىر توپ كېلىنلەر كېلىپ ئۇنى قولتۇقلىغىنىچە كىگىز ئۆيگە ئەكىردى. مۇشۇ جەريانىدا قازاق ئاياللىرى بىرمۇنچە رەسمىيەتلەرنى ئۆتىدى. بۇ رەسمىيەتلەر ئىرمەك دېگەندەك ئۇنچىلىك مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. ئۆيگە كىرگەن سەلتەنەت ئۇلارنىڭ ئۆزىنى دەپ رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرغانلىقىنى سەزدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ تولىمۇ يىراق بولغان تاغ ئارىسىدىكى هاياتى باشلاندى.

— ئۆزىڭىزنى قانداقراق سېزىۋاتىسىز، يېزنە، — دەيتتى ئەبلىبەك ساپارغالىغا يېقىن تۇرۇپ، — ئەمدىغۇ كۆڭلىڭىز جايىغا چۈشكەندۇ؟

— شۇنداق، — دەيتتى ساپارغالى ئىچىدىكى خۇشاللىقىنى زورىغا بېسىپ، — شۇ تاپتا مەندىنمۇ بەختلىك يەنە بىرى بارمىدۇ؟ مەن سىنىڭ ياخشىلىقلىرىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ئەبلىبەك كۈلەتتى، ئاندىن هەيرانلىقىنى قىلچىمۇ يوشۇرماي:

— كېلىنىڭىز ئاي چىقسا ئاي خىجىل بولغۇدەك، كۈن چىقسا كۈن خىجىل بولغۇدەك چىرايلىق ئىكەن. مەن راستىنلا سىز ئۈچۈن پەخىرلىنىپ كېتىۋاتىمەن. بىر ئۆمۈر تارتقان ئازابلىرىڭىز بەدىلىگە مانا مۇشۇنداق كېلىنگە ئىگە بولۇپ، ئەل ئىچىدە مەيدىڭىزنى كېرىپ يۈرىدىغان بولدىڭىز، — دەيتتى كەينىدىنلا.

— راست دەيسەن، — دەيتتى ساپارغالى ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، — مەن ئىشەندىم، كېلىنىم مۇشۇ يەردىكى كېلىنلەرنىڭ ئالدى ئىكەن. شۇغىنىسى قۇدام يوق. قۇدام بىللە كەلگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى — هە؟ شۇنى ئويلىساملا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.

— قالتىسىز – دە يېزنە، مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن خۇدايىم سىزگە مانا مۇشۇنداق چاقىرسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار كېلىننى بەرگەن – دە. ئالدىرىمىسىڭىز بۇمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئالدى بىلەن يۇرتقا توي بېرىڭ. يۇرت سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىزغا ئورتاقلاشسۇن. كېلىنىڭىزمۇ ئۇرۇق – تۇغقان، قۇدا – باجا، ئەل – يۇرت بىلەن تونۇشۇپ ئىگىلىكنى قولغا ئالسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن قۇدىڭىزنى ئالدۇرۇپ كېلىپ راسا بىر تاماشا قىلدۇرايلى. ئۆيلەرگە چاقىرىپ مېھمان قىلايلى.

— قارىغاندا شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئوخشايدۇ. ئەمىسە دېيىشكىنىمىز بويىچە بۇ ئىشقا سەن باش بولۇپ تويىنى باشلا. ساپارغالىنىڭ تۇنجى بەرگەن تويى راسا قىزىسۇن. چاقىرىشقا تېگىشلىكلەردىن بىرەر ئادەممۇ قېلىپ قالمىسۇن.

— ئۇنداقتا، توي كۈننى قاچانغا بېكىتىمىز؟

— بۇنى ھەدەڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىن. مەن ساپارغالى ئۆمرۈمدىكى بۇ خۇشاللىق كۈننى ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي خۇددى مېھماندەك ئۆتكۈزەي.

ئالدىراشلىق ئىچىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان كۈمۈشمۇ ئۇرۇق – تۇغقان، دوست – بۇرادەر ۋە قولۇم – قوشنىلىرىغا ئەنە شۇنداق گەپلەرنى قىلاتتى، كېلىنىدىن سۆيۈنۈپ، قىلىدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇراتتى. ئاياللاردىن كېلىنىگە ئېغىر تەلەپلەرنى قويۇپ، قىيىنماسلىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى قانات كېرىپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشتەك يەڭگىل سېزەتتى. ئېرمەكمۇ:

— قەشقەردىكى مامۇتئاخۇن ئارقىلىق قېيىنئاتامغا

تويدا ئىشلەتسۇن دەپ مىڭ سوم پۇل بەرگەنىدىم. يولغا چىقار ۋاقتىمىزدا ئۇ كىشى «ماڭا پۇلنىڭ لازىمى يوق، قىزىمغا ياخشى قارىسىڭىزلا بولىدۇ. مەن ئۇچۇن مۇشۇنىڭ ئۆزى چوڭ بايلىق» دەپ بەش يۈز سومنى قايتۇرۇپ بەردى،— دېگىنىدە ئانا گېلىگە بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

داۋۇي شۇجىسى توققۇجا بىلەن داۋۇيجاڭ سەرسەنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشتى. ئۇلارنى مۇبارەكلەپ سوۋغۇش ئۇچۇن بىر مال تەستىقلاپ بەردى. توي كۆزلەكتە ئۆتكۈزۈلدى. تويغا ناھايىتى كۆپ ئادەم قاتناشتى. خەي شۇجىمۇ تويغا قاتنىشىپ ئۇلارنى قىزغىن مۇبارەكلىدى.

ئادەملەر ھاڭ ـ تاڭ بولاتتى. ساپارغالىنىڭ كېلىن ئالغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى كېلىنىنىڭ پەرىزاتتەك چىرايلىقلىقىغا ھەيران بولاتتى. بۇ ھەيرانلىق ئۇلارنىڭ سەلتەنەتكە بولغان قىزىقىشىنى، ھۆرمىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى.

توي كۈنى قازاق ئادىتى بويىچە ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوۋار، ئۆلەڭ ئېيتىش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ئادا قىلىندى. ئۆزى ئۈچۈن كۆرسىتىلىۋاتقان ئىلتىپاتلارغا نىمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىنى بىلەلمەي قالغان سەلتەنەت كۆز ياشلىرىغا ئىگە بولالماي قالدى. بۇ ئۇنىڭ خۇشاللىق يېشى، بەخت يېشى، مىننەتدارلىق يېشى ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ مەنىسىز ئۇزاق ئۆتمۈشىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۆزى قېيغىتىپ چوڭ بولغان قەدىم جايىنى،

بالىلىق دەۋرىنى، بوك ـ باراقسان باغلارنى، ئاپپاق ئېچىلىپ كەتكەن ئۆرۈك چېچەكلىرىنى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزدى. «پومىيشچىك» دېگەن دەھشەتلىك ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى. دادىسىنىڭ هاياتىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك، خاتالىقلىرى ئۇنىڭ يۈمران قەلبىگە قىزىتىلغان تامغىغا ئوخشاش بېسىلىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى يالماپ كەتتى. غەزەپلەنگەن ئادەملەر توختىماستىن دادىسىنى كۈرەش سەھنىسىگە تارتىپ چىقىراتتى، يىغلاپ تۇرۇپ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، دادىسى ئېتىلىپ كەتمەي ساق قالدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن چوڭ بەخت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى مۇسادىرە قىلىنىپ، مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى تاشلاندۇق ئۆيگە كۆچۈپ چىققان كۈنى دادا خۇددى زىممىسىدىن ئېغىر يۈك ئاغدۇرۇلغاندەك يېنىك نەپەس ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياشاشقا باشلىدى. بىراق «پومىيشچىك»تىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق قالپاق سەلتەنەتنىڭ يۈرىكىنى داۋاملىق مۇجۇپ تۇراتتى. ئانا قىزىنىڭ ھەسرەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى. قەشقەرگە ئوخشاش بۇ شەھەردە يىگىرمە ياشتىن ئاشقان قىزلار قېرى قىز ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «پومىيشچىك» دېگەن قالپىقى بار ئائىلىلەرنىڭ قىزىنى ھېچكىممۇ كېلىن قىلىشقا پېتىنالمايتتى...

سەلتەنەت كۆز يېشىنى سۈرتتى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە ھەم سىرلىق، ھەم قىزىق كۆرۈنەتتى، بولۇپمۇ قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئېيتقان ئۆلىڭى ئۇنىڭغا بەكلا ياراپ كەتتى. ئۇ زېھىن سېلىپ قازاقچىنى

سۆزلىيەلمىسىمۇ چۈشىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۈنچىلىك راۋان، شۈنچىلىك ئۆتكۈر ئېيتىلىۋاتقان ئېيتىششى ئۇنى ئۆزىگە بىردىنلا رام قىلىپ، قازاق تۇرمۇشىغا بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى.

ئۇ مۇشۇ سورۇندا ناھايىتى كۆپ ئادەملەر بىلەن تونۇشتى. ئاق كۆڭۈل ۋە قىزغىن بۇ ئادەملەر ئۇنى ئارىغا ئېلىپ يېقىنچىلىق قىلىشاتتى، قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ كۈلدۈرەتتى. خۇددى ئۆزىنىڭ ھەدىسىدەك، دوستىدەك، سىڭلىسىدەك كۆرۈپ ئىچ سىرلىرىنى ئېيتىشاتتى. قازاق كېلىنلىرى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئېسىگە سېلىپ، ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشقا ئەسكەرتەتتى.

سەلتەنەت روشەن بىلەن كۆرۈشكەندە بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىساخان يازغان خەتنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى. ئۆزىگە كۆپرەك تەلىم بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، قازاق تۇرمۇشىغا بولغان ئەندىشىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان روشەن كۈلۈپ - كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى:

— مەنمۇ باشتا خۇددى سىز دېگەندەك ئەنسىرىگەندىم، ئەمما ھازىر سېپى ئۆزىدىن قازاق بولۇپ كەتتىم. قازاقتا «ياخشى كېلىن ئالتۇن قوزۇق» دېگەن گەپ بار. بۇ دېگەنلىك كېلىن بولغۇچى ياخشى بولسا بىباھادۇر دېگەنلىك. چۈنكى قازاقتا قوزۇق ئۇلۇغ نەرسە ھېسابلىنىدۇ. بوران چىققان كۈنلىرى ئاشۇ قوزۇق كىگىز ئۆينى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدۇ. سىز كېلىن بولۇپ كىرگەن بۇ ئۆينىڭ گەرچە سىنىپىي تەركىبى يۇقىرى بولسىمۇ ئەل - جامائەت ئىچىدە يۈز - ئابرۇيلۇق ئائىلە. قېيىنئاتىڭىز بىلەن قېيىنئانىڭىز تېپىلمايدىغان

ياخشى ئادەملەر. بىز تەرەپتە قېيىنئاپىڭىزنىڭ ئەيىبىلەك دېگەن بىر ئىنىسى بار. ئۇمۇ ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئېسىل ئادەم. بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى بىزنىڭ قەشقەر تەرەپنىڭ تۇرمۇشىدەك جاپالىق ئەمەس. مەن سىزنىڭ بۇ ئائىلىدە ياخشى كېلىن بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

چىن يۈرەكتىن ئېيتىلغان سەمىمىي سۆزلەر سەلتەنەتنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇ روشەننىڭ ئالدىدا ياخشى كېلىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

نۆۋەتتە ئىرمەكمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ بىر خىل بەخت ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھەيران بولاتتى. ئۆزىگە باشقىچە بىر يېڭى ھايات ئاتا قىلغان سەلتەنەتكە قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن قايىل بولاتتى. ئۇ ئۆزىگە ھازىرقى كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن سەلتەنەتتىكى بىر خىل كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان سېھرىي كۈچنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا نەچچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. دوستلىرىنىڭ، تەڭتۇشلىرىنىڭ يېنىدا مەيدىسىنى كېرىپ، قەددىنى رۇسلاپ قوياتتى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مۇھەببەت ئوتى ئىچىدە كۆيەتتى. غايىبتىن كۆيۈۋاتقان بىر يالقۇن ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك لاۋۇلداپ ياناتتى. قەلبى بىر خىل نامەلۇم غايە ئۈچۈن ئىنتىلەتتى. ئۇ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان

سىزنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتمەكتە ئىدى.

— بالام، سەن ئەمدى ئەجداد ئىزىنى بېسىپ ئۆيلۈك — ئوچاقلىق بولدۇڭ. ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدىڭ. بىرچاغلاردا بىزنى مەنسىتمىگەن ئادەملەرنى قايىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدىڭ. بىلسەڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايالىڭنىڭ تۆھپىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىڭنىڭ دىلىنى رەنجىتىدىغان ئىشنى قىلما. ئۇنى خۇددى كۆز قارىچۇقۇڭنى ئاسرىغاندەك ئاسرا. ئۇنى قازاق خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈل، خاپىلىقتىن نېرى، مال — دۇنيانى ئانچە چوڭ بىلمەيدىغان ئىرادىلىك خەلق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇر. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ ئۇلار بىلەن بىز ئىككى مىللەت. باشقا مىللەتتىن ئايال ئالغان ئىكەنسەن، ئۆز مىللىتىڭنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلساڭ بولمايدۇ. قارىسام ئايالىڭمۇ ئاق كۆڭۈل، باغرى ئېزىلگەن قىزدەك تۇرىدۇ. بىز بىرلىكتە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەيلى، قوغدايلى، پەرىشتىدەك سەۋرچان بولۇپ، بىلمىگەننى ئۆگىتەيلى.

مانا بۇ — دادا بولغۇچىنىڭ ئۆز بالىسىغا دېگەن يۈرەك سۆزى. مانا بۇ — دادا بولغۇچىنىڭ بالىسىدىن كۈتكەن ئۈمىدى.

ئىرمەك دادىسىنىڭ سۆزىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە پۈكتى. ئۇنىڭچە بولغاندىمۇ ھەرقانداق بىر ئەركەك چوقۇم شۇنداق قىلىشى لازىم ئىدى. دادا مانا مۇشۇنداق ئادەم ئىدى. ئۆز مىللىتىنى، ئۆز خەلقىنى ياخشى كۆرۈپلا قالماي يەنە ئۆزى ئۈچۈن پىچاق بىسىچىلىك ياخشىلىق قىلغان ئادەملەرگە جېنىنىمۇ

ئايمايتتى. ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان ئادەملەرنى ئۆمۈرۋايەت كەچۈرمەيتتى.
تويمۇ تۈگىدى. خۇشاللىق بىلەن باشلانغان هايات بىر ئائىلە ئادەملىرى ئالدىدا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.
— سەن ئۆزۈڭنى قانداق سېزىۋاتىسەن؟ — دېدى جاڭغابىل ئىرتۇستوككە قاراپ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى جاڭغابىلنىڭ سۆزىدىن هېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن ئىرتۇستۇك ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ.
— مەن ئۆزۈمنى قانات ياساپ ئۇچۇۋاتقاندەك سېزىۋاتىمەن. چۈنكى بىز ئاخىرى يەڭگىلىك بولدۇق. يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈيغۇر يەڭگىمىز مەن ئويلىغاندىنمۇ چىرايلىق ئىكەن. يەڭگەڭ بارمۇ دېسە، بار دەپ ماختانغۇچىلىكى بار ئىكەن. مەن يەڭگەمنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇنى ئۆمۈر بويى قوغدايمەن.
ئىرتۇستۇك ئىنىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى:
— راست دەيسەن. مەنمۇ ئۆزۈمنى بىردىنلا كىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزىۋاتىمەن. يەڭگىمىز راستىنلا ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك چىرايلىق ئىكەن. بىراق ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ، هېچكىم بىلمەيدۇ. هەرقانداق ياخشى ئاتتا بىر ئەيىب بولىدۇ.
— بولدى سۆزلىمە، مۇشۇنداق خۇشاللىق مىنۇتلاردا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا تىلىڭ قانداق باردى؟ خۇدادىن ياخشى ئىشلارنى تىلەشمۇ قولۇڭدىن كەلمەمدۇ؟
— نېمىگە خاپا بولىسەن، سۆزۈمنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگىمىدى.

— مېنىڭ ئاڭلىغۇم يوق. ئىسسىت، ساڭا ئۇپراتقان ئاغزىم.

جاڭغابىل شۇنداق دېگىنىچە نېرى كەتتى. ئىرتۇستۇك خىجىل بولغىنىدىن يەرگە كىرگۈدەك بولۇپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ باشقا بىر گەپنى دېمەكچىدى. ئويلىمىغان يەردىن مانا مۇشۇنداق ئادەمنى بىزار قىلىدىغان سۆز ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. جاڭغابىلنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئەسلىدە يەڭگىسىگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىسە بولاتتى، قاراپ تۇرۇپ ئىنىسىنى رەنجىتىپ قويدى.

تاڭ ئاتتى. تاڭ بىلەن تەڭ ھەممە نەرسە روشەنلىشىپ، پۈتكۈل دالا جانلىنىشقا باشلىدى. ئورنىدىن تۇرغان سەلتەنەت ئىشىكتىن چىقتى. باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى بىر كۈنلۈك ھاياتتا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى، نېمە يېڭىلىقلارنىڭ يۈز بېرىپ، قانداق خۇشاللىقلارنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا باشلىدى. قەيەردىدۇر بىر يەردە خورازلار قىچقىرىپ، جاھاننى بېشىغا كىيىۋاتاتتى. تاڭ شامىلى ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق گۈزەل بىر تاڭدا «مۇھەببەت ھەممىدىن پاك، ھەممىدىن مۇقەددەس ئەڭ نازۇك ھېسسىيات. ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ئەبەدىلئەبەد مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنى خۇمارلاشقان كۆزدىكى چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلاردىن؛ تەبەسسۇم ئىلكىدىكى قىيا بېقىشلاردىن، ھەسرەتلىك چىرايلاردىن، شەبنەمنىڭ تامچىسىدەك يالتىراپ چىققان

كۆز ياشلاردىن، ھەممىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىرادىدىن بايقىغىلى بولىدۇ. مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ ئۈزۈلۈشى مەڭگۈلۈك ھەسرەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلىمۇ ئۇنىڭدا ھامان تۇگۇن قالىدۇ. بۇ تۇگۇن ئۆمۈر يىگىنىسىنىڭ كۆزىدىن ئۆتكەندە چوقۇم تاقىشىدۇ. شۇڭا مۇھەببەتنى قەدىرلەپ، ئۇنى قوپاللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ مۇشۇ يەردە يىلتىز تارتىشتىن ئىبارەت قەتئىي ئىرادىگە كېلىۋاتاتتى. ئۆزىنى قەدىرلىگەن، قىزىدىنمۇ چارە كۆرۈۋاتقان قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسى ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىپ، ئۆمۈر بويى ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرسىلا ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندى.

سەلتەنەت ئەنە شۇنداق ئاجايىپ شېرىن ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە ساماۋارغا ئوت سالدى. ئۆيدىن چىققان قېيىنئانىسىغا تىزىنى ئېگىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، قولىدىكى چېلەكنى ئېلىپ كالا سېغىشقا ماڭدى. كۈمۈش ئۇنىڭ كەينىدىن بىر خىل سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ قالدى. ئۇ كېلىنىنى بالىلىرىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. مانا كەلگىنىگە ئانچە كۆپ بولمايلا ئىشلارنىڭ ئېپىنى ئالدى. تاڭ يورۇشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدى بىلەن ساماۋارغا ئوت سالىدۇ. قېيىنئاتىسىغا، قېيىنئانىسىغا سالام بېرىپ كالا سېغىشقا ماڭىدۇ. ئىشىك ئالدىنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چاچىدۇ. بۇلاق بېشىغا بېرىپ سۇ ئەكېلىدۇ. بۇ

ئىشنى ھەر كۈنى گويا مۇقەددەس بىر بۇرچنى ئادا قىلغاندەك داۋام قىلىدۇ. ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ساماۋارنىڭ يېنىدا يەكتەنز بولۇپ ئولتۇرۇپ چاي قۇيىدۇ. قېيىنئىنىلىرىنى مىرزا يىگىت، قارا كۆز، ئوتتۇرانچام، كەنجەم دەپ چاقىرىپ ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. بالىلارمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇقى بىلەن ئورۇنلاپ ئۇنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر خىل سىپايىلىق، سىرتىنىڭ ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئۆيدە ئەزەلدىن بار ئادەمدەك ئىشەنچ چىقىپ تۇرىدۇ.

كۈمۈش ئىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— نېمىدېگەن ياخشى بالا ـ ھە، ئەسلىدە ئىرمەكنى قەشقەرگە يولغا سېلىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا كېرەك. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا قارىسام قارىغۇم كېلىدۇ. قاراڭە، ئۇنىڭ كالا سېغىشىغا. قازاق قىزىنىڭ ئۆزىلىغۇ، — دېدى.

— سەن كالىنى يالغۇز قازاق ئاياللىرىلا ساغىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ كېلىنىمنىڭ مېنى ئەڭ قايىل قىلىدىغان يېرى شۇنچە تېز ئارىدا بىزنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنى ئىگىلىگەنلىكى. ئاڭلىغانسەن، بىزنىڭ بالىلارغا قويۇۋالغان ئىسىملىرىنى. بىز ئەمدى بەزى ئىنچىكە ئادەملەرنىڭ كۆلكىسىگە قالمايدىغان بولدۇق، — دېدى ساپارغالى كالا سېغىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان كېلىنىگە قاراپ قويۇپ. شۇ كۈنلەردە ساپارغالىنىڭمۇ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالغانىدى. قايسى كۈنى بىر تونۇشى توينى مۇبارەكلەپ كېلىۋىدى، كېلىنى قازاق كېلىنلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە سالام

بەردى. چاي قۇيغان چىنىنىمۇ قازاق كىلىنلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە سۇنۇپ ئۇنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ كۆڭلىدە بولدى قىلىۋەتكەن، ئەمما دائىم ئەنسىرەپ يۈرىدىغان قائىدە كىلىنىنىڭ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈۋاتاتتى.

ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئىركىنبەك ئادىتى بويىچە يەڭگىسىنىڭ يېقىنىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇ مۇلايىم ۋە ئەقىللىك بالا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر جۈپ دۈگىلەك كۆزىدىن، تەبەسسۇم تەپچىپ تۇرغان يۇمىلاق يۈزىدىن بىر خىل سەممىيلىك بىلەن قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. سەلتەنەت ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، ئۆزىگە سۇنۇلغان چىنىگە چاي قۇيدى. شۇ ئارىلىقتا ئىركىنبەك يەڭگىسىگە بىرقانچە قېتىم قاراپ قويدى.

— كەنجەم، ماڭا نېمىشقا بۇنداق قاراۋېرىسەن؟ — دېدى سەلتەنەت ئۇنىڭ دۈگىلەك كۆزىگە مېھرى بىلەن قاراپ.

— يەڭگە، سىز كېتىپ قالماسسىز ـ ھە؟ — دېدى ئىركىنبەك بىردىنلا ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپ.

— نېمىشقا كەتكۈدەكمەن، بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دېدى سەلتەنەت ئۇنىڭ تىزىغا قويۇۋالغان قولىنى تۇتۇپ.

— باللار شۇنداق دەيدۇ. ئۇلار يەنە سېنىڭ ھازىرقى يەڭگەڭ ئۇيغۇر، قازاق ئەمەس. ئۇ سىلەرگە ئاش بولمايدۇ. قاراپ تۇر، ھامان بىر كۈنى كېتىپ قالىدۇ، دېدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالما. مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن. سەنلا مېنىڭدىن زېرىكىپ قالمىساڭ.

— مەن ھەرگىز زېرىكمەيمەن. سىز دېگەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ چىرايلىق يەڭگەم.

كومۇشنىڭ گېلىغا بىردىنلا قاتتىق بىرنەرسە كەپلەشكەندەك بولدى.

— بۇ شوملارنى قارىمامدىغان. ئۆيدە شونداق گەپ بولمىسا ئۇلار سىرتتا بونداق سۆزلەرنى قىلىپ يۈرەرمىدى. مۇشۇ كونلەردىچۇ بەزى ئادەملەر پۈتىدا ئەمەس، ئاغزىدا ماڭىدىغان بولۇپ كەتتى. كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، قىزىم ـ ھە؟ — دېدى ئانا خىجىل بولغان ھالدا.

— باشقىلار نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرمەمدۇ، ئاپا، — دېدى سەلتەنەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇنچىلىك ئىشلارغا خاپا بولساق جان توشۇمايدۇ.

— ماڭىمۇ ئاغىنىلىرىم شونداق گەپنى قىلغانىدى، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىپ قويدۇم، — دېدى جۇماتاي سۆزگە ئارىلىشىپ، — يەنە شونداق گەپلەرنى قىلسا ئاغزىنى يىرتىۋېتىمەن.

— كىملەر ئۇ شونداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن. شۇلاردىن بىر ـ ئىككىسىنى كۆرسىتىپ قويغىنا، تىلىنى يۇلۇپ ئىككىنچى سۆزلىيەلمەس قىلىۋېتەي، — دېدى قىدىرغوجا بىردىنلا قىزىشىپ سۆزلەپ.

ئۇلار بىردىنلا قايناپ كېتىشتى. ھەممىسى يەڭگىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، شونداق سۆزلەرنى قىلغانلارغا غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرەتتى. خېلىدىن بېرى باللىرىنىڭ سۆزىنى ئۈنچىقماي ئاڭلاپ ئولتۇرغان ساپارغالى گېلىنى قىردى، ئاندىن:

— باللىرىم، يەڭگەڭلەرنى قوغدىغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت. شونداقتىمۇ باشقىلار بىلەن جېدەل قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. مەن يەڭگەڭلەرنىڭ سۆزىگە

قوشۇلىمەن. ئۇلار نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن. بىز ئاڭلىمىغان بولۇپ يۇرۇۋېرەيلى. ۋاقىت ئۇزارسا ئۇلارمۇ سۆزلەپ ـ سۆزلەپ توختاپ قالىدۇ. مەن يەڭگەڭلەرگە ئىشىنىمەن. ئۇ ئىركىنبەككە ۋەدە بەردى. بىز دېگەن هازىر بىر ئائىلە كىشىلىرى. بىزنى هېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ،— دېدى. باللار دادىسىنىڭ ئاۋازىدىكى ئىشەنچىدىن ئۇزلىرىنى تولىمۇ يەڭگىل سەزدى.

چۈشكە يېقىن كۈمۈشنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرقانچە ئايال ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. سۈت پىشۇرۇپ، قورۇت ياساۋاتقان سەلتەنەت ئۇلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى، قائىدە بويىچە ئۆيگە باشلاپ، چاي قويدى. ئايال مېهمانلار بەس ـ بەس بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى. ئۆي ئىچىدىن ئۇلارنىڭ گەپلىرى بىلەن جاراڭلىق كۈلكىسى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق يۇزمۇيۇز ماختاشلاردىن سەل خىجىللىق هېس قىلغان سەلتەنەت مېهمانلارغا بېشىنى لىڭشىتىپ، كۈلۈمسىرەش بىلەن تەشەككۇر بىلدۇردى.

— نېمىدېگەن تەلەيلىكسەن، كۈمۈش،— دېدى مېهمانلارنىڭ ئىچىدىكى جاڭلىقان ئىسىملىك سېمىزغىنا ئايال،— كېلىن دەپ مانا بۇ قىزنى دېسە بولىدۇ. ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس قانداق چىرايلىق دېسەڭلارچۇ. ئولتۇرۇشىمۇ نەق قازاق قىزىنىڭ ئۆزى. خۇدا بۇيرۇسا مەنمۇ كەنجەمنى ئۇيغۇردىن ئۆيلىمىسەم.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ كېلىنىڭنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدىم، قوشنا. بۇنداق كېلىنىنى چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدىغۇ كىشى. قاراڭلار ئەتكەن چېيىنى، شۇنداق

تەملىك،ـــ دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سارە ئىسمىلىك ئايال زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ.

ــ قاراڭلار ئۇ قىزنىڭ چېچىغا،ـــ دېدى يەنە بىر ئايال ھەيران بولغىنىدىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ،ـــ نېمىدېگەن چاچ ـ ھە؟ خۇددى تۇلپارنىڭ قۇيرۇقىدەك ھەم ئۇزۇن، ھەم قارا. مەن بۇنداق چاچنى كۆرمەكتە يوق، ئاڭلاپمۇ باقمىغان.

ــ راست دەيسەن، ئەرلەر ئايال كىشىنى چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگىنى بىلەن ئۇزۇن چاچلىق ئاياللارنى كۆرسە خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىكەن.

ــ سەن بىلمەيدىغان ئوخشايسەن، ئۇلارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگىنى ماختىغىنى.

ــ مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغان. بىزنىڭ ئادەممۇ دائىم: «ئۇزۇن چاچ ئايال كىشىنىڭ زىننىتى» دەيدۇ.

ــ چۈنكى بىر چاغلاردا سىنىڭ چېچىڭمۇ ئۇزۇن بولىدىغان. بىراق بۇ كېلىنىنىڭ چېچىغا يەتمەيدىغان.

ــ قېنى ئۇ چاچلار؟ چاچ ئەمەس، ئەرلەرنى ساراڭ قىلغان ئۇ چىرايلارمۇ قالمىدى مانا.

ــ سەنغۇ ئۆزۈڭنى تاشلاپلاۋەتتىڭ. ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك ياسانساڭ ھازىرمۇ ئەرلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىسەن.

ــ شۇنداق دېسەڭ ئىسمگە كېلىۋاتىدۇ، بىز نېمىشقا ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك قېشىمىزغا ئوسما قويمايمىز؟

ــ ئەمدى قويساق بولىدىغۇ. بۇرۇن ئوسمىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بىلەن قانداق نېمىلىكىنى بىلمەيتتۇق. مانا ئەمدى ئۇيغۇر كېلىنىمىز بار بولدى. ماقۇل دېسەك بۇ كېلىنىمىز ئوسما قويۇپ شۇنداق بىر

ياساپ قويىدۇكى، بوۋايلىرىمىز باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ قالدىمىمۇ نېمە دەپ كەينىگە يانىدۇ.

ئۇلار بىر تەرەپتىن پاراڭ سېلىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈلۈشەتتى. سەلتەنەت ئۇلارنىڭ ئوچۇق - يورۇق، سۆزىگە ماھىر ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، دىلى ياير اپ كەتتى. ئۇ بۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا، ئۇلار ھەر قېتىم ماختىغاندا ئۆزىنى يەردە ئەمەس، بەلكى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى. ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلىنىۋاتقان ماختاش ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

كۆمۈش كۆلەتتى. ئايالىلارنىڭ سۆزىگە سۆز قوشۇپ، يەنە بىر سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولاتتى. ئۇزۇن يىل جىمجىتلىقتىن كېيىن پەيدا بولغان شاد - خۇرام كەيپىياتتىن بېشى كۆككە تاقىشىپ، چىرايىغا بىر چاغلاردىكى خاتىرجەملىك قايتىپ كەلگەندەك قىلاتتى.

— سادىغاڭ كېتەيلەر، كېلىن بار ئۆي نېمىدېگەن ياخشى - ھە، — دەيتتى ئۇ ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا، — سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بۇ ئۆيدىن بۇگۈنكىدەك كۈلكە ئاۋازى چىقمىغانغا قانچە يىللار بولۇپ كەتكەنلىكىنى؟ مانا كېلىن كېلىۋىدى، ئۆيۈمگە بەرىكەت قونۇپ، مەنمۇ مېھمانغا ئوخشاش سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىن ئورۇن ئالدىم. خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىرنەچچە يىلدا ئۆيىنىڭ ئىچى نەۋرىگە توشىدۇ. خۇدا شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزسە مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش نەۋرىلىرىمنىڭ سۈننەت تويىنى قىلىمەن. ئۇلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ئاتقا مىندۇرۇپ، ئالدىڭلارغا ئەۋەتىمەن.

قېيىنئانىسىنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان سۆزلىرى

سەلتەنەتنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۆتتى. ئۇ راستىنلا بىر ئوغۇل تۇغۇشنى، ئۇنى بىر قوللۇق تەربىيەلەپ قاتارغا قېتىپ، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەمگە ئايلاندۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ئوغۇل بالا دېگەن يەنىلا ئوغۇل بالا ئىدى. ئەڭ بولمىغاندا ئۇ ھەممە ئىشتا ئەركىن، جاھان كېزىپ تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ. نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئەر كىشى دېگەندە ئاجايىپ بىر خىل ئالاھىدىلىك بولىدۇ. ئۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئايال كىشىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق تۇپەيلىدىن باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا، كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ. ئايال كىشى دېگەن چىڭ تارتىلغان بىر تال يىپقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولسا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۈلگەن بىلەن بەربىر تۈگۈن قالىدۇ. ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىسى ئىچىدە ئەركىن نەپەس ئېلىشمۇ جۇرئەت قىلالمايدۇ. بىر كۈن كەچ كىرگۈچە تىنىم تاپماي ئىشلىسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچكىم رازى بولمايدۇ.

بىراق ئىرمەك ئۇنداق قارىمايتتى. قىز بالىنىڭ قانچىلىك قەدىرلىك، قانچىلىك مېھرىبان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە قىز بالا دېگەن ئۆينىڭ بەرىكىتى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساس ئىدى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەلتەنەتكە قىز بالا بار ئۆينىڭ قانداق شادلىققا تولىدىغانلىقىنى، دادىسىغا قانداق كۆيۈنىدىغانلىقىنى، ئۆيلەرنىڭ قانداق پاكىز

تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. تېخى ئاخشاملا ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي قىزغىن دەتالاشلارنى قىلغانىدى. ئىرمەك ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشسا، سەلتەنەتمۇ ئۆز قارىشىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرەتتى.

— سىز بىلمەيسىز، مەنمۇ بىر قىز بالا، — دېگەنىدى سەلتەنەت ئاخىرىدا ئىرمەككە بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، — بېشىمغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى دېيىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. بەزىدە كېچىچە كىرپىك قاقماي تاڭلارنى ئاتقۇزۇۋەتكەن كۈنلىرىم بولغان؛ بەزىدە يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ھاياتتىن ۋاز كەچكەن كۈنلىرىم بولغان. قىز بالا دېگەن مانا شۇنداق ئاجىز بولىدىكەن. شۇنداق كۈنلەر بېشىغا كېلىپ قالسا ئاتا - ئانىسى ئەمەس ئۆزىنىمۇ قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالسىز قالىدىكەن. ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق ئەمەس. ئەڭ بولمىغاندا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ. قەيەرگە بارسا جېنىنى باقالايدۇ. شۇڭا يەنىلا ئوغۇل بالا ياخشى. ئوغۇل بالا دېگەن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، دادىنىڭ قانىتى. ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ساقلاپ قالىدىغان ئىزباسار.

— دېگەنلىرىڭىزغۇ ئورۇنلۇق. بىراق ھازىر دېگەن يېڭى زامان. يېڭى زاماننىڭ بالىلىرى سەن بىلەن ماڭا ئوخشاش چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈنى چوقۇم بىزنىڭكىدىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېگەنىدى ئىرمەكمۇ شۇنداق زامانلارنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، — مانا شۇنىڭ دەلىلى سوۋېتتە پارتىيە ئەر - ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر، دېگەن چاقىرىقنى چىقاردىغۇ. كەلگۈسىدە بىزنىڭ بالىلىرىمىز مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، بىلىم ئېلىپ ئالىم بولىدۇ. بىز ئويلاشقا،

قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. سەن بىلمەيسەن، بىزنىڭ گۈڭشېدىكى خەي شۈجى ئەنە شۇنداق بىلىملىك ئادەم. بىلىملىك بولغاچقا ئۇن نەچچە يىلدىن كېيىنمۇ دادامنى تونۇۋاپتۇ. بىلىملىك بولغاچقا گۈڭشېغا شۈجى بوپتۇ. ئىككىمىزنىڭ ئەر ـ خوتۇن بولۇشىمىزمۇ ئەنە شۇ خەي شۈجى سەۋەبچى بولغان...

سەلتەنەت ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۈلۈپ كەتتى. مانا بۈگۈن قېيىنئانا ئويلىمىغان يەردىن سۈننەت تويىنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى. قېيىنئانا شۇنداق دەۋاتقان يەردە ئېرمەك غىڭ قىلالامتى؟

سەلتەنەت بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى، چاققانلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ بىردەمدىلا تاماق ئەتتى. مېهمانلار تەرلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەتكەن سۇيۇقئېشىنى — قازاقچە كەسمە كۆجىنى ئىچتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن تاماق ئىچسە، بىر تەرەپتىن سەلتەنەتنىڭ چاققانلىقىنى ماختاپ، ئۇنىڭغا بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى. سەلتەنەت بۈگۈن ئۇلارغا ھەقىقەتەن مېهماندوستلۇقىنى يەتكۈزۈپ، قېيىنئانىسىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىۋەتكەندى. ئاياللار ئالدىدا يۈزى يورۇق بولغان قېيىنئانا قەددىنى رۇسلاپ، مەيدىسىنى كېرىپ قويدى. ئۇ مېهمانلارنى ئۇزىتىپ چىققاندا كۈن قايرىلغان بولۇپ، ئاسمان قەرىدە ئاپپاق ـ ئاپپاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. قەلبى گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمگەن ئانا يەڭگىل تىنىپ قويدى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا قۇلاق تۈۋىدىن ۋىشىلداپ ئۆتكەن قۇرغۇيىنىڭ ئاۋازىمۇ، يەردىن يەرگە قونۇپ سايراۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ سايرىشىمۇ يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

كۆپ ئۆتمەي تۆپىلىك تەرەپتىن كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلاندى. مال پادىسىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭ يىراقتىنلا كۆزگە كۆرۈندى. پۈتكۈل دالا كەچكى شەپەق قوينىدا شۇنداق جانلىنىپ كەتتىكى، يىقىنلا يەردىكى بۇلاقتىن سۇ ئىلىپ كىلىۋاتقان سەلتەنەت بۇ مەنزىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك چىلىكىنى يەرگە قويدى.

ئۇ تىخى يايلاقنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، كۈزلەك مەنزىرىسى هامان ئۇنى ئۆزىگە جەلىپ قىلاتتى. سارغايغان ئىتەكلەر، باش ـ ئايىغى يوق تۆپىلىكلەر، سان ـ ساناقسىز مال ـ چارۋىلار، شىلدىرلاپ ئىقىۋاتقان ئىقىن سۇلار هەتتا كۆك قەرىدە ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇچارقاناتلار ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ قايناق هىسسىياتلارنى پەيدا قىلىپ، بۇ يەرگە بولغان مىهىر ـ مۇهەببىتىنى هەسسىلەپ ئاشۇراتتى. بۇ يەردىكى تۇرمۇش ئۇنىڭغا گويا چۈشتەك، خىيالىي تۇيغۇدەك بىلىنەتتى. ئۇ نەچچە كۈنگىچە ئىتىزنىڭ، زىرائەتنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمەي هەيران بولۇپ يۈردى. كىيىن بۇ يەردە زىرائەت تىرىلمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە دۇنيادىكى هەممە ئادەم چوقۇم دىهقانچىلىق قىلاتتى. شۇنداق مۇنبەت يەرلەرنىڭ بىكار تۇرۇشى ئۇنىڭ ئىچىنى خۇددى مۇچ سۈيى قۇيغاندەك ئىچىشتۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى راستىنلا چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن هىچقانداق خىجالىتى يوق ئەركىن ئادەملەردەك ياشايتتى. قوللىرىدىمۇ قاداق يوق ئىدى. ئاياللىرى مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىپ ئاغىچا خىنىملاردەك

يۇرسە، ئەرلىرى ھەر كۈنى ئات مىنىپ، خانزادىلەردەك يۈرەتتى.

كەچلىك تاماق ناھايىتى كۆڭۈللۈك يېيىلدى. كۈمۈش ئۆيگە كەلگەن مېھمانلار توغرىسىدا زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ بەردى. گەپ ئۇلارنىڭ كىيىمىنى ماختاپ بەرگەن يەرگە كەلگەندە، ئىرمەك ئايالىغا سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ قويدى.

ــ مانا بەرىكەت دېگەن، ــ دېدى ساپارغالى مەمنۇن بولغان ھالدا، ــ ئۆيگە كىيىن كىيىشى بىلەن مېھمان كەلگەن بولسا كىيىمنىڭ ئايىغى ياراشتى دېگەن گەپ. بىلىشىمچە بىزنىڭ ئۆيدە بۇنداق كۈلكە - چاقچاقنىڭ بولمىغىنىغىمۇ ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. بۈنى ئاڭلاپ خۇشال بولغىنىمدىن ئات مىنىپ بولۇشقا چاپقۇم كېلىۋاتىدۇ. بىلەمسىلەر، بۈگۈنكى تويدا مەنمۇ ئازراق قايناپ قويدۇم.

باللار ھەيران بولدى. ئادەتتە بۇنداق گەپلەرنى قىلمايدىغان دادىنىڭ قانداق قايىنىغانلىقىنى بىلەلمەي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشتى.

ــ بىلسەم - بىلمىسەم مېنىڭ قانداق قايىنىغانلىقىمنى بىلگۈڭلار كېلىۋاتىدۇ ھەرقاچان. ھاراق ئىچىسىلا قايىنىغان بولمايدۇ. قايناشنىڭمۇ تۈرى كۆپ بولىدۇ.

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە ساپارغالى بېشىنى كەينىگە تاشلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن كەيپىنىڭ تولىمۇ چاغ ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ــ داداڭلار بۈگۈنكى تويدا ھەممە ئادەمنى تاڭ قالدۇرۇپ ئۆلەڭ ئېيتتى.

— پاھا! — دەۋەتتى قەسەن بىردىنلا ھاياجىنىنى باسالماي، — دادام ئەقلىدىن ئېزىپتۇ.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. قارىغاندا دادا راستىنلا ئەقلىدىن ئازغاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆلەڭ ئېيتمىغانىغا ناھايىتى ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتكەندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئۆلەڭ ئېيتالايدىغانلىقىنى كۆپ ئادەم بىلمەيتتى.

— مەن راستىنلا ئەقلىمدىن ئازدىم، بالام. چۈنكى ئەقلىمدىن ئازىدىغان ۋاقىت كەلدى. بېشىمدىكى غەم تۈگەپ ئازادلىققا چىقتىم. ئۇزۇن يىل يوقىتىپ قويغان خۇشاللىقىمنى تېپىۋالدىم. شۇنداق تۇرسا مەن ئەقلىمدىن ئازماي كىم ئەقلىدىن ئازسۇن؟

— ئۇنداقتا بۈگۈن بىزگىمۇ، كېلىنىڭىزگىمۇ ئۆلەڭ ئېيتىپ بېرىدىكەنسىز ـ دە؟ — دېدى كۈمۈش ھاياجان ئىلىكىدە.

— ياخشى، — دېدى ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئىركىنبەك چاۋاك چېلىپ. بۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن دادىسىنىڭ ئۆلەڭ ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. دادا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۈگۈن تويدا بىر ئەر، بىر ئايالدىن تەركىب تاپقان ئىككى ئاقىن ئۆلەڭ ئېيتىپ قالدى. ئۆلەڭ دەپ مانا مۇشۇنى دېسە بولىدۇ. قازاقنىڭ سۆز چېۋەرلىكى مانا مۇشۇ يەردە. سىلەرمۇ قازاق بالىسى بولغاندىن كېيىن مانا مۇشۇنداق ئۆلەڭلەردىن ئۈلگە ئېلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار سۆزگە باي بولۇپلا قالماي يەنە سۆزۈڭلارمۇ ئۆتكۈر بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ ئويۇققا ئېسىپ قويۇلغان دومبىرىنى

قولىغا ئالدى ـ دە، تويدا ئېيتىلغان ئۆلەڭنى ئېيتىپ بەردى.

ئۆي ئىچىدە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. سەلتەنەت گەرچە بۇ ئۆلەڭنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، قىزنىڭ يىگىتنى يەڭگەنلىكىنى چۈشەندى.

ــ نېمىندېگەن قالتىس ئايال،ــ دېدى ئىرمەك كۈلكىدىن ئۆزىنى زورىغا توختىتىپ،ــ ئېيتىشىشتا بۇنداق كەلتۈرمەك قىيىن. ئۆزىنى بىلەلمىگەن ئاقىنلارنى مانا مۇشۇنداق قامچىلاش كېرەك.

ئۇلار بىرپەس مۇشۇ ئېيتىشىش ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشتى. ئىرمەك تالاش ـ تارتىشقا قۇلاق سېلىۋېتىپ بىردىنلا مەمتىلاخۇن ئۇستامنى ئەسلەپ قالدى. مەمتىلاخۇن ئۇستامنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ، خەتەرلىك تاغ يوللىرى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ ئاشۇ خەتەرلىك يولدا يولداش بولۇپ ئۆزىگە مەدەت بەرگەن ئادەملەرنى سېغىنىۋاتاتتى. جاپپار ئاكىنى، تۇرسۇننى، نۇراشنى، باقىقۇجىنى سېغىنىۋاتاتتى. ئۇ يەنە «بۇ چاغقىچە كېرىم مېڭىپ كەتتى ھەرقاچان» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە تەڭرىدىن ئۇنىڭ سەللىمازا ساقىيىپ كېتىشىنى تىلىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

مەھەللىدىن چىققان ھارۋا ئۇزاق ئۆتمەي ئورمانلىققا بۇرالغان كاتاڭ يولغا چۈشتى. قەدىمىي زاماندىن قالغان ئىپتىدائىي قارىياغاچلار ئەپسانىلەردىكى دىۋىلەردەك قولىلىرىنى كېرىپ تۇرغاچقا، ئەتراپتا بىر خىل ئەنسىزچىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. بەزى قارىياغاچلارنىڭ غولى ئاستىدىكى چىرىگەن كامار يىراقتىن قارىغان ئادەمگە خۇددى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان يالماۋۇزدەك كۆرۈنەتتى.

سەلتەنەت بۇ مەنزىرىلەرگە زور قىزىقىش بىلەن قارىدى. خۇددى ئۆزىنى يۇرتىدىكى جاڭگاللىقتا كېتىۋاتقاندەك سېزىپ، ئۆپكىسىنى ساپ ھاۋا بىلەن تولدۇردى. تەكلىماكان قۇملۇقىغا جايلاشقان جاڭگاللىق ئاجايىپ - غارايىپ ئورمانلار بىلەن تولغانىدى. مەيلى توغراق بولسۇن، مەيلى سۆكسۆك بولسۇن ھەممىسى قەدىمكى دەرەخلەر بولۇپ، بەزى توغراقلارنىڭ شەكلى ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنگۈدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق ئىدى. داۋاملىق قۇم - بوران تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ جاڭگاللىقتا نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار ياشايتتى. جەرەن، بۇغا، سۈلەيسۈن، مولۇن، توشقان دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. تۇرلۇك - تۈمەن ياۋايى قۇشلار سايرىشىپ جاڭگاللىقنى بېشىغا كىيىشەتتى. ئوخشاشمايدىغان يېرى جاڭگاللىق تونۇردەك

ئىسسىق، بۇ يەر بولسا شۇنداق سالقىن. جاڭگاللىقتا سۇ يوق، بۇ يەردە بولسا سۇ دېگەن مول.

— بالام، نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىڭىز؟ — دېدى كۆمۈش كېلىنىگە.

— قاراڭە، ئاپا، نېمىدېگەن گۈزەل يەرلەر بۇ، خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزى. بۇنداق يەردە ياشاش ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىكەن. بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر مېنى بەكلا مەپتۇن قىلىۋالدى.

— ئۇنداقتا كۆپرەك قاراپ، قانغۇچە ھۇزۇرلىنىۋېلىڭ. سىزلا خۇشال بولسىڭىز، بىز رازى. كەلگەندىن بېرى ئۇياق - بۇياققا ئاپىرىپ ئوينىتالمىدىم. نېمىسىنى دەي، بالام، شۇ تىرىكچىلىكنىڭ غېمى. ئامان بولساق ئاز كۈندە قىش كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ قولىمۇ بوشاپ قالىدۇ. قىشلاقتا كۆچۈشمۇ بىز قازاق خەلقى ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق. چۈنكى ئەتىيازدا قىشلاقتىن چىقىپ كەتكەن بىر توپ مال يەنە بىر توپ مالنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ. مال كۆپەيسە كوللېكتىپنىڭ ئىگىلىكىمۇ زورىيىدۇ. كوللېكتىپنىڭ ئىگىلىكى زورايسا قازانىمۇ ماي، چۆمۈچىمۇ ماي بولىدۇ.

ئانا بىر خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىدىن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. سەلتەنەت ھارۋىنىڭ سىلكىنىشىگە ئەگەشكەن ھالدا ئىككى ياققا چايقىلىپ ئانىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى كۈتتى. ئانا چوڭقۇر تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كىچىكىمدىن ئاپپاق قار باسقان دالانى ياخشى كۆرەتتىم. چۈنكى بۇ خىل كۆرۈنۈش ئادەمگە پاكلىق

تۆيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. ئىشىكتىن چىقىپ قارىسىڭىز ھەممە ياق ئاپپاق قار ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان. پەقەت يىراقتىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ، قارىغايلارنىڭ ئۇچىلا قارىيىپ كۆرۈنىدۇ. يىلان باغرى سوزۇلغان يالغۇز ئاياغ يولدا ماللار قاتارلىشىپ ماڭىدۇ. ئۆكۈزلەرگە سۇ ئارتقان ئادەملەر چىقىپ كېلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ تۈرخۈنىدىن چىققان كۆكۈچ ئىس خۇددى ئۇسسۇلچى قىزلاردەك تولغىنىدۇ. بۇ يەردە قىشلاقلارمۇ يىراق ـ يىراق جايلاشقان بولىدۇ. ئاشۇ يىراق يەرلەردىن ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغان، گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. قېلىن كىيىنگەن ئاياللار ياغلىقىنى ئېڭەكتىن چىگىپ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە نەرسە سوراپ بارىدۇ. قاپتاللاردىكى ئاتلىق ئادەملەر كىچىكلەپ خۇددى ئويۇنچۇقتەك كۆرۈنىدۇ. ئىشقىلىپ، قىش مەنزىرىسى بەكلا گۈزەل بولىدۇ.

سەلتەنەت قېيىنئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. خۇددى بىر چاغلاردا ئاپىسى ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىكى مەنزىرىلەرنى كۆرگەندەك بولۇپ، قىشنىڭ بالدۇرراق يېتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالدى.

— ئۇنداقتا ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىز بىلەن قىشلاقنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا قىزىقىپ.

— ئۇنچە يىراق ئەمەس. كۆچكەن ئادەمگە بىر كۈنلۈك، ئاتچان ئادەمگە يېرىم كۈنلۈك يول.

— ئۇ يەردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىگىز ئۆيدە ئولتۇرىمىزمۇ؟

كۈمۈش بىردىنلا كۈلۈۋەتتى.

— ياق، بالام، قىشلاقتا ياغاچتىن سىلىنغان ئۈچ ئىغىزلىق، تامدىن سوققان ئىككى ئىغىزلىق ئۆي بار.

— ۋاي ـ ۋۇي، نېمانچە كۆپ؟

— كۆپلۈك قىلمايدۇ. چۈنكى بىزدە جان سانى كۆپ. سىز بىلەن قوشقاندا ھازىر بۇ ئائىلىدە ئون جان بار، بالام.

سەلتەنەت ئۆيدىكى جان سانىنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئىرمەك بۇرىلىپ قارىغاندا ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك تىلىنى چىقىرىپ قويدى.

— ئۇنداقتا، ئاپا، بىزگە قايسى ئۆينى بېرىشنى ئويلىشىۋاتىسىز؟ — دېدى ئىرمەك يۈزىنى داپتەك قىلىپ. ئانا كۈلۈپ كەتتى:

— مانا سەنمۇ چوڭ بولۇپ ئۆز غېمىڭنى يېگۈدەك بوپسەن، بالام. ياغاچ ئۆينىڭ ئىككىسىدە بىز ئولتۇرۇپ، يەنە بىرىنى سىلەرگە بەرسەك بولار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشىكىمۇ ئايرىم.

— ئاپا، سىز نېمىدېگەن ياخشى، مەن تېخى بىزگە توپا تاملىق ئۆيدىن بىر ئىغىز بېرەمدىكىن دەپ ئويلىغانىدىم.

ئىرمەكنىڭ بۇ سۆزى بىلەن سەلتەنەتنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى:

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ئاپىسىغىمۇ شۇنداق گەپ قىلغان بارمۇ؟

ئۇنىڭ ئاۋازى پەس چىققان بولسىمۇ، جىمجىتلىقتا چۆككەن دالادا جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى. بۇ گەپتىن سۆيۈنگەن قېيىنئانا قولىنى سوزۇپ سەلتەنەتنى باغرىغا

باستى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبى مۇشۇ بىر ئېغىز سۆز سەۋەبىدىن مايدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى.

ــ رەھمەت بالام، رەھمەت. مانا كونىلاردىن قالغان «ياخشى سۆز تاشنى يارىدۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ كۈچىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىز يالغۇز قېيىنئانا بىلەن كېلىن بولۇپ قالماي يەنە ئانا ـ بالا. سىز دېگەن بىزگە خۇدايىم ئەۋەتكەن بەرىكەت.

سەلتەنەت قېيىنئانىسىنىڭ باغرىغا تىقىلغىنىچە كۆزىنى يۇمدى. ئانا باغرىدا يېتىپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەچكە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلار ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى تىلىگەن تىلىكى مانا ئەمەلگە ئېشىپ، خۇدا ئەۋەتكەن قېيىنئانىغا ئىگە بولدى. تەڭرى ئاخىرى ئۇنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزدى. ئۇ ھازىر زېمىندا ئەمەس، بەلكى ئەرشتە. ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ئىچىدە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشاش قانچىلىك كۆڭۈللۈك، قانچىلىك راھەت ـ ھە؟...

سەلتەنەت بىردىنلا قېيىنئانىسىنى قۇچاقلىۋالدى. شۇ تاپتا قېيىنئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ ئانىسىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تونۇش ھىد گۈپۈلدەپ كېلىۋاتاتتى.

ئانىسى بىلەن ئايالىنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرىگە خېلىدىن بېرى قۇلاق سېلىپ كېلىۋاتقان ئىرمەك ئايالىنىڭ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى خۇددى دەرياغا چۈشكەن بېلىقتا ئوخشاش ئويناپ كەتتى. سىرتتىن قارىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قېيىنئانا بىلەن كېلىننىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى ئانا بىلەن قىز مۇناسىۋىتى دەپ بىلەتتى.

بۇنداق مۇناسىۋەت ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايتتى. بىرچاغلاردا كومۇشمۇ قىپىنئانىسى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مانا مۇشۇنداق مۇناسىۋەت بولىسكەن دەپ ئۇمىد قىلغانىدى. بىراق ئۇنىڭ ئۈمىدى شۇ پېتىچە قالدى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولغۇنكى كۆندە بۇ مۇناسىۋەت ئۇنىڭ قولىدا يىلتىز تارتىپ بىخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە قىپىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مانا مۇشۇنداق بولغاندىلا ھەممە ئائىلە ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن بولاتتى.

ئاتلار قاتراۋاتاتتى. ئىككى ئات قوشقان دىشلىۇ ھارۋىنىڭ تۆت چاقى دۆڭگىلەۋاتاتتى. كاتاڭغا چۈشكەن ھارۋا ئادەمنىڭ ئىچ ـ قارنىنى سىلكىپ ئىككى ياققا چايقىلاتتى. ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشىدىن چىققان قاڭسىق پۇراق دىماققا ئۇرۇلاتتى.

— ئاپا، سىزمۇ ئۆلەڭگە ئۇستىغۇ دەيمەن؟ — دېدى سەلتەنەت بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ. بۇ گەپ بىلەن كومۇشنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— بۇرۇن شۇنداق ئىدى، بالام، ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ، — قايناق ھېسسىياتلار، سېھىرگە تولغان ئاۋازلار كەلمەسكە كەتتى. قانداق چاغلار ئىدى ـ ھە، ئۆلەڭ ئېيتىپ ھارمايدىغان. قازاق بار يەردە ئۆلەڭ بار. ئۆلەڭ بار يەردە قازاق بار. ئۆلەڭ ئېيتالمىغان ئادەمنى ھېچكىممۇ قازاق دەپ تونۇمايدۇ.

— ئۇنداقتا مەنمۇ ئۆلەڭ ئېيتىشنى ئۆگەنسەم بولغۇدەك.

كۆمۈش ھەيران قالدى. دېگەن سۆزىنىڭ تەتۈر مەنە بېرىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ قىمچىلىپ كەتتى:

— سىز دېگەن ئۇيغۇر، قىزىم. ھازىرمۇ ئۇيغۇر، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر. ھېچكىم سىزنى قازاق بول دەپ زورلىمايدۇ. سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولسىڭىز مېنى كەچۈرۈڭ.

— ياق، سۆزىڭىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغىنىم يوق. نېمە ئۈچۈندۇركىنتاڭ يېقىندىن بېرى قازاقچە ئۆلەڭنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولدۇم. قايسى كۈنى دادام ئېيتقان ئېيتىشىش ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ. نېمىدېگەن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆزلەر. ئويلاپ باقسام، سىلەردىكى ئاقىنلار ئېيتىشىشى بىزدىكى بېيىت ئېيتىشقا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. بىزنىڭ يۇرتتىمۇ توي – تۆكۈندە بېيىت ئېيتىدۇ.

— ئۇنداقتا بىزنىڭ تويىمىزدا بېيىت ئېيتىمىدىڭلارغۇ؟ — دېدى ھارۋىنىڭ بوجىسىنى ئالىقىنى بىلەن قاماللاپ تۇتقان ئىرمەك چاقچاق قىلىپ. بۇ سۆز ئانىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى:

— ئاغزىڭنى يۇم، ۋالاقتەككۇر. بۇ يەردە ئاناڭ تۇرسا نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ بېيىت ئېيتقۇدەك سەن قەشقەردە قانچىلىك توي قىلغانىدىڭ؟ قارا بۇنىڭ دەۋاتقان سۆزىنى. ئالدىمغا كەلدى دەپ يەۋەرگەنلەرنىڭ، ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولغان ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام سەندەك بالىدىن كېچىپ كېتىمەن. ھۇ تەربىيە كۆرمىگەن.

— ئەقىلسىز بالىڭىزنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئىرمەك

خاتالىقنى دەرھال بويىنىغا ئېلىپ، ــ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق سۆزلەرنى ھەرگىز قىلمايمەن.

ئانا ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ خاپىلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن ئاچچىقىنىڭ تارقىلىپ كەتمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. يولدا يولۇققان بىرقانچە ئاتلىق سالام بېرىپ ئۆتتى. ئەبلەبەكنىڭ ئۆيى بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. ئەبلەبەك بىلەن ئايالى كېلىپ چاقىرىپ كەتكىنىگىمۇ بىرقانچە كۈن بولۇپ قالغانىدى. كالا سېغىش ئىشىنى قوشنىسىغا تاپشۇرغان كۈمۈش مانا بۈگۈن سەھەردىلا يولغا چىقتى. دادۈينىڭ دىشلۇ ھارۋىسىغا كىگىز سېلىپ، كېلىنىنى يېنىغا ئالدى. ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە بارمىغانغا خېلى زامانلار بولۇپ كەتكەچكە كۆڭلىدە ئىككى كېچە قونۇشنى مۆلچەرلەپ كېتىۋاتاتتى.

ئاتلار پۇشقۇرۇپ چوڭ سۇدىن ئۆتتى. سۇ ئاستىدىكى تاشلار چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە ھارۋىنىڭ بىر تەرىپى كۆتۈرۈلۈپ، ھازىرلا سۇغا دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا سەلتەنەت ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، ھارۋىنىڭ تاختىيىنى مەھكەم تۇتۇۋالاتتى.

سەلتەنەت ئېرىنىڭ دېگەنلىرىنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىگىنى بىلەن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى ئوڭايسىز سەزگەنىدى. ئانىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ قەلبىدىكى يېقىمسىز سېزىمنى سۈپۈرۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئويغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان تويىدا باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئوينىيالمىدى. باشقىلارنىڭ ئېيتقان بېيىتلىرىنى ئاڭلىيالمىدى. خۇددى ئوغرىغا ئوخشاش دەككە ـ دۈككە ئىچىدە نىكاھ

ئوقۇلۇپ، ئۆزى تونۇمايدىغان بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيگە كىردى. توي مانا مۇشۇنداق غىرىبلىق ئىچىدە ئۆتتى.

ھارۋا مەھەللىگە كىرىشى بىلەن ئىتلار قاۋاپ مەھەللىنى بېشىغا كىيدى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن ھارۋىنى ھازىرلا دۇم كۆمتۈرۈۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا يۈگۈرۈشۈپ كېلەتتى. سەلتەنەت ئىتلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تۈگۈلۈپ قالدى. مېھمانلارنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان ئەبىلبەك بىلەن ئايالى ئىتلارغا ۋارقىرىغاندىن كېيىن كېلىپ ئۇلارنىڭ ھارۋىدىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى.

— شەھەر ئايلىنىپ كەلمىگەنسىلەر، ھەدە؟ — دېدى ئەبىلبەك كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قارىغىلى نېكەم؟

— قويساڭچۇ بۇ ھارۋا دېگەن نېمىنى؟ — دېدى ھارۋىدىن چۈشكەن كۈمۈش ئىنىسىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام ھەرگىز چۈشمەس ئىكەنمەن. ھەرقانچە تېز ماڭغىنى بىلەن پەقەتلا يول ئاۋۇمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چايقاپ بىقىنلىرىمغا سانجىق تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا نېمىشقا ئات مىنىپ كەلمىدىڭلار؟ — دېدى ئەبىلبەك ھەدىسىنى ئۆيگە باشلاۋېتىپ.

— نېمىشقا بولاتتى، يېزنەڭنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ ئۇ «ھارۋىدا بارساڭلار ئابرۇيلۇق بولىسىلەر، ھارۋا دېگەن ھارۋا. ئۇ ئاتتىن ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىنىمىز تېخى يېڭىدىن كەلدى. ئات مىنىشكە ماھىر ئەمەس. ئات مىنىپ كۆنمىگەن ئادەمگە ئۇزۇن يول بىر ئازاب» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھارۋىغا چۈشۈپ كەلدۇق. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا. چۈنكى يېنىمدا كېلىنىم بار ئەمەسمۇ؟

ئات ـ هارۋا توغرىسىدىكى پاراڭ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. ئۇلار پاراڭ سىلىۋاتقاندا سەلتەنەت ئۆي ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ ئۆيمۇ باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش ناھايىتى ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. بوسۇغا تۈۋىدە بىر ئوغۇل، ئىككى قىز ئۇنىڭغا ھەيران بولغىنىچە قاراپ تۇراتتى. سەلتەنەتنىڭ ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئەبلىبەك باللارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى:

— ئوغۇلنىڭ ئىسمى جۇماباي، جۈمەدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قويغان. بىز قازاقلاردا شۇنداق ئادەت بار. بۇ قىزلارنىڭ چوڭى، ئىسمى ئايگۈل. بۇنىڭ بولسا رىسالەت. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە. ھەدەم سىزگە دېدىمۇ ـ دىمىدىمۇ بىلمىدىم، بىزنىڭ چوڭ موممىمىز ئۇيغۇر. شۇڭا ئۇيغۇرغا ئازراق يېقىنچىلىقىمىز بار.

رىسالەت باللارنىڭ كەنجىسى ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن دادىسىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سەزگەن دادا دەرھاللا:

— بارغىن، ئۇ دېگەن ھازىر بىزگە مېھمان بولۇپلا قالماي يەنە كېلىن. سىلەرگە يەڭگە، — دېدى. رىسالەت بېشىنى تۆۋەن سىلىپ سەلتەنەتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بوينىدىن قۇچاقلىدى.

سەلتەنەت ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ كەتتى. قىزنىڭ ھېچقانداق مەقسەت ئارىلاشمىغان بۇ ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ، ۋۇجۇدىدا تىل بىلەن ئىپادىلەش تەس بولغان بىر خىل يېقىنچىلىقنى

پەيدا قىلغانىدى. سەلتەنەت رىسالەتنى باغرىغا مەھكەم باستى، كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشقا ئىگە بولالماي خۇددى دەمدەردەك بۇقۇلداپ كەتتى.

ئۆي ئىچى ئېغىر سۈكۈتكە تولدى. ئانا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئەسلىدە سەلتەنەت ئىلگىرى يېتىمچىلىكتە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئويلاپ كۆز يېشىغا ئىگە بولالماي قالغانىدى. ئەگەر قولۇم ـ قوشنىلار كىرمىگەن بولسا بۇ هال خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان بولاتتى.

— كۈمۈش، بارمۇسەن؟ — دېدى ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى ياشقا چوڭراق بىرى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، — ئۇزۇن يىللار بويتۇ سېنى كۆرمىگىلى. كېلىن ئالىغان بولساڭ بۇياقلارغا ئۆتمەس ئىكەنسەن ـ هە؟

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى كۈمۈشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سۆز قىلىپ، — ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەندە توپتوغرا يەتتە ئوغۇل بار. باشقىنى دېمىگەندىمۇ شۇلارنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىش، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇش بىلەن كۈنىنىڭ كەچ بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي قالىدىكەن ئادەم. قانداق، ئۆزۈڭ ياخشى تۇرغانسەن؟ بوۋىيىڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ياخشى. ئۆمرۈڭدە ئاران بىر قىلغان تويۇڭغا بارالماي تولىمۇ سەت بولدى. شۇ كۈنلەردە قاتتىق زۇكامداپ ئورنۇمدىن تۇرالماي قالدىم. بوۋايدىن تويىنىڭ قىزىغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ سۆيۈندۈم. بۇ كېلىنىڭ ئوخشايدۇ ـ هە، قارا، كېلىندىن كەلگەن تەلىيىڭنى، خۇددى قونچاقنىڭ ئۆزىلىغۇ. ماڭلىيىدىن بىرنى سۆيۈپ قوياي،چۇ، — موماي شۇنداق دەپ سەلتەنەتنىڭ پېشانىسىدىن بىرنى سۆيدى، — خۇدايىم يامان كۆزدىن

نىرى قىلىسۇن، بالام. تۇرقۇڭدىن ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ، ئىشچانلىقىڭ، ئەقىللىكلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. كېلىن بولماق ئاسان ئەمەس. ياخشى كېلىن ئاتا بىلەن ئانىغا تەڭ. ياخشى كېلىننى بارلىق ئادەم ھۆرمەت قىلىدۇ، ئىززەت قىلىدۇ، ماختايدۇ. تىلىكىم ياخشى كېلىن بول. چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىپ، كىچىكلەرگە ئامراق بول. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ نەۋرە ـ چەۋرىلىك بول.

مومايىنىڭ تىلىكىدىن كېيىن باشقىلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تىلەكلەرنى بىلدۈردى. ئۆينىڭ ئىچى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولۇپ ئاۋاتلاشتى. سويدۇم كىرگەنلەرگە چاي قۇيۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئىشىك ئېچىلىپ بوسۇغىدا قوي يېتىلىگەن ئەبلىبەك پەيدا بولدى:

— ئامىن!

ئۇ دۇئا تىلەۋاتاتتى. كۆپچىلىك ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

بالالارنىڭ مىنگەنى تاي بولسىن،
جورغالاتىپ كەلگەندە كۆڭۈلدەرى جاي بولسىن[1].
......

سەلتەنەت قېيىنئانىسىنىڭ دۇئاسىنى خۇددى قىرائەت ئاڭلىغاندەك ئاڭلىدى. ئۇ بىر ناخشىغا، نۇرغۇن مەنىلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان ھېكمەتلىك سۆزگە ئوخشايتتى. مانا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، مانا قان ـ قېرىنداشلار. ئۇلار ئۇنىڭ شەرىپىگە مال سويۇپ، ئۇنىڭ

---

① بالىلارنىڭ مىنگىنى تاي بولسۇن، يورغىلىتىپ كەلگەندە كۆڭۈللىرى شاد بولسۇن.

قەدرىنى، ئابرۇيىنى قىلماقتا. كەينى - كەينىدىن قىلىنىۋاتقان ئىلتىپاتلار ئۇنى رېئاللىقتىن ھالقىتىپ كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلدۇرماقتا. قەدىر - قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا.

قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇشقا ئالدىراۋاتاتتى. ئۆيدىن چىققان ئىرمەك تاغىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. تاغا پىچاقنى بىلەپ قوي سويۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى:

— بىزگە قوي سويىمەن دەپ چاتاققا قېلىپ يۈرمەڭ، تاغا،— دېدى ئۇ كۆزىنى ئوينىتىپ ھەييارلىق بىلەن.

— گەپنى ئاز قىلىپ پىچاقنى قولۇڭغا ئال،— دېدى ئەبلىبەك كۈلۈپ تۇرۇپ،— چاتاققا قالىدىغان ھېچنېمىسى يوق. بۇ دېگەن تەشكىل تەستىق سالغان مال. چاتاقتىن قورقساڭ بىزگە قوينى سويۇپ بېرىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

— مېھمان كۈتۈشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ ئۆيىڭىزگە كەلگەن مېھماننى كەتسەڭ بولىدۇ دېگىنىڭىز نېمىسى،— دېدى ئىرمەك قوينىڭ پۇتىنى باغلاۋېتىپ.

— سەن مېھمانىمۇ؟— ئەبلىبەك بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى،— تورۋا، مەن مېھمان دېگىن؟ قاچانلاردىن بېرى مېھمان بولۇپ قالدىڭ؟ ئارپىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچكەندىن بېرىمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئىرمەكمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ تاغىسىنىڭ مانا مۇشۇنداق سۆزلىرىگە ئامراق ئىدى. ئۇلار بىردە پاراڭ سالسا، بىردە كۈلۈشۈپ قوينى بىردەمدىلا سويۇپ بولدى. دەل شۇ چاغدا ئەبلىبەك بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان روشەننى كۆردى:

— داۋۇدىكى ئىشلاردىن قولۇم بوشىماي كېچىكىپ قالدىم،— دېدى روشەن سالام - سەھەتتىن كېيىن

ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، — سەلتەنەت ئۆيدە ئوخشىمامدۇ؟

ئەبىلىبەك ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. روشەننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سەلتەنەت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئىرمەك گۈشنى پارچىلاپ قازانغا سالغاندا كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپ كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرىغا پۈركەنگەندى.

— سىز تەلەيلىك جۇمۇ، ئىرمەك ئاكا، — دېدى ئوچاققا ئوت قالاۋاتقان جۇمابای بىر خىل سۆيۈنۈش ئىلكىدە، — يەڭگەم ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن. مېنىڭ بۇنداق چىرايلىق ئايالنى كۆرۈشۈم تېخى تۇنجى قېتىم.

— رەھمەت، ئىنىم، — دېدى ئىرمەك ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ، — دېمىسەڭمۇ مەن راستىنلا تەلەيلىك. ئۇنى پەقەت يەڭگەڭنى ئۆيگە ئەكەلگەندىن كېيىنلا بىلدىم. بىرچاغدا داداڭ ماڭا قايغۇ بىلەن ئازابنى، جاپا بىلەن مۇشەققەتنى خۇدا بەندىلىرىنى سىناش ئۈچۈن بېرىدۇ. سەن سىناقتىن ئۆتەلىسەڭلا ئۇنىڭ كەينىدىكى بەخت ساڭا قۇچاق ئېچىپ كېلىدۇ، دېگەنىدى. داداڭ ئەۋلىيادەك ئادەم جۇمۇ؟ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى كۆزۈڭ كۆرۈۋاتىدۇ. رېئاللىقتا ئايلاندى. بەخت ماڭا راستىنلا قۇچاق ئاچتى.

بۇ گەپ بىلەن ھەرئىككىلىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— دادام بىزگە بۇنى دەپ بەرگەن. ئۇ دائىم سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپلا يۈرەتتى. مانا ئەمدى ياخشى بولدى. ئۇ غەمدىن قۇتۇلدى.

ئىرمەك جۇمابايغا يەنە بىر قېتىم مېھىر بىلەن قاراپ قويدى. ئون يەتتە ياشقا ئەمدىلا كىرگەن بۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرى دادىسىنىڭ كۆزىدەك چاقناپ تۇراتتى.

سۆزنىمۇ خۇددى چوڭ ئادەملەردەك جاي - جايىدا قىلاتتى.

— ياخشى ئوقۇپ، ياخشى ئادەم بولغىن. ھازىر قانداق ياخشى زامان. ئوقۇيمەن دېگەن ئادەمگە ھەممە نەرسە تەييار. كەلگۈسىدە سەنمۇ چوقۇم مەندىن تەلەيلىك بولۇپ كېتىسەن. چۈنكى سەن ئەقىللىك. ھەممىمىزنىڭ ئۈمىدى سەندە.

جۇماباي كۆلدى. قازان قايناۋاتاتتى. ئۇ گۆشنىڭ يۈزىدىكى ئاخىرقى كۆپۈكنى ئالغاندىن كېيىن شورپىنى ئالدىرىماستىن سورۇشقا باشلىدى. شورپىدىن ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدىغان مەززىلىك ھىد كېلەتتى.

سەلتەنەت بىلەن روشەن ئۇزۇن مۇڭداشتى. روشەن بىر تەرەپتىن سۆز قىلسا، بىر تەرەپتىن كۈلەتتى. ئۆزىنىڭمۇ ئىلگىرى بەزىبىر قازاقچە ئىبارىلەرنى جايىدا قىلالمىغانلىقىنى ئەسلەپ، سەلتەنەتكە تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

— گەپ جۈرئىتىڭىزدە، — دەيتتى ئۇ سەلتەنەتنى رىغبەتلەندۈرۈپ، — بىزدە «سۇغا كىرسەڭ بېلىقچە، ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە» دېگەن سۆز بار. بىز قازاق ئېلىگە كېلىن بولۇپ كەلگەنىكەنمىز چوقۇم قازاقچىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۆگەنگەندىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىشىمىز لازىم. چۈنكى بىزدە شارائىت بار. تىل دېگەنمۇ بىر بايلىق. شۇڭا كېيىن ئۆگەنگەندىن بالدۇرراق ئۆگەنگەن ياخشى. مۇشۇ يەردە بولىدىكەنسىز قازاقچىنى بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈنلۈككە چوقۇم ئۆگىنىسىز. بىرى سىزدىن ئىمتىھان ئېلىۋاتقان بولمىغاندىن كېيىن تاغدىن - باغدىن، بىرنى نەق، بىرنى نېسى قىلىپ سۆزلەۋەرسىڭىز بولىۋېرىدۇ. «سورا - سورا

بىلىم ئاپتۇ» دېگەندەك ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىپ كېتىمىز.

ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلىغان سەلتەنەت كۈلەتتى. بەزىبىر گەپلەرنى قازاقچە قىلىپ سىناپ باقاتتى. تەلەپپۇزىنىڭ قەشقەرچىسىگە كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ خىجىل بولغىنىدىن قىزىرىپ كېتەتتى.

روشەن كەتتى. «كەچتە يىغىن ئېچىلىدۇ، تەييارلايدىغان ماتېرىيالىم بار ئىدى» دەپ ئۆي ئىگىسىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي ئۆيدىن چىقتى. ئۇنى يولغا سالغان سويدۇم روشەننىڭ تەرىپىنى قىلىپ ماختاپلا كەتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغان سەلتەنەت بۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايالنى بىردىنلا ياقتۇرۇپ قالدى.

ئېگىز بوي، كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئايال گەپنى ئاز قىلغىنى بىلەن ساز قىلاتتى. سەلتەنەت ئىرمەكتىن بۇ ئايالنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. بولۇپمۇ تاماكا خالتىسى توغرىسىدىكى ھېكايە ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك قىزىقتۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ قاچا ـ قۇچىلارنى يېسىقتۇرغاندا ئۇنىڭغا ياردەملىشىۋېتىپ بۇ توغرىسىدا سوراپ قالدى:

ـــ شەيتان قىز، ـــ دېدى سويدۇم قاقاھلاپ كۈلگىنىچە، ـــ بۇنى نەدىن ئۇقتىڭىز؟

ـــ ئۇ دەپ بەرگەن. شۇ چاغدا بىر تال شاخ ئۈستىگە قۇش قوندۇرۇش قانداقلارچە خىيالىڭىزغا كېلىپ قالغان؟

ـــ بۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىشلار. سىز ئېسىمگە سالمىغان بولسىڭىز ئۇنتۇپ كېتەر ئىكەنمەن. ھازىر چوڭ بولدۇق،

بالىچاقىلىق بولدۇق. بەگباش چاغلاردىكى ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرسەك ئۇيات بولىدۇ؟

— ئۇيات بولىدىغان نېمىسى بار، بۇ يە يامان ئىش بولمىسا. ئۇنداق قىلماي سۆزلەپ بېرىڭچۇ، جېنىم ھەدە. مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

سويدۇم بىردىنلا جىمىپ كەتتى. ناھايىتى ئۇزاقتا قالغان ئاشۇ خاتىرىلەر كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندا كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چىرايى ۋىلىلدە قىزاردى.

— قانداق ئېسىل چاغلار ئىدى - ھە،— دېدى ئۇ بىر جۇپ كۆزىنى قاراڭغۇلۇققا تىككەن ھالدا،— ئۆتمۈشنى ئەسلەش ھەقىقەتەن ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ. سىز بىلمەيسىز، بىز قازاقلاردا قۇدا چۇشۇش دېگەن رەسمىيەت بار. بۇ قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئىختىيارى ئۆزىدە ئەمەس، ئاتا - ئانىسىدا بولىدۇ، دېگەنلىك. مەن ئۇنىڭ بىلەن مانا مۇشۇنداق تونۇشقان.

پانارنىڭ نۇرى ئەتراپنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. سويدۇم يۈيۈپ بولغان ئاخىرقى قاچىنى جاۋۇر ئىچىگە سالغاندىن كېيىن توقۇم ئۈستىگە ئولتۇردى. قەيەردىندۇر بىرسىنىڭ ناخشا ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئىشقى - مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى. بىرەر پارچە بۇلۇت بولمىغان كۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلار توختىماي جىمىرلاپ، ئاسمان گۈمبىزىنى بېزەپ تۇراتتى. ئۆي تەرەپتىن تۇغقانلارنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سويدۇم خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى:

— مەن تۇرمۇشقا چىقماقچى بولغان يىگىت ھەم قاملاشقان، ھەم زېرەك ئىدى. مەن ئۇنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغان. ئۇنى ھەر كۈنى كۆرگۈم كېلەتتى.

ئۇنىڭ تولىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە توختىماي جاراڭلاپ ئارامىمنى بۇزاتتى. بىر كۈنى تۇساتتىن ئۇنىڭغا سوۋغا بېرىش ئىستىكىگە كېلىپ قالدى. بىزنىڭ بۇ يەردە شۇنداق ئادەت بار: توي قىلىدىغان يىگىتكە قىزلار يىگىتنى ھەردائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. مەسىلەن، كەشتىلەنگەن قول ياغلىق، تاماكا خالتىسى، قولدا توقۇغان پايپاق، پۇل سالىدىغان قاپچۇق قاتارلىقلار. مەن شۇلارنىڭ ئىچىدىن تاماكا خالتىسىنى تاللىدىم. چۈنكى ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاماكا چېكىدۇ. تاماكا چەككۈسى كەلگەندە تاماكا خالتىسىنى قولىغا ئالىدۇ ــ دە، ئۆز يارىنى ئەسلەيدۇ.

سويدۇم شۇ يەرگە كەلگەندە سۆزىنى توختىتىپ جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ بىرپەس تۇردى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدىغان بىر خىل ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ گېلىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ ھەممە تەييارلىق پۈتتى. تاماكا خالتىسىغا گۈل چېكىدىغان چاغدا ھاياتىمدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلىنىڭ بىرىگە دۇچ كەلدىم. كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزگەن ئۆرنەكلەرنىڭ بىرىمۇ ئۆزۈمگە يارىمىدى. چۈنكى بۇ ئۆرنەكلەر ئاددىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئۆرنەكلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئويلا، ئويلا ئاخىرى بىر تال شاخ ئۈستىگە قونغان بىر تال قۇشنى چېكىش نىيىتىگە كەلدىم. بۇنداق بولغاندا ئۆز قەلبىمنى ئىپادىلەپلا قالماستىن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ چېچەنلىكىنىمۇ سىنىيالايتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىر تال

شاخ ئۈستىگە بىر تال قۇش قونغان كەشتە پۈتۈپ چىقتى.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى سەلتەنەت ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ. سويدۇم كۈلۈپ قويدى.

— مەن تاماكا خالتىسىنى ئۈنىڭغا بەرگەندە خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. بىر تال شاختىكى بىر تال قۇشقا قاراپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئۈن چىقارماي ئولتۇردى. شۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، يىراقتىن گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان غۇر - غۇر شامال يۈز - كۆزلەرنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. ئۇ بىردىنلا كۈلۈۋەتتى. مېنى باغرىغا بېسىپ «شاخ مەن، قۇش سەن» دېدى. بەلكىم سىز مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بولدىڭىز. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەقىللىك ئىدى. شۇنىڭغمۇ ئاز كەم يىگىرمە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ مەن كەشتىلىگەن تاماكا خالتىسىنى ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھېكايە تۈگىدى. سەلتەنەت سويدۇمگە ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قاراپ قويدى. ئۆيدىن چىققان ئەبىلبەك ئۇلارغا قاراپ:

— قالتىسقۇ، ئىككىڭلارنىڭ ھەدە - سىڭىلدەك ئولتۇرۇپ كەتكىنىڭلارنى قارىمامدىغان، — دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئايالى بىلەن ئۇيغۇر كېلىنىگە ھەۋەس قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ياتارغا يېقىن كۈمۈش ئىككى كېچە قونۇپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىپ قالدى. سويدۇم ئەبىلبەككە قارىدى. ئەبىلبەك كېسىپلا:

— بولمايدۇ. ئۆيگە كەلگۈچە مېھمان ئۈيىلىدىغان، كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ئۈيىلىدىغان ئىش بار. بۇنداق دېسەڭ بىزنى خىجىل قىلىپ قويىسەن. بولدى مەنمۇ بىر ھەپتە دەپ تۇرۇۋالماي، ئۈچ كېچە قونۇپ تۆتىنچى كۈنى يولغا چىقىڭلار. ھە راست، ئېسىمدىن چىقىپ قالغىلى تاس قاپتۇ. قوشنىمىزنىڭ ئەتە مېلىنى سويۇپ، ئۆگۈنلۈككە قىز ئۇزىتىدىغان تويى بار. كېلىن بالا شۇ تويىنى بولسىمۇ كۆرۈپ كەتسۇن، — دېدى.

كۈمۈش بىرنەرسە دېيىشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ ئىنىسىنىڭ دېگەن سۆزىدىن قايتمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئۈنچىقمىدى. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا ئىدى. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە توي بولۇپ قالسا بۆلەكچىلا قىزىپ كېتەتتى.

تاڭ بىلەن تەڭ چىققان قۇياش پۈتۈن جاھانغا ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرىنى تەكشى چېچىپ، بىر كۈنلۈك ھاياتلىقنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئورنىدىن سەھەر تۇرغان سەلتەنەت سويدۇمگە ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولدى. بىر كۈندىلا سويدۇم بىلەن ئىچقويۇن — تاشقويۇن بولۇپ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى. كېيىن ئىرمەك ئۇنى ئۆزلىرى كەكلىك تۇتقىلى بارغان يەرگە باشلاپ باردى. يول بويى قىن — قىنىغا پاتمىغان سەلتەنەت شوخلۇق قىلىپ ماڭدى. ئۇ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەرگە تويماي قارايتتى. خۇددى ئۇنى يۇرتىگە نەقىش قىلماقچى بولغاندەك بەزىدە بىر جايدا مىدىرلىماي ئۇزاقتىن — ئۇزاق تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ ئەينى چاغدا ئىرمەكنىڭ تاغىسى ئات چېپىپ چۈشكەن دۆڭنىڭ بېشىغا كەلگەندىن كېيىن:

— تاغىڭىزنىڭ ئات بىلەن چۈشكەن يېرى مۇشۇمۇ؟

مەن ئىشەنمەيمەن، ــ دېدى. دىمىسىمۇ ئەبلىبەك ئات بىلەن چۈشكەن يەر ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك تىك ئىدى...

توي راستىنلا قىزىدى. توي رەسمىيەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەمنىڭ كۆزى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتەتتى. سەلتەنەتنى ھەممىدىن بەكرەك قىزىقتۇرغىنى يەنىلا قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئېيتىشىشى بولدى. ئوغۇللار مەردانە قىياپەتتە دومبىرىنى ھەم جۇشقۇن، ھەم ياڭراق چالاتتى، ناخشىنىمۇ ياڭراق ئېيتاتتى. قىزلار بولسا ئالدىرىماي، ۋەزمىن چالاتتى. ناخشىنىمۇ ئالدىرىماي، ۋەزمىن ئېيتاتتى. ئامال قىلىپ سىلىق گەپ ـ سۆزلەر بىلەن يىگىتنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. ھەر قېتىم ئۆلەڭدىكى سۆز ئۆز جايىنى تاپقاندا، ئۆي ئىچىدىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلەتتى.

كۈزنىڭ قويۇق قىمىزى قانلارنى جانلاندۇرۇپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەتتى. سەلتەنەت بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپ چوڭ ئىدىشتىكى قىمىزنى ئۇزىتىلغان چىنىلەرگە قۇيۇۋاتقان ئايالغا قاراپ قويدى. ئايال بىر تەرەپتىن چىنىلەرگە قىمىز قۇيسا، يەنە بىر تەرەپتىن قولىدىكى چۆمۈچ بىلەن قىمىزنى توختىماستىن سورۇيتتى.

سەلتەنەت ئۆز چىنىسىدىكى قىمىزنىڭ قالدۇقىنى كۆتۈرۈپ ئىچمۈەتكەندىن كېيىن، ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتتى. ھەم قويۇق، ھەم كۈچلۈك قىمىز بىردەمدىلا ئۇنىڭ چىرايىغا چىقتى. ئۇ قىمىزنى دەسلەپ ئىچكەندە بەكلا سەسكىنىپ كەتكەندى. تىلى

كۆيۈشكەندەك بولۇپ، بۇرنىدىن ئاچچىق بۇس يانغانىدى. كۆڭلىدىن «قىمىز دېگەننىمۇ ئىچەمدىغان؟ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئىچمەسمەنا» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزگەنىدى. بىراق كۆڭۈل ئۇنى ئاخىرى بۇ ۋەدىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى. باشقىلارنىڭ سۇنغان چىنىسىنى بىر ئوتلاپ، ئىككى ئوتلاپ يۈرۈپ قىمىزغا ئۆگىنىپ قالدى.

قىزنى كۆچۈرۈپ ئەكېتىدىغان چاغدا سەلتەنەت كۆز يېشىنى تۇختىتالماي قالدى. قىزنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان ناخشىسى بىلەن ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ، كۆز ئالدىغا دادىسى كەلدى. شۇ كۈنى يولغا چىقاردا ئۇمۇ دادىسىنى قۇچاقلاپ ياش تۆككەنىدى. بىراق بۇ قىزغا ئوخشاش ئوچۇق ئاشكارا بېيىت ئېيتىپ يىغلىيالمىغانىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

سەلتەنەت پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ قورۇنى بېسىقتۇردى. كالتە ـ كۆسەي ياغاچ ـ تاشلارنى بىر بۇلۇڭغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئېگىز ـ پەس يەرلەرنى تۈزلىدى. ئەتراپنى تېۋىلغا سۇپۇرگە بىلەن پاكىز سۇپۇرۇپ، چېلەك بىلەن سۇ چاچتى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى لاقا ـ لۇقىلارنى سىرتقا چىقىرىپ، تام ـ تورۇسلارنى قىقىشتۇردى. كۆڭلىكىنى بېلىگە ئوراپ پۈتۈن ئۆيلەرنى ھاكلاپ، بەزى يەرلىرىگە سىنىكا بەردى. تام ئۆيلەردىكى قوزۇق ئىزلىرىنى قويۇق ھاك بىلەن ئەتتى. دېرىزىلەرنى سۇرتۇپ پارقىرىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئىچى بۆلەكچە يورۇپ كەتتى. ياغاچ ئۆينىڭ پولىمۇ باشقىچە تۇسكە كىردى.

— ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟— دېدى ئىرمەك يېپيېڭى قىياپەتكە كىرگەن ئۆيلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ،— دادام بىلەن ئاپام كۆرسە رازى بولغىنىدىن چىرايلىرى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىدىغان بولدى. مانا ئەمدى رەسمىي سارايغا ئوخشىدى.

— يازدا ئىشىك ئالدىدىكى ئاۋۇ يەرنى تۈزلەپ كۆكتات بىلەن گۈل تېرىيلى. ئەتراپىغا مېۋىلىك كۆچەت قويايلى،— دېدى سەلتەنەت قولىدىكى دەسمالنى بىر چەتكە قويۇپ. بۇ گەپ بىلەن ئىرمەكنىڭ ھەيرانلىققا تولغان كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— كۆكتات بىلەن گۈل تېرىيمىزما، نېمىشقا ئەمدى؟
— كۆكتاتنى يەيمىز. گۈل دېگەن ھويلىنىڭ زىننىتى.
— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، سەلتەنەت. بۇ دېگەن قىشلاق، شەھەر ئەمەس. ياز كېلىشى بىلەن يايلاقتا كۆچۈپ كېتىمىز. بۇ يەردە ئادەم قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يايلاق خەلقى كۆكتات دېگەننى ئانچە يەپ كەتمەيدۇ.
سەلتەنەت كۈلدى. ئىرمەكنىڭ كۆزىدە يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق پەيدا بولدى.
— قىزىقمۇ سىز، يايلاقتا كۆچكەندە قىشلاقتا بارمايدۇ، دەپ بىرى پۈتىڭىزغا كىشەن سېلىپ قويمايدىغاندۇ؟ ئاستىڭىزدا ئات، قولىڭىزدا قامچا بولغاندىن كېيىن ئارىلاپ كېلىپ — كېتىپ تۇرسىڭىز بولىدىغۇ. ھازىر يايلاق خەلقى كۆكتات دېگەننى ئانچە يەپ كەتمەيدۇ، دېدىڭىز. مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس. بولسا چوقۇم يەيدۇ، گەپ ئۇنىڭ يوقلۇقىدا. قېنى، ئالدى بىلەن تېرىپ باقمامدۇق. يېمىسە مالغا بېرىۋېتەرمىز.
ئىرمەك ئويلىنىپ قالدى. سەلتەنەتنىڭ دېگەنلىرى خاتا بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەي تۇراتتى.
— مۇشۇ ئىشنى قويساق دەيمەن، خوتۇن، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن، — ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان ئىشنى قىلساق خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالىمىز.
— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، نېمىدەپ ۋۇجۇدقا چىقمىغۇدەك، نېمىدەپ خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالغۇدەكمىز؟
— بىز دېگەن چارۋىچى، — دېدى ئىرمەك ئايالىنىڭ

ھەيرانلىققا تولغان كۆزىگە قاراپ قويۇپ، — بۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى چارۋىچى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مال دېگەننىڭ تۆت پۇتى بار. گۈل بىلەن كۆكتات تېرىغان تەقدىردىمۇ مالنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىپ كەتمەمدۇ؟

— بۇگۈن سىزگە زادى نېمە بولدى؟ قىزىتمىڭىز ئۆرلەپ قالمىغاندۇ — ھە؟ شۇنچە كۆپ چۆپنى دەسسەپ — چەيلىمىگەن مال نېمىشقا بىز تېرىغان گۈل بىلەن كۆكتاتنى دەسسەپ — چەيلىگۈدەك، — دېدى سەلتەنەت قولى بىلەن ئاسمان — پەلەك بېسىۋېتىلگەن چۆپ دۆۋىلىرىنى كۆرسىتىپ.

— ئۇ دېگەن قورشاقلىق تۇرسا.

— چۆپنى قورشىغان ئىرمەكنىڭ گۈل بىلەن كۆكتاتنى قورشاشقا چامىسى يەتمەسمۇ؟ — دېدى سەلتەنەت قاقاھلاپ كۈلگىنىچە.

ئىرمەك ئامالسىز قالدى. ئۇ سەلتەنەتنىڭ كۆڭلىگە يەنە قانداق ئىشلارنى پۈككەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، سەلتەنەت بىر ئىشنى قىلىمەن دېدىمۇ بولدى، چوقۇم قىلماي قويمايتتى.

— ئۇنداقتا بوپتۇ، نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلغىن. كېيىن پۇشايمان قىلمىساڭلا بولدى. بۇ يەرنىڭ ھەممىسى بىزگە قارايدۇ. چامىڭ يەتسە بۇغداي تېرىساڭمۇ، قوناق تېرىساڭمۇ بولىدۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ ئىش — كۈشلىرىنى يىغىشتۇرغاندا چىڭقىچۈش بولغانىدى. سەلتەنەت تالادىكى ئوچاققا ئوت قالاپ چاي قايناتتى. ئىرمەك نەچچە يەرگە بېسىلغان چۆپ دۆۋىسىنىڭ بۇزۇلغان چىتلاقلىرىنى

ئوڭشاۋاتاتتى. سەلتەنەت ئوچاققا ئوت قالاۋېتىپ بىردىنلا خىيالغا پېتىپ قالدى. بۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بولغان ئىش ئىدى.

ئاسماننى قاپلىغان تۇرۇم ـ تۇرۇم قارا بۇلۇتلار ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ، ھاۋا بىر خىل دەھشەتلىك تۇتۇلۇشقا باشلىدى. كۈزنىڭ يامغۇرلۇق پەسلى تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھاۋانىڭ تۇساتتىن بۇنداق ئۆزگىرىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئاسماننىڭ قەرىدە قاينام ھاسىل قىلىۋاتقان بۇلۇتلار توپى كىشىگە بىر خىل ئەنسىزچىلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلاتتى.

— قارىغاندا بۇ يىل قىش بالدۇر چۈشىدىغاندەك قىلىدۇ،— دېدى چاي ئىچىۋاتقان قېيىنئاتىسى سىرتتىكى گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ،— كۈننىڭ مۇشۇنداق ۋاقتىدا كېلىنىمىز دادىسىنى كۆرۈپ كەلسۇنمىكىن. قىش چۈشۈپ كەتسە سوغۇقتا ئۇزۇن سەپەرگە چىقماقمۇ قىيىن بولىدۇ. قائىدە بويىچە بىز بىرگە بارغان بولساق ياخشى بولاتتى. بىراق ئاز كۈندە قىشلاققا كۆچىدىغان ئىش بار. ئامانچىلىق بولسا كېلەرگە، ياز كەلگەندە بېرىپ قۇدا بىلەن كۆرۈشكەچ ئۇ كىشىنى ئەكېلەرمىز. ئاخشامدىن بېرى مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ قالدىم.

ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كۈمۈش دەرھال جاۋاب بەردى:

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق قىلايلى. كېلىنىمىز ئۇنچىقمىغىنى بىلەن يۇرتىنى سېغىنىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ دۇنيادا دادىسىنى سېغىنمايدىغان كىم بار. دادا ئۇچۇن بالىمۇ يۈرەكنىڭ پارىسى. بولۇپمۇ قىز بالا

تېخىمۇ شۇنداق. بىز تەييارلىق قىلىپ كېلىنىنى تېزرەك يولغا سالايلى.

بۇ گەپ سەلتەنەتنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن خاتىرىلىرىنى قوزغاپ، كۆز ئالدىغا بەخىباشلىقتا تولغان باللىق چاغلىرىنى كەلتۈردى. ئۇ ئۇستىدىن توپا چۇشۇپ تۇرىدىغان، ئۆگزىسىنىڭ چۆرىسىنى كۆك مۇخلار بېسىپ كەتكەن كونا ئۆينى ئەسلىدى. كەگرى سۇپا چىقىرىلغان ئوچاقنىڭ يوغان ئاغزى ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە ھازىرقىدەك قالغانىدى. ئاشۇ ئوچاقنىڭ ئۇستى تەرىپىدىرەك تامدىن ئويۇپ چىقىرىلغان بىر ئويۇقچا بولۇپ، جىنچىراغ قويۇلاتتى. لاپىلداپ يېنىپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ئاپىسى ئۇنىڭ ئەكىرىپ بەرگەن مەڭگىنىنى ئوچاقنىڭ يوغان ئاغزىغا كەپلەپ تىقىپ، ئۇنى كۆسەي بىلەن قوچۇيتتى. مەڭگەندىن چىققان يالقۇن ئانىنىڭ قورۇق باسقان چىرايىنى يورۇتاتتى...

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە سەلتەنەتنىڭ بىردىنلا يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆزلىرى نەملەشكەندەك بولدى. ئۇنىڭ بىرچاغلاردىكىدەك ئەسكى تاملاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، مەھەللىمۇمەھەللە يۇگۇرگۇسى، ئادەم بويى چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن سامانخانىنىڭ ئۆگزىسىگە مۆكۈنۈپ ياتقۇسى كەلدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەسكى بولسىمۇ مېھرى ئىسسىق كونا ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ مانا مۇشۇ ئۆيدە ئاپىسىنى زار - زار يىغلاپ باقىي دۇنياغا ئۇزىتىپ قويغانىدى.

— ئەمىسە شۇنداق بېكىتتۇق، — دېدى قېيىنئانا ئۇنىڭ مۇڭلانغان تۇرقىغا قاراپ، — دادىڭىز پۇل بەرسۇن. نېمە كېرەك بولسا شۇنى ئېلىپ يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ.

سەلتەنەت بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى. نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي لېۋىنى يالاپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلمىسا بولمايتتى:

— ماڭا شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا رەھمەت. مەن سەلتەنەت مۇشۇ ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت خىزمىتىڭلارنى قىلىپ، سىلەرنى پەرىشتىنى كۈتكەندەك كۈتىمەن. مېنىڭ ھازىر ھېچ نەگە بارغۇم يوق.

ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىكى ھەيرانلىق ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئويغا سالاتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، بالام؟ سىزگە دەۋاتقان سۆزلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كۆڭلىمىزدىن چىقىرىپ دەۋاتقان سۆزلەر، ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئەمەس.

سەلتەنەت قېيىنئانىسىغا لەپپىدە قاراپ قويدى، ئاندىن يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى:

— بۇ قايسى كۈنى دادامدىن تاپشۇرۇۋالغان خەت. دادام خېتىدە ماڭا مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى تاپىلىغانىكەن. مەن سىلەرگە بۇ خەتنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى.

*«ئەسسالامۇئەلەيكۇم قەدىرلىك قىزىم:*

*يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ بەكمۇ سۆيۈندۈم. سىزگە مېنىڭدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كۆيۈنۈۋاتقان قېيىنئاتىڭىزغا،*

قېيىنئانىڭىزغا ۋە بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلارغا مېنىڭدىن مىڭ رەھمەت. مېنىڭ بۇ ئۆمرۈمدىكى ئارزۇيۇممۇ شۇ. سىز خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرسىڭىز مەن مىڭ مەرتىۋە رازى. خۇدايىم قۇدىلىرىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، ئىككى دۇنيالىقىنى بەرسۇن.

ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، مېنىڭ سىزگە دەيدىغىنىم ياخشىلىققا چوقۇم ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ. ھەرگىز بالىلىق قىلىپ قېيىنئاتىڭىز بىلەن قېيىنئانىڭىزنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ يۈرمەڭ. ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەڭ. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى رازى بولغۇدەك قىلىڭ. ئېرىمەك ياخشى يىگىت. مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا ياقتۇرۇپ قالغان. ئادەم بالىسىنىڭ قانداقلىقىنى بەزىدە چىرايىدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ. ھازىر سىز ئۇنىڭ ئايالى. ئايالى بولغانىكەنسىز ئايالىق بۇرچىڭىزنى ياخشى ئادا قىلىڭ. ھەرگىز بالىلىق قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكمەڭ. ئۇ خورسىنىدىغان ئىشنى قىلماڭ. چۈنكى ئۇ سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭىز، بىردىنبىر يۆلەنچۈكىڭىز. ئۇنىڭدىن باشقا قېيىنئىنىلىرىڭىزنى ئۆز ئىنىڭىزدەك كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاڭ. ئۇلار سىزنىڭ بارلىقىڭىز. بەختىڭىزنى قوغدايدىغان قورغان، ئېگىزگە چىقىشىڭىزدىكى شوتا. مەن بىر - بىرلەپ دەپ ئولتۇرمىسامۇ سىز بۇلارنى بىلىسىز. شۇنداقتىمۇ سەمىڭىزگە سېلىپ قويدۇم.

مەندىن ئەنسىرىمەڭ. خېتىڭىز كېلمۈندى بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ نەچچە ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك بولدۇم. خۇشاللىق دېگەن ئادەمنى ئەنە شۇنداق قىلىپ قويىدىكەن. سىز خاتىرجەم ياشىسىڭىزلا مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىم شۇ.

گېپىمنى ئاڭلاڭ، قىزىم، سىز ئۇ يەرگە يېڭىلا باردىڭىز. ئۆينى، مېنى، يۇرتىڭىزنى سېغىنىدىغانلىقىڭىز تۇرغانلا گەپ. مۇشۇ ئىش ئۇچۇن ئېرىڭىزنىڭ، قۇدىلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتقۇچى بولماڭ. ئەگەر گېپىمنى ئاڭلىماي بوسۇغىدا پەيدا بولۇپ قالسىڭىز مەن سىزنى كەچۈرمەيمەن. قۇدىلىرىمغىمۇ ئېيتىڭ، سىزنى ھەرگىز يولغا سالغۇچى بولمىسۇن. باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يورۇق قىلاي دېسىڭىز شۇنداق قىلىڭ. خەقنىڭ ئاغزىنى قول بىلەن توسۇۋالغىلى بولمايدۇ.

خۇدا بۇيرۇسا كېلەرگە ياز كەلگەن ھامان سىزنى، قۇدىلىرىمنى كۆرگىلى بارىمەن. بۇنداق دېسەم بەلكىم ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. گەپنىڭ راستىنى دېسەم مېنىڭ كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالغۇم يوق. ئەركىنرەك ياشىغۇم بار.

خەتنى مۇشۇ يەردە توختىتاي. دادىڭىزنىڭ سىزگە دېمەكچى بولغانلىرى مانا مۇشۇ. ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ ، باشقىلارنىڭ سىزنى ماختىغىنىنى بەكلا ئاڭلىغۇم بار. ئامان بولۇڭ، دادىڭىز دېن!»

ئۆي ئىچىدىكى جىمجىتلىقنى شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى. كۈمۈش كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياشنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى. ساپارغالى بېشىنى كەينىگە تاشلاپ، ئىككى كۆزىنى مەھكەم يۇمغىنىچە تىپتىنچ ئولتۇراتتى.

— مەن ھەممىنى چۈشەندىم، — دېدى ئۇ بىرھازادىن كېيىن سۆز قىلىپ، — بىز قۇدىمىزنىڭ دېگىنىدەك قىلايلى. بۇ يىل قىشنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، يازدا ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنايلى. ئۇنىڭ خېتى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. مەن قۇدامغا قول قويدۇم...

سەلتەنەتنىڭ خىيالىنى يېنىغا كەلگەن ئىرمەك بۆلدى.

— نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتتىڭ، كېلىنچەك، — دېدى ئۇ ئايالىغا چاقچاق قىلىپ. ئۇنىڭ قارىشىدىن ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر خىل مۇھەببەت تەپچىپ تۇراتتى. سەلتەنەت ئۇنىڭغا خەت توغرىسىدىكى خىيالىنى دەپ بەردى.

— دادىمىز ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم ئىكەن. ئويلاپ باقتىڭمۇ، سەن دېگەن قانداقلا بولمىسۇن ئۇيغۇر. ئادەم دېگەنىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس. بىزگە ھەۋەس قىلىۋاتقانلارمۇ، ھەسەت قىلىۋاتقانلارمۇ بار. كەلگىنىڭگە نەچچە ئاي بولمايلا يۇرتۇڭغا كەتسەڭ ھەسەت قىلىۋاتقانلار تىنىچ ياتارمۇ؟ قېيىنئاتام بىز ئويلىمىغان مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ يەتكەن. ئۇ كىشى كەلگەندە بىز ھەممە ئىشنى تاشلاپ قويۇپ راسا بىر ئوينىتايلى. گەرچە بۇ يەرنىڭ ھەممە تەرىپى تاغ بولسىمۇ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان جايلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئات مىنىپ سەيلە

قىلسا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، ۋۇجۇدى كۈچ – قۇۋۋەتكە تولىدۇ.

ئىرمەك سۆزدىن توختاپ، سەلتەنەتنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق تىنىقلىرى گەجگىسىگە تەگكەن سەلتەنەت شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە كۆزىنى يۇمدى...

قايسى كۈنكى يامغۇردىن كېيىن تەبىئەت يېڭىباشتىن ياسانغان بولۇپ، ھەممە نەرسە كۆزگە يېپيېڭى قىياپەتتە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار چايدىن كېيىن ئايلىنىپ كېلىش مەقسىتىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى. تاغ ئىچىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىسى ئادەمنىڭ مەيلىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتاتتى. بىر – بىرىدىن ئېگىز چوققىلار، بوك – باراقسان قارىغايلار، ئاندا – مۇندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان ياغاچ ئۆيلەر، ئۇزۇندىن – ئۇزۇنغا سوزۇلغان چىغىر يوللار، تىپتىنچ جىلغىلار، تاش ئۈستىدە جان – جەھلى بىلەن سايراۋاتقان كەكلىكلەر كىشىگە تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى.

ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ يوغان بىر قورام تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. بۇ تاشنىڭ يۈزى پۈتۈنلەي دېگۈدەك مۇخ بىلەن قاپلانغان بولۇپ، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە يېشىل مەخمەل بىلەن ئوراپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. قورام تاشنىڭ كەينىدە يوغان بىر ئېرىق بولۇپ، سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى. سۇ بەك سۈزۈك بولغاچقا، ئاستىدىكى ئۇششاق تاشلار، كۆپكۆك سۇ ئاستى ئوتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار قورام تاشنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئېرىق ياقىلاپ ماڭغاندىن كېيىن بوككىدە ئۆسكەن تال – قېيىنلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

— نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە – ھە؟ خۇددى

جەننەتنىڭ ئۆزىلىغۇ!ــ دېدى سەلتەنەت ئەتراپىغا تويماي قاراپ.

ــ بۇ كۈز مەنزىرىسى،ــ دېدى ئىرمەكمۇ ھاياجانغا تولغان ھالدا،ــ ھەممىدىن بەكرەك ئادەمنى جەلپ قىلىدىغىنى يەنىلا ياز پەسلى. ياز پەسلىدە ھەممە ياق يېشىللىققا پۈركىنىپ، ئېچىلىپ كەتكەن خىلمۇخىل ياۋا گۈللەر ئادەمنى خىيالىي دۇنياغا ئەكېتىدۇ. يەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇپراقنىڭ تونۇش ھىدى ئادەمنى مەست قىلىپ، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

ــ ئۇنداقتا بىز ۋاقتى كەلگەندە يازنىڭ ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنايلى. سىز مېنى يايلاقنىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىڭ. بۇ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە بۇ يەردە ماڭا ئوخشاش بىر تاغ قىزىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالسۇن.

سەلتەنەت قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن چۆچۈگەن بىر توپ تورغاي تال شېخىدىن پۇررىدە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كەتتى.

قۇياشتىن چۇشۇۋاتقان ئالتۇندەك نۇر خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قېلىۋاتقان سەلتەنەتنىڭ چاچلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ مەرۋايىتتەك گۈزەل بوينىنى تېخىمۇ سىرلىق تۇسكە كىرگۈزەتتى. ئۇنىڭ سەل ــ پەل جۇدىگەن يۈزى ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدا تېخىمۇ رەڭدارلىشىپ، ئاتەش كەبى يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىن مۇھەببەتنىڭ قۇدرەتلىك ئوتى چاقنايتتى. تولۇپ ۋايىغا يەتكەن كۆكرىكى بىلەن ئاپپاق بىلەكلىرى ئادەمنىڭ نازۇك ھېس ــ تۇيغۇلىرىنى قوزغاپ، ئاناردەك قىزارغان لەۋلىرى بىر سۆيۈش

ئىستىكىدە كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ لاتاپەتلىك قاراشلىرى، جاراڭلىق كۈلكىلىرى ئىچىگە قانداقتۇر بىر سېھىر يوشۇرۇنغاندەك كىشىنى ئەيمەندۈرۈپ ھەم ئامراقلىقنى، ھەم ھودۇقۇشنى پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ چاقماق تېزلىكىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان پەرىشتىدەك گۈزەل ھالىتى بىر قارىغان ئادەمگە ئاجايىپ شېرىن ۋەدىلەرنى بېرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئىرمەك كېتىۋېتىپ ئۆزىدە ئاتەش كەبى مۇھەببەتنىڭ يالقۇنجاۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇنداق يالقۇن ھەرقانداق جاسارەت ئىگىسىنىمۇ كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلەيتتى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئايالنىغا قارىدى. كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان گۈزەل رۇخسار ئۇنىڭغا ھازىرلا غايىب بولىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— سەلتەنەت!

يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان سادا تاغ ئىچىدە جاراڭلاپ كەتتى. ئۇ سەلتەنەتنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ، يەردىن يۇلۇپ ئالدى. سەلتەنەتنىڭ ئىككى پۇتى تېپىرلاپ كەتتى. ئۇ كۈلەتتى، مۇشتۇملىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئىرمەكنىڭ يەلكىسىگە، دۈمبىسىگە بوشقىنە مۇشتلاپ قوياتتى. بىر توپ قېيىننىڭ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان مۇشۇكياپىلاق بوينىنى سوزۇپ، ئۇياق — بۇياققا تولغاپ قويدى. نەدىندۇر پەيدا بولغان تۈلكە بالىسى ئىككىسىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قويدى. تاغ باغرىدىكى كەكلىكلەر ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنى پۈتۈن جاھانغا جاكارلىماقچى بولغاندەك جان — جەھلى بىلەن سايراپ كەتتى.

مۇھەببەتكە سادىق قەلبىنىڭ ئورتاق تىلى بولىدۇ. بۇ تىل ئاۋاز چىقارماي كۆزلىرى ئارقىلىق ئىچكى

ھېسسىياتىنى ئالماشتۇرالايدۇ. ئىككى گەۋدىنىڭ قەلبىدە ئۆركەشلەۋاتقان ھېسسىياتنىڭ چېكى بولمايدۇ. دائىم روھلۇق يۈرۈپ ئۆز مەنزىلىگە يېتىش يولىدا توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلار ئەگەر قول - ئىلكىدە يوق ئادەملەردىن بولۇپ قالسا تېخىمۇ مەرد كېلىدۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق ئىش دەپ قارايدۇ. ۋاقتى ئالتۇندىنمۇ قىممەت بولسىمۇ ئۆز مۇھەببىتى ئۈچۈن ئاشۇ قىممەتلىك ۋاقتىنى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ قۇربان قىلالايدۇ. مەڭگۈ دولقۇنلار ئارىسىدىكى خادا تاشقا ئوخشاش قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ، مەڭگۈ سۆيگۈسىنى قەدىرلەيدۇ.

ياش ئەر - خوتۇنلار جىمجىتلىقتا تولغان پىنھان تاغ ئىچىدە سۆيگۈ ۋىسالىغا قېنىپ، ۋۇجۇدىنى قايناق ھېس - تۇيغۇلارغا تولدۇردى. ئۇلار كۈلەتتى، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، جاھاندا بار بولغان شوخلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشاتتى. بەزىدە بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ سارغايغان ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە دومىلىسا، بەزىدە ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ، كېپىنەكتەك يۈگۈرۈشەتتى. بەزىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىسا، بەزىدە يەر يۈزىدىن غايىب بولغاندەك جىمىپ كېتەتتى.

ئۇلار راسا ئويناپ قىشلاققا قايتىپ كەلگەندە كۈن قايرىلغان بولۇپ، قۇياشنىڭ تەپتىمۇ يانغانىدى. سەلتەنەت نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيلەرگە قۇلۇپ سالدى. ئاتلارنىڭ تارتمىسىنى چىڭىتقان ئىرمەك خۇرجۇننى ئاتنىڭ كەينىگە سېلىپ، كەينىگە بۇرالدى. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە سەيدىۋاقاس دېگەن ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىنچىكە، ئورۇق، يۈزلىرى تاتىراڭغۇ

كەلگەن، دائىم دىگۇدەك كوتۇلداپ يۇرىدىغان ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يىراقتىن كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باللار خۇددى قورغۇيدىن ئۈركۈگەن كەپتەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنى دەرھال دالدىغا ئالاتتى. ئۇ سۇر رەڭ خادانىدىن ئۇزۇن پەلتو كىيىپ، ئات ئۈستىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، گەپنى ئۇدۇل دەۋىتىپلا قاراپ ئولتۇراتتى. كۆرۈنۈشىدىن ئىنتايىن قاتتىق قول بولغىنى بىلەن باغرى پاختىدىنمۇ يۇمشاق ئىدى. ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم تەپ تارتىسمۇ، يەنىلا ئۇنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ لىللالىقى توغرىسىدا زوقمەنلىك بىلەن سۆزلىشەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دىدى ئىرمەك ئۇنىڭغا يىراقتىنلا سالام بىرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دىدى ئاقساقال سالامنى ئىلىك ئىلىپ، — سەن ئىرمەككۇ، ساپارغالىنىڭ چوڭ ئوغلى. سىنى قەشقەردىن ئايال ئەكەلدى، دەپ ئاڭلىغانىدىم، سارت كىلىنچىكىڭ مۇشۇ ئوخشامدۇ؟

ئىرمەك قىزىرىپ كەتتى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئايالىنى تۇنجى قىتىم «سارت» دىيىشى بولغاچقا، ئايالىنىڭ رەنجىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىتتىك جاۋاب بەردى:

— شۇنداق. ئۇ مىنىڭ ئايالىم بولىدۇ. ئىسمى سەلتەنەت.

— سەلتەنەت دىگىن. ئۆزىمۇ، ئىسمىمۇ چىرايلىق ئىكەن. ساپارغالىنىڭ كىلىندىن تەلىيى كەپتۇ. سارتنىڭ قىزلىرى پىششىق بولىدۇ. ئۆي تۇتۇشتا، سودا قىلىشتا ئۇلارغا ھىچكىم يەتمەيدۇ.

ئىرمەك بىردىنلا كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئىھتىيات قىلغانسىرى ئەدەۋاتقانلىقىنى سىزىپ، تۇرسۇننىڭ سۆزىنى ئىسىگە ئالدى.

— بۇياققا كېلىپ قاپسىزغۇ، ئاقساقال؟

— ئايلىنىپ چىققانىدىم. نېمە، قىشلاقنى ھازىردىن باشلاپ ئوڭشاشقا باشلىغان ئوخشىمامسىلەر؟ قىشلاققا كۆچۈشكە خېلى ۋاقىت بارغۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئىرمەك ئاتقا مىنگەندىن كېيىن ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، — كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيلەرنى تازىلىدۇق. بۇنداق بولغاندا كېيىن قىينىلىپ يۈرمەيمىزغۇ.

— بۇ ناھايىتى ياخشى ئەقىل بوپتۇ. بەلكىم بۇمۇ سارت كېلىنچەكنىڭ ئەقلى بولسا كېرەك.

— نېمىشقا ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسا «سارت» دېگەن سۆزنى قىلىسىز. كېلىنىڭىزنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن قورقمامسىز؟ — دېدى ئىرمەك ئاخىرى بولماي كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتىپ.

— شۇنداق دەپ كۆنۈپ قالغان ئېغىزغا نېمە ئامال بار دەيسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تېگى سارت تۇرسا رەنجىيدىغان نېمە ئىش بار؟

سەيدىۋاققاس ئاقساقال شۇنداق دېگەندىن كېيىن بىر ئېتىم ناسۋالنى كالپۇكىنىڭ ئاستىغا باستى. ئىرمەك ئۆزىگە ياندىش كېلىۋاتقان سەلتەنەتكە «سارت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈردى.

— يارايسەن، يىگىتىم. بۇ ناھايىتى بۇرۇنقى ئىشلار. ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا - بوۋىمىز بىزگە يەتكۈزگەن ئۇچۇرلار. مەندەك بىر ئالجىغان قېرىنىڭ سۆزىگە ئانچە بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. كېلىنى بالىنى كۆرۈپ شۇنداق دېگۈم كېلىپ قالدىغۇتاڭ. بولدى بۇنىڭدىن كېيىن «سارت» دېگەن سۆزنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالمايمەن.

بۇ سۆز بىلەن ئۇلار كۈلۈپ كېتىشتى.

— داداڭ بىلەن ئاپاڭغا سالام ئېيت. ياش ۋاقتىمىزدا يېقىن ئىدۇق. دائىم دېگۈدەك بىرگە يۈرۈپ، توي - تۆكۈنلەرگە بىرگە باراتتۇق. داداڭ ئۆلەڭگە قالتىس ئۇستا بولىدىغان. هازىرمۇ ئېيتىپ يۈرەمدۇ؟

ئىرمەك سەيدىۋاقىقاس ئاقساقالنىڭ سۆزىنى ئۇن چىقارماي ئاڭلىدى. بىر چاغلاردا دادىسى شۇنداق بىر گەپلەرنى قىلغانىدى.

— ياق، ئاقساقال، هازىر ئۇ ئىشلاردىن قالدى.

— دېگەنلىرىڭغۇ ئورۇنلۇق. ئادەم قېرىغانسېرى بۇرۇنقى هەۋەسلىرىنىڭ بىرىمۇ قالمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر دېگەن يەتتە ئوغۇل. يەتتە ئوغۇلنىڭ غېمىمۇ يەڭگىل بولمايدۇ. مەن ساڭا دېسەم، ئىرمەك، ئالغان ئايالىڭ باشقا ئاياللارغا ئوخشاشمايدىكەن. مېنىڭ كۆزۈم ئەزەلدىن مالنى خاتا تونۇغان ئەمەس. مۇشۇ ئايالىڭنىڭ سۆزىدىن چىقمىساڭ كەلگۈسىدە كاتتا باي بولۇپ كەتكۈدەكسەن. مېنى ئالجىپ قالدىمىكىن دېمە، بۇنى قىشلاقتىكى ئۆيلىرىڭنىڭ باشقىچە بىر تۈسكە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن چاغدىلا بىلگەنىدىم. قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم باشقا بولىدۇ. دېگەنلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كېيىنچە بىلىپ قالىسەن.

— ماختىغىنىڭىزغا رەهمەت، ئاقساقال، — دېدى ئىرمەك سەلتەنەتكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويۇپ، — بۈگۈن ئۆيگە بېرىپ بىر كېچە مېهمان بولۇپ كەتمەمسىز؟

— مېنىڭغۇ بەكلا شۇنداق قىلغۇم بار. بىراق هازىر بولمايدۇ. چۈنكى ئىنىم سەيسەنقۇل قىز چىقىرىش

ئالدىدا تۇردۇ. داداڭ بىلەن ئاپاڭغا ئېيتىپ قوي، مېنى دېدى دېگىن. ۋاقتى كەلگەندە تويغا چاقىرىمىز. سەنمۇ كېلىنچىكىڭنى ئېلىپ بارغىن. سەيسەنقۇلىنىڭ تويى مېنىڭ تويۇم. ئۇيغۇر كېلىن قازاقنىڭ تويىنى كۆرۈپ، كۆڭلىنى راسا بىر ئاچسۇن. چوقۇم بېرىڭلار. ئەگەر بارماي قويساڭلار كېيىن مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمەڭلار. مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بەلكىم بىلسەڭ كېرەك.

ئاچا يولغا كەلگەندە ئۇلار ئايرىلدى. سەيدىۋاققاس ئاتلىق بۇ ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن ئەر ـ ئايال ئىككىسى يولنىڭ قانداق تۈگەپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئۇلار ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگەندە تويۇنغان پادا چوڭ يولنى بويلاپ توپۇرلىشىپ كېلىۋاتاتتى. موزىيىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغان كالىلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ بار كۈچى بىلەن مۆرەيتتى. موزاينىڭ ئېمىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر توپ باللار ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى موزايلارغا قاراپ يۈگۈرۈشەتتى. ئىشىك ئالدىدىكى بىر ئايال بالىسىنىڭ موزايلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەپ خاتىرجەم بولغان بولسا كېرەك، ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر تۇتام چىگىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كەچكى شەپەققە پۈركەنگەن دالا بىر خىل گۈزەللىك ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— ئىسىت، رەسىم سىزىشنى بىلگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟— دېدى سەلتەنەت بىردىنلا ھاياجانلىنىپ،— نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە، نېمىدېگەن ئېسىل كۆرۈنۈش.

ئېرمەك لەۋلىرىنى ئۆمەللەپ «شۇنداق، بۇنىڭدەك گۈزەل مەنزىرىنى، بۇنىڭدەك ئېسىل كۆرۈنۈشنى باشقا

يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ» دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزلەرنى يۇتۇۋەتتى.

ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ كۆپ ئۆتمەي تويۇنغان ماللار توپۇرلاشقىنىچە يېتىپ كەلدى. سەلتەنەت قېيىنئانىسىنىڭ «مەن قىلاي» دېگىنىگە ئۇنىماي كالا سېغىشقا ماڭدى. ھەر كۈنىدىكىگە ئوخشاش بوگۇنمۇ ئىركىنبەك موزاينى تۇتۇپ بەردى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر دائىم دېگۈدەك يەڭگىسىنىڭ يېنىدا بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بوگۇنمۇ شۇنداق قىلدى. چوڭقىيىپ كەتكەن موزايلار بەزىدە بوي بەرمەي ئۇنى دىرقىرىتىپ سۆرەپ كېتەتتى.

— مېنىڭ سىلەر بىلەن قىشلاققا بارغۇم بار ئىدى. ئاپام بارغىلى قويمىدى. كېلەر قېتىم بارغاندا ئاپامغا دەپ مېنىمۇ ئېلىۋېلىڭچۇ، يەڭگە،— دېدى ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن كالا سېغىۋاتقان سەلتەنەتكە قاراپ.

— شۇنداق ئويۇڭ بار ئادەم ماڭا نېمىشقا دېمىدىڭ؟ ماڭا دېگەن بولساڭ ئاپامغا دەپ سېنىمۇ ئالغاچ باراتتىم ئەمەسمۇ. كېلەر قېتىم بېرىپ قالساق چوقۇم سېنى ئالغاچ بارىمەن.

ئىركىنبەك كۈلۈپ كەتتى. ئۇ يەڭگىسىنىڭ مانا مۇشۇنداق قازاقچە بىلەن ئۇيغۇرچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىشىنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭلاشقىمۇ بەزىدە يەڭگىسىنى ئاتايىن گەپكە سالاتتى.

چاي ۋاقتىدا ئىرمەك بىر كۈنلۈك ئىشىدىن دوكلات بەردى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا سەيدىۋاققاس ئاقساقال بىلەن يولۇقۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. گەپ سەيسەنقۇلنىڭ توي ئىشىغا كەلگەندە، ئاپىسى:

— مەنمۇ سەيسەنقۇلنىڭ پات ئارىدا توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. سەيدۋاقاس ئاقساقالنىڭ بۇنى ئەسكەرتكىنى ياخشى بوپتۇ. سەيسەنقۇلنىڭ تويىغا بارمىساق بولمايدۇ. ئۇمۇ ئايالى ۋە بالىلىرى بىلەن بىزنىڭ تويىمىزغا كەلگەن،— دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساپارغالى قولىدىكى چىنىنى سەلتەنەتكە سۇنۇۋېتىپ تەستىق سالدى:

— دۇرۇس، سەيسەنقۇلنىڭ تويى چوقۇم بېرىشقا تېگىشلىك تويلارنىڭ بىرسى. مەيلى باغاق كەلسۇن - كەلمىسۇن، توي ۋاقتىنى ئېنىق ئۇقۇپ بارايلى. كېلىن بالا بىلەن ئىرمەكمۇ بارسۇن. ئەگەر مەن ئۇنتۇپ قالغۇدەك بولسام ئېسىمگە سېلىڭلار.

— مەنچۇ؟ مەنمۇ بارىمەن،— دېدى دادىسىنىڭ ئىرمەكنىڭ ئېتىنى ئاتاپ ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئاتىمىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىرتۇستوك ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— مەن سېنى بارما دېمىدىمغۇ،— دېدى ساپارغالىمۇ دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ،— كىمگە باغاق كەلسە شۇ بارسۇن.

دادىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

— دادا، مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى،— دېدى قىدىرغوجا ئورنىدىن ئازراق قوزغىلىپ قويۇپ،— ئاڭلىسام پات يېقىندا گۇڭشې بويىچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مېنىڭ مۇشۇ مۇسابىقىگە قاتناشقۇم بار.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا

ھەيرانلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. دادا بوشقىنە يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن:

— غەيرىتىڭ چوڭغۇ؟ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى دېگەنمۇ ئات بەيگىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا قاتنىشىمەن دەپلا قاتناشقىلى بولمايدۇ. مەن جىنىمدا مۇشۇ چاغقىچە سېنىڭ قانچىلىك يۈگۈرەلەيدىغانلىقىڭنى بىلمەيدىغان تۇرسام، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن بۇ ئىشقا ئانچە بەك قىزىقمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— سىز بىلمىگەن بىلەن قەسەن ئاكام بىلىدۇ، — دېدى قىدىرغوجىمۇ بوش كەلمەي، — ئىشەنمىسىڭىز سوراپ بېقىڭ.

دادا قىزىقسىنغان ھالدا قەسەنگە قارىدى.

— ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ؟

— راست، — دېدى قەسەن قىدىرغوجىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — ئۇ دائىم مال باققان يەردە يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلىدۇ. بەزىدە تېخى ئوقرۇق تەگكەن كاللار بىلەن بەستلىشىپ يۈگۈرۈپ كېتىدۇ. خۇددى شامالنىڭ ئۆزى.

— ئۇنداقتا نېمىشقا بۇ ئىشنى بىزگە بۇرۇنراق دېمىدىڭ؟

قەسەن بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك تىرنىقىنىڭ ئۇچىنى تاتىلىدى، ئاندىن بوش ئاۋازدا:

— ئۇ چاغدا مۇسابىقە توغرىسىدا گەپ يوق ئىدى. ئۇ پەقەت ئىچى پۇشۇپلا يۈگۈرەيتتى. بۇنداق توغرا كېلىپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئۆي ئىچىدە شۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدىكى ساپارغالى ۋارقىراپ ئاران باستى:

— قانداق گەپ بۇ قۇلاق - مېڭىنى يەپ. ھەركىم ئۆزى بىلگەننى دەيدىغان بۇ يەر ياكى مال بازىرى بولمىسا. بىردىن - بىردىن سۆزلەشسەڭ سۆزۈڭنى بىرى ئوغرىلاپ كېتەمدۇ سەن خەقنىڭ.

باللار تىنچلىنىپ، كەينىدىنلا كۈلۈپ كېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن ساپارغالى ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداقتا بۇ ئويلىشىپ باقمىدىغان ئىش ئىكەن. بىزنىڭ ئۆيدىن يەل تاپان چىقمىدىغان ئىش بولسا مەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمەن. شۇنداقتىمۇ بۇنى سىناپ باقمىساق بولمايدۇ. ھازىر بىزمۇ بىر كوللېكتىپ. ئەتە ئەتىگەندە ئىرمەكتىن باشقا ئالتە بالا مۇسابىقىلىشىپ كۆرسۇن. ئەگەردە ئالتىسىنىڭ ئىچىدە قىدىرغوجا راستىنلا بىرىنچى بولۇپ كەلسە ئۇنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشىغا رۇخسەت.

باللار خۇشال بولغىنىدىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ئۇلارغىمۇ نىسبەتەن بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان چوڭ ئىش ئىدى. ئۇزۇن يىللار بۇرۇقتۇرمىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئائىلە مانا ئەمدى باھاردىن كېيىنكى گۈل غۇنچىسىدەك پورەكلەپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

بۇ كېچە قىدىرغوجا ئۈچۈن ھەم ئەھمىيەتلىك، ھەم ئەڭ قىيىن بىر كېچە بولدى. ئۇ ئەتە سەھەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىنى ئويلاپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. تاڭ تېخى ئاتمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئەتراپ قاراڭغۇ بولۇپ، كاللارنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. قەيەردىندۇر توخۇلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قىدىرغوجا ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچىسى بولسىمۇ يەنىلا

قانداقتۇر بىر خىل كۆچىنىڭ تەسىرىدە ھاياجانلىنىپ تۇراتتى. ئويلىمىغان يەردىن تەقدىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىنى مەشىق قىلىشى بىر خىل قىزىقىش ئىدى. كىچىكىدىن موزاي ــ تورپاقلارنى قوغلاشنى، بالىلار بىلەن بەسلىششىنى ياخشى كۆرەتتى، بەزىدە ھەتتا كوچىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار بىلەنمۇ بەسلىشىپ قوياتتى. ئىچى پۇشسىلا يۈگۈرۈيتتى. بۇ خىل يۈگۈرۈش بۈگۈنگە كەلگەندە ئويلىمىغان يەردىن بىر خىل تالانتقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە تۇرتكە بولۇۋاتاتتى.

ــ نېمىشقا قاق سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرۇۋالدىڭ؟ ــ دېدى ئۆيدىن چىققان ئىرمەك ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

ــ ئۇيقۇم كەلمىدى، ــ دېدى قىدىرغوجا ئاكىسىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ.

ــ بۇ ئىشىڭ قاملاشماپتۇ. ئادەمدە ئۆزىگە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. ئىشەنچ بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئاچىقىلى بولمايدۇ. سېنىڭ ھەممىنى يېڭىپ چىقىدىغانلىقىڭغا ئىشەنچىم بار. ھەرقانداق ئىشتا دەم ئېلىش ياخشى بولمىسا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

قىدىرغوجا ماقۇل بولدى. بۇ چاغدا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانىدى.

ساپارغالى ئالتە بالىسىنى قاتار تىزدى. ئارىلىق يول بويىدىكى قاپاق تېرەك بولۇپ، بېرىپ ـ كېلىش ئارىلىقى تەخمىنەن بەش يۈز مېتىردەك كېلەتتى. كوماندا بېرىلىشى بىلەن بالىلار ئوقتەك يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

ساپارغالى ئاكىلىرىنىڭ كەينىدىن جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىركىنبەككە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ گەرچە كىچىك بولسىمۇ ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان ئىرادە بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

قىدىرغوجا دېگەندەك ھەممىنىڭ ئالدىدا كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىرتۇستۇك ئىككى يۈز مېتىردىن ئوشۇقراق كەيىندە قالغانىدى. ساپارغالى قىدىرغوجىنى دەس كۆتۈرۈپ پىرقىرىغۇچتەك پىرقىرىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. شۇنداق قىلىپ قىدىرغوجا گۇڭشې بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى.

ھاياجانلىق مىنۇتلار ئاخىرى يېتىپ كەلدى. مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى تاڭ ئاتماي تەخ بولغان بىر ئائىلە كىشىلىرى گۇڭشې ئورگىنى جايلاشقان مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. سەلتەنەت ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

يېزا كىشىدە ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىپ، قەلب ئىشىكلىرىنىڭ داغدام ئېچىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولاتتى. قەدىمكى پاسوندا سېلىنغان ئېگىز - پەس ئۆيلەر، توختىماستىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرگەن قارلىغاچلار، بويۇنلىرىنى سوزۇپ مۆرەۋاتقان كالىلار، قورۇلاردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ غەزەپ بىلەن قاۋاپ كېتىدىغان ئىتلار، كوچىلاردا دان ئىزدەپ يەر تاتلاپ يۈرگەن توخۇلار، ئېتىزلىقلاردىن ئۇرۇپ تۇرغان غۇر - غۇر شامال، قەيەردىندۇر بىر كۈچىيىپ، بىر پەسىيىپ ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىلار ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى،

قىممەتلىكىنى نامايان قىلىپ، كىشى قەلبىدە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇراتتى. مانا مۇشۇ مەنزىرىلەر تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىلھاملار نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ، دىللارنى ياشارتاتتى.

گۇگۇشى ئورگىنى جايلاشقان مەھەللىنىڭ ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن چوڭ مەيدانى بوگۇن ئالاھىدە بايرام تۇسىگە كىرگەنىدى. مەيدانغا توپلاشقان ئادەملەر قىزغىن پاراڭ سېلىشاتتى. ئاددىي، ئەمما كۆكۈل قويۇپ ياسالغان مۇنبەرنىڭ ئىككى يېنىغا قادالغان ئالىيپشىل بايراقلار ھەيۋەت بىلەن لەپىلدەيتتى. مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ماھىرلار مەيدانغا كىرىپ كەلگەندە مەيداندىكى ئادەملەر دېڭىز دولقۇنىدەك چايقىلىپ كېتىشتى.

ساپارغالى بوينىنى سوزۇپ ئوغلىنى كۆردى. ئەڭ چەتكە تىزىلغان قىدىرغوجا خۇددى كونا ماھىرلارغا ئوخشاش تولىمۇ تەمكىن كۆرۈنەتتى. كوماندا بېرىلىشى بىلەن ئۇ قەدەملىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تولىمۇ چاققان ئالمىشىۋاتقان پۇتى گاھىدا بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ، پۇتكۇل مەيداندىكىلەرنىڭ مەدەت بېرىشىگە سەۋەبچى بولاتتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلار كۆپ بولغاچقا ھازىرچە كىمنىڭ بىرىنچى بولۇپ كېلىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ساپارغالى ئىچىدە تەڭرىدىن ئوغلىغا نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى توختىماي تىلىدى. قىدىرغوجا خۇددى بۇنى سېزىپ قالغاندەك قەدىمىنى تېزلەتتى ۋە بارا ـ بارا رەقىبلىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. مەيدان بىردىنلا قىيقاس ـ سۈرەنگە تولدى. ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ كېتىۋاتقان ساپارغالى كۆزىنى ئاچقاندا قىدىرغوجا پەللىگە بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەنىدى.

# ئون تۆتىنچى باب

ساپارغالى تۇن يېرىمىغىچە ئازاب ئىچىدە ئۆزىنى تىڭشاپ ياتتى. تۇن نىسپىدىن كېيىن ئاۋۋال قاتتىق تەرلەپ، چىلىق - چىلىق سۇغا پاتتى. كەينىدىنلا تىترەك ئولىشىپ، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ جالاقشىپ تىترەشكە باشلىدى. قىزىتمىسى بىر ئۆرلەپ، بىر تۆۋەنلەپ خۇدىنى بىلمەي قالدى. ھالسىراپ كەتكەن ئاجىز قوللىرىنى يوتقاندىن تەستە چىقىرىپ، مومىينى ئاران ئويغاتتى. كۆزىنى ئېچىپ ئېرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن كۈمۈشنىڭ قورققىنىدىن پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ئۇ چىراغنى ياققاندا ساپارغالىنىڭ قان ئۇيۇشۇپ قالغان لەۋلىرى يېرىلىپ، يۈزى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. گويا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك غال - غال تىترەپ، بېشىنى يوتقانىنىڭ ئىچىگە تىقاتتى.

ئۇنىڭ بىئارام بولۇشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ كەتتى. كۆزلىرىنى ئۇيقۇدىن ئاچقان باللار نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي بىردە ئۆزئارا قاراشسا، بىردە ئاپىسىغا قارىشاتتى.

— تېز بول، ئاكاڭنى ئويغات، — دېدى كۈمۈش يېنىدا تۇرغان جۇماتايىنى بۇيرۇپ. جۇماتاي ئىشىكتىن چىقىپ ئىرمەكنى چاقىردى. ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئىرمەك بىلەن ئايالى ئۆيگە كىرگەندە دادا

يوتقانغا چۈمكەلگەن هالدا خۇددى بەزگەك ئادەمدەك دىر ـ دىر تىترەۋاتاتتى.

ـ خېلى بولدى، داداڭلار مانا مۇشۇنداق ياتقانغا. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم،ـ دېدى ئانا ئوغلى بىلەن كېلىنىگە بۇرىلىپ،ـ ئىرتۇستۇك بىلەن ئىككىڭلار دوختۇرغا ئاپىرىپ باقامسىلەر؟

ـ مېنى قىينىماڭلار،ـ دېدى ساپارغالى زەئىپ ئاۋازدا يوتقاندىن بېشىنى ئازراق چىقىرىپ،ـ مۇشۇ ئەھۋالىمدا ئاتىنىڭ ئۈستىدە قانداق ئولتۇرىمەن.

دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يوتقاندىن بېشىنى چىقارسىلا جالاقلاپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. باش تازا قېتىپ تۇرغاندا سەلتەنەت بىردىنلا:

ـ مەن كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ـ دەپ قالدى. ئانا ھەيرانلىق ئىلكىدە كېلىنىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ سۆزى بويىچە بوۋىسىنى دۈم ياتقۇزدى. ساپارغالىنىڭ دۈمبىسىنى ئەسۋە قاپلاپ كەتكەنىدى. سەلتەنەت ساناپ تۇرۇپ قېيىنئاتىسىنىڭ دۈمبىسىدىن يىڭنە بىلەن يەتتە تال ئەسۋىنى ئىلىپ قېنىنى چىقاردى، ئاندىن دۈمبىسىگە چانالغان پىيازنى سۈركەپ ئۇنى چۈمكەپ قويدى.

بالىلار يەڭگىسىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئەجەبلەنگەن ھالدا قاراپ تۇرۇشاتتى. كۆپ ئۆتمەي سەلتەنەتنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئۈنۈم بېرىپ، ساپارغالى تىنچىپ قالدى.

ـ رەھمەت، بالام،ـ دېدى كۈمۈش كېلىنىگە بۇرىلىپ،ـ ھېلىمۇ ياخشى سىز بولۇپ قاپتىكەنسىز، بولمىسا بۇ قاراڭغۇدا قانداقمۇ قىلار بولغىيتتۇق؟

ـ ئۆيدە دادامغا دائىم دېگۈدەك ئەسۋە چىقىدىغان.

ئاپام مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن قان چىقىرىپ چۈمكەپ قويسا ياخشى بولۇپ قالاتتى. ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەسۋە ئىلىش ماڭا قالدى. بۈگۈن مۇشۇ ئۇسۇلنى ئاتامغا سىناپ باقتىم،— دېدى سەلتەنەت بىرخىلدا تىنىپ ياتقان ساپارغالىغا قاراپ قويۇپ.

كۆپ ئۆتمەي ساپارغالى يوتقاندىن بېشىنى چىقاردى. ئۇنىڭ سەل ـ پەل تاتارغان چىرايىدىن مىننەتدارلىق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بالىلار يېنىك تىن ئالدى.

— بۈگۈن قالتىس ئىشتىن بىرنى قىلىۋەتتىڭ، سەلتەنەت،— دېدى ئىرمەك ئۆيگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن تولۇپ تاشقان مېھىر بىلەن ئايالىغا تىكىلىپ،— دادام ئەزەلدىن بۇنداق ئاغرىپ باقمىغان. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى كۆرۈپ پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە گۇڭشې دوختۇرخانىسى يىراق تۇرسا قانداقمۇ ئېلىپ بارار بولغىيتتۇق؟

— قاراڭە سىزنى،— دېدى سەلتەنەت كۈلۈپ كېتىپ،— ئەسۋە دېگەن ئادەتتىكى بىر ئىش تۇرسا، ئۇنى قانداقسىغا قالتىس ئىش دېگىلى بولسۇن. بۇمۇ بىر خىل توغرا كېلىپ قېلىش، مېنىڭ تەلىيىم.

— شۇنداقتىمۇ دادامنى سەن داۋالاپ ساقايتتىڭ ـ دە؟ شۇنداق تۇرسا نېمە ئۈچۈن قالتىس ئىش بولمىغۇدەك؟

ئىرمەكنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلۈۋاتقان چەكسىز رازىمەنلىك ئۇنى توختىماي ئەڭ ياخشى، ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلەرنى قىلىشقا ئۈندەيتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن سەلتەنەتنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا

مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىشاتتى. ئېغىر ـ يېنىك ئىشلاردا ئىمكان بار ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى. ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ قەلبىنى ئىپادىلەيتتى. سەلتەنەتمۇ ئۆزىنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس بەخت ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىززەتلىشىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

ــ ئائىلىمىزگە كۆز تەگمىسۇن،ــ دەيتتى كۇمۇش ئېرىگە كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى قىلىپ،ــ ئائىلىمىزدىكى بىرلىك كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. ماڭا سەلتەنەتنىڭ كېلىشى بىلەن ئائىلىمىزگە خۇشاللىق تۇيدۇرماي كىرىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ ئۆتكەندە قىدىرغوجا گۇڭشى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولدى. ئائىلىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىپ گۇڭشى رەھبەرلىرىنىڭ قولىدىن مېدال ئالدى. شۇ ئىشلارنى ئويلىسام خۇشال بولغىنىمدىن ۋارقىرىغۇم، ئائىلىمىزدىكى خۇشاللىقنى ھەممە ئادەمگە بىلدۈرگۈم كېلىدۇ.

ــ دېمىسەڭمۇ شۇنداق،ــ دەيتتى ساپارغالى ئايالىنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ،ــ «ياخشى كېلىن ئالتۇن قوزۇق» دېگەن مانا مۇشۇ. بىز بىرلىكتە ئاللادىن كېلىنىمىزنىڭ بەختىنى، ئىنسابىنى تىلەيلى. خۇدا ئۇنى يامان كۆزدىن ساقلىسۇن. كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر ئىش ئايان بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، خۇدا بۇيرۇسا ئاز كۈن ئۆتمەي ھەممە ئىشىمىز يورۇشۇپ كېتىدۇ. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى خۇشاللىققا تولۇپ، يەلكىمىزنى بېسىپ تۇرغان غەم ـ غۇسسىلەر كۆزدىن غايىب بولىدۇ. ئاڭلىغانسەن، قىدىرغوجا مېدال ئالغان كۈنى خەي شۇجىنىڭ «سىزنى

چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن. ئوغلىڭىزدىن ئۈمىد بار. بۇ پەقەت بىر باشلىنىش. كېلەر يىلى ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ياخشى تەييارلىق قىلسۇن» دېگەن سۆزىنى. ھازىر ئۇ بىزنىڭ گۆڭشېدا ئاتنىڭ قاشقىسى بولۇپ قالدى.

ئۇلار كۈلەتتى. ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇراتتى، بالىلىرىنىڭ بەختىنى خۇدادىن تىلەپ، شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا بۆلىنەتتى

شۇ كۈنلەردە قىدىرغوجىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئائىلە ئىشىدىن ئازاد قىلىنىپ، يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلاتتى. ئۇنىڭ قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىز - پەس ئېدىرلىقتا يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادەملەر ھەيران بولغىنىدىن «بۇ بالا قانداق ئىرادىلىك - ھە؟ ساپارغالى ئاخىرى غەمدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي ئادەمدەك ياشايدىغان بولدى. ئامانچىلىق بولسا بۇ بالا ئۇنىڭ ئائىلىسىگىلا ئەمەس پۈتۈن يۇرتقا شان - شەرەپ ئەكەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز. يۈگۈرۈك ئات چىققان يېزىمىزدىن چوقۇم يۈگۈرۈك ئادەممۇ چىقىدۇ» دېيىشەتتى.

بىر نەچچە قېتىملىق يامغۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا كۈز ئىنتايىن ياخشى كەلدى. ئەتىگەن - ئاخشامدىكى ئازراق سوغۇقنى دېمىگەندە كۈن يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ماللار سەمرىدى. دادۇي تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەمگەكلەرمۇ تولىقى بىلەن ئورۇندىلىپ تۇردى.

سەيسەنقۇلنىڭ توي ئىشى تازىمۇ قاتىلاڭچىلىق بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى. شۇ كۈنلەردە دېھقانلارنىڭ قولى بوش بولۇپ، ئالدىراشچىلىقتىن خالىي بولۇپ قالغىنى بىلەن چارۋىچىلارنىڭ كۈنلىرى قىشلاققا كۆچۈشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ساپارغالى ئايالى، ئوغلى ۋە كېلىنىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار سەيسەنقۇلنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلگەندە بۇ يەردىكىلەر توي ئۆزىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. هويلا ـ ئارانلار پاكىز سۈپۈرۈلگەن، تاملار كۆگۈل قويۇپ ئاقارتىلغان بولغاچقا ئادەمگە ئازادىلىك ھېس قىلدۇراتتى. پېشايۋاننىڭ بىر چېتىگە قويۇلغان پاتېفوندىن يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇزىكا ئاڭلىنىپ، هويلا ئىچىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. مېھمانلار توپ ـ توپى بىلەن كېلىشىۋاتاتتى. كۆلكە ـ چاقچاقلار ھەممە ياقنى قاپلىغان بولۇپ، كۆڭلى يېقىن دوست ـ بۇرادەرلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئايانماستىن چاقچاقلىشاتتى. سەيسەنقۇل كەلگەنلەرنى قارشى ئېلىپ، كەتكەنلەرنى ئۆزىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ساپارغالىنى كۆرگەندە كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. خۇددى ئۆزۈن يىل كۆرۈشمىگەن قەدىناس دوستىنى كۆرگەندەك ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئايالىنى ئۇنلۇك توۋلاپ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

توي ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋاملىشىۋاتاتتى. يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن كۆڭلى يېقىنلار بىر ئۆيگە جەم بولۇپ توينى قىزىتىۋەتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆلەڭ ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناۋاتتى. ئەر ـ ئاياللار ئېيتىشىشقا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن

ماھارىتىنى ئىشقا سالاتتى. شۇ ئارىدا بىرى ئىرمەكنى چاقىرىپ قالدى. ئىرمەك بۇرىلىپ دۈيسەننى كۆردى. دۈيسەن ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇلار قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن دۈيسەن ئۇنىڭغا ئايرىم ئولتۇرۇش بارلىقىنى، ئاغىنىلەرنىڭ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىرمەك سەل ئارىسالدى بولۇپ قالدى.

— ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سەن تونۇيدىغان ئاغىنىلەر، خىجىل بولىدىغان ھېچ ئىش يوق، تېز بول، — دېدى ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن دۈيسەن.

— ئۇنداقتا سەل ساقلاپ تۇر، — دېدى ئىرمەك بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك دۈيسەنگە قاراپ قويۇپ، — دادامغا دەپ قوياي. بولمىسا ئۇلار مېنى ئىزدەپ كەتمىسۇن

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە مېڭىپ كەتتى. سەيدىۋاققاس بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان دادىسىغا بىرنېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن، دۈيسەننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار دۈيسەننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇ تونۇيدىغان بەش يىگىت پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— كەل ـ كەل، — دېدى ئۇلار ئىرمەك بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ.

— تۆرگە چىق. ئۇزۇن بوپتۇ سېنى كۆرمىگىلى، — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قارا مەجىت دەپ ئاتىلىدىغان يىگىت يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ. ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا داڭقى چىققان پالۋان ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئىرمەك جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆز قىلىپ، — مەنمۇ سىلەرنى

كۆرمىگەنگە ئۇزۇن بوپتۇ. قانداق، ھەممىڭلار ياخشى تۇرغانسىلەر؟

— بىزمۇ يامان ئەمەس،— دېدى قارا مەجىت ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا،— قارىساق بۈگۈن ئاكىمىز سەيسەنقۇلنىڭ قىز ئۇزىتىش تويى ئىكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەرگە جەم بولۇپ قالدۇق. بىردەم - يېرىمدەم كۆڭۈل ئاچقاچ پاراڭلىشايلى دېدۇق. دۈيسەن بىلەن كۆرۈشمىگىلىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ تەلپىمىز بىلەن ئۇ توينىڭ تاماشىسىدىن قۇرۇق قالدى.

بۇ گەپ بىلەن سورۇندىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا داستىخانغا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قورداق كەلتۈرۈلدى. ئاياغ تەرەپكىلا چۆككەن دۈيسەن بىر بوتۇلكا هاراقنى بىقىنىغا قويۇپ، مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— قانداق، ئۇيغۇر كېلىنچىكىڭ ئۆگىنىپ قالدىمۇ؟— دېدى چەتتە ئولتۇرغان ئەبىلغازى ئوتتۇرىلىقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ. ئۇ سېرىق، بۇرنى ئۇزۇن يىگىت بولغاچقا ئاغىنىلىرى ئۇنى ئۇزۇن بۇرۇن ئەبىلغازى دەپ چاقىرىشاتتى،— ئاڭلىسام ئۇ ئىنتايىن چېۋەر، ئىشقا پىشقان ئايال ئىكەن. باشقىدىن تەلىيىڭ كەلمىگەن بولسىمۇ ئايالدىن تەلىيىڭ كەپتۇ. «كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويماپتۇ» دېگەن مانا مۇشۇ. بىز سەندىن خۇشال.

ئىرمەك كۈلۈپ قويدى. قەيەرگىلا بارسا ئالدى بىلەن ئايالىنىڭ سۆزى چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ ئوڭايسىز سېزەتتى.

— ئاغىنىلەر،— دېدى قارا مەجىت ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ،— بۈگۈنكى مۇشۇ سورۇنغا ئايال كىشىنىڭ

گېپىنى ئاڭلاشتۇرمىساق. ئىرمەكتە بار ئايال ھەممىمىزدە بار. ھەممىمىزنىڭ ئايالىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى بار. ئوخشاشمايدىغان يېرى ئۇنىڭ ئايالى ئۇيغۇر. مېنىڭچە ئۇيغۇر بىلەن قازاقنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى ئەبىلغازى قارا مەجىتكە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، — سۆزىڭدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدىمغۇ؟

— چۈشىنەلمىگۇدەك نېمىسى بار؟ ئۇنى بۇ يەرگە چاقىرىپ ئايالىنىڭ گېپىنى قىلساق ئۇنى خىجىل قىلغان بولمامدۇق. مەندىن بۇيرۇق، ھازىردىن باشلاپ بۇ سورۇندا ئايال كىشىنىڭ گېپىنى قىلىشقا رۇخسەت يوق.

قارا مەجىتنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئۇنداق بولسا، ئاغىنىلەر، — دېدى دۈيسەن رومكىسىغا ھاراقنى تولدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن قەدەھ سۆزى قىلىپ، — بۈگۈن پەۋقۇلئاددە پۇرسەتتە بىر يەرگە جەم بولۇپ قاپتۇق. داستىخىنىمىز ئاددىي بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار. بايا ئاغىنىمىز مەجىت دېگەندەك بىر يەردە بولساقمۇ يۈز كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ ئۇزۇن بولۇپ كېتىپتۇ. بۈگۈن مەن ئىنتايىن خۇشال. بۇنىڭ بىر سەۋەبى، ئاكىمىز سەيسەنقۇل قىز ئۇزىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئوخشاشلا بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز. يەنە بىر سەۋەبى بولسا مۇشۇ باھانىدە ئۇزۇندىن بېرى يۈز كۆرۈشمىگەن ئاغىنىلەر يۈز كۆرۈشتۇق. شۇڭا بۇ ھاراقنى ئاغىنىلەرنىڭ جەم بولغانلىقى، ئىرمەكنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىچىۋېتىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ رومكىنى ئاغزىغا ئاپىرىشىغا ئەبلغازى:

— توختا، توختا،— دەپ ئۇنى توختاتتى. رومكىنى ئېغىزىغا ئاپىرىشقا تەمشىلىۋاتقان كېتىك ئاستىدا تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ قالغان دۈيسەننىڭ كۆزىدىن قاتتىق ھەيران قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— سەن قائىدىگە خىلاپلىق قىلدىڭ،— دېدى ئەبلغازى جىددىي ئاھاڭدا،— تېخى ھازىرلا مەجىت ئايال توغرىسىدا گەپ قىلىشقا رۇخسەت يوق دېۋىدى، بۇنى سەن ئاڭلىمىدىڭمۇ ياكى ئاڭلاپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلدىڭمۇ؟

— ماۋۇ ئاداش ئىچمەي تۇرۇپ مەست بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟— دېدى دۈيسەن كۈلۈپ تۇرۇپ،— مەجىت نېمە دېدى، مەن نېمە دېدىم. قاچانلا قارىسا قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا قاراپ يۈرىدىكەنسەن.

بۇ سۆز بىلەن ئۆي ئىچىدە بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. يىگىتلەر تەرەپ - تەرەپتىن چاقچاق قىلىپ، ئەبلغازىنى ئېغىز ئاچقۇزماي قويدى.

ھاراق ئىچىلىۋاتاتتى، پاراڭمۇ قىزىۋاتاتتى. ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، چىرايىدىن رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئىرمەكمۇ «ھە - ھۇ» بىلەن بىرنەچچە رومكا ھاراقنى ئارتۇق ئىچىپ قويدى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ھاراق ئىچمىگەندەك ئولتۇراتتى.

— ئاغىنىلەر،— دېدى قارا مەجىت بىر پەستىن كېيىن ھاراق تەسىرىدە يۇمۇلغان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ،— ئىرمەك بىزگە قەشقەرگە ئات ھەيدەپ بارغاندىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرسە قانداق؟

ئۇنىڭ سۆزىنى ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن

قوۋۋەتلىدى. ئىرمەك قەددىنى سەل ـ پەل رۇسلاپ، ئات ھەيدەش جەريانىدا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار پات ـ پات سوئاللارنى قويىاتتى. بۇنداق چاغدا ئىرمەكنىڭ قوشۇمىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، بىر جۈپ كۆزى چاقناپ كېتەتتى. سۆز مەمتىلاخۇن ئۇستامغا كېلىپ توختىغاندا دۈيسەن تاڭلىيىنى چېكىپ قويدى.

— مەن ئۇ ئادەمنى كۆرگەن.

— نەدە كۆرگەن؟— دېدى ئەبىلغازى ھەيران بولغان ھالدا.

— ناھىيە بازىرىدىكى بىر تۇغقىنىمىزنىڭ تويىدا كۆرگەن. مەن ئۇنى دەسلەپ كۆرگەندە قازاقمىكىن دەپ قالغانىدىم. كېيىن ئۇقسام ئۇيغۇر ئىكەن. ئۇ تاماقنىمۇ، ئۆلەڭنىمۇ ئۇستا ئىكەن. تۇغقانلارنىڭ بىرى ئۇنى قازان بېشىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆلەڭ ئېيتقۇزغان. ئۇنىڭ ئېيتقان قازاقچە ئۆلىڭىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدىم.

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار،— دېدى دۈيسەننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىزىل يۈزلۈك يىگىت،— مەنمۇ قازاقچە ناخشىنى شۇنداق ياخشى ئېيتالايمەنغۇ.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى خۇددى ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆرگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى.

— كاللىدىن كەتمىگەنسەن، تۇرسۇبەك،— دېدى قارا مەجىت سۆز قىلىپ،— قازاق تۇرۇپ قازاقچە ناخشىنى ئېيتالمىساڭ سېنى قازاق دېگىلى بولامدۇ؟

— نېمە، مەن شۇنداق دېدىممۇ؟ راستىنىلا كاللىدىن كەتكەن ئوخشايمەن. ئۇيغۇرچە ناخشا دېيمەن دەپ قازاقچە ناخشا دېگىنىمنى كۆرمەمدىغان.

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ سۆزدىن ھەممەيلەن كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. ئىرمەكنىڭ كۆزىدىن چىققان ياش ئېڭىكىنى بويلاپ دومىلاۋاتاتتى.

— دېمىسىگەن بولساڭ ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىڭ ئېسىمىزدىن چىقىپ كېتەتتىكەن، — دېدى دۇيسەن كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، — قازاقچە ناخشىنى ئېيتالايمەن دەپ مېنى بەكلا قورقۇتۇۋەتتىڭ.

— ئۇ بىر ھارامزادە، — دېدى قارا مەجىت ئۆزىنى كۈلكىدىن ئاران توختىتىپ، — شۇنداق دەپ بىزنى ئاتايىن ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ. بولمىسا ئۇيغۇر بىلەن قازاقنى ئالماشتۇرۇپ قويامتى؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى تۇرسىبەك چۈشەندۈرۈپ، — دۇيسەننىڭ قۇيغىنى ھاراق ئەمەس، نەشە ئوخشايدۇ، ئادەمنى ئاداشتۇرىدىغان.

— نېمە دېدىڭ، يەنە بىر دېگىنە؟ — دېدى خېلىدىن بېرى سۆزگە ئارىلاشماي ئولتۇرغان قۇداش تۇرسىبەكنىڭ كوكۇلىسىدىن مەھكەم تۇتۇپ، — سۆزۈڭدىن قارىغاندا بىز نەشىكەش بىلەن ئولتۇرۇپتىمىز - دە؟

بۇ سۆز تۇرسىبەكنى تېخىمۇ ئاداشتۇرۇۋەتتى.

— ئاغىنىلەر، مېنى تولا يېڭىلدۇرمىسەڭلارچۇ؟ مەن ئۆمرۈمدە نەشە دېگەننى چېكىش ئەمەس، كۆرۈپمۇ باقمىغان.

— ئۇنداق بولسا نەشە دېگەن گەپنى نەدىن تاپتىڭ؟

— ئاڭلىغان. ئۇيغۇر ئاغىنىلەردىن ئاڭلىغان. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، نەشە چەككەن ئادەم ئاسمانغا چىقىپ ئەرشنى، يەرگە چۈشۈپ كەشنى كۆرىدىكەن.

— سەن قۇۋلۇق قىلىۋاتامسەن ياكى راستىنىلا كالللاڭدىن كەتتىمۇ؟ ئەرشنى، كەشنى دەپ كەتتىڭغۇ ئەمدى؟

— بۇنەرسىنى مەنمۇ بىلمىدىم، بەلكىم بۇنى ئىرمەك بىلىشى مۇمكىن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ھېچنېمە دېگىنىم ئەمەس. ئاسمانغا چىقىپ ئەرشنى، يەرگە چۈشۈپ كەشنى كۆردۇ دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە بولغاندىن كېيىن ئۇنى بىلەمدىكىن دەيمەنغۇ شۇ.

— بۇ ھارامزەدىنى كۆتۈرۈپ تالاغا تاشلىۋېتەيلى، — دېدى قۇداش بىردىنلا ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، — قارا بۇنىڭ دەۋاتقان سۆزىنى.

ئىككى دوست بىردەم پومداقلىشىپ كېتىشتى.

— بولدى قىلىڭلار، — دېدى قارا مەجىت ئۇلارغا ۋارقىراپ، — سورۇننى قىلىشمايدىغان بولۇشتۇڭغۇ كىچىك بالىدەك ئېلىشىپ. قالايمىقان جۆيلۈگەنلىكى ئۈچۈن تۇرىسبەككە بىر رومكا جازا ھارىقى قۇي.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ دۈيسەنگە شۇنداق دېدى. دۈيسەن رومكىغا ھاراقنى تولدۇرۇپ قۇيغاندىن كېيىن تۇرىسبەككە سۇندى. تۇرىسبەك رومكىنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتكەندى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، — مەقسەت ھاراق ئىچىش بولمىغاندىن كېيىن ھاراققا زورلىماي بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق بولمامدۇ. بۇ ھاراق

بەكـلا كۆچلۈك ئـىكەن. راستـىمنـى دېسەم مەن ھـازىـر بولالمايلا قالدىم. يەنـە زورلىساڭـلار بەلكـىم ئۇرنۇمدىـن تۇرالماي قېلىشىم مۇمكىن. سىلەردىـن ئۆتۈنۈپ قـالاي، مۇشۇ ھاراقنى باشقا بىرسىڭلار ئىچىۋەتكەن بولساڭلار.

— ھـاراق دېگەننـى مەست بولـىمەن دەپ ئـىچمـىسـە نېمـىگە ئىچـىدۇ. ئۇنـىڭ ئۈستـىگە بۈگۈنـكى سورۇننـى ئەتـىگەندىن بېرى سەنلا قـالايمىقـان قىلـىۋاتىسەن. شـۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئىچىسەن، — دېدى ئەبىلغـازى ئۇنىڭغا يول قويماي.

ئۇلار ئەنە شۇنداق دەتـالاش قىلـىۋاتقاندا دۈيسەنىنـىڭ ئايالى ھەربىرەيلـەنگە بىـر چىنىـدىن قېتـىق ئەكىـردى. تۇرسـىبەك قېتـىقنى قـولىغـا ئـېلىـپ بـىر سۈمـۈرۈپلا قۇرۇقداپ قويدى. قېتىق ھەقىقەتەن تەملىك ئىدى.

— يەنە بىر چىنـە ئىچەي، قېرىنداش، قـېتىق بـولار مانـا مـۇشۇنداق بـولار. مـەن ئۆمـرۈمـدە بـۇنداق ياخـشى ئۇيۇتـۇلـغان قېتـىق ئىـچـىپ باقـمىغـان، — دېـدى ئـۇ چىنىسىنى ئۆي ئىگىسىگە تەڭلەپ.

— ماۋۇنىڭغا نېمە بولغان، ئاغىنىلەر، — دېدى قۇداش ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قـويۇپ، — بۈگۈنـكى سورۇننـى راستىنىلا بۇ سورىغىلى تۇردىغۇ؟ بۇنىڭغا بىرەر ئامال - چارەڭلەر يوقمۇ؟

— ئۇ ھازىر بىر ساراڭ، — دېدى قارا مەجىت كۈلـۈپ تۇرۇپ، — «ساراڭغا سوت يوق» دېگەننى ئـاڭلىمـىغانمـۇ سەن؟

— بۇنـىڭ بىلـەن بىرگە يـۈرۈپ كۈنلەرنـىڭ بىـرىـدە بىزمۇ ساراڭ بولۇپ قالمىساق بولاتتىغۇ. «ئاغىنەڭ قاغـا بولسا يېيىشىڭ پوق» دېگەندەك، — دېدى دۈيسەن. شۇنىڭ بىلەن باشلانغان چاقچاق خېلـى ئۇزاق داۋاملاشتـى.

تۇرسىبەكمۇ تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ ئۇلارنى راسا كۇلدۇردى. ئادەتتە ئانچە بەك سۆزلەپ كەتمەيدىغان بۇ يىگىت بەزى سورۇنلاردا بىردىنلا خۇرۇچىغا كېلىپ مانا مۇشۇنداق ئېچىلىپ كېتەتتى. گاھىدا تاغدىن سۆزلىسە، گاھىدا باغدىن سۆزلەپ، باشقىلارنى كۇلدۇرۇپ تېلىقتۇرۇپ قوياتتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق چاقچاقلىشىپ ئۆينى بېشىغا كىيىۋاتقاندا ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە مەھەللىدىكى ئەڭ چوڭ چاتاقچى تۇرسۇنباي كىرىپ كەلدى. ئۇ غىتققىدە مەست بولۇپ، قەددىنى رۇسلاشقىمۇ چامىسى كەلمەي قالغانىدى. ئۇنى كۆرگەن ئىرمەكنىڭ ۋۇجۇدىدا يېقىمسىز بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى.

— سە... سەنلەر مېنى چاقىرماي بۇ... بۇ يەردە ئويۇن ـ تاماشا قىلىشىۋاتامسىلەر؟ مەن دېگەن كىم؟ مەن دېگەن تۇرسۇنباي. قېنى قايسىڭ مېنى چاقىرسا بولمايدۇ، دېگەن؟

ئۇ ئىشىككە يۆلەنگەن هالدا شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن جېدەل تېرىيدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— كەلگىنىڭ ياخشى بولدى، تۇكە، — دېدى ئورنىدىن تۇرغان دۆيسەن ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ، — بىزمۇ سېنى چاقىرايلى دەپ تۇرغان. قېنى يۇقىرى ئۆت. ھەممىمىز ئۆز ئادەم.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، — دېدى ئۇ دۆيسەننىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ، — ماڭا ياخشىراق قاراپ باققىنا، مەن كىم؟

— سەن دېگەن تۇرسۇنباي، بىزنىڭ قەدىرلىك

مېھمىنىمىز. سېنى تونۇمىغان ئادەمنى بىز قارىغۇ دەيمىزغۇ، قارىغۇ.

— ئۇنداقتا ياخشى. ئۇياقتا توي بولۇۋاتسا بۇياقتا ئولتۇرۇش قىلىش ھوقۇقىنى سەنلەرگە كىم بەردى؟ ئەگەر سەيسەنقۇل ئاكىمىز بىلەن زىددىيىتىڭ بولمىسا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تويىنى قىزىتماي بۇ يەرگە قارىغۇ چاشقاندەك تىقىلىشىۋالىسەن؟ ھەممىڭ مەن بىلەن بىرگە مېڭىش. توي بولۇۋاتقان ئۆيگە چىقىپ كۆپچىلىكتىن كەچۈرۈم سوراش.

ئۇ بىردىنلا ئۆينى بېشىغا كىيىپ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى. خېلىدىن بېرى ئۈن چىقماي ئولتۇرغان قارا مەجىت ئورنىدىن تۇردى:

— تۇكە، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۆيگە كىرگەنىكەنسەن، ئىززىتىڭنى بىلىپ بۇياققا ئۆت، بىرگە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلايلى. ئەگەر بىلگۈڭ بولسا ساڭا دەپ بېرەي، بۇ يەردە سورۇن قۇرۇپ ئولتۇرۇشىمىزنى سەيسەنقۇل ئاكىنىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان. بۇنى سۈرۈشتۈرگۈڭ بولسا ئەتە سۈرۈشتۈرۈۋالساڭمۇ كېچىكمەيسەن. ئاغىنىلەر ئاران بىر جەم بولغاندا كەيپىمىزنى بۇزماي تاماشىمىزغا ئورتاقلاش.

تۇرسۇنباي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىدىن سەن كىم، ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىسەن؟ ئولتۇرۇشىڭنى ئولتۇرۇش قىلمايمەن قانداق، دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلغىن، ئاغىنە، — دېدى ئەبىلغازى قارا مەجىتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۆي كەڭرى. بىز سىغقان يەرگە سەنمۇ سىغىسەن. ئاغىنىلەرنىڭ مۇنداق يىغىلىشىمۇ ئاسان ئەمەس. ئەگەر مەستلىكىڭگە يۆلەپ

چاتاق تېرىيمەن دېسەڭ ساڭا دەپ قويای، ھازىر بىزمۇ سېنىڭدىن بەكرەك مەست. ساراڭلىق قىلىشتا سەندىن ئېشىپ چۈشسەك چۈشىمىزكى ھەرگىز سەندىن قېلىشمايمىز. ئىشەنمىسەڭ ئالدىڭدىكى ئادەمگە ياخشىراق قاراپ باققىن، ئۇ كىم؟ ئۇ دېگەن ساڭا ئوخشاش تۇرسۇنبايدىن نەچچىسىنىڭ بېلىنى ئوشتۇۋېتىدىغان قارا مەجىت. مېنى تونۇمىساڭمۇ قارا مەجىتنى تونۇيدىغانسەن؟

تۇرسۇنباي تەۋرىنىپ كەتتى. ئۆزىنى تەستە ئوڭشاپ ئەبىلغازىغا يەيدىغاندەك تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن كۆزىنى مەجىتكە يۆتكىدى.

— قولۇڭنى بەرگىنە، ئاغىنە، ئۇ مېنى نېمە كۆرۈپ قالدى دەيمەن؟ سېنى تونۇمىسەن دەيدىغۇ. مەن سېنى تونۇمىسام قانداقمۇ تۇرسۇنباي بولالايمەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...

— بولدى، مەست بولۇپ قاپسەن. ئەبىلغازى دېگەندەك ھازىر ھەممىمىز مەست. ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ. قېنى يۇقىرى ئۆت، — دېدى قارا مەجىت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. تۇرسۇنباي بىر قەدەم چامداپ توختاپ قالدى. ئاندىن:

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت. مەن قايتىۋالاي، سىلەرنى رەنجىتىپ قويغان بولسام كەچۈرۈۋېتىڭلار. دۈيسەنگە دەيدىغان سۆزۈم بار ئىدى، — دېدى. بۇ سۆز بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، يېنىك تىن ئالدى.

— بىلىسەم - بىلمىسەم ئۇ دۈيسەندىن ھاراق سورايدۇ، — دېدى ئەبىلغازى ئۇ چىقىپ كەتكەندىن

كېيىن ئىشىككە قادىلىپ، — ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟

— بىرى دەپ بەرگەن گەپ، — دېدى يانغا قىيسايغان تۇرسۇبەك پەرۋاسىزلا.

— بىرى دەپ بەرمىسىمۇ بىلەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ دېگەن تۇرسۇنباي. شۇڭا كىم ئولتۇرۇش قىلسا ئولتۇرۇش تۆگىگۈچە يۈرىكى سۇ ئولتۇرىدۇ. ئۆتكەندە بىرى ئولتۇرۇش قىلغان. تۇرسۇنباينىڭ مانا مۇشۇنداق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ يامان ئىتتىن تۆت ـ بەشنى ئىشىك ئالدىغا باغلىغانىكەن. بىر ۋاقىتتا بىرى ئىشىكنى كۈچىنىڭ بارىچە تېپىپ كىرىپ كەلدى. قارىساق تۇرسۇنباي. توۋا دەپ ياقامنى تۇتۇپ قاپتىمەن. قارىغاندا ئىتلارمۇ ئۇششۇقتىن قورقىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى قۇداش تۇرسۇبەكنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

— يائاللا، — دېدى قارا مەجىت قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، — ئۇ كاساپەت ئىتلاردىن قورقماي قانداق كىرگەندۇ؟

— مۇشۇنىڭغىمۇ ھەيران قالغان بارمۇ؟ — دېدى تۇرسۇبەك تۈزلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قارا مەجىتنىڭ كۆزىگە قاراپ، — بۇنىڭ ھەممىسى يالغان.

ئۆي ئىچىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن كەيپىيات قايتىدىن جانلىنىپ، كۆڭۈلسىزلىكلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ئەبلغازىنىڭ دېگەنلىرى توغرا چىقتى. تۇرسۇنباي ئۆزى بىللە بىللە ھويلىغا چىققان دۈيسەندىن ھاراق سورىدى. ئۇنىڭغا يېرىم بوتۇلكا ھاراق بەرگەن دۈيسەن ئۆيگە قايتىپ كىردى. بۈگۈن شۇنچە كۆپ ھاراق ئىچىلگەن بولسىمۇ ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى ياخشى

ئىدى. ھېچكىممۇ مەست بولۇپ يېتىپ قالمىدى. ھېچكىممۇ مەست بولۇپ تۇرسۇنبايدەك جېدەل قىلمىدى. ھاراق ئايلىنىۋاتاتتى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى نۆۋىتىنى ئىچىۋەتكەن تۇرسىبەك ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ، — ئەسلىدە سىلەرنىڭ كەيپىڭلارنى ئۇچۇرماي دېگەنىدىم. بىراق تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىۋالغان گەپ مېنى بەك بىئارام قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ گەپنى قانداق دېيىشىمنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن.

تومتاقلا ئېيتىلغان بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەننىڭ دىققىتى تۇرسىبەككە مەركەزلەشتى.

— يەنە نېمە ئويۇن ئويناي دەۋاتىسەن؟ — دېدى ئەبلغازى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — دېگۈڭ بولسا تىلىڭنى چاينىماي دە. دېگۈڭ بولمىسا بىزنى تولا ئەخمەق قىلما.

— ئەخمەق قىلغىنىم ئەمەس. مېنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىچمىدە گەپ ياتمايدىغان مىجەزىم بار. سىلەرگە دىسەمچۇ، ئاز كۈن ئۆتمەي يەنە بىر ھەرىكەت باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ. دادام تۈنۈگۈن ناھىيەگە بارغانىدى. ھەممىدىن خەۋەردار بىر ئاغىنىسى شۇنداق دەپتۇ. بۇ ئىنتايىن مەخپىي خەۋەر ئىكەن. بۈگۈن بۇ يەردە سىلەرگە دەپ سالدىم. گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. بولمىسا ھەممىمىز بالادا قالىمىز.

تۇيۇقسىز دېيىلگەن بۇ گەپ سورۇننىڭ كەيپىياتىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. قولىدىكى رومكىنى ئەمدىلا لېۋىگە تەگكۈزگەن ئىرمەكنىڭ قولى توختاپ قالدى.

— قانداق ھەرىكەت ئىكەن؟ — دەپ سورىدى قۇداش تۇرسىبەكتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— مەنمۇ بىلمىدىم. ئىشقىلىپ بىر ھەرىكەت

ئوخشايدۇ. ئالدىرىمىساڭلار ئاز كۈندە بىلىپ قالىسىلەر.

ئىرمەك قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئويغا پاتتى. قارىغاندا تۇرسىبەكنىڭ دېگەن بۇ سۆزى چاقچاق ئەمەستەك قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئىچىپ تۇردى.

تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاينىڭ شولىسى ھېچبىر ئىلتىپاتسىزلا دېرىزە ئەينەكلىرىدىن ئۆي ئىچىگە ئۇسۇپ كىرەتتى. تاماكىنىڭ كۆكۈچ ئىسى ئۆي ئىچىدىن چىقىپ كېتىشكە ئامال تاپالماي، تورۇسنىڭ ئاستىدا قەۋەت ھاسىل قىلىپ لەيلەپ تۇراتتى. ئىرمەك يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئەتراپقا قارا ـ قارىمايلا، تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرى يۇمۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىرى ھەممىنى ئۇنتۇپ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىگىنى كۈن چىققاندا ئۇ ئىنتايىن كەيپسىز بىر ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى. دىققىتىنى دەرھال يىغالماي بىرنەرسە ئىزدەۋاتقان ئادەمدەك ئىككى ياققا ئەلەك ـ سەلەك قاراپ قويدى. ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق خىياللار خۇددى بۇلۇت قاتلىمىغا ئوخشاش تۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئورنىنى مانا مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللارنىڭ ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئەتىگەنلىك چايمۇ كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئىچىدە ئىچىلدى. ھېچكىمنىڭمۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭ قىلغۇسى كەلمىدى. چايدىن كېيىن خوشلىشىپ ھەركىم ئۆز يولىغا ماڭدى.

ئىرمەك تاكى ئۆيىنىڭ قارىسى كۆرۈنگىچە ئېتىنى

دېۋىتىپ ماڭدى. مەيىن شامال ئۇنىڭ هاراقنىڭ تەسىرىدە تاتىرىپ كەتكەن مەڭزى بىلەن تەرلەپ پارقىراپ كەتكەن ئاتىنىڭ ماڭلىيىدىن سۆيۈپ ئۆتەتتى. يول ياقىسىدىكى دۆڭلەردە، قىرنىڭ باشلىرىدا ئۇ ئېتىنى بىلمەيدىغان قۇشلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. يولدىن كېسىپ ئۆتكەن توشقان ئۇنىڭ ئېتىنى ئۈركۈتۈپ، ئۇنى ئاتتىن يىقىتىۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سۈرئەتنى ئاستىلاتتى.

ئۇ ئۆيگە كەلگەندە دادا ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئاتنىڭ يۈگەن ـ تارتمىسىنى مايلاۋاتاتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولغاندا، دادا بىردىنلا چاقىرىپ قالدى:

— بېرى كەل، قېنى دېگىنە، نېمە بولدۇڭ، خۇددى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سالپىيىپ كېتىپسەنغۇ؟

ئىرمەك دۇدۇقلاپ قالدى. يالغان گەپ قىلسا دادىسىنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاڭلىغان سۆزلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. دادا چۆچۈپ كەتتى:

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ خاتا ئاڭلاپ قالمىغانسەن ـ هە؟ بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

ساپارغالىنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلەپ كەتتى. قولىدىن يۈگەن ـ تارتمىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ئىرمەكنىڭ كۆزىگە دادا بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ شۇ تاپتا دادىسىغا نېمىدەپ تەسەللى بەرسە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

دېگەندەك ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن چارۋىچىلارغا يىغىن ئېچىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندى. يىغىن

ناھايىتى كۆڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا باشلاندى. يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشاتتى. ئېھتىياتسىزلىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر بىرسىنىڭ كەينىدىن خېلى چوڭلا يەل چىقىپ كەتتى. باشقا چاغ بولغان بولسا كۆپچىلىك بولۇشىغا كۈلۈپ، يەل قويۇۋەتكەن ئادەمنى مازاق قىلغان بولاتتى. بىراق بۈگۈن ھېچكىم كۈلمىدى. بىرنەچچە كەپسىز بالا ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يىغىن مەيدانىنى ئاۋات قىلغاندىن باشقا، يىغىن مەيدانى گۆرىستاندەك جىمجىت ئىدى. يېقىندىن بېرى خەلق نېمە ئۈچۈندۇر يىغىن دېسە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قارىشاتتى. يىغىن ئېچىشقا توغرا كەلسە دادۇي كادىرلىرىنىڭ ھالى قالمايتتى. ئۇلار ئۆيمۇئۆي قاتراپ، كۆپچىلىكنى تولىمۇ تەستە يىغاتتى.

— يىغىننى باشلايمىز، — دېدى دادۇي شۇجىسى توققۇجا كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، — باللارغا ئىگە بولۇپ، يىغىننىڭ تەرتىپىنى ساقلايلى. ھازىر گۇڭشې باشلىقى تۆكەن سۆز قىلىدۇ.

ئورۇق، كۆزلىرى سەل ـ پەل يۇمۇق كەلگەن گۇڭشې باشلىقى تۆكەن بىر ـ ئىككىنى يۆتىلىپ قويۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— بۈگۈنكى يىغىن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر قېتىملىق سەپەرۋەرلىك يىغىنى. مەن ئالدى بىلەن دادۇيىمىزگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — ئۇ ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن رەسمىي سۆزگە كۆچتى، — بۇ ئۈچ يولداش

بوگۈندىن باشلاپ داۋىمىزدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوخشىمىغان ئاغدۇرۇش شامىلىنىڭ زەھىرىنى تازىلاش ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. شۇڭا يولداشلارنىڭ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تۆۋەندە مۇشۇ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ئوقۇلىدۇ.

يىغىن زالىدا ئادەم كۆپ بولسىمۇ ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت ئىدى. ھەتتا بالىلارمۇ ئوقۇلۇۋاتقان ھۆججەتنى چۈشىنىدىغاندەك دېمىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. ساپارغالى بېشىدىكى قالپىقىنى خۇددى تۈگمەن تېشىنى كۆتۈرگەندەك تەستە ئالدى. نەپىسى سىقىلىپ، ياقا تۈگمىلىرىنىمۇ مىڭبىر تەستە بوشاتتى. شۇ تاپتا پۈتۈن بەدىنى چىڭقىلىپ، گۈرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى. كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىر قولى بىلەن يەرنى تىرىۋالدى.

— ئوخشىمىغان ئاغدۇرۇش شامىلىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، زەھىرى ئىنتايىن يامان. بۇنى ۋاقتىدا تازىلىمىغاندا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزغا ئىنتايىن چوڭ زىيانلارنى سالىدۇ. بىز ئوخشىمىغان ئاغدۇرۇش شامىلىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنى داۋىمىزدە يوق دەپ ئېيتالمايمىز. بەزىلەر ھازىر قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋالدى. ئۇلار ھە دېسە ئىشلەپچىقىرىش بىرىنچى، ئىقتىساد ئاساس دەپ جار سېلىپ، ئاممىنى زەھەرلىمەكتە. بىز بۇنداق ئادەملەرگە رەھىم قىلساق بولمايدۇ. يۇقىرىدا ھۆججەتنىمۇ ئوقۇدۇق. شەخسەن مەن ئۆزۈم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىمەن.

كۆپچىلىكنىڭمۇ يېقىندىن ماسلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمدى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆتەي.

توقۇجا سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل جۇشقۇن روھ، ئاجايىپ كۈچلۈك تەنتەنە چىقىپ تۇراتتى.

— سەن بىزنى قورقۇتما، يىگىتىم، — دېدى يىغىننىڭ ئاخىرىسىدا سۆز ئالغان ئۇمار ئاقساقال گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — بىزنىڭ دادۇيدە ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى بارمۇ، يوق بۇنى بىلمەيمەن. ئەمما مېنىڭ بىلىدىغىنىم مال چارۋا. كۆپ ئۆتمەي ھەممە ئادەم قىشلاقتا كۆچىدۇ. مال - ۋارانلىرىنى جۆندەشتۇرۇپ، قىشتىن ئامان ئۆتۈشنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. شۇنداق تۇرسا سەن شۇجى دادۈي بىلەن گۇڭشې ئارىلىقىدىكى يولنى ياساشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن. بۇ يىل قىش يىللاردىكىدىن قاتتىق بولىدۇ. ئاپەت ئېغىر بولىدۇ. دادۈي بىلەن گۇڭشېنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتىۋالغاندىن كېيىن ياسىساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

ئۇمار ئاقساقال بىردىنلا يۆتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى توقۇجىنىڭ يۈرىكىگە خۇددى خەنجەردەك سانجىلدى.

— ئاقساقال، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى چۈشەنمىگەن ئوخشايسىز. بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى ئۇمار ئاقساقال بىردىنلا قايناپ، — ئۇنداقتا دەپ باقىنا، بۇغۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن، سېنىڭ

ئـورۇنلاشتۇرۇشـۇڭ قانداق؟ سـەن نـېمـىشـقا ھەردائـىـم مەسىلىگە يولۇققاندا يۇقىرىغا ئىتتىرىپ قويىسەن؟ نېمە ئۈچۈن مەسئۇلىيەتتىن قاچىسەن؟

— سۆزىنىڭ ئورامىغا دىققەت قىلىسىڭىز بولامدىكىن، ئاقساقال،— دېدى توقـقـۇجا بـىـردىنلا تـەلـەپـپـۇزىـنـى ئۆزگەرتىپ،— ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇشنىڭ ئـەجەللـىـك يېرىمۇ يۇقىرى بىلەن قارشىلىشىش. قارىغاندا سىزنى كۇشكۇرتۇۋاتقان ئادەم بار ئوخشايدۇ. سىز قايتىپ بېرىپ بۇ مەسىلىنى ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ.

يىغىن قاتناشچىلىرى توققۇجىنىڭ سۆزىدىن بىر قېتىملىق بوران - چاپقۇننىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىسيان كۆتۈرۈپ دادۇينىڭ ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان بۇ شۇجىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق پۇرسەتتە يەنە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى ئومار ئاقساقالنى ئۇجۇقتۇرۇۋېلاۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يىغىندىن قايتقاندىن كېيىنمۇ سىقىلىپ تۇردى، بىر - بىرىگە باغلاشمىغان ئوي - پىكىرلىرى ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى. كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىمۇ خىرە - شىرە بولۇپ، شۇ خىرە - شىرەلىك ئىچىدە ھېچنېمىنى پەرق قىلالماي كۆڭلى غەش بولاتتى. نېمىشقىدۇر ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىسا، بىرى بىلەن جېدەللەشسە بىرئاز ئارامىغا چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ئوي - پىكىرلەرنى بىر يەرگە يىغىشقا ئۇنىڭ چامىسى يەتمەي قالدى.

كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، شامال تاغ باغرىدىكى قاپاق تېرەكلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى

ئۇچۇرۇپ، ھەممە يەرنى غازاڭغا تولدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ يەردە يەنە بىر ـ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يازدىن ئەسەرمۇ قالماي، ھەممە نەرسە يالىڭاچلىنىپ ئۇچۇقچىلىققا ئايلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن زىمىستان قىشنىڭ ئەلچىسى بولغان سوغۇق باشلىنىپ، ھەممە ياقنى ئاپپاق قار باساتتى. يوللار ئېتىلىپ، ماللار قولغا قارايتتى.

ئومار ئاقساقال ئۆيىدىن چىقىپ نەگە بېرىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا دەردىنى تۆكۈپ مۇڭدىشىدىغان بىر ئادەمگە تولىمۇ موھتاج ئىدى. خىيالىغا بىردىنلا ساپارغالى كېلىپ ئاتقا مىندى، ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا بۇ ئويىدىن ياندى. ساپارغالىنىڭ ياغاچ ئۆيىمۇ جىمجىتلىق ئىچىدە قارىيىپ تۇراتتى.

# ئون بەشىنچى باب

قۇياشنىڭ تاڭدىكى ئاجىز نۇرى ئاپپاق قارنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئەتراپنى كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك يورۇتۇۋەتتى. كۆز يەتكۈسىز دالالار بىلەن تاغلار بىر كېچىدىلا تەكشىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئادەمگە سېھىرگەرنىڭ كۆز بوياش ئويۇنىنى ئەسلىتەتتى. پەقەتلا كۆپكۆك ئاسمان بىلەن ئاپپاق قار ئىچىدىكى تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىلا روشەن پەرق ساقلىنىپ قالغاچقا، كىرىستال قارلار ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتاتتى. تەكشىلىكتىكى مامۇقتەك قارنى ئادەملەر تېخى دەسسەشكە ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىزى ئاشۇ مامۇق قار ئۈستىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئىرمەك ئورنىدىن تەستە تۇردى. كېچە چىققان بوران يوللارنى پۈتۈنلەي كۆمۈپ تاشلىغانىدى. بەزى يەرلەردىكى دۆۋىلەنگەن كۆلتۈك قار ئادەمنىڭ بېلىگىچە كېلەتتى. يول قەيەردە، چوڭقۇر قەيەردە پەرق ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۈتۈن ئەتراپ بىر خىل سۈكۈت ئىچىدە مۈگدىلىنىپ قالغان بولۇپ، كۆلتۈك قاردىن پۇتىنى سۇغۇرۇۋېلىشقا خېلى كۈچ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاقنىغان قارنىڭ دەستىدىن قارىغۇسىدەك ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئۇ ماڭمىسا بولمايتتى. پۈتۈن بەدىنى ئورۇپ

چىقىۋەتكەندەك سىرقىرايتتى. بېشى قېيىپ كۆڭلى ئېلىشىپ تۇراتتى. ئەتراپتا ئاپپاق قاردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. سوۋۇغان ھاۋا ئۆزىنى كۆرسىتىپ بەدەنگە تىترەك ئولاشتۇراتتى. ئۇ پات ـ پات سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان بەل ـ پۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، بىر نىشانىنى كۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى بىردىنلا چېچىلىپ كەتتى. بۇزۇۋېتىلگەن ھەرە كۆنىكىگە ئوخشاش تۇرمۇش كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، يۈرىكى ئاچچىق ھەسرەتكە تولدى. كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، قەلبىدىن بىر ئىدا ئېتىلىپ چىقتى...

قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. قوللىرىغا جوتۇ بىلەن كۈرەك ئالغان ئادەملەر توختىماستىن مىدىرلايتتى. ئۇلار گويا يېغىۋاتقان قارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بوشىتىلغان توپىنى يول ياقىسىغا تاشلايتتى. دادۇي بىلەن گۇڭشېنى تۇتاشتۇرىدىغان يولنى ياساش ۋەزىپىسى داۋاملىشىۋاتاتتى.

ئىرمەك جوتۇ بىلەن شېغىلنى بوشاتقاندىن كېيىن كۈرەكنى قولىغا ئالدى. دەل شۇ چاغدا بىرى كېلىپ ئۇنى دادۇيگە چاقىرىپ قالدى. ئۇ دادۇيگە كەلگەندە ئىشخانا ئىچىدە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەردىن باشقا تونۇمايدىغان يەنە بىرەيلەن ئولتۇراتتى.

ــ پارتىيەمىزنىڭ سىياسىتى ئەزەلدىن ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قاتتىق جازالاش. قانچە بالدۇر ئىقرار قىلساڭ شۇنچە ياخشى. چىقىش يولۇڭمۇ ئېتىلىپ قالمايدۇ، ــ دېدى ناتونۇش كادىر ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ.

ئىرمەك داڭ قېتىپ قالدى. ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان

كادىرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزدى.

— نېمىگە ئۈنچىقمايسەن، گەپ قىلمامسەن؟

— نېمىنى دەيمەن؟

— نېمە بولسا شۇنى دېمەمسەن؟

ئىرمەكنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھاياتىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قولغا چىققۇدەك ھېچ نەرسىنى تاپالمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا:

— مې... مېنىڭ ئا... ئائىلە كېلىپ چىقىشىم ياخشى ئەمەس. با... باي چارۋىنىڭ بالىسى. شۇ... شۇنداق بولغاچقا ئائىلە بويىچە ھەممىمىز قەدىمىمىزنى ئاۋايلاپ باسىمىز. ھەرقانچە ئويلاپمۇ قانداق خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى تاپالمىدىم، — دېدى.

— نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — ناتونۇش كادىر بىردىنلا قايناپ كەتتى، — سۆزۈڭگە قارىغاندا بىز ساڭا ئۇۋال قىلىۋېتىپتىمىز - دە؟ بولدى ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىپ ئولتۇرمايلى. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى خەلق ئەسكەرلىرى گۇڭشېغا يەتكۈزۈپ بەرسۇن.

ئىرمەك بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە ئاتقا مىندۈرۈلۈپ، گۇڭشېغا يەتكۈزۈلدى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندا كونا ئۆيگە قامالغان بولۇپ، ئىككى ھەمراھ ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىختىيارى قولىدىن كەتكەن تۇنجى ھاياتى مانا مۇشۇنداق باشلاندى. ھەر كۈنلۈكى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئايىغى چىقماس سوراقتىن كېيىن ئۇ ئىككى كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ

ئولتۇراتتى. كالليسىدا ئەگىپ يۇرگەن خىلمۇخىل خىياللارنى بىر باشقا ئاچىقالماي قاتتىق قىينىلاتتى. ئۇ ئائىلىسىگە خەۋەر بېرىشكىمۇ ئۇلگۇرمەي بۇياققا ئەكېلىندى. ئۇنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇققان دادىسى بىلەن ئاپىسى، ئاق كۆڭۈل ئايالى نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ قېرىنداشلىرىچۇ؟ ئۇ بۇ يەردە قاملىشىپ ياتىدۇ، ئۇ يەردە ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يول ياساش ۋەزىپىسى قالدى. پۇتۇن ئائىلىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ۋەزىپە شۇنچىلىك كۆپ تۇرسا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى كىممۇ ئورۇنلار؟

ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلدى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئۆيگە ئايالى بىلەن ئىنىسى ئىرتۇستۇك كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايالىنىڭ كۆزىدىكى لىققىدە ياشنى كۆردى.

— تېز رەك بولۇڭلار، — دېدى بوسۇغىدا تۇرغان خەلق ئەسكىرى كەينىگە قاراپ قويۇپ. ئىرمەكنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن رۇخسەت ئالالماي كېچىكىپ كەتتۇق، — دېدى ئايالى قولىدىكى خالتىنى يەرگە قويۇپ، — قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟

— مەندىن ئەنسىرىمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. دادام — ئاپامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ئىنىلىرىمنىڭچۇ؟

— ھەممىسى ياخشى. ئۇلار ساڭا سالام ئېيتتى. دېگىنە، بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دېدى قولىدىكى يۇك - تاقلارنى يەرگە قويغان ئىرتۇستۇك. ئىرمەك نېمە دېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— مەنمۇ بىلمىدىم. خاتىرجەم بولۇڭلار،

ئەنسىرىگۇدەك ئىش يوق. خۇدا بۇيرۇسا پات ئارىدا قايتىپ كېتىمەن. ئۆيدىكىلەرگە سالام ئېيتىڭلار.

— كۈن سوۋۇپ كەتتى. نەچچە كۈندىن بېرى داق يەردە يېتىپ تازا قىينالغانسىز. ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ.

سەلتەنەت سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمەي قالدى. ئۇ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ لېۋىنى چىشلىگىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئىرمەك يىغلىغىلى ئەكېلىنگەن يۈك - تاقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار كەتتى. كۆڭلىدىكى گەپلەرنىڭ مىڭدىن بىرىنى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي كېتىپ قالدى. ئۇلاردىن پەقەت ئۆزىگە تونۇش ھىدلا قالدى. بۇ نەقەدەر شېرىن ھىد - ھە؟ بۇ ھىدنىڭ دېرىزىلىرى تاختاي بىلەن مىخلىۋېتىلگەن بۇ قاراڭغۇ ئۆيدە پەيدا بولۇشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۈمىدتىن دېرەك بېرىدۇ. ھايات يولىنىڭ ئەگرى - توقاي بولسىمۇ ئۇنىڭ ھامان داغدام يول بىلەن تۇتىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قەددىڭنى رۇسلا، دېگەن بۇيرۇقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان مەشتە كۆيۈۋاتقان قاتتىق ئوتۇننىڭ ئۇچقۇنلىرى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن مەشنىڭ يوچۇقلىرىدىن سىرتقا چىقىشقا ئۇرۇناتتى. گەرچە بۇ يەردىكى ھايات باشقا يەردىكى ھاياتقا ئوخشاشمىسىمۇ، ئۇلار ھەر كۈنلۈكى قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئۆستەڭ چېپىش ئىشىغا قاتنىشاتتى. ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆستەڭ ئىچىدە كۈرەكنىڭ، جوتۇنىڭ تاشقا تەگكەندىكى ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئىرمەك ئاخىرقى بىر كۆرەك شىغىلىنى ئۆستەك سىرتىغا تاشلىغاندا كۆن تاغ كەينىگە ئولتۇرغان بولۇپ، كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئەتراپقا تارقىلىۋاتاتتى. ماتا نەچچە كۈن بولدى ئۇنى سوراق قىلمىدى. سوراق كەينىگە سۈرۈلگەنسېرى ئۇنىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. قارىغاندا مېنىڭ تونۇم پىچىلىپ بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرىكى ئەنسىز سىيلىپ كەتتى. گەرچە ئۇلار بىر ئۆيدە ئۈچ ئادەم بولسىمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۆزئارا پاراڭ سېلىشمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ھەركىمنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرى ئىشىپ ـ تېشىپ تۇراتتى. نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ساقچىلار كېلىپ ئۇنىڭ بىللە ياتىدىغان بۇرۇتلۇق ئادەمنى ئەكەتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئىرمەكنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى.

ــ سەن زادى ئىقرار قىلامسەن، يوق؟ــ دېدى ئۇنى سوراققا ئاچىققان كادىر زەردە بىلەن. بۇ ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن كېيىن تۇنجى قېتىم سوراققا ئاچىقىلىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممىنى دېگۈسى كەلدى. بىراق ھەرقانچە ئويلاپمۇ دېگۈدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدى.

ــ قارىغاندا جېنىڭ تۇمشۇقۇڭغا كېلىپ قالسىمۇ ئىقرار قىلمايدىغان ئوخشايسەن؟ــ دېدى سوراقچى ئىنتايىن سالماق ئاۋازدا، ــ سەن دۈيسەن، قارا مەجىت، ئەبلغازى، تۇرسۇنبەك، قۇداش دېگەنلەرنى تونۇمسەن؟

ئىرمەكنىڭ بېشى بىردىنلا قايغاندەك بولدى.

ــ تونۇيمەن.

ــ ئۇنداقتا دۈيسەننىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ ئولتۇرغىنىڭلار راستمۇ؟

— راست.

— شۇ قېتىمقى يىغىلىشتا نېمىلەرنى مۇزاكىرە قىلدىڭلار؟

— ھېچنېمىنى. ئۇ كۈنى سەيسەنقۇل دېگەن ئادەمنىڭ قىزىنىڭ تويى ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاغىنىلەر دۇيسەنىنىڭ ئۆيىگە يىغىلغان. بىز ئۇنىڭ ئۆيىدە ھاراق ئىچتۇق شۇ.

— يالغۇز ھاراقلا ئىچتىڭلارمۇ؟ بىر ئىغىزمۇ پاراڭ قىلمىدىڭلارمۇ؟

— پاراڭ قىلىشىنىغۇ قىلدۇق. كېيىن تۇرسۇنباي دېگەن يىگىت كىرىپ بىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدى.

— مەن سېنىڭدىن بۇنى سورىغىنىم يوق. پاراڭ قىلىشقان بولساڭلار نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار؟

— شۇ ئادەتتىكى گەپلەر.

— دېگۈڭ يوق، شۇنداقمۇ؟ سەن بۇ يەردە ئۆزۈڭچە ئاغىنىلىرىڭنى قوغداپ ئۇلارغا چاپان ياپىمەن دېگىنىڭ بىلەن ئۇلار ھەممىنى ئىقرار قىلىپ بولدى. پارتىيەگە قارشى گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشقىنىڭلار راستمۇ؟

ئىرمەكنىڭ بىردىنلا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ شۇنداق بىر گەپلەرنى قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلمەيتتى. قىلمىغان دەي دېسە پارتىيەنىڭ كادىرلىرى شۇنداق بىر ئىشتىن ئۇچۇر بېرىۋاتاتتى. قىلغان دەي دېسە...

ئۇ ئۆزى توغرا تاپمىغان گەپلەرگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. تىلىنىڭ ئۇچىدىلا تۇرغان دېمەكچى بولغان گېپىنى دەل ۋە توغرا دەپ بېرىشكىمۇ قورقىۋاتاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك بولسا

بولاتتى. هايات ئۆزى ئاددىي بولسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان رەزىللىكلەر ئۇنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەچكە، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆز ماھىيىتىنى يوقىتىۋاتاتتى. شۇنداق ئىشنىڭ مانا مۇشۇنداق سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

— بۇنى ئۇقمايدىكەنمەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ، — مەن ئۇ كۈنى ھەممىدىن بۇرۇن مەست بولۇپ كەتكەنىدىم.

— مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالاش پارتىيەنىڭ چاقىرىقى. مۇشۇنداق جاھىللىق قىلساڭ ئىت كاللاڭ جەزمەن يانجىلىپ كېتىدۇ. سەن تۇرىسەك ھەرىكەت باشلىنىدۇ، دېگەن سۆزنى قىلغاندا ئۇخلاپ قالغانمۇ؟

ئىرمەك كەينىگە ئۇچۇپ كېتىشكە تاس قالدى. سوراقچى مانا ئەمدى ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان بۇ سۆزنى قانداقسىغا ئاڭلىمىدىم دېيەلىسۇن؟ ئەگەر ئاڭلىغان دېسىچۇ؟ ئاڭلىغان دېسە ئۇنىڭ يالغانچىلىقى مانا مەن دەپ ئاشكارىلانامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزىگە كىم ئىشىنىدۇ؟

ئىرمەك دۇدۇقلاپ كەتتى. تىلى گويا بىرى تولغاپ ئىششىتىۋەتكەندەك ئاغزىغا پاتماي، ئاۋازىمۇ بىر قىسما ئاڭلاندى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان ھەسرەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ھۆركىرەپ يىغلايدىغاندەكلا قىلىپ تۇراتتى.

— ياخشى،— دېدى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سوراقچى تەلەپپۇزىنى بىرئاز بوشىتىپ،— بۇ ئىپادەڭ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ سەن چوقۇم ئىقرار قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇنچە مەسىلىلەر بار. قايتىپ بارغاندىن كېيىن ياخشى ئويلىنىپ ھەممىنى يېزىپ چىق، بىرەرسىنىمۇ قالدۇرما. شۇنداق قىلساڭ جىنايىتىڭنى يەڭگىللىتىپ، ئۆزۈڭگە چىقىش يولى ھازىرلىيالايسەن.

سوراق تۈگىدى. ئىرمەك خۇددى يوقاتقان ھالدا سوراقخانىدىن چىقتى. ئۇ قاماقخانىغا قايتىپ كەلگەندىمۇ، قاق سەھەردە تۇرۇپ ئۆستەڭ ئەمگىكىگە قاتناشقاندىمۇ قورقۇنچلۇق ئىشلار كاللىسىدا خۇددى يەتتە باشلىق يالماۋۇز سۈپىتىدە ئەكس ئېتەتتى. ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقتىن جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. بۇ مەخلۇق ئۇزۇن قوللىرى بىلەن ئۇنى مەھكەم قامااللاپ، قانغا تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، ئۇزۇن چىشلىرى بىلەن ئۇنى چاينىۋېتىشكە تەمشىلەتتى. ئۇ بولسا پۈتۈن جەھلى بىلەن قارشىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇلقۇناتتى.

ئۇ نەچچە قېتىم ئۆزىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يازغان بولسىمۇ ھەممىسى قايتۇرۇۋېتىلدى. ئۇنى سوراق قىلىشقا مەسئۇل بولغان كادىر ئۇنىڭ مەسىلىلىرىنى تولۇق تاپشۇرۇشقا قىستايتتى. بىراق تاپشۇرغۇدەك باشقا مەسىلە بولمىغاچقا ئۇنىڭ ھەركۈنى كەچتىكى ۋاقتى ئويلىنىش بىلەن ئۆتەتتى. يازغان مەسىلىلىرىنى قايتا — قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭغا چوڭراق بىرەر مەسىلىنى

قىستۇرۇش ئۈچۈن جىنىنىڭ بارىچە كۈچەيتتى. بىراق ھەرقانچە ئويلاپمۇ سوراقچىنى رازى قىلغۇدەك مەسىلە تاپالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇرۇن يازغانلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتىپ، يۇقىرىغا تاپشۇراتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇلغا بارا ـ بارا ئۆگىنىپ قالدى. بىر ھېسابتا بۇمۇ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر خىل ئامالى ئىدى.

ــ سېنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ، ــ دېدى بىر كۈنى ئۇنىڭغا قاراۋاتقان خەلق ئەسكىرى ئىشىكنى قىيا ئېچىپ. بۇ گەپ بىلەن ئىرمەكنىڭ يۈرىكى شۇنچىلىك سىلىپ كەتتىكى، پۇت ـ قولى ماغدۇرسىزلىنىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى تونۇيدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرگەندە ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، سوقىچاق يۈزلۈك، ئادەمگە كۆزئەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قارايدىغان كەم سۆز گۇرۇپپا باشلىقى ئالدىدىكى قەغەزگە بىرنەرسە يېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئىرمەكنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلكە شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، ئىرمەكنىڭ ۋۇجۇدىغا بىردىنلا تاتلىق سېزىم تارقىغاندەك بولدى.

ــ ئولتۇر، يىگىت، ــ دېدى ئۇ ناھايىتى سىلىق تەلەپپۇزدا، ــ كۈنلىرىڭ قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ؟

ئىرمەك ھەيران قالدى. بۇ يەرگە كەلگەن شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى بىرەرىدىن مۇشۇنداق گەپ ئاڭلاپ باقمىغاچقا، گېلىغا بىرنەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ دۇدۇقلىدى:

— يا... ياخشى، باشلىق.

— ئۇنداقتا ياخشى. سىنى چاقىرتىشىمدىكى سەۋەب بىز سىنىڭ ئۇستۇڭدىكى دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سىنى قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدۇق. قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىرىشىپ ئىشلەپ، ياخشى ئادەم بول. تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، تەشكىلگە ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىدىيەۋى ئەھۋالىڭنى مەلۇم قىلىپ تۇر. مانا بۇ سىنىڭ ئۇستۇڭدىن چىقىرىلغان يەكۇن. بۇنى قايتىپ بارغاندىن كېيىن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇپ بەر. هازىرلا قايتساڭ بولىدۇ.

ئىرمەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ رېئاللىققا ئىشەنگۇسى كەلمەيتتى. ئارانلا «رەھمەت» دېگەن سۆزنى دېيەلىدى. بۇ قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن، يېڭى بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىك تېخى باشلانمىغان چاغ ئىدى. ئۇ ياتىقىغا ئۇچقاندەك كىرىپ يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇلار سۆزىدىن يېنىۋالغۇچە بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋالاي، دېگەندىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

كەڭ دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئىرمەك يۈك-تاقلىرىنى ئۈشىنىسىگە ئارتقىنىچە ئالدى-كەينىگە قارىماي كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئەركىنلىككە چىقىپ قالدى. ئەركىنلىك قانداق ياخشى-ھە؟ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئەركىنلىكتە يۈرگەن ئادەم ئەركىنلىكنىڭ قەدرىنى قانداقمۇ بىلسۇن؟

قار بىلەن چۈمكەلگەن ئۇزۇن يول ئۇنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. قېلىن قار خۇددى ئۇنى بىردەم بولسىمۇ تۇتۇپ قالماقچى بولغاندەك پۇتلىرىغا

يىپىشاتتى. ئۇ كىتتىۋىتىپ دادىسىنى، ئاپىسىنى، ئايالىنى ئويلىدى. تۇيۇقسىز كىرسە ئۇلارنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭغا دادىنىڭ داڭ قېتىپ قالىدىغانلىقى، ئاپىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كېتىدىغانلىقى ئاپئايدىڭ ئىدى. ئۇنداقتا ئايالىچۇ؟ ئۇ ھەرگىزمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالالمايدۇ. چىڭ قۇچاقلاپ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۆيدە چوڭلار بار. چوڭلار ئالدىدا بۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىك.

قار ئۇچقۇنداپ يېغىۋاتاتتى. ئەتىگەندىلا ئوچۇق ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ، ئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتقان قارنىڭ تەسىرىدە ھەممە ياق تۇتەپ كەتتى. ئاشۇ گۇگۇمدىكى ئىچىدە ئىرمەك بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ كېلەتتى. ئۇچقۇنداپ چۈشۈۋاتقان ئاپپاق قار ئۇنىڭ ساقال باسقان يۈزىگە چۈشۈپ يوقىلىپ كېتەتتى. ئۇ بىر بەلدىن ئېشىپ قەدىمىنى توختاتتى. ئۇنىڭ ئەمدى داۋاملىق يول مېڭىشقا ماغدۇرى يەتمەي قالغانىدى. ئۇ تىترەپ كېتىۋاتقان تىزىنى باشقۇرۇشقا ئامالسىز قىلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇنىڭ دادىسىغا ئىچى ئاغرىيتتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاران دېگەندە خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشكەن دادا مانا ئەمدى تېخىمۇ تۇگىشىپ كەتكەنىدى. دادۇيدە ئىچىلغان شۇ يىغىندىن كېيىن ئۇ بىردىنلا شۈكلەپ، كەم سۆز بولۇپ قالدى. دائىم بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرىدىغان دادىسىنىڭ ئەمدىلىكتە بىكارچىلىقتىن ئىچى سىقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ قەلبى بىر

خىل ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ كېتەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى. دادىسى بۇنىڭدىن بۇرۇن ھەر مىنۇت ـ سېكۇنتنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. بالىلىرىغا ۋاقىتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. ئازراقلا بىكار بولۇپ قالسا پارچە ـ پۇرات ياغاچلارنى توغراپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشەتتى. ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى ئارقىسىدا كۆپ ئۆتمەي ئائىلىگە كېرەكلىك بىرەر ئورۇندۇق، بىرەر كۇرەك ساپ ياكى بولمىسا ئارا پۇتۇپ چىقاتتى. ئائىلىنىڭ مۇقەددەس يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان دادا سىرتتا يولۇققان ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كەلمەيتتى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كەيپىياتنى تەڭشەپ پەقەتلا چاندۇرمايتتى. بالىلار پەقەت ئۇنىڭ يالغۇز قالغان چېغىدا بىر خىل جىمجىتلىق ئىچىدە ئويغا پاتقانلىقىغا قاراپ بىرنەرسىلەرنى قىياس قىلاتتى. مانا ئەمدى بولسا...

ئىرمەك ئورنىدىن تەستە تۇردى. ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈش ئىستىكى ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ توختىماستىن ھەرىكەتلىنىشىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ خىيال بىلەن خېلى ئۇزاق ماڭدى. گەرچە قار توختاپ قالغان بولسىمۇ، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان يۈك ـ تاقلىرى ئۇنى ئاخىرى ھالىدىن كەتكۈزدى. ھەربىر قەدەم ئالغاندا پۇت ـ قوللىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك قىلاتتى. بېشى تىنىماي غوڭۇلداپ، كۆزلىرىدە سانسىزلىغان قىزىل توچكىلار چاقناپ كەتتى. ھەتتا ئۆزىگە ئانچە ـ مۇنچە مەدەت بېرىپ كېلىۋاتقان ئۆينىڭ ئىسسىق مېھرىنى ئويلاشقىمۇ چامىسى يەتمەي قالدى. ئۇ يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى يەردىن ئاران كۆتۈرۈپ،

ئوق تەگكەن ئۇچار قۇشقا ئوخشاش لەپەڭشىپ كەتتى ـ دە، قار ئۈستىگە «گۈپ»لا قىلىپ يىقىلدى.

ئىرمەك شۇ ياتقىنىچە خېلى ئۇزاق ياتتى. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، يۈك ـ تاقلىرىنى مۇشۇ يەرگە، قارنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇش قارارىغا كەلدى. بۇنداق بولغاندا ئۇ يەڭگىللەپ، ئۆيىگە بالدۇرراق بارالايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يانغا ئۆرۈلۈپ، قىلىن قارنى ئۇياق ـ بۇياققا تۇرتۇپ، يۈك ـ تاقلىرىنى قار ئاستىغا كۆمدى. لېكىن ئورنىدىن تۇرالمىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان شېرىن ئۇيقۇ ئۇنى ئاخىرى ئۆز چاڭگىلىغا ئالدى، بىراق ئاززاق ئۇخلاپلا سوغۇق تەسىرىدىن ئويغىنىپ كەتتى. كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا بىر پەس قۇلاق سالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قار ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ يېنىك نەپەس ئالدى. تولىمۇ يىراقتىن سۇس، ئەمما ئۆزىگە تونۇش ئىتنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىردىنلا جان كىرىپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ خۇددى مەست ئادەمدەك ئىككى ياققا سەنتۈرۈلگىنىچە كېتىۋاتاتتى. كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئۆستەڭ چاپقاندىكى مەنزىرە كۆز ئالدىغا كەلدى. سەپ تۈزۈپ ئىشقا ماڭغانلارنىڭ قاپاقلىرى سىلىنىپ، چىرايىدىن نارازىلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئىغىز ـ بۇرنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھور بىردەمدىلا قاش ـ كىرپىكلىرىدە ئاپپاق قىرووۋلارنى پەيدا قىلاتتى. بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا ھەربىر ئادەم ئىسسىق ئۆيدە بولۇشنى خالايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانچىلىك تاش ـ توپا قازىدىغانلىقى ھەممىسىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. بىراق ۋەزىپىگە قارشىلىق قىلىشنىڭ نېمىگە ئېلىپ

بارىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان سەزگۈر قەلبلەر يەنىلا ئۈنچىقماسلىقتا ئۈندەيتتى.

ئىرمەك مانا مۇشۇنداق ئىپتىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى. دادىسىنىڭ گېپى بويىچە ئىپتىقاندا چېنىقتى، تەجرىبە توپلىدى، ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئۆگەندى. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەيدىۋاققاس ئاقساقال دېگەندەك ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئاشۇ ياخشى كۈنلەرنىڭ قەدرىگە چوقۇم يېتىدۇ. شۇ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرگەن ھۆكۈمەتكە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ھۆكۈمەتنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. مۆرىتى كەلسە ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ.

ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان خىياللار ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم غەيرەت ئاتا قىلدى. ئىرمەك خىيال بىلەن ئالدىدىكى تۆپىلىك ئۇستىگە چىقتى. بۇ يەردىن پاكار ۋە رەتسىز قەد كۆتۈرگەن ئۆيلەر ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىرمەك ئۆزىنىڭ ئۆيىنى كۆردى. كىمدۇر بىرى ئۆيدىن چىقىپ بىر پەس قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دادىسىدەك قىلاتتى. بىرچاغلاردا كۆزىگە ئىللىنگەن نەرسىنى خاتاسىز تونۇيدىغان دادا مانا بۇگۈن ئوغلىنى تونۇماي قالدى. ئەگەر تونۇغان بولسا ھەرگىزمۇ ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتمىگەن بولاتتى.

ئىرمەكنىڭ گېلىگە قاتتىق بىرنەرسە كېلىپ توختىدى. ئەگەر شۇ كۈنى ئۇ دۈيسەننىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارمىغان بولسا بەلكىم بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

ئۇ تۆپىلىكتىن چۈشۈۋېتىپ بىردىنلا ئۆزىگە قاراپ ئوقتەك كېلىۋاتقان موينىقنى كۆرۈپ قالدى. موينىاق ئۇنى تونۇغانىدى. كەچكى شەپەقنىڭ ئالتۇن نۇرىدا ئىت بىلەن ئادەم بىر گەۋدە بولۇپ كەتتى. موينىاق ئىگىسىگە ئەركىلەيتتى، ئېرىسلايتتى. ئىرمەكمۇ ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلايتتى. «جانىۋار، مېنى سېغىنىپسەن ـ دە؟» دەپ ئىككى پۇتىنى ئالىقىنىغا ئالاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئىرمەك چىراغ يېقىلغاندا ئۆيگە ئۇن ـ تىنسىز كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بوسۇغىدا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگەن دادا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىككى قولىنى كەڭ يايغىنىچە ئوغلىنى باغرىغا باستى. ئانىنىڭ كۆزىدىن قۇيۇلغان ياش ئۇنىڭ مۇزدەك جۇۋىسىغا سىڭىپ كەتتى. ئانا يىغلاۋاتاتتى. خۇددى ئۇزۇن يىل يوقىتىپ قويغان بالىسىنى توساتتىن تېپىۋالغان ئانىغا ئوخشاش ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتاتتى. داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان باللارمۇ ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرغىنىچە ئاكىسىنى قۇچاقلاشتى.

مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چاي قۇيۇۋاتقان سەلتەنەت دەسلەپ چۆچۈگىنىدىن ئەندىكىپ كەتتى، خېلىدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا خۇددى يادىن چىققان ئوقيادەك ئېتىلىپ باردى. ئىرمەك زور ھاياجان ئىلكىدە ئايالىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقان گەۋدىسى بىلەن ئۇمچەيگەن تونۇش لەۋلىرىگە قارىغىنىچە قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى. سەلتەنەتمۇ ئىككى قولىنى كەڭ يايغىنىچە ئېرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، مەڭزىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ تونۇش باغرىغا مەھكەم يېقىپ ئېسەدىدى.

— سەن قېچىپ چىقمىغانسەن - ھە؟— دېدى دادا قىزغىن كۆرۈشۈشتىن كېيىن. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان ھازىرغىچە يېشىلمىگەنىدى.

— ياق، دادا،— دېدى ئىرمەك يانچۇقىدىن پېچەتلەنگەن ئالاقىنى ئېلىپ،— مانا بۇ خىزمەت گۇروپپىسىنىڭ باشلىقى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن خەت. ئىش بەكلا تۇيۇقسىز بولغاچقا مەنمۇ ھاڭ - تاڭ قالدىم. كېيىن بولسا ئۇلار سۆزىدىن يېنىۋالغۇچە كېتىۋالاي دەپ يولغا چىقتىم.

دادا خەتنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاق قارىدى، ئاندىن:

— سىلەر ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، بۇ خەتنى مەن تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بېرەي...— دېدى.

— بىز تۇرغان يەردە خەتنى سەن تاپشۇرۇپ بەرسەڭ قانداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچ بولۇپ كەتتى. بۇ يەر بىلەن دادۇينىڭ ئارىلىقى بىرمۇنچە يول تۇرسا،— دېدى ئىرتۇستۇك دادىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ بۇ دېگەن بىر جانغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم خەت. تەشكىلىي كۆز قاراش دېگەننى بىلەمسەن، يوق؟ مېنى بارغىلى قويمىساڭلار ئەمىسە بىرسىڭلار دەرھال بۇ خەتنى خىزمەت گۇروپپىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىڭلار.

دادا يۆتىلىپ كەتتى. دادىغا تىكىلىپ قارىغان ئىرمەكنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ ئىچ - ئىچىدىن «بىچارە دادام نېمىدېگەن ئۆزگىرىپ كەتكەن - ھە؟ بىرچاغلاردىكى قوندۇزدەك چاچلاردىن ھازىر ھېچبىر ئىز قالماپتۇ. ئاقارغان چاچلارمۇ چۈشۈپ بولاي دەپ قاپتۇ. ئاناردەك مەڭزلىرىمۇ سارغىيىپ، كۆزلىرىنىڭ

نۇرى قېچىپتۇ. ماڭا تونۇش ساقاللىرى ئۆسۈپ مەينەتلىشىپ كېتىپتۇ. جېنىم دادا، سىزگە نېمە بولغان؟» دېگەن سادا چىقىپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، قايتىپ كەلدىم دېگىن. مانا كومپارتىيە. ئۇ ھەقىقەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، قىلنى قىرىق يارغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ. سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭ بىلەن بىزنىڭمۇ قەددىمىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنداقمۇ، ئاپىسى؟

ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كۈمۈش بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆز يېشىنى سۈرتەتتى. كومپارتىيەنىڭ ئادىللىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا بولغان رەھمىتىنى بىلدۈرەتتى. ئانا سۆزلەپ توختىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچى بىر مىنۇتچە تىنچىپ قالدى. سىرتتىن پەقەت كالا بىلەن موزايلارنىڭ مۆرىگىنى ئاڭلىناتتى. ساپارغالى بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلاپ قويدى. ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن چىققان قاس، جىمجىت ئۆي ئىچىدە ئېنىق ئاڭلاندى.

— ئەمدى نۆۋەت خەي شۇجىغا كەلدى،— دېدى ئۇ بىردىنلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،— ئۇنىمۇ ساڭا ئوخشاش ئازاد قىلىۋەتسە بولاتتى.

كۈمۈش قاشلىرىنى يىمىرىپ ئېرىگە قاراپ قويدى. ئۇ ئېرىنىڭ بالىسىدىنمۇ بەكرەك خەي شۇجىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ غېمىنى يەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. خەي شۇجىنىڭ شۇجىلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، مەسىلە تاپشۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا كۈمۈشنىڭمۇ يۈرىكى خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتكەنىدى.

— خەي شۇجى چوقۇم ئاقلىنىپ چىقىدۇ. ئۇزۇنغا قالمايدۇ. چۈنكى كومپارتىيە بار. ھەقىقەت بار، — دېدى ئۇ ئېرىگە مەدەت بەرگەن ئاھاڭدا سۆز قىلىپ.

ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى. بىر قېتىملىق بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى خاتىرجەم تۇرمۇش ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا جىلۋىلىنەتتى. ئىرمەكنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغان ئىركىنبەك توختىماستىن ئاكىسىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك چىڭ يېپىشاتتى.

دادا يەنە ئۇنىڭغا يول ياساش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ گۇڭشېغا ئەكېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق تەشكىل ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى كېمەيتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن سوۋۇپ كەتكەچكە يول ياساش مۇشكۇل ئەھۋالدا داۋاملىشىۋاتاتتى. ئادەملەر خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ھورۇنلۇق ۋە قاشاڭلىق بىلەن مىدىرلايتتى. ئىشقا ئەتىگەن بېرىپ، كەچ قايتاتتى.

— ئۇنداقتا مەنمۇ ئەتە سىلەر بىلەن ئەمگەككە بىللە چىقاي، — دېدى ئىرمەك دادىسى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن. دادا ئۇنىڭ سۆزىنى ئانچە بەك قۇۋۋەتلەپ كەتمىدى:

— شۇنچە ئۇزۇن يولنى پىيادە بېسىپ كەپسەن. شۇڭا ئەتە ئۆيدە بىر كۈن ئارام ئال. يول ياساش بىر يەرگە قېچىپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس. دەم ئېلىش ياخشى بولمىسا بارغىنىڭ بىلەنمۇ ئۇنۇمى بولمايدۇ. بولدى، ماڭا چۈشەندۇرمەن دېمە.

سۆزلەشكە تەمشەلگەن ئىرمەك دادىسىنىڭ سۆزى بىلەن توختاپ قالدى. باللارمۇ دادىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

— ئومار ئاقساقالنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىدى كېيىن ئىرمەك بىردىنلا ئۇ ئادەمنى ئەسكە ئېلىپ. بۇ گەپ بىلەن دادىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى ئۇ ئويچان كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ، — شۇ قېتىملىق يىغىندىن كېيىن سالامەتلىكى ناچارلاپ كەتتى. تۈنۈگۈن يوقلاپ بارسام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتۇ. سىېنى سورىدى.

— چوڭلاردىن شۇ ئادەم قېلىۋىدى، ياخشى بولۇپ كەتسە بولاتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن باشقىلار ئۇنى ئاۋارە قىلمىغاندۇ؟

ئىرمەك سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى سوراپ قويغىنىدىن ئۆزىنى ناھايىتى بىئەپ سەزدى. دادا ئۇنىڭغا قاراپ قويغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— توققۇجا ئادەم ئەۋەتىپ بىر - ئىككى قېتىم ئاۋارە قىلغانىكەن. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئادەملىرى توختىتىپ قويۇپتۇ. بوۋايغا ھەممىدىن توققۇجىنىڭ شۇ ئىشى ئېغىر كەلگەندەك قىلىدۇ.

ئۆي ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى. ئومار ئاقساقالنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قېلىشى ئىرمەككە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئوچۇق سۆزلۈك بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئەتە ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنى يوقلاپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق ئۇنىڭ بۇ ئويى ئىرتۇستۇكنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن يوققا چىقتى.

— ئەسلىدە بۇگۈن بارمايدىغان ئىش ئىكەن. توققۇجا خۇددى مۇشۇ خەتكە قاراپ تۇرغاندەكلا خەتنى كۆرۈپ، ئىرمەك ئەتە تاغقا چىقىپ دادۇيگە بىر چانا چۆپ يەتكۈزۈپ كەلسۇن. دادۇينىڭ مىنىش ئاتلىرىنىڭ چۆپى

قالمىدى. ئىمكان بار كۈن چىقماي يۈرۈپ كەتسۇن،— دېدى ۋە بۇ خەتنى يېزىپ بەردى.

ئۇ شۇنداق دەپ توققۇجا يازغان خەتنى دادىسىغا بەردى. ساپارغالى خەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن:

— خەتنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئادەملىرىگە بەرمەي نېمىدەپ ئۇنىڭغا بەردىڭ؟— دېدى سەل ئاچچىقلىنىپ.

— مەن خەتنى ئېلىپ بارسام ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىللە ئىكەن. ئۇ يەنە قالغانلىرىڭلارمۇ ئىش مەيدانىغا بالدۇرراق بېرىڭلار. يىغىن ئاچىمىز، دېدى. قارىغاندا خېلى مۇھىم يىغىندەك قىلىدۇ،— دېدى ئىرتۇستۇك سەل - پەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ.

— ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، بوپتۇ، بايا ئاغزىڭدىن ئىشلەيمەن دەپ سائەت چىقىپ كەتكەن چېغى. چاينى ئەتىگەنرەك ئىچىپ سەن چۆپكە ماڭ. بىز ئىشقا ماڭايلى،— دېدى ساپارغالى ئىرمەككە قاراپ،— يولدا قاتتىق ئېھتىيات قىلارسەن. تاغنىڭ يولى ھەم تىك، ھەم خەتەرلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارمۇ بەكلا قېلىن.

ئىرمەك بېشىنى لىڭشىتتى. زاپاس چۆپ قارىغايلىقنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بولۇپ، ئەتراپى ئېگىز قاشالار بىلەن چىتلانغانىدى. ئىرمەك بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن خوشلىشىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە ئەركىن - ئازادە سۆزلىشىش پۇرسىتى چىقتى. ئىرمەك سەلتەنەتنىڭ تەلىپى بويىچە ئون نەچچە كۈن ئىچىدە

بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۈنتۈلماس ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

— بىلەمسىز، — دېدى سەلتەنەت ئۈنىڭ باغرىغا تېخىمۇ تىقىلىپ، — مەن سىزدىن تولىمۇ ئەنسىرىدىم. مۇشۇ كۈنلەردە شۇنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ماڭا سىز بولمىسىڭىز بولمايدىكەن. ئەمدى ياخشى بولدى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز.

ئۇلار ئەنە شۇنداق شېرىن سۆھبەتلەر بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. يەرگە يورۇق چۈشە — چۈشمەيلا خېمىر يۇغۇرغان سەلتەنەت قۇياش كۆتۈرۈلگىچە بىر تونۇر ناننى يېقىپ بولدى. ئىسسىق نان بىلەن چاي ئىچكەن ئائىلە ئەزالىرى ساپارغالىنىڭ باشلامچىلىقىدا داستىخانغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى.

ئىرمەك زاپاس چۆپ دۆۋىسىگە يېتىپ كەلگەندە قۇياش تىكلىنىشىپ قالغان بولۇپ قار باسقان چۆپ دۆۋىلىرى قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىرمەك چاننى چۆپ دۆۋىسىنىڭ يېنىغا توختاتقاندىن كېيىن، بىر ئارا چۆپنى ئاتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئۇزۇن يول مېڭىپ ئېچىرقاپ كەتكەن ئات كۆپكۆك تاغ چۆپىنى ھەۋەس بىلەن يېيىشكە كىرىشتى.

بېسىلىپ كەتكەن چۆپنى ئالماق ھەقىقەتەن تەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىرمەك كۈچ سەرپ قىلىپ يۇرۇپ ئۈيمەكتىن بىر چانا چۆپنى چۈشۈردى. ئاندىن چۈشكەن چۆپنى قاشانىڭ سىرتىغا چىقىرىپ، قاشانىڭ چىتلىقىنى ياخشىلاپ ئەتتى. چۈنكى قىشتا بۇ ئەتراپتا مال بولمىغىنى بىلەن ياۋا بۇغا كۆپ ئىدى. چىتلاق

ياخشى بولمىسا بۇغىلار قاشادىن سەكرەپ كىرىپ، چۆپنى يەپ كېتەتتى.

ئۇ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن چۆپنى چانىغا بېسىپ ئارقان بىلەن چىڭ باغلىدى، ئاندىن چانىنىڭ قوندىقىغا ئولتۇرۇپ، بوجىنى سىلكىدى. بۇنىڭ بىلەن ئات قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ يولغا چۈشتى. يەر تۆۋىنى بولغاچقا چانا خۇددى كانكىغا ئوخشاش غۇيۇلداپ مېڭىپ كەتتى. قۇياش باش ئۇستىدىلا ئېسىلىپ تۇرغاچقا، ئاپپاق قار كۆزنى چاقنىتاتتى. تىمتاسلىققا چۆمگەن دالادا پەقەت قاتراپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ ئارىلاپ ــ ئارىلاپ پۇشقۇرغىنى ئاڭلىناتتى.

چانىغا ئاسمان ــ پەلەك بېسىلغان قۇرۇق ئوتنىڭ چۇچۇمەل ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنى مۇگدىتەتتى. ئىرمەك جۇۋىسىغا تېخىمۇ چىڭ ئورىنىپ، يۇمشاق چۆپكە ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن كۆزىنى يۇمدى. قار ئۇستىدە شىرىلداپ كېتىۋاتقان چانىنىڭ سىلىق ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ، شېرىن خىياللار ئىچىدە ئاستا ــ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغانغاندا چانا ئاللىقاچان ئۆرۈلگەن بولۇپ، ئۈركۈگەن ئات چانىنى دارقىراتقىنىچە سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئىرمەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئات چانىنى يانتۇ سۆرىگىنىچە ئالدىدىكى قېيىنغا ئاپىرىپ ئۇردى. بۇنىڭ بىلەن چانىنىڭ قۇلاق بېغى ئۈزۈلۈپ، ئات قويۇندەك چاپقىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى. ئىرمەكنىڭ بېشى قېيىپ، قار ئۇستىگە يىقىلدى. بېشى نېمىگىدۇر قاتتىق ئۇرۇلغاندەك قىلاتتى. ئويلىمىغان يەردىن پالاكەت باستى. ئاران دېگەندە ئۇتاشقان ھاياتلىق شامى مانا ئەمدى مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ئۆچۈپ قالاي دەۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ دادۇي

تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمايدىغان بولدى. ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭغا شۈبھىسىز ئايان ئىدى.

ئىرمەك ئۆرۈلگەن چانىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇزاق ئولتۇردى. ئەمدى ئۇنىڭغا بېشىغا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. يېقىنلا يەردىن ئاتنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. سەلتەنەت كېلىۋاتاتتى. خۇددى ناھايىتى يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا ئوخشاش ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئاپىسىنىمۇ كۆردى. قېلىن ياغلىق بىلەن يۈزىنى ئورىۋالغان ئانا ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ بالىسى تامان كېلىۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۈچ گەۋدە بىرلىشىپ كەتتى...

# ئون ئالتىنچى باب

لەيلدەپ چۇشۇۋاتقان قار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغلارنى، پايانسىز كەڭ دالالارنى، مەھەللە ـ كويلارنى ھەتتا ھويلا ـ ئاران بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆمۈپ تاشلىدى. پۈتۈن ئەتراپ يېڭىچە تۈسكە كىرگەن بولۇپ، كىشىگە ئاجايىپ بىر خىل لىرىكىلىق تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. ئاق لىباستىن تون كىيگەن دەل ـ دەرەخلەرمۇ گۈزەللىك ئىچىدە مۈگۈلىنىپ تۇراتتى.

ئومار ئاقساقال سىرتتىكى ئەنە ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ دېمى سىقىلىپ، پۇت ـ قوللىرى جانسىزلانغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلىغاندا ئۇ ئاللىبۇرۇن قېرىپ ئىشتىن چىقىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى، كۆرگەن ئىشلىرىنى، ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىپ قويغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى ھېچكىم ساناپ بېرەلمەيتتى. ئۇ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئويلىسا ئۆزىنى مىڭ ياشقا كىردىمىكىن، دەپ قالاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى بېجىرىم بولۇپ، كەيپىياتىمۇ ياخشى ئىدى. بىراق شۇ يېقىندىن بېرى سالامەتلىكى بىردىنلا ناچارلاپ، ئۆتمۈشنى كۆپرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئالىلىقاچان ئەرۋاھقا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەملەر چۈشىگە تولا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ھاياتى چېغىدىكىدەك ئەسرا بولاتتى، مۇڭدىشاتتى، ئات چاپتۇرۇپ تاغ چوققىلىرىغا چىقاتتى. شۇلارنىڭ ئىچىدە دەركەمبايمۇ بار ئىدى.

ئومار ئاقساقال چوڭقۇر تىندى، ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە: «قانداق ياخشى چاغلار ئىدى ـ ھە؟» دەپ پىچىرلاپ قويدى. ئۇ ھەر قېتىم دەركەمباينى ئېسىگە ئالغاندا ئەنە شۇنداق ھېسسىياتتا بولاتتى. بەزى چاغلاردا خۇددى ئۇ يېنىدا باردەكلا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك ياقىدىغىنى دەركەمباينىڭ تۈز كۆڭۈللۈكى ئىدى. ئۇ ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە ھېچكىمگىمۇ يۈز ـ خاتىر قىلمايتتى. ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇلار بىرلىكتە ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. بىرلىكتە يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىپ، بىرلىكتە كوپىراتسىيە قۇردى. بىرلىكتە ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش كەچ كۇرسىغا قاتنىشىپ، بىرلىكتە گۇڭشېنى قۇردى. بىرلىكتە كوللېكتىپ ئەمگەكلەرگە قاتنىشىپ، چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.

ئومار ئاقساقال بالىسىنىڭ يۆلىشى بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلىدى. كىلىنى قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، قار باسقان زېمىنغا پۈتۈن زېھنى بىلەن قارىدى. ئوغلى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى جۇۋىنىڭ ئالدى پېشىنى قىمتاپ قويدى.

ئومار ئاقساقال ئۆمرىدە بەش پەرزەنت كۆردى. ئۇنىڭ ئۈچى قىز بولۇپ، ئىككىسى ئوغۇل ئىدى. ئۇ قىزلىرىنى

چىقىرىپ، ئىككى ئوغلىنى ئۆيلىدى. ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى بەختلىك ئادەملەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايتتى. بىراق بۇ بەخت ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ ئايالىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان چاغدا ئۆزىنى بىردىنلا يېتىم قوزىدەك سەزدى. ئۇزۇن يىل ھاياتنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى تەڭ تارتىشىپ ياخشى كۈنلەرگە ئەمدىلا ئۇلاشقان ھەمراھى ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغاندا ئۇنىڭ تۆككەن كۆز يېشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيتتى.

ــ بىلەمسەن، ئوراز،ــ دېدى ئومار ئاقساقال ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىغاندىن كېيىن كۆزىنى يىراقلارغا تىككىنىچە،ــ كۆز ئالدىمدىكى بۇ تەبىئەت مەنزىرىسى قانداق گۈزەل ـ ھە؟

ــ بىلىمەن، دادا،ــ دېدى ئوراز دادىسىغا يۆلەنگەن ھالدا ئاپپاق قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئۆزگە تونۇش مەنزىرىگە قاراپ. ئوراز ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى. تۇغۇلۇشىدىن شۇنداقمۇ ياكى ئاتا تەربىيەسىدىنمۇ، ئوراز ھەم كۆيۈمچان، ھەم ئەقىللىك چوڭ بولدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ئايالىمۇ قېيىنئاتىسىنى ھۆرمەتلەپ خۇددى ئۆزىنىڭ دادىسىغا قارىغاندەك قارايتتى. ئومار ئاقساقالمۇ كەنجى ئوغلىنىڭ قولىدا ئۆزىنى ھەممىدىن بەكرەك ئەركىن سېزەتتى.

ــ شۇنداق،ــ دېدى دادا ئوغلىنىڭ مورىسىدىكى قولىنى تۇتۇپ قويۇپ،ــ بۇ يەرگە بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن، قان ـ تەرىمىز سىڭگەن. يەنە بۇ يەردە نۇرغۇن ئىشلارغا شاھىت ئىزلىرىمىز قالغان. ئەنە بىز چۆپ چاپقان تاغ باغرى، ئەنە بىز مال باققان ئېدىرلار، ئەنە بىز ئولتۇرۇپ شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلارغا

چۆمگەن تاغ چوققىلىرى. مەن قىشنىڭ مانا مۇشۇنداق ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان مەنزىرىسىنى بەك ياقتۇرىمەن، بىراق بۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى.

— دادا، نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا، — دېدى ئوراز كۆڭلى بىر قىسما بولغان ھالدا.

— دېگەنلىرىڭ راست، ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى دادا ئېغىر خورسىنىپ.

— سىز بىزگە ھەر دائىم ئادەم بالىسى ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك. بۇ دۇنيادا پەقەت ئىرادىسىز، ئەقىل - ھوشى جايىدا ئەمەس ئادەملا ئۈمىدسىز ياشايدۇ، دەيتتىڭىزغۇ

— ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، بالام. ئۈمىد ئىنساننىڭ ياشىشىدىكى بىردىنبىر ئاساس. ئۈمىد بولسىلا ئىرادە بولىدۇ؛ ئۈمىد بولسىلا نىشان بولىدۇ. نىشان ئىرادىنى چىڭىتىدۇ. ئىرادە نىشاننى ئۆزىگە ئوزۇق قىلىدۇ. نىشان بىلەن ئىرادە بىر پۈتۈن گەۋدە. ئىرادە بولغاندىلا نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. سەن بىلمەيسەن، كومپارتىيە كېلىشى بىلەن بىزدە ئۈمىد پەيدا بولغان. كوممۇنىزمدىن ئىبارەت نىشان ئىرادىمىزنى تاۋلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەۋرەنمەس ئىرادىمىز بىلەن شۇ نىشانغا يېتىش يولىدا تىرىشتۇق. ئادەم قېلىپىدىن چىققان زومىگەرلەرنى يوقىتىپ، ئۆز تەقدىرىمىزنى قولىمىزغا ئالدۇق. كوممۇنىزمغا يېتىش يولىدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىن ئۆتكۈزۈشلۇق ئۆتتۇق. كوپېراتسىيە قۇردۇق، گۇڭشې

قۇردۇق. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەبىئىي ئاپەتلەرنى يېڭىپ مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشتۇق.

ئۇمار ئاقساقال سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا يۆتىلىپ كەتتى. قار يەنىلا يېغىۋاتاتتى.

— دادا، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، سىرتنىڭ ھاۋاسى سوغۇق، — دېدى ئوراز دادىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ.

— مېنى كىچىككىنە ئارامىمدا قويغىن، — دېدى ئۇمار ئاقساقال يۆتەلدىن تەستە توختاپ، — مېنىڭ بۇ دالا مەنزىرىسىنى يەنە ئازراق كۆرگۈم بار. ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ بەلكىم داداڭنىڭ مۇشۇنداق گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسىگە قاراپ سېنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئوراز بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشىلىپ توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبى ئويلاشقىنىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر خىل كۈچىنىڭ تەسىرىدە مۇجۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا دادا ئالدىغا قويغان تەبىئەت قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت ئېگىز داۋاندىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ دادىغا بىرنەچچە ئېغىز تەسەللى سۆز قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. دادا كۆزىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىش مەنزىرىسىدىن ئۈزمەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— داداڭنىڭ مۇشۇ چاغقىچە ھايات تۇرغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە. بۇنداق مۆجىزە پەقەت ئۈمىد، ئىرادە، نىشان بولغاندىلا ئاندىن ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ. سۆزۈمنى ئاڭلاپ دادام نېمىلەرنى دەپ كەتتى، دەپ قالما. چۈنكى مەن ھازىرمۇ يەنە نەچچە ئون يىل ياشىسام دېگەن ئۈمىدتىمەن. سىلەر بىلەن گۈزەل ئەتىنى بىرگە كۆرسەم دەيمەن. بىراق

تۇغۇلۇش، ئۆلۈش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى. بۇنىڭغا ئامال يوق. شۇڭا مەندىن كېيىن قالساڭ ھەرگىز روھىڭ چۈشۈپ كەتمىسۇن. چۈنكى ساڭا ئىگە بولىدىغان كومپارتىيە بار، تەشكىل بار، خەلق بار. سەن ئۇلارغا ماڭا قارىغان كۆزۈڭدە قارىساڭلا ئۇلار سېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ. مېنىڭدىنمۇ بەكرەك غەمخورلۇق قىلىپ، ساڭا ھەر ۋاقىت ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇ ساڭا تاپىلايدىغان بىرىنچى ئىشىم. ئىككىنچى ئىشىم، كۆڭلى ـ كۆكسۈڭنى كەڭ تۇت. مانا بۇ پەيغەمبەر يولى. مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇرۇن بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە ئازار بەرگەن بولسا ئۇنى كەچۈرۈۋەت. بىزدە «يامانلىق ئۆزىدىن ئاشماس» دېگەن گەپ بار. ئاداۋەت ساقلاش ئادەمنى يولدىن چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىل، ھەرگىز يامانلىق قىلما. ياخشىلىقنىڭ تۈرى كۆپ. مەسىلەن، ئاچ قالغان ئادەمگە تاماق بېرىش، يىقىلىپ قالغان ئادەمنى يۆلەپ قويۇش، ھەتتا بىرنەچچە ئېغىز ياخشى سۆز قىلىش، مەدەت بېرىش قاتارلىقلار. مۇشۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىغا چامىڭ يەتسە ھەرگىز دېلىغۇل بولماي شۇنى قىل. شۇنداق قىلالىساڭلا سەن مېنىڭ ياخشى ئوغلۇم بولالايسەن. مانا بۇ مېنىڭ تۇتقان يولۇم. مانا بۇ مېنىڭ مىزانىم.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ مىدىرلاپ قويىدى، ئاندىن بوش ئاۋازدا:

— ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دېدى. ئوراز دادىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى.

ئۆي ئىچى ئادەمنى ئويغا سالغۇدەك دەرىجىدە تىمتاس

ئىدى. ئومار ئاقساقال ئورنىغا كېلىپ ياتتى. بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەن خىياللىرى بىردىنلا قاناتلىنىپ ئۇزاقلارغا كەتتى. كۆز ئالدىغا يازنىڭ گۈزەل كېچىلىرى، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان شاۋقۇنلۇق ھايات كەلدى. ھاياجانلىق ئۇچرىشىشلار، خىجىللىق ئىچىدىكى تەبەسسۇم، تۈگمەس پىچىرلاشلار ئارامىنى بۇزۇپ، تىنچلىنىپ قالغان ھەسرەتلىرىنى قوزغايتتى. ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلار، ئەتراپىنى چاڭ كەلتۈرگۈدەك كۆلكىلەر كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ ئاپتاپتا قۇرۇغان چۆپلەرنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندەك بولدى، دىمى سىقىلىپ، بۇرنى ئېچىشتى. ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ كۆز چانىقىنى ياشقا تولدۇردى. ئۇ تورۇسقا ئەلەم بىلەن تىكىلگىنىچە شۇ چاغدىكى ئويلىغانلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاختۇرۇپ، شۇنىڭ ئىچىدىن ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تېپىشقا ئۇرۇناتتى. مانا ھەممە نەرسە گويا چېقىپ ئۆتكەن چاقماقتەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. ياشلىقنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچى، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان شېرىن ھايات قوينىدا كۆمۈلۈپ قالدى. ھازىر بۇلاردىن ھېچنېمە قالمىدى. ھەممىسى شېرىن چۈشتەك ئېغىر ئەسلىمىلەرنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ ھاياتنىڭ ئېگىز - پەس دولقۇنلىرىدا بىر لەيلەپ، بىر چۆكۈپ ھالسىرىدى. ھەممىنى سەرپ قىلىپ تۈگەتتى. ئۆزىنى سۆيۈندۈرگەن، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناتقان دەۋرى ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىغا ھەمراھ بولغان ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى تۆشۈك تاغاردىن تۆكۈلگەن قوناقتەك چېچىلىپ تۈگىدى.

ئومار ئاقساقال ئېغىر تىندى. ئۆتمۈشكە تەۋە خىياللار ئۇنىڭ ئەتراپىدا تىنماي چۆرگىلەپ، ئۇنىڭ ھەسرەتكە تولغان قەلبىگە ئازراق بولسىمۇ مەدەت بېرەتتى. دېمىسىمۇ ھاياتتىكى بەزى ئىشلار شۇنداق. ئۇ بىر ئۆمۈر ساقا ھەمراھ بولۇپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئەنە دەركەمباي، ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ، يەرنى گۈرس ـ گۈرس دەسسەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان خۇشاللىق تەپچىپ تۇرماقتا. ئۇ ئۇدۇل كەلگىنىچە ئومارنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ:

— ساقا خۇش خەۋەر، گومىنداڭ ئاغدۇرۇلۇپ، كومپارتىيە كەپتۇ. قانداق كومپارتىيە دېمەمسەن؟ خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يوقسۇللارنىڭ باشپاناھى كومپارتىيە. بىز ئازاد بوپتۇق. بۇنى ناھىيەدىن كەلگەن بىر تۇغقىنىمدىن ھازىرلا ئاڭلىدىم. كونا جەمئىيەت كۇمپەيكۇم بولۇپ، بىزگە ئوخشاش يوقسۇللار غوجايىن بولغۇدەكمىز. قارىغاندا يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلۈپ، ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ساقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇياققا چاپتىم، — دېدى. ئومار ھاڭ ـ تاڭ قالدى، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، بىرھازاغىچە دەركەمباينى تونۇيالماي ئاتقاندەك ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟ خاتا ئاڭلاپ قالمىغانسەن ـ ھە؟

— خاتا ئاڭلاپ قالمىغانسەن؟ شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى خاتا ئاڭلاپ قېلىشىم مۇمكىنمۇ؟

— قارىمامسەن، يانچۇقۇمدا تاتلىقمۇ يوق ئىكەن.

بولغان بولسا ياخشى خەۋەرلىك ئۇچۇن ئاغزىڭغا تاتلىق سېلىپ قويغان بولار ئىدىم.

— ئۇنداقتا نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، ئىككىمىز دەرھال ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ بۇ خەۋەرنى يۇرتداشلارغا يەتكۈزەيلى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇشۇنىڭدەك خۇش خەۋەرگە تەشنا بولۇپ يۈرگەن يۇرتداشلار ۋاقتىدا خەۋەر تاپسۇن.

ئومار خۇددى مۇقەددەس ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ شامالدەك تېز يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بۇ يىل تۇپتوغرا ئەللىك بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، شۇ تاپتىكى قەدەم ئېلىشى يىگىرمە ياشلاردىكى يىگىتتەك چەبدەس ئىدى. شۇ كۈنى پۈتۈن يېزا تەۋرەپ كەتتى. ئادەملەر قۇلاقلىرىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، بىر ــ بىرىگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزەتتى. كۆپ ئۆتمەي دەركەمباينىڭ دېگەنلىرى راست بولۇپ چىقتى. خىزمەت ئەترىتى كېلىپ، يەر ئىسلاھاتى باشلاندى. زومىگەرلەر كۈرەشكە تارتىلدى. دەركەمباي بىلەن ئومار ئاتقا مىنىپ يەرلەرگە سارجان سالدى. دەركەمباي كۈلەتتى، قىزىق ــ قىزىق سۆزلەرنى قىلىپ ئەتراپىدىكىلەرنى كۈلدۈرەتتى، يۇرتداشلىرىنىڭ قانداق ئېزىلگەنلىكىنى بايان قىلىپ، زومىگەرلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى.

ئومار ئاقساقال ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئەينى چاغدىكى قايناق ھايات ئۇنى ئۆز يېنىغا چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

كېيىن كوپىراتسىيە قۇرۇلدى. ئۇ چاغدا دەركەمباي بىلەن ئىككىسى مەھەللىدە ئىدى. كوپىراتسىيە قۇرۇلغان يىلى دەركەمباي بىلەن ئىككىسى قولىدىكى يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كوپىراتسىيەگە قاتناشتۇردى. ئۆزلىرى

بالىچاقىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، كوپىراتسىيەنىڭ ئەمگىكىگە ئاكتىپ قاتناشتى. شۇ يىلى ئىلىنغان ئاشلىق خامانغا تاغ بولۇپ دۆۋىلەنگەندە، كوپىراتسىيە ئەزالىرى ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەيران قېلىشقانىدى.

كوپىراتسىيەدىن كېيىن خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغان يىلىمۇ ئومار ئالدى بىلەن تىزىملىنىپ، خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەزالىرىدىن بولۇپ قالدى. گۇڭشې ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى. ھەممە ئادەم بىرلىكتە ئەمگەك قىلاتتى، بىرلىكتە تاماق يەيتتى. ئاپپاق ئاقارتىلىپ، ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمى بىلەن جۇ دېنىڭ رەسىمى چاپلانغان يورۇق ئاشخانا تاماقلارنىڭ ئاجايىپ مەززىلىك پۇرىقى بىلەن تولاتتى. نەچچە قاتار قويۇلغان ئۇستەللەر ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئەزالار بىلەن بالىلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشاتتى. بەزىلىرى بولسا ئالدىغا قويۇۋالغان تۆمۈر تەلەڭگىلىرىنى قوشۇق بىلەن ئۇرۇپ، تاماقنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. يېڭى جەمئىيەتتە راستتىنلا ئادەملەر بۇرۇن ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى.

كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. بۇ ئىنقىلاب باشلىنىشى بىلەن ھەممە نەرسە ئىزىدىن چىقىپ كەتتى. ھەممە ئادەم خۇددى جىن چاپلاشقانغا ئوخشاش «ئىنقىلاب»قا بېشىچە كىرىپ كەتتى. كوچىلارغا چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلىنىپ، سىنىپىي كۈرەش تۇتقا قىلىندى. ئېتىزلىقلار بوش قالدى. خامانلارغا بېسىلغان چەشلەر كۆكىرىپ، سېسىشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم «ئىنقىلاب» بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، خامان تېپىشقا قالغان پومېشچىك، باي

دېھقان، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ شۇنچە كۆپ خامانىنى تېپىپ، ئاشلىقنى ئامبارغا ئەكىرىشكە چامىسى يەتمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاچارچىلىق قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. بىراق بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئومارنىڭ خېتى چىرايلىق بولغاچقا ئۇنى ئىسيانچىلار قىزىل سىرلانغان دوسكىغا «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۇزۇندى» يېزىشقا ئورۇنلاشتۇردى. دوسكا شۇنچىلىك جىق ئىدىكى، ئومار بۇ دوسكىلارنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. سېرىق سىر بىلەن خەت يېزىلغان دوسكىلار بىر كېچىدىلا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە پەيدا بولغاندا خەلق ھەيران بولغىنىدىن ئېغىزلىرىنى ئېچىپ قالدى.

ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. كىمنىڭ ئويلاپ تاپقان ئاماللىكىن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە پۈتۈن ئەزالار يىغىلىپ، تامغا چاپلاپ قويۇلغان ماۋ جۇشىنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئادەم كۆپ بولغاچقا قاتتىق ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى ئۇسسۇلنىڭ پۈتنى ئالدىغا سۇنۇپ ئايلىنىدىغان يېرى بولغاچقا، سەللە دىققەت قىلمىسا يېنىدىكى ئادەمنى تېپىپ قويۇش خەۋپى بار ئىدى. ئومارنىڭ كاسىسىغا نەچچە قېتىم باشقىلارنىڭ پۇتى تېگىپ كەتتى.

كۈنلەر ئۆتۈۋاتاتتى. تاغنىڭ كەينىدىن ئاي كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى بىلەن ئات ئېغىلغا ئېسىپ قويۇلغان يوغان سوقا چىشىدىن چىققان زىل ئاۋاز پۈتۈن يېزىنى ئەنسىزچىلىككە سالاتتى. ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن ئۇندەرەپ تۇرۇپ تالاغا يۈگۈرەيتتى. بەزىلىرى بىر يېڭنى سېپىپ، يەنە بىر يېڭنى ساپالماي تېرىكسە، يەنە بەزىلىرى بىر پاي ئايىغىنى كىيىپ، يەنە بىر پاي

ئايغىنى سوّرەپ چىقاتتى. كەينىدىنلا پۈتۈن يېزىنى ئىتلارنىڭ هاۋشىغان، توخۇلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى قاپلاپ، كېچىلىك جاپالىق ئەمگەك باشلىناتتى. ئاياللار قاپ بىلەن قىغ توشۇسا، ئەرلەر كۈرەكنىڭ سېپىغا تايىنىپ ئۈگدەيتتى.

قىيىنچىلىق ئىچىدىكى كۈنلەر هالسىرىغان تاشپاقىدەك ئالدىرىماي تەستە ئۆتەتتى. باشلىق تەرىپىدىن قول قويۇلغان قەغەزلەرگە ئېلىش مۇمكىن بولغان ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئېلىش ئۈچۈن كۈندە نەچچە رەت ئاشلىق ئامبىرىغا قاتراشقا توغرا كېلەتتى. سىرتتىن توشۇپ كېلىنىۋاتقان ئاشلىق يېتىشمەيتتى. كوللېكتىپ ئەمگەك ئۈچۈن قۇرۇلغان ئاشخانىدا ئەھۋال تېخىمۇ ناچار ئىدى. ئارپىنى چالا تارتىپ قايناق سۇ بىلەن مەجبۇرىي يۇغۇرۇلغان خېمىرلار ئوتتەك قىزدۇرۇلغان تونۇردىن چىققاندا ئادەمنىڭ كۆزىنى يەيتتى. ئۇنىڭ تەمى شۇنداق بەتتەم بولۇپ، ئېغىزغا كىرىشى بىلەن يىرك شامىغا ئايلىنىپ، نېرى يۇتسا بېرى كېلەتتى.

نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟...

ئومارنىڭ كاللىسىدىكى سوئاللار بارغانسېرى كۈچىيىپ بورانغا ئايلاندى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭغا ئايىغى چىقماس «ئىنقىلاب» سەۋەب بولۇۋاتاتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئومار چوڭ بالاغا قالغىلى تاس قالدى. بۇ 1971 ـ يىلى 8 ـ ئايدىكى ئىش ئىدى. بىر كۈنلۈك ئورما ئوروشتىن كېيىن باشلىنىدىغان سىياسىي ئۆگىنىش يەنە باشلاندى. تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەزالار دادۇي قوروسىغا تولدى. چىرايلىرىدىن توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ

ئۇستىدىكى كىيىملىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بەزى بوۋاي ـ مومايلار ئولتۇرغان ئورنىدىن باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاران تۇراتتى. قۇچاقتىكى باللارنىڭ يىغلاشقىمۇ ماغدۇرى يەتمىگەچكە، ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقى بىلەن كۈلۈۋاتقىنىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

نەچچە يەرگە ئېسىلغان پانارنىڭ يورۇقىدا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆز قىلدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ زور غەلىبىسى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ:

ــ سىنىپىي كۈرەش تۇتۇلغان هامان ھەممە ئىش يۇرۇشۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، بىز بۈگۈندىن كېيىن سىنىپىي كۈرەشكە بولغان سەزگۈرلۈكىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، سىنىپىي كۈرەشنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇشىمىز كېرەك، ــ دېدى. ئۇ سۆزلەۋاتاتتى. ئومار ئولتۇرالماي قالدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئومار ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز ئالدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆزۈندىن بېرى يوشۇرۇنۇپ ياتقان سۆزلىرىنى هاياجان بىلەن بايان قىلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن، سەدەپتەك چىشلىرى ئارىسىدىن تىزىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلەر گويا ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان ۋەھىيدەك ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇمۇ سۆزلەش جەريانىدا دېگەنلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە قىلچىمۇ گۇمان قىلماي، ئاچارچىلىققا خاتىمە بېرىشتىن ئىبارەت پاكىتنى يولداشلىرىنىڭ ئالدىدا سۈرەتلەپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈرۈپ،

كۆزىدىن كەمدىن ـ كەم كۆرۈنىدىغان ئىشەنچ ئۈچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرىكىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر خىل رىتىمدا تېپىرلاپ كەتتى.

ــ بىز دېھقانلارغا نىسبەتەن بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئىچىدە پۈتۈن دىققىتىمىزنى ئاشلىق يىغىشقا قاراتساق. يىللاردىكىدەك ئاشلىقنى خامانغا يىغىپ قويۇپ مالغا، چاشقانلارغا يېگۈزۈۋەتمىسەك. كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئورۇلغان بۇغداينى ئۇدۇللۇق تېپىپ ئامبارغا ئەكىرسەك. ئورمىچىلار ئورما ئورۇسا، توشۇيدىغانلار چەشلەرنى خامانغا توشۇسا. خامان تېپىدىغانلار خامان تەپسە، ۋاقىت يېتەرلىك بولسا بىز چوقۇم خاماننى قار يېغىشتىن بۇرۇن ئېلىپ، بىر تال دانىنىمۇ چاشقانغا بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىمىز.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئاكتىپلاردىن بىرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

ــ قارىسام سۆزۈڭنىڭ تېگىدە سۆز باردەك قىلىدۇ. قېنى دېگىنە، سەن ئۆگىنىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ خامان ئالساق دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟ سىنىپى كۈرەشنىڭ ئورنىغا ئىشلەپچىقىرىشنى دەسسەتمەكچى، شۇنداقمۇ؟ سەن قاچانلاردىن بېرى ئۆزگىرىپ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ. باشقىسىنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، مۇشۇ سۆزۈڭ ئۈچۈن قانداق جازاغا تارتىلىدىغىنىڭنى بىلەمسەن؟

ئومارنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدى گويا ئۆزىنىڭ ئەمەستەك يېنىدىكى ئادەمگە يۆلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ

نۇرى قاچقان كۆزى ئۆز ئورنىدا توختاپ قالغان بولۇپ، ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى بىردىنلا تۇۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. دىۋىنىڭ قولىدەك دەھشەتلىك قارا قوللار كانىيىنى سىقىۋاتقاندەك نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى. ئۇ قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ئادەمدەك ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ قويغاندىن كېيىن، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ تۇغۇلۇپ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىرەر ئادەمگە ھاراملىق ئويلاپ باقمىغان. باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمىغان. ھالال بىلەن ھارامنى قاتتىق پەرقلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما نېمىشقىدۇر كەينىدىن بىر قارا سايە قالماي ئەگىشىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. بۇنىڭ زادى قانداق سايە ئىكەنلىكىنى ئۇ تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەرگىز ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۇگەشتۈرۈۋالىدىغان بولدى. ئۇ قانداقمۇ قىلار؟ بالىلىرى نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟

ئەھۋال قىل ئۇستىدە تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا دەركەمباي ئۈچىسىدىكى ياماق سېلىپ توقۇم بولۇپ كەتكەن چاپىنىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك بىردىنلا كىشىلەر ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى قىزىرىپ، ئېسىلىپ كەتكەنىدى. پۇتىغا سىپىۋالغان كۆك چۈخەينىگىمۇ كىيگۈچىلىكى قالمىغان بولۇپ، چۈخەينىڭ يىرتىقىدىن قورايدەك ئىنچىكە بارماقلىرى ماراپ تۇراتتى. بېشىغا كىيىۋالغان سېرىق

شەپكىسىمۇ ئىسكەتىنى يوقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىنى كۆلكىلىك بىر ھالەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئۈستىگە كىيىۋالغان چاپىنىنىڭ يېڭىدىن بىر تېرە ـ بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان قارا ۋە ئۇزۇن قوللىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا تەكشى سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن:

— مەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەپ باقاي. مېنىڭچە يولداش ئومارنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق سۆزلەر. گەرچە ھازىر بىزنىڭ چىرايىمىزنى مۇشۇ بىرقانچە پانار سۈس يورۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، مۇشۇ ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ چىرايىدىكى خۇنۇكلۇكنى بىر قارىغان ئادەم بىلەلەيدۇ. بۇ خۇنۇكلۇك نەدىن كەلگەن؟ قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن كەلگەن. قورساق نېمە ئۈچۈن ئاچ؟ بىزدە راستىنىلا يېگۈدەك ھېچنېمە يوقمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. بۇ يەردىكى گەپ باشقا يەردە. سەن قالمانباي، ھازىر ئومارنىڭ دېگەنلىرىنى پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتىڭ. سەندە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ؟ سېنىڭ مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىدىغان ئادىتىڭدىن جاق تويمىغان كىم بار؟ ساڭا ئوخشاشلارنىڭ كاساپىتىدىن بۇ يەردىكى دېھقانلار كاپىتالىزم چىقىپ قالامدىكىن دەپ، پىششىپ كەتكەن بوغدايلارغا ئورغاق سېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى نەگە بېرىپ تاقىلىدۇ؟ بۇنى مەن دېمىسەممۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىڭلار بىلىسىلەر. شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرىمىز دەۋاتىمىز، ئۇرۇش تەييارلىقى دەۋاتىمىز. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاشلىق كېرەك، ھەتتا مۇشۇ

ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابىمىزغا، ئۆگىنىشىمىزگىمۇ ئاشلىق كېرەك. مېنىڭچە بىز يولداش ئومارنىڭ دېگىنىدەك قىلساق دۆلەتكە تۆھپە قوشقان بولىمىز،— دېدى

— بولدى بەس!— خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىر كادىرى ئالدىدىكى ئۈستەلنى مۇشتۇمى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ۋارقىرىدى،— نېمىدېگەن سېسىق گەپلەر بۇ؟ بەزى ئادەملەر باركى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماھىيىتىنى يوشۇرىمەن دەپمۇ يوشۇرالمايدۇ. ھامان بىر كۈنى مانا مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارا چاپلايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن قورسىقى تويمىغان، چىرايى خۇنۇك. بۇ كىمنىڭ سۆزى، بۇ نەق ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ سۆزى. بۇ نەق سوتسىيالىزم تۈزۈمگە چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ سۆزى. بىز بۇنداق ئادەملەرنىڭ تەسىرىنى چوقۇم ئۈزۈل - كېسىل تازىلىشىمىز كېرەك.

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ تۆۋەندە ئولتۇرغانلارغا تەكشى سەپسېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازىدىن دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنىنىڭ بىردەمدىلا يېتىپ كېلىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— بىز بۈگۈن يىغىنىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمىز. ھازىر سۆز قىلغان ئىككى ئادەمنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، گەپ ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ قانداقلىقىدا. قايتىپ بېرىپ مەسىلىسىنى تەشكىلگە

يـازما قىلـىپ تاپشـۇرسۇن. مەسـىلە تاپشـۇرۇشى قانـچـە ياخشى بولـسا، كۆرۈلـىدىغان چارـىمۇ شۇنـچـە يەڭگـىل بولىدۇ. بـولـۇپمۇ ئـارقـا تىرـىكـى كىم؟ بـۇنـى ئېنىـق تاپشۇرۇشى كېرەك.

ئـىش بىردىنـلا مۇرەككەپلىشىـپ كەتتى. بـىر كېچـە تۇزۇكرەك ئۇخلىيالمىغان ئۇمار ئەتىسى كـەچ كىرگـۈچـە خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ يۈردى.

ئارىدىـن ئـىككـى كـۈن ئۆتـۈپ دەركـەمـباي بـىلـەن ئىككىسى مەسىلە تاپشۇرۇشى ياخشى ئەمەس دېگەن باھانە بىلەن ئىشتىن توختىتىـپ قـويۇلدى. ئارىـدىن بىر ئـاي ئۆته ـ ئۆتمەي لىن بياۋنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى كەلـدى. خەۋەر كېلىـپ ئىككى كۈندىن كېيىـن دەركـەمـباي بىلـەن ئىككىسى قويۇپ بېرىـلدى. ئەگەر لـىن بياۋ ئـۆلمىگـەن بولسا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچكىـم بىلمەيتتى...

ئۇمار ئاقساقال كۆزىنى ئېچىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويدى. ئوغلى بېشىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى.

ـــ بولدى، چىقىپ ئىشىڭنـى قىل. ھازىـر ئەھۋالـىم بىر ئاز ياخشىلىنىپ قالدى. ئـەنسىرەپ كـەتكۈدەك ئـىش يوق، ـــ دېـدى ئـۇ پـەس ئاۋازدا. بـۇنـىڭ بـىلـەن ئـوراز ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇمار ئاقساقال كۆزىنـى يۇمۇپ، خىيالىنى داۋاملاشتۇردى.

كېيىـن ئۇنىڭ بىلەن دەركەمباي چارۋىغا چىقىرىلـدى. بۇنـىڭ بىلـەن ئۇلار قەپەسـتىـن بوشـىتـىلـغان قۇشـتـەك يەڭگىللەپ قالدى. ئۇ چاغلاردا چارۋىچىلىقتا يەم ـ خەشەك ئەتىرـىتى بولـۇپ، بـۇ ئەترەتـتـىكـىلـەر زاپاس ئـەمـگـەك ھېسابلىناتتى. دەركەمباي بىلەن ئۇمار دېھقانچىلىقتا بىـر

مەزگىل ھارۋا ھەيدىگەنلىكى ئۈچۈن يەم ـ خەشەك ئەترىتىگە تەقسىم قىلىندى. بۇ دەل چۆپ چېپىش مەزگىلىگە توغرا كەلگەچكە ئۇلار غۇلاچلىرىنى كېرىپ چۆپ چاپتى، چۆپ توشىدى، دېھقانچىلىقتىن بۆلۈپ بېرىلگەن يەملەرنى ئەكەلدى. كېيىن ناھىيە مەركىزىدە تۇرۇشلۇق ئاتلىق قىسىملارغا چۆپ يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھارۋىغا لىقشىتىپ چۆپ باستى.

دەريا بويلاپ گۈركىرەپ كېلىۋاتقان شامال ئورمانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئېتىزلارنى، ئېدىرلارنى، ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. يىراق ـ يېقىندىكى ئۆيلەرنىڭ چوخچىيىپ تۇرغان تۇرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈچ ئىس شامالنىڭ كۈچى بىلەن يېيىلىپ، سۇپۇرگىگە ئوخشىشىپ قالاتتى. تاشيول بويلاپ قاتارلاشقان ئونچە ھارۋا لىققىدە بېسىلغان چۆپنى سۆرەپ ھەيۋەتلىك بىر ئەترەت تەشكىل قىلغانىدى. ئوتتۇرىدىكى ھارۋىدا ئولتۇرغان ئومار گېلىنى قىرىپ قويۇپ «ئاقتاماق» دېگەن ناخشىنى باشلىۋىدى، باشقا ھارۋىدىكى ياشلار جور بولدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ دالا بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ناخشىنىڭ كۈچىدىن مۇڭ بولغان دەركەمباي ھارۋىنىڭ بوجىسىنى بوش تاشلاپ قويۇپ كۆزىنى يۇمدى.

ياشلار «ئاقتاماق»نى تۈگىتىپ باشقا مۇھەببەت ناخشىسىنى باشلىغاندا ئومار بىردىنلا ئازابلىق خىياللارغا پېتىپ قالدى. ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇش، ھارۋىنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سىلكىنىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋېتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. يېرىم يۇمۇق كۆزىدىن ئۆزى سۆيگەن گۈزەل مەنزىرىلەر،

شادلىقتا تولغان مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىككى گەۋدىنى چۆكۈرۈپ كەتكەن چەكسىز دالا خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتەتتى. ئاستىدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان قۇرۇق ئوتنىڭ ھىدى دارىقانى ئۇنىڭ يېنىدا، قۇچىقىدا بەختىيار ئولتۇرغاندەك ھېس قىلدۇراتتى. ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى، قاپقارا قوي كۆزلىرىنى، تاتلىق كۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان زىنىخلىرىنى، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان پۈتۈن گەۋدىسىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئاپپاق بىلەكلەر بوينىغا گىرە سېلىپ ئەركىلىگەندەك، يۇمشاق كۆكسى مەيدىسىگە تېگىپ ھەممە يېرىنى لەرزىگە سالغاندەك بولاتتى. ئۇ دارىقانى كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئۇنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىمەن، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنىڭ گۈزەل سىيماسى خىرەلىشىشنىڭ ئورنىغا بارغانسېرى روشەنلىشىپ، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋىدى كۆز ئالدىدا بىردىنلا دارىقا پەيدا بولدى، ئۇ يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولغان بولسىمۇ قولىنى كۆتۈرۈشكە چامىسى يەتمەي قالدى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا كۈن ئولتۇرغان بولۇپ، مەشتىكى ئوت يەنىلا چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەپسى بىردىنلا قىسىلغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىدە ھەددى ـ ھېسابسىز ئۇچقۇنلار پەيدا بولدى. ئۇنىڭ مېڭىسى خىرەلىشىۋاتاتتى. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئانچە كۆپ قالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئاخىرقى قۇۋۋىتىنى يىغدى. تېخى قىلىپ تۈگىتەلمىگەن نۇرغۇن ئىشلىرىنى

باشقىلارغا خەۋەرلەندۈرۈش مەقسىتىدە ئاغزىنى ئۆمەللىدى، لېكىن ئۇنىڭ قېتىپ كەتكەن ئاغزى قەلبىدىكى سۆزلىرىنى ئاشكارىلاشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاغزىدىن سۆزگە ئوخشاشمايدىغان بىرنەرسە چىقتى. دەل شۇ چاغدا ئىشىكتىن ئوراز كىرىپ كەلدى. ئۇ دادىسىنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. دادا بىرنەرسە دېمەكچى بولغان بولسىمۇ دېيەلمەيۋاتاتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ تولىمۇ تەستە:

— تېز بول، ساپارغالىنى چاقىرىپ كەل،— دېگىنىنى ئاڭلىدى.

ساپارغالى كەلگەندە بوۋاي كىچىككىنە ئوڭشىلىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىنى ئالىقىنىنىڭ ئارىسىغا ئالدى:

— باللار ساڭا ئامانەت قالدى. مېنىڭ ئورنۇمدا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويارسەن. مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇزىتىپ قوي،— دېدى.

ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن ساپارغالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان قولى چۇشۇپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە بىردىنلا يىغا كۆتۈرۈلدى

ساپارغالى ئۆمرىدە نۇرغۇن ئۆلۈملەرنى كۆرۈپ، نۇرغۇن مۇردا ئۇستىدە بولغانىدى. بىراق بۈگۈن ئاكا يوللۇق دوستىنىڭ چىرايىغا قارىيالماي قالدى، تېنى جۇغۇلداپ، ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان قاتتىق بىرنەرسە بوغۇزىغا كېلىپ كەپلەشتى. ئۇزۇن يىل بىرگە يۈرۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان، خۇشاللىقلارغا تەڭ ئورتاقلىشىپ هازىرغىچە هايات مۇساپىسىدە بىر ـ

بىرىگە ھەمدەم بولغان ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى.

يەرلىككە قويۇش ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن ساپارغالى يېگىندىن قوپۇرۇلغان قەبرە يېنىدا يالغۇز قالدى. ئۇ ھەسرەت ئىچىدە ھايات مۇساپىسىنىڭ بەكمۇ قىسقا بولىدىغانلىقىنى، شادلىق ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ ۋاقتى كەلگەندە چۇشكە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ خىياللىرى چېچىلىپ، كۆڭلى بۇزۇلدى. ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرى ئاستىدىن شەبنەمدەك ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشتى. قار يەنىلا يېغىۋاتاتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

قاتتىق يامغۇر ياغقان ياكى كۆن ھەددىدىن زىيادە ئىسسىپ كەتكەن يىللىرى تاغۇتاشتىن چۈشكەن كۆچلۈك ئېقىن شىددەت بىلەن جىلغىلارنىڭ تاپىنىغا چۈشۈپ، مۇشۇ غول جىلغا ئىچىدە كەلكۈن پەيدا قىلاتتى. بۇنداق كۈنلەردە جىلغا ئىچىنى ۋەھىمە بېسىپ، ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ قىيا ـ چىياسى ئەتراپنى بىر ئالاتتى. گۆشكى بىلەن چارۋىچىلارنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، خېلى بىر ۋاقىتچە بەزى ئۆيلەر كىرسىن بولمىغاچقا قاراڭغۇدا ئولتۇراتتى.

بۈگۈنمۇ سەلتەنەت ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى چېچىدىن تولا بولۇپ، كالىلارنى سېغىشتىن تارتىپ نان يېقىش، كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىش، ھويلا ـ ئارانلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق بىر مۇقەددەس نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدىكى، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى رەت ـ رېتى بىلەن قىلىپ تاماملايتتى.

كېلىن بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرغان قېيىنئانا كېلىنىنىڭ كالا سېغىشىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

ــ مانا قىشمۇ كېتىپ كۆكلەم كەلدى. قىلىدىغان

ئىشىمىزمۇ كۆپىيىپ كەتتى. شۇڭا ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، قىزىم. بولمىسا ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز. بىر قىش رايىڭىزغا بېقىپ بوپتۇ دېدىم. بۇنىڭدىن كېيىن كالىلارنى يەنىلا مەن ساغاي، قالغان ئىشلارنى سىز قىلىڭ، بولامدۇ؟

سەلتەنەت ئورنىدىن تۇرۇپ موزايىنى بوشاتتى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاپا، ئۆيدە مەن بولغاندىن كېيىن سىز خاتىرجەم ئارام ئېلىڭ. ماڭا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. يۇرتۇمدىكىگە قارىغاندا بۇ يەردىكى ئىشلار ئىش ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز دېگەن ئانا. بىز تۇرغان يەردە سىز مالنىڭ ئايىغىدا يۈرسىڭىز كۆرگەنلەر نېمە دەيدۇ؟ — دېدى.

— نېمە دېسە دېمەمدۇ، بالام، بەلكىم باشقىلار ھەممە ئىشىغا كېلىنىنى سېلىپ قويۇپ ئۆزى بۇرۇنقى ئاغىچىلىق كىبىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. كېلىنىگە ئازراقمۇ رەھىم قىلماي دېمەيدۇ، دەۋاتقاندۇ ھەرقاچان. ئىككىمىز يەنە تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايلى. ئەتىدىن باشلاپ كالىنى مەن ساغاي. مۇشۇ ئىشتا ماڭا يول قويۇڭ.

كۈمۈش شۇنداق دېدى. كالا سېغىشقا تۇتۇنغان سەلتەنەت كۈلۈپ قويۇپ ئارتۇقچە بىرنېمە دېمىدى. سەلتەنەت قېيىنئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كېلىنلىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىر قىش سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ كالا سېغىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ئىشنى ئۆزى قىلىپ كەلدى. تولا دەپ ئاڭلىتالمىغان قېيىنئانىمۇ ئاخىرى بۇ ئىشنى بولدى قىلغان بولدى.

ئەمما كۆكلەم كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ كېلىنىگە يەنە ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئاپام كالا سېغىش ئىشىدا ماڭا يول قويمايدىغان ئوخشايدۇ،— دېدى ئۇ ئېرمەك بىلەن يالغۇز قالغاندا بولۇنغان ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ،— قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بېشىمنىڭ ئىچمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

— قاتىدىغان نېمە ئىش بار؟— دېدى ئېرمەك كۈلۈپ تۇرۇپ،— بۇمۇ ئاپامنىڭ ياخشى كۆڭلى. ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەردە قويساق قانداق بولىدۇ؟

— نېمە، سىزمۇ كالىنى ئاپىمىز ساغسۇن دېمەكچىمۇ؟

— بۇنىڭ نەرى يامان. سىز يوق چاغدىمۇ ئاپام ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئىشىنى ئۆزى يالغۇز قىلاتتى.

— ئۇ چاغ بىلەن هازىر ئوخشاشمايدۇ. چۈنكى هازىر مەن بار. مەن تۇرۇپ ئاپىمىزنى كالا سېغىشقا قويساق خەق مېنى نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يا مەن كالا سېغىش توغرىسىدا هېچكىمگە زارلانمىغان تۇرسام.

— هېچكىم سېنى زارلىدى دېمىدىغۇ. دېمىسىمۇ كۆكلەم كەلدى، كۈن ئىللىدى. ئاز كۈندە كۆكلەمگە كۆچىمىز. كۆكلەمدە مال تۆللەيدۇ. ئىشمۇ كۆپىيىدۇ. قوزىلارنىڭ ئاجىزلىرىنى ئايرىپ ئالاھىدە كۈتىدىغان ئىش بار. ئېمىتىشكە ئۈنىمىغان ساغلىقلارنى ئېمىتىشكە كۆندۈرىدىغان گەپ. نەچچە كالىمۇ تۇغاي دەپ قالدى. بۇ كالىلار تۇغسا سېغىلىدىغان كالا كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئاپام سەل - پەل زېرىكىپ قالدى. ئىشلەپ ئۆگەنگەن ئادەمنى بىراقلا ئىشتىن قالدۇرۇۋەتسە ئۇنىڭ ئىچى پۇشىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. بۇنىڭدىن باشقا

ئىشىك ئالدىغا كۆكتات تېرىپ، مېۋىلىك كۆچەت قويىمەن دەۋاتاتتىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلگۇرۇپ كېتىشىڭ ناتايىن. شۇنىڭ ئۇچۇن ئاپامنىڭ رايىغا باققىنىمىز تۈزۈك.

سەلتەنەتنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ كەتتى، خۇشاللىقتىن كۆزلىرى ئويناپ، ئىرمەكنىڭ بوينىغا گىرە سالدى.

— ھەرنېمە بولسا شۇ گېپىم ئېسىڭىزدە بار ئىكەن — ھە؟ مەن تېخى ئۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن.

— ئۇنتۇپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟ چۈنكى بۇ دېگەن مېنىڭ جېنىم دېگەن گەپ تۇرسا. ئويلاپ باقسام دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا ئىكەن. گەرچە مەن قارا كۈچ جەھەتتە ساڭا ياردەم بېرەلىگىنىم بىلەن، باشقا جەھەتتە ياردەم بېرەلمىگۇدەكمەن. شۇڭا بىز كۆكلەمگە كۆچكەندە كۆكتاتلارنى پەرۋىش قىلىش ئىشىنى يەنىلا ئۆزۈڭ قىلىشىڭ توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا راستىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتكۇدەكسەن.

— بۇ بەك ياخشى بولدى،— دېدى سەلتەنەت بىر دىنلا ئۆي ئىچىدە پىرقىراپ،— مەن ئالدىراش بولۇشقا رازى، ئەمما دادام بىلەن ئاپام بۇ ئىشقا قوشۇلارمۇ؟

— بۇنىڭغا مەنمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ پەيتىنى ياخشى تاللاپ بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ باقايلى. ئىشقىلىپ بۇ ئىشقا ئۇلارنىڭ رازىلىقى بولمىسا بولمايدۇ.

— گەپ مانا مۇشۇ يەردە. ئەگەر ئاپام بىلەن دادام قوشۇلماي قالسا قانداق قىلىمىز؟ ھەرھالدا ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىپ قويايلى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ماڭا نىسبەتەن بۇ ئىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا بۇ ئىشنى چوقۇم داۋام بىلەن ئاپامنى ماقۇل دېگۈزىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز كېرەك.

— مەندە ئۇنداق ئۇسۇل يوق. ئەگەر سەندە بولسا قېنى دەپ باقمامسەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقماي.

— بەك بولمىسا تاغامنى ئىشقا سالساق قانداق؟

ئىرمەك بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بولىدىغان ئامال ئىدى. ئەگەر تاغىسى ئوتتۇرىغا چىقسا ھېلىغۇ كۆكتات تېرىيدىغان ئىش ئىكەن، ئۇنىڭدىن چوڭراق ئىش بولسىمۇ يۇرۇشۇپ كېتىشىدە گەپ يوق.

ئۇلار ئەنە شۇنداق كېلىشتى. ئىشلار ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشۈۋاتاتتى. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سەلتەنەتنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسىغا دېيىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. چۈنكى قېيىنئاتا كەيپى تازا چاغ بولمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا مىنەتتى، ھېچكىمگىمۇ گەپ قىلماي نەگىدۇر سەپەر قىلاتتى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىدىن ھەممەيلەن ئەجەبلەنسىمۇ، ھېچكىم بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

— سەن نېمىدەپ بۇنچە بوشىشىپ كەتتىڭ؟ — دېدى بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى دادا تاماق ۋاقتىدا قىدىرغوجىغا قاراپ قويۇپ. دادىسىنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قىدىرغوجا ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھالدا دادىسىغا قارىدى ۋە:

— بوشىشىپ كەتمىدىمغۇ؟ — دېدى.

— نېمىدەپ بوشىشىپ كەتمەيسەن؟ — دادا بىردىنلا چېچىلىپ كەتتى، — قېنى سىنىڭدىكى جۈرئەت؟ قېنى

بىرچاغدا بىرگە بەرگەن ۋەدەڭ؟ سەن يۈگۈرۈشكە قاتنىشىپ يۈرتىمىزغا، ئائىلىمىزغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرمەكچى ئىدىڭغۇ؟ نەچچە ۋاقتىن بېرى بوپتۇ، قىش ـ قورۇ سوغۇق، ياز بولغاندا بىر گەپ بولار، دېسەم سەن ياز بولغاندىمۇ سۇغا چۈشكەن داڭگالدەك ئېزىلىپ يۈرىسەن؟ ئەگەر بۇ ئىشتىن راستتىنلا قول ئۈزگەن بولساڭ گېپىڭنى ئوچۇق قىل.

بالىلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى. دادا دېگەندەك قىدىرغوجا راستتىنلا بوشىشىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇلار بىلسىمۇ شۇ تاپتا دادىغا دېيىشكە ئاغزى بارماي تۇراتتى.

ـــ گەپ قىلمامسەن؟ ـــ دېدى دادا تىرنىقىنى تاتلاپ ئولتۇرغان قىدىرغوجىغا قاراپ، ـــ تىلىڭنى قاغا چوقۇپ كەتتىمۇ سېنىڭ؟

ـــ گەپ مۇنداق، دادا، ـــ دېدى قىدىرغوجىنىڭ ئورنىدا ئىرمەك گەپ قىلىپ، ـــ ئۇ خەي شۇجى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن مانا مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. شۇڭا...

ـــ نېمە؟! بۇ ئىشنىڭ خەي شۇجى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كۆڭلىدە خەي شۇجى بار بولسا ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى. خەي شۇجى ئۈچۈن بولسىمۇ مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئارقىغا چېكىنمىگەن بولاتتى.

ـــ دېمىسىمۇ شۇنداق، ـــ دېدى خېلىدىن بېرى ئۈنچىقماي ئولتۇرغان كۈمۈش سۆزگە ئارىلىشىپ، ـــ بىراق ئۇ مەشىقنى داۋاملاشتۇرغىنى بىلەن مۇسابىقىگە قاتنىشالارمۇ؟

ـــ قاتنىشىدۇ. نېمىدەپ قاتناشمىغۇدەك. گەرچە خەي

شۈجى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا خەي شۈجى. مەن بۈگۈن ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇ ھەممىڭلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. بولۇپمۇ قىدىرغوجىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئىستىقبالى بار، ئۇ غەيرەت قىلسىلا كەلگۈسىدە ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان يۈگۈرۈش ماھىرىغا ئايلىنىدۇ، دېدى.

تۇيۇقسىز دېيىلگەن بۇ سۆزدىن ھەممەيلەن ھەيران قالدى. ئۇلار شۇ چاغدىلا دادىنىڭ نېمە ئۈچۈن يېقىندىن بېرى كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولماي دائىم سىرتقا چىقىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. دادا خەي شۈجى مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ «يەتتىنچى ماي كادىرلار مەكتىپى»گە ئەۋەتىلگەن كۈندىن باشلاپ ئۇنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئوتتۇرلىقتا ئومار ئاقساقال تۇگەپ كېتىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. ئومار ئاقساقالنىڭ قىرىق نەزىرى بېرىلىپ، قولى بىر ئاز بوشىغاندىن كېيىن خەي شۈجىنى يوقلاپ بېرىش خىيالى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشتا ئېھتىيات قىلمىسا بولمايتتى. ئۆزىنى دېمىگەندىمۇ خەي شۈجىغا ئىش تېپىپ بەرسە بولمايتتى. ئۇ كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن «مېنى ئۇ يەردە خەي شۈجىدىن باشقا كىم تونۇيتتى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ خەي شۈجىنى يوقلاش قارارىغا كەلدى. ئەينى چاغدا خەي شۈجى ياردەم قىلمىغان بولسا ئۇ ئىرمەكنى ئۆيلەپ، ياخشى كېلىنگە ئېرىشەلەمتى؟ كونىلار: «ياخشى دوست باشقا كۈن چۈشكەندە سىنىلار» دەپ بىكار ئېيتمىغان. شۇڭا قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى يوقلاش كېرەك.

ساپارغالى شۇ نىيەتتە نەچچە قېتىم «يەتتىنچى ماي

كادىرلار مەكتىپى»گە باردى، بىراق مەكتەپ ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، دەرۋازا ئالدىدا خەي شۈجىنى ساقلىدى. بۇ ئۇسۇل ئاخىرى ئۈنۈم بەردى. خەي شۈجىنىڭ ئۆزى يالغۇز مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقمۇاتقانلىقىنى كۆرگەن ساپارغالىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سىيلىپ كەتتى. خەي شۈجىمۇ ئۇنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق كۆرۈشتى.

— قايتىپ بارغاندىن كېيىن يۇرتداشلارغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ. مەن خەي دالۇڭ ئۇلارنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. كونىلار: «ئورىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. لىن بياۋ ئاخىرى ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپ بېشىنى يېدى. بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى چوڭ ئىش. كومپارتىيە ئەزەلدىن خەلق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. تەرەققىيات جەريانىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئېگىز - پەسلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۈمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك. ئاز كۈن ئۆتمەي ۋەزىيەتتە چوقۇم ئۆزگىرىش بولىدۇ. ياخشى كۈنلەر پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ.

خەي شۈجى خوشلىشىدىغان چاغدا شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ كۆڭۈللەرنى يايرىتىپ، كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان سۆزلىرى ساپارغالىنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. گەرچە خەي شۈجى بىر ئاز جۈدەپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا روھلۇق ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ دىشۋارچىلىقتا يولۇقۇپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۈمىدۋار تۇرغىنىنى كۆرگەن ساپارغالى بىردىنلا خىجىل بولۇپ قالدى.

— دادام قالتىس جۇمۇ، — دېدى جۇماتاي بىر دىنلا جانلىنىپ، — مەن دادامنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.

— بىلگەن ئادەم نېمىشقا بىزگە بۇرۇنراق دەپ قويمايسەن. ھەممە گەپنى ئاڭلىغۇبىلىپ باتۇر بولۇپ كەتكىنىڭنى قارا بۇنىڭ، — دېدى قەسەن جۇماتايغا ھومىيىپ قاراپ

— بۇ راستتىنلا بىز ئۈچۈن قىممەتلىك سوۋغا بولدى. جۇماتاي دېگەندەك دادام ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنى يەردە ئەمەس، بەلكى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزىۋاتىمەن، — دېدى جاڭغابىل ھاياجانلانغان ھالدا.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئىركىنبەك چۈشۈلداپ سۆزلەپ، — ئاسماندا ئۇچۇش قانداق ياخشى - ھە؟ خۇددى بۈركۈتكە ئوخشاش مانا مۇنداق.

ئۇ ئىككى قولىنى ئىككى ياققا كەردى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمە قاراپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدى ئىرتۇستۇك قىدىرغوجىغا قاراپ، — دادامغا رەھمەت ئېيتمامسەن. بىچارە دادام بىر قىش سېنىڭ غېمىڭنى قىلىپ چىقىپتۇ. بۇنداق دادىنى نەدىن تاپىسەن؟ ياخشى مەشىق قىلىپ دادام بىلەن خەي شۇجىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىمىساڭ بىزمۇ سېنى كەچۈرمەيمىز.

قىدىرغوجا قىزىرىپ كەتتى، يەر تېگىدىن ئاپىسىغا قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ:

— رەھمەت، دادا. مەن ئۈمىدىڭنى چوقۇم

ئاقلايمەن،— دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئىركىنبەك بىردىنلا:
— ئاكام يارايدۇ!— دەپ ۋارقىرىدى. ھەممە كۈلۈشتى.
ئۆي ئىچىدىكى كەيپىيات ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئويلىغانلىرىنى دېيىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سەلتەنەت ئىرمەككە قارىدى. ئىرمەك چاپسان دېمەمسەن، دېگەندەك دادىسىنى شەرەتلەپ قويدى. سەلتەنەت بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:
— دادا، ئاپام بىلەن ئىككىڭلارغا سالىدىغان بىر مەسلىھەت بار ئىدى،— دېدى. كېلىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ساپارغالىنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ كەتتى.
— قېنى، بالام، تارتىنماي دەۋېرىڭ،— دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. سەلتەنەت ئويلىغانلىرىنى بىرمۇبىر ئوتتۇرىغا قويدى.
— ياخشى ئىش ئىكەنغۇ،— دېدى ساپارغالى بىردىنلا ئىپادە بىلدۈرۈپ،— بىراق بىز دېگەن چارۋىچى خەلق. ئاز كۈندە كۆكلەمگە، ئاندىن يايلاقا كۆچىمىز. قىشلاقتا ئادەم قالمايدۇ. كۆكتات دېگەن ئەمگەك بىلەن كۆكىرىدىغان نەرسە. ئۇنى ۋاقتىدا ئوتاپ، سۇغارمىسا بولمايدۇ. مەن بۇ ئىشىڭىزنى قوللايمەن. ئەمدىكى گەپ سىزدە قالدى. كۆكتات تېرىيمەن دەپ قىينىلىپ قالارسىزمىكىن؟
سەلتەنەتنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان شادلىق ئۇنى ئاجايىپ روھلۇق بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىلەن ئورتاقلاشتى. گەپ ئىنتايىن ئورۇنلۇق بولغاچقا ھەممەيلەن ئۇنى قوللىدى.

— ئۇنداقتا شۇنداق بولسۇن. قانچىلىك تىرىيالىسىڭىز شۇنچىلىك تىرىك. شۇنداقتىمۇ سەمىگىزگە سىلىپ قويىدىغان بىر ئىش بار. ھەرقانداق ئەھۋالدا كۆكتاتنى سىتىشقا بولمايدۇ. بۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ.

سەلتەنەت ھەيران قالدى. گەرچە مۇشۇ بىر ئىغىز سۆز تۇپەيلىدىن كاللىسىدا ناھايىتى كۆپ سوئاللار پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۆيدىكى كەيپىياتقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن دىمىنى ئىچىگە يۇتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بىشىنى قاتۇرغان ئىش ئويلىمىغان يەردىن ئاسانلا ھەل بولدى.

— دادامنىڭ بۇ نىمە دىگىنىدۇ؟ — دىدى ئۆيگە يىنىپ چىققاندىن كىيىن ئارامىنى قويماۋاتقان سوئالغا جاۋاب تىپىش مەقسىتىدە سەلتەنەت ئىرىگە قاراپ. ئىرمەك دەرھال جاۋاب بەرمەي بىر پەس ئويلىنىۋالدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بەرسەم بولار؟ دىگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— سەن بىلمەيسەن، سەلتەنەت. قازاق خەلقى ئىلىپ ـ ساتقاننى يامان ئالىدۇ. بىزدە بۇيۇمتاي دىگەن بىر نەرسە بار. بۇ ئۆيغۇرچىدا نەرسە سورىغانلىقنى بىلدۇرىدۇ. بۇيۇمتاي سوراپ كەلگەنلىكى ئادەمنى بىزنىڭ خەلق ئاسانلىقچە قۇرۇق قول قايتۇرمايدۇ ھەم بەرگەن نەرسىسىگە پۇل ئالمايدۇ. بەلكىم بۇمۇ سودا قىلماسلىقتىكى بىر سەۋەب بولسا كىرەك.

سەلتەنەت بىردىنلا كۆلۈۋەتتى. ئىرمەك ئۇنىڭغا تەئەججۇپ ئىلكىدە قارىدى. دىگەنلىرىنىڭ ئىچىدىن كۆلگۈدەك بىرنەرسە تاپالمىغاندىن كىيىن قاپىقى چۈشۈپ، لەۋلىرى مىدىرلاپ كەتتى.

— كۆلگىنىمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ راستتىنلا كۆلگۈم كېلىپ كەتتى. سودا ـ سېتىقنى ياخشى كۆرمىسەڭلار ئۇنداقتا يېمەك ـ ئىچمەكنى، كىيىم ـ كېچەكنى قانداق قىلىسىلەر؟ ئۇنىمۇ سېتىۋالىسىلەرغۇ؟ بىزدە «ئالماقنىڭ بەرمىكى بار» دېگەن گەپ بار. بۇ دېگەنلىك ھەم ئالىسەن، ھەم بېرىسەن، دېگەنلىك. سېتىۋېلىشنىلا بىلىپ، سېتىپ بېرىشنى بىلمىسە بۇ جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتمەمدۇ؟

— يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكنى سېتىۋېلىش باشقا گەپ، دادامنىڭ دېگىنى باشقا گەپ، — دېدى ئىرمەك كۈلۈپ كېتىپ، — ئىشقىلىپ بىزدە سېتىپ بېرىدىغان ئادەت يوق. تالاي يىللاردىن بېرى ئۆيىمىزگە تالاي ئادەملەر كېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاچ قېلىپ قورساق تويدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلەرمۇ بار. تاماق يەپ قورساقنى تويدۇرغاندىن كېيىن تاماق پۇلى دەپ پۇل قويغانلارمۇ بار. بىراق بىز ئەزەلدىن باشقىلاردىن پۇل ئېلىپ باقمىنىمىز يوق. بۇ دېگەن بىر خىل ئەنئەنە، بىر خىل ئادەت. كۆكتات سېتىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

— قىزىق، — دېدى سەلتەنەت ئىرمەكنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيرانلىقىنى قىلچىمۇ يوشۇرماي، — مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئۆزۈم تېرىغان كۆكتاتلارنى چوقۇم ساتىمەن دېگەنلىكىم ئەمەس. ئويلاپ باقسام سىلەردىكى بۇ خىل ئەنئەنە، بۇ خىل ئادەت ئادەمنى تولىمۇ ئېھتىياتچان قىلىپ قويغۇدەك. نەدىمۇ ئۇنداق ئېلىشنى بىلىپ، سېتىشنى بىلمەيدىغان ئىش بولسۇن. ھازىرغۇ ھەممە نەرسە كوللېكتىپنىڭ. سېتىشقا بولمايدۇ، ئەمما شۇنى

سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، بۇرۇنقىلار قانداق قىپتىكەن؟ شۇنچە كۆپ مالنى بېقىپ ساتماپتىكەنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇلار قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈپتىكەن؟

— مەن دېدىمغۇ، — دېدى ئىرمەك ئۇنىڭغا چۈشەندۇرۇپ، — تىرىك مال سودىسى بىلەن بىز دەۋاتقان بۇ ئىش باشقا ـ باشقا ئىش. قارىغاندا دادامنىڭ بۇگۈن ساڭا دېگەنلىرى دەل ۋاقتىدا بىرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش بوپتۇ. بولمىسا ئىشنى بۇزۇپ بىرمۇنچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرەر ئىكەنسەن. بۇنىڭدىن كېيىن شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇن، سودا ـ سېتىق ئەرلەرنىڭ ئىشى. ئاياللار بۇ ئىشقا ئارىلاشسا ھەرگىز بولمايدۇ. شۇنداق قىلساڭ باش ئاغرىقىدىن نېرى تۇرىسەن.

سەلتەنەت چۈشەندى. بىر ھېسابتا شۇنداق بولغىنىمۇ توغرا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر ھەممە نەرسە كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا. بۇلارغا باش قاتۇرغاننىڭ پايدىسىمۇ يوق. سودا ـ سېتىق دېگەن ئەسلىدىمۇ كاپىتالىزمنىڭ مەھسۇلى تۇرسا، ئۇنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلىدۇ...

كۈن ئاستا ـ ئاستا ئىللىۋاتاتتى. ئەتىگەندىلا ئىش ـ كۈشلىرىنى بېسىقتۇرۇپ بولغان سەلتەنەت ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ، سۇپىدىلا خېمىر چەيلەۋاتاتتى. ئۇ يېڭىنى جەينىكىگىچە تۇرۈۋالغان بولۇپ، ئاپتاپ كۆرمىگەن ئاپپاق بىلەكلىرى خۇددى مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ خېمىرگە ھەربىر ئېگىلىشكەندە ۋايىغا يېتىپ تولغان بەدىنى لىغىرلاپ، بېشىغا تۇرمەكلىۋالغان قارا چاچلىرى ئاستىدىكى ئاپپاق بويىنى غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئاخشام ئۇ قېيىنئانىسى بىلەن ئىشىك ئالدىغا تېرىيدىغان كۆكتات توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدى. قېيىنئانا ئۇنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئىشلىرىغا بىردىنلا قىزىقىپ قالدى.

— بۇنى توغرا ئويلاپسىز، قىزىم. ئۆزىمىز يەپ بولالمساق قولۇم ـ قوشنىلار بار ئەمەسمۇ؟ بىزدە يەر كۆپ، ئەمما تېرىيدىغان ئادەم يوق. خاتىرجەم تۇرمۇش ئادەمنى مۇگدىتىپ قويىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز دېگەن كۆچمەن خەلق. بىر جايىمىزدا تۇرمىغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمىز. باللار ئەتىلا كۆكتات تېرىپ، كۆچەت قويىدىغان يەرنى قاشالاپ بەرسۇن. مېنىڭ كېلىنىمنىڭ قانداقلىقىنى باشقىلار كۆرۈپ باقسۇن.

كۇمۇش شۇنداق دەپ كۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن بىر خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئائىلە ئىگىلىكى توغرىسىدا خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. سەلتەنەت ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ شۇنداق غەيرەتكە كەلدىكى، كۆڭلىگە ھەممە ئىشنى جاي ـ جايىغا كەلتۈرۈپ قىلىشنى پۈكتى. گەپ ئارىلىقىدا كۆكتات ئۇرۇقى، مېۋە كۆچىتى توغرىسىدا پاراڭ بولدى. شۇ جەرياندا سەلتەنەت بىردىنلا روشەننى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئالدىنقى قېتىم ئەبىلبەكنىڭ ئۆيىدە كۆكتات تېرىغاندەك بىر گەپنى قىلغانىدى.

— ئۇزۇن بوپتۇ، تاغام تەرەپكە ئۆتمىگىلى. مەن روشەنگە يولۇققاچ تاغاملارنى يوقلاپ كېلەيمىكىن دېگەنىدىم. كۆكتات ئۇرۇقى روشەندە چوقۇم بار. ئۇ يەرگە بارسام ئۇنىڭدىن كۆكتاتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا

ئىشلارنىمۇ ئۆگىنىپ كېلەلەيمەن. شۇنداق قىلسام قانداق بولار، ئاپا؟ — دېدى سەلتەنەت كۆڭلىدىكى سۆزىنى قىلىپ. ئانا بىر پەس ئويلىنىپ قالدى، كېيىن بولسا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— شۇنداق قىلغان بولسىڭىزغۇ ياخشى بولاتتى. باھانىدا تاغىڭىز بىلەن ئۇنىڭ بالىچاقىلىرىنىڭ ئامانلىقىنى بىلىپ كېلەتتىڭىز، بىراق ئۇلار بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز خېلى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشكىلنىڭ ئىشى كۆپىيىپ، ئىرمەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشقا بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. چۈنكى باشقىنى دېمىگەندىمۇ ئوتتۇرىلىقتا سۇ بار، — دېدى.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى سەلتەنەت قېيىنئانىسىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — ھازىر تېخى سۇ ئۇلغىيىپ كەتمىدى. تاشقىن كېلىپ سۇ ئۇلغايغىچە بېرىپ كەلمىسەم، كېيىن بارالمىغۇدەكمەن.

— ئۇنداقتا قاچان يولغا چىقاي دەۋاتىسىز؟ — دېدى كۈمۈش بىردىنلا كېلىنىنىڭ رايىغا بېقىپ.

— ئەتىلا يولغا چىقسام دەيمەن، ئاپا. قارىسام ئۆيدە نان قالماپتۇ. سەھەر تۇرۇپ ئىش - كۈشلەرنى بېسىقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىر تونۇر نان ياقاي. شۇنداق بولغاندا تاغاملارغىمۇ ئىسسىق ناندىن ئالغاچ كېتەلەيدىكەنمەن.

قېيىنئانا ماقۇل بولدى.

— يولدىن ئادىشىپ قالساڭ قانداق قىلىسەن؟ چۈنكى سەن ئۇ يەرگە پەقەت بىرلا قېتىم باردىڭ، — دېدى ئىرمەك ياتىدىغان چاغدا ئايالىغا كۆيۈنۈپ.

— قەشقەردەك يەردىن كەلگۈچە ئادىشىپ قالمىغان ئادەم مۇشۇ تاغنىڭ ئارىسىدا ئادىشىپ قالارمەنمۇ؟ — دېدى سەلتەنەت چاقچاق قىلىپ، — ئەڭ ياخشىسى يولدىن ئادىشىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىمەي، قەشقەرگە قېچىپ كېتىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەڭ.

— نېمىشقا ئەنسىرىگۈدەكمەن. چۈنكى سەن دېگەن ئۇنداق ئاياللاردىن ئەمەس. ئالدىنقى قېتىم دادام بىلەن ئاپام پۇل چىقىرىپ قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويايلى دېسە ئۇنىمىغان ئادەم بۇگۈنگە كەلگەندە قۇرۇق قول قېچىپ كېتەرسەنمۇ؟ بۇ ھەرگىزمۇ سېنىڭ تەبىئىتىڭگە توغرا كەلمەيدۇ.

سەلتەنەت بىردىنلا ئىرمەكنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىۋالدى. ئىرمەكنىڭ دېگەنلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە مەلھەم بولۇپ، ئېرىگە بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتكەندى.

— رەھمەت، ئىرمەك. سىلەر ماڭا ھەردائىم مانا مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن تاغدەك ئىشەنچ ئاتا قىلىسىلەر. تاغدەك يۆلەك بولىسىلەر. مۇشۇنداق ياخشى ئائىلىنى تاشلاپ كەتسەم خۇدامۇ مېنى كەچۈرمەس. بىز خۇدا بۇيرۇسا مەڭگۈ بىللە ياشايمىز.

بىر كېچە ھاياجان ئىلكىدە تۈزۈكرەك ئۇخلىمىغان سەلتەنەت خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى.

سىرتتا بالىلارنىڭ ئۇنلۇك سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بەزىلىرى كۆرەك بىلەن ئورەك كولىسا، يەنە بەزىلىرى ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدىن ئۈزۈن — ئۈزۈن چەنزىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشاتتى. ئىرتۇستۇك قولىدا مېتىر، چەنزىلەرنى ئۆلچەپ قول ھەرىسى بىلەن ئۇنى ھەرىلەيتتى. قوتان تەرەپتىن ساپارغالىنىڭ يۆتەلگەن،

ئىرمەكنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى كېلەتتى. كۈمۈش تونۇر بېشىدا كۆيىۋاتقان ئوتنى كۆسەي بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى.

سەلتەنەت خېمىرنى چەيلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى زۇۋۇلا قىلىپ ئۈزدى، ئاندىن بىر خىل چاققانلىق بىلەن زۇۋۇلىنى ئېچىشقا تۇتۇندى. قاراڭغۇدا يۇغۇرۇۋېتىلگەن خېمىر راسا بولغاچقا، راسلىنىۋاتقان ناندىن ئېچىغان خېمىرنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇ ناننى راسلاپ تۈگەتكەن چاغدا، تونۇرمۇ قىزىپ تەخ بولغانىدى.

سەلتەنەت چىنىگە تۇز تەڭشەپ تونۇر بېشىغا چىقتى. ئۇ تونۇرغا تۇز چېچىۋېتىپ ئىشلەۋاتقان باللارغا قاراپ قويدى. باللار خۇشال ـ خۇرام ھالدا كۆكتات تېرىيدىغان يەرنى قاشالاۋاتاتتى. سەلتەنەت ئۇلارنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

نان بىردەمدىلا يېقىلىپ بولدى. تونۇر جايىدا قىزىغاچقا، نانلار تولىمۇ چىرايلىق پىشىپ چىقتى. ھەرقېتىم نان ياققاندا ئىسسىق توقاچ يەپ ئۆگىنىپ قالغان ئىركىنبەك تونۇر بېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە:

ــ ئاپا، ئاپا، مېنىڭ توقىچىم پىشتىمۇ؟ ــ دېدى.

ــ توقاچنى مەندىن ئەمەس يەڭگەڭدىن سورا، ــ دېدى كۈمۈش كۈلۈپ تۇرۇپ. ئىركىنبەك تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ تونۇردىن نان قومۇرۇۋاتقان يەڭگىسىگە بۇرالدى.

ــ يەڭگە، مېنىڭ توقىچىم پىشتىمۇ؟

ــ پىشتى كەنجەم، پىشتى. مانا بۇ سېنىڭ توقىچىڭ، ــ دېدى سەلتەنەت تونۇردىن قىزىرىپ پىشقان توقاچنى ئېلىپ، ــ يېگىن، قوزام.

ــ بۇ يىل تۇل يىللاردىكىدىن ياخشى. ھارامزادىدىن

بىرسىمۇ يوق،ــ دېدىساپارغالى چاي ۋاقتىدا پارالڭ قىلىپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل رازىمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

ــ زاپاس ئوت ـ چۆپمۇ كەڭرى يەتكۈدەك،ــ دېدى ئىرمەكمۇ سۆز قىلىپ،ــ بۇلتۇرقىغا ئوخشاش ئوت ـ چۆپتىن قىسىلىپ قالمايدىغان بولدۇق. تەشكىلگە دەپ جادىدىن يەنە بىرنى كۆپەيتسەك بولغۇدەك.

ــ بولىدۇ، بۇ ئىشنى مەن بېجىرەي. جادا كۆپ بولسا ۋاقتىمۇ تېجىلىدىكەن. ئوت ـ چۆپمۇ ئىسراپ بولمايدىكەن. ئوت ـ چۆپى تۆگىگەن قىشلاقلارغا چۆپنى نەدىن توشۇيدىكەنسىلەر؟

ــ مەھەللىدىن توشۇيدىغان ئوخشايمىز،ــ دېدى ئىرمەك دادىسىغا جاۋاب بېرىپ،ــ دادۇي كادىرلىرى شۇنداقراق گەپ قىلغان. بىر قېتىمدا ئون چانا ماڭسا كېرەك.

ــ ئون چانىنىڭ چۆپى قانچىلىك بولماقچىدى؟ چانىغا ناھايىتى ئىككى قۇچاق چۆپ باسقىلى بولىدىغان تۇرسا. بوپتۇ، ھازىرقى ئەھۋالدا شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامالمۇ يوق. بەش بارماق ئوخشاش ئەمەس. ئوت ـ چۆپنى چېچىپ ئەمەس، بەلكى بىزگە ئوخشاش جادىدا توغراپ بەرگەن بولسا بۇ ئاۋارىچىلىكمۇ يوق ئىدى.

ــ دادا، سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن مالغا چۆپنى چېچىپ بېرىش بۇرۇندىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئادەت. ئۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆپ توغراش ۋاقىت ھەم كۈچ كېتىدىغان ئىش،ــ دېدى ئىرتۇستۇك كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ راست دەيسەن،ــ دېدى ساپارغالى ئىككىنچى

ئوغلىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئادەتنى ئۆزگەرتمەك ھەقىقەتەن قىيىن، بىراق ئادەت ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئۇنچىلىكمۇ مۇرەككەپ نەرسىمۇ ئەمەس. گەپ كاللىدا. كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە پايدىلىق ئىش بولسا ئۇنى چوقۇم كونا ئادەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك.

ئۇ يەنە بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولغان بولسىمۇ دېمىدى. چۈنكى ئۇ قايناپ قېلىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر مۇشۇنداق ئىشلار ئېسىگە كەلسە قايناپ قالاتتى. دادۇي كادىرلىرىنىڭ خىزمەتنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي، ئۆتى يېرىلغۇدەك بولاتتى.

— ئىسسىق نان بىلەن چاي بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، قىزىم، — دېدى ساپارغالى دۇئادىن كېيىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، — ئەبلەبەكنىڭ ئۆيى ئىچىگە سالام ئېيتىڭ، ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ئۇلارنى يوقلاپ بارالمىدۇق. يول يۈرگەندە، سۇدىن ئۆتكەندە ئېھتىيات قىلارسىز. سەپىرىڭىز ئۇتۇقلۇق بولسۇن!

— يەڭگەمدە چاتاق يوق. ئۇ ھازىر ئاتنى بىزدىنمۇ ياخشى مىنىدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى ئىركىنبەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

سەلتەنەت ئات مىنىپ يولغا چىققاندا قۇياش خېلى ئۆرلەپ قالغانىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ پۈتۈن دالاغا كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى. تاغ تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان سالقىن شامال يۈز - كۆزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. دالانىڭ بىر چېتىدە بولسا ھەيۋەتلىك تىك قىيالار بىلەن تۇتىشىپ

كەتكەن چوققىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چوققىلاردىن باشلانغان جىرالار گويا ئېقىپ چۈشۈۋاتقان زور ئېقىنغا ئوخشاش تاكى قىيالىققىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردىن كەكلىكلەرنىڭ ئاۋازى توختىماستىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سەلتەنەت ھاياجىنىنى زورىغا بېسىپ، ساپ ھاۋا بىلەن ئۆپكىسىنى تولدۇردى. ئۇ بۇ يەردىكى ئادەملەرنى ياخشى كۆرگەندەك ئادەمنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىدىغان مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ يەردە باشقا يەرلەردىن ئاسانلىقچە تاپقىلى بولمايدىغان بىر خىل تىنچ، مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان ھايات ھۆكۈم سۈرەتتى. ئادەملەر قوپال بولسىمۇ، ئەمما ئاق كۆڭۈل ئىدى، ھەرقانداق ئىشتا بىر - بىرىدىن ياردىمىنى ئايىمايتتى. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا بىر - بىرىنى يوقلىشىپ، جىمجىتلىقتا چۆككەن دالا تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشاتتى.

سەلتەنەت ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا دادىسىنى ئەسلەپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن دادىسىغا بولغان سېغىنىشى ھەسسىلەپ ئاشتى. دادا ھەر قېتىم يازغان خېتىدە ئۇنى ياخشى ئادەم بولۇشقا ئۈندەيتتى. سەلتەنەتمۇ دادىسى يازغان خەتنى ھەر قېتىم ئوقۇغاندا، دادىسىنىڭ تولىمۇ خاتىرجەم ئىكەنلىكىنى، ئېتىخارلىققا تولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. دادا قۇدىلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ بۇ يىل كۈزدە كېلىشكە ۋەدە بەردى. ئۇ كەلسە بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ چوقۇم ياياراپ كېتىدۇ. شۇنداق بىر گۈزەل ماكاندا ياشاۋاتقان قىزىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.

ئۇ دۆڭدىن چۈشۈۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئادەمنىڭ قەلبىنى شادلاندۇرىدىغان يەنە بىر گۈزەل مەنزىرە يېيىلىپ ياتاتتى. يۇگەنسىز ئاتقا ئوخشاش يۇلقۇنۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇيىنىڭ شاۋقۇنى قۇلاققا توختىماستىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان زور دولقۇنلار ئادەمگە قىيغىتىپ كېتىۋاتقان تۆگىلەر توپىنىڭ ئۆركىشىنى ئەسلىتەتتى. سۇ بويىدا ئۆسكەن مەجنۇنتاللار گويا ئاجايىپ جۇشقۇن مۇزىكىغا جور بولغان ئۇسسۇلچى قىزلارغا ئوخشاش توختىماستىن ئىرغاڭلايتتى. بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق ئېقىننى قوغداپ قالماقچى بولغاندەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى يېزىنىڭ ئېگىز ـ پەس ئۆيلىرى، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ بىر گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. سەلتەنەت ئۆتكەن قېتىم ئەبلەبەكنىڭ ئۆيىگە ھارۋا بىلەن بارغاچقا بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرمىگەنىدى. شۇڭا بۈگۈن پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ھەربىر نۇقتىغا تەپسىلىي سەپسېلىپ چىقتى.

ئات پۇشقۇرغىنىچە سۇغا كىردى. يۇقىرىدىن شىددەت بىلەن چۈشكەن سۇ مۇشۇ كېچىككە كەلگەندە بىردىنلا ياۋاشلاپ، يېيىلىپ ئاقاتتى. بىراق سۇنىڭ تېگىدىكى سىلىقلىنىپ كەتكەن يوغان تاشلار ئاتنىڭ بىمالال يۈرۈشىگە تەسىر كۆرسىتەتتى. سەلتەنەت سۇدىن ئۆتۈۋاتقاندا بىر ئاز ھودۇقتى، شۇنداقتىمۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ، سۇدىن ساق ـ سالامەت ئۆتتى.

ئۇ چۈشكەن چىغىر يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى

سازلىقنى بويلاپ تال بىلەن قاپاق تېرەكلەر قويۇق ئۆسكەندى. سازلىق تەرەپتىن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ ئەنسىز غاقىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سازلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قىيانىڭ ئۈستىدە كۆڭۈل قويۇپ ئاقارتىلغان بىرنەچچە ئۆي كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مېۋىلىك ھەم مېۋىسىز دەرەخلەر ئۆيلەرگە بۆلەكچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. كۆكتە بىرقانچە بۈركۈت قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. سەلتەنەت چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلىدى...

# ئون سەككىزىنچى باب

سويدۇم ئۆينى سۇپۇرۇپ، ساماۋارنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىپ قويدى، ئاندىن كەشتە تىكىۋاتقان رىسالەتكە قاراپ قويۇپ، ساماۋار يېنىدىكى چىنىلەرنى يۇيۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر ئوڭ قاپىقى توختىماي تارتىپ تۇراتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك ئەتىگەندىلا موما ياغاچقا قونغان سېغىزخان سايراپ كەتتى. ئوڭ قاپاقنىڭ تارتىشى بىلەن سېغىزخاننىڭ سايرىشى ئۇنىڭ قەلبىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئوي ـ خىياللىرىنى كۆپەيتىۋەتتى. ئۇ بۇنىڭ خاپىلىق ياكى خۇشاللىق ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماي ئىشىنى قىلىۋەردى.

ئەبىلبەك بىر ئىشلار بىلەن بەند بولغاچقا ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى. ساماۋار قاينىدى. چىڭقىچۈش بولغاچقا قورساقمۇ ئاچقانىدى. شۇڭا ئىشىكتىن كىرگەن ئەبىلبەك قولىدا چىنە تۇتقىنىچە خىيالغا پېتىپ قالغان ئايالىغا قارىدى:

— ساڭا نېمە دەردلەر كېلىپ كەتتى؟ قارىسام خىيالغا پېتىپ چىنە يۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپسەن. بىرەر قىيىن ئىشقا يولۇققان بولساڭ دېگىن. رىسالەت بىلەن ئىككىمىز ساڭا ياردەملىشىشكە تەييار.

ئېرىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئېسىنى يىغقان سويدۇم

خىجىللىق ئىچىدە كۈلۈپ قويدى، ئاندىن كۆڭلىدىكى ئەنسىرەشنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى.

— شۇنىڭغىمۇ ئەنسىرىگەن بارمۇ؟ ئوڭ قاپاقنىڭ تارتقىنى ياخشىلىق. سىڭىزخانىنىڭ سايرىشى مېھماندىن بېشارەت. يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلمەي بىزگە چاي بەرگىن، — دېدى ئەبىلبەك ئايالىغا تەسەللىي بېرىپ.

— مېھمان كەلسە كىممۇ كېلەر؟ — دېدى سويدۇم خۇددى ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا.

— مەن ئاخشام بىر كېچە سەلتەنەت ھەددەمنى چۈشەپ چىققانىدىم. كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ ئۆيگە سەلتەنەت ھەددەم مېھمان بولۇپ كېلىۋاتامدۇ تېخى؟ — دېدى رىسالەت قولىدىكى كەشتىنى بىر چەتكە قويۇپ.

— يوق گەپنى قوي، — دېدى سويدۇم قىزىنىڭ كۆلكىدىن نۇرلىنىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ قويۇپ، — چۈش دېگەن چۈش. ھازىر كۆككىلەم ۋاقتى، ھەممە ئادەم ئالدىراش. شۇنداق تۇرسا سەلتەنەت ھەدەڭ بوياقلارغا كېلىپ يۈرەمتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزمۇ تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە ئۇلار تەرەپكىمۇ ئۆتەلمەي كەتتۇق. ئۇلار قىشتىن قانداقراق ئۆتتىكىن؟

ئۇ شۇنداق دەپ يۈيۈپ بولغان ئاخىرقى چىنىنى قويدى، ئاندىن چىنە يۇيغان سۇنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى.

قۇياش قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىققا يۇندىنى تۆككەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدىن بىر تونۇش گەۋدە بىلەن تونۇش ئات بوياققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. سويدۇم كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىردىنلا:

— رىسالەت، داداڭنى چاقىر، تېز بولۇپ قالغان ئىشلار، — دەپ ۋارقىرىدى. ئايالىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن چۆچۈگەن ئەبلىبەك ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى.

— قاراڭلار، كىم كېلىۋاتىدۇ؟ ئۇ راستىنلا سەلتەنەت ئەمەسمۇ؟ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئەبلىبەكمۇ ھەيرانلىقتىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالغانىدى. سويدۇم دېگەندەك، ھەدىسىنىڭ كېلىنى ئات ئۈستىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ، مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننى بىردىنلا تىل بىلەن ئىپادىلەش تەس بولغان ھاياجان چۇلغىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سەلتەنەتنى ئىشىك ئالدىدىلا كۈتۈۋالدى. ئاتتىن چەبدەسلىك بىلەن چۈشكەن سەلتەنەت سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن سويدۇمنى، ئاندىن كېيىن رىسالەتنى قۇچاقلىدى.

— كېلىن بالا، بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقتى؟ — دېدى سويدۇم سەلتەنەتنى ئۆيگە باشلاپ، — تېخى ھازىر سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىۋاتاتتۇق. ماۋۇ شەيتان «مەن ئاخشام بىر كېچە سەلتەنەت ھەدەمنى چۈشەپ چىققانىدىم» دېسە بىز ئىشەنمىگەن.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى. سويدۇم پۈت ـ پۇتىغا، قول ـ قولىغا تەگمىگەن ھالدا داستىخان راسلاپ چاي قۇيدى. ئەبلىبەك ئۆي ئىچىدىكى ھەممە ئادەم بىلەن ئەل ـ يۇرتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى ياخشى تۇرغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— بىزنى يوقلاپ كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت. شۇنچە ئۇزۇن يولنى ئۆزىڭىز

يالغۇز بېسىپ كەلگەن بولسىڭىز يارايسىز. مەن شۇ چاغدىلا ھەددەم بىلەن يېزىنەمگە كىلىندىن تەلىيىڭ كەپتۇ، دېگەنىدىم. ھازىر ئويلىسام كېلىندىن يالغۇز ئۇلارنىڭلا تەلىيى كېلىپ قالماستىن بىزنىڭمۇ تەلىيىمىز كەپتۇ ئەمەسمۇ. قاراڭلار ئۇنىڭ شۇنچە ئالدىراش تۇرۇپ بىزنى يوقلاپ كەلگىنىنى. يەنە بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالىمى بار تېخى.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

ــ ئاپام « ئوڭ قاپىقىم تارتتى، سېغىزخان سايراپ كەتتى، بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرغان. دادام بولسا ئاپامغا ئوڭ قاپاقنىڭ تارتقىنى ياخشىلىق، سېغىزخاننىڭ سايرىشى مېھماندىن بېشارەت دېدى. ئاپام مېھمان كەلسە كىممۇ كېلەر؟ دېدى. مەن سىزنى كېلىدۇ، دېسەم ئۇلار ئىشەنمىدى. چۈنكى ئاخشام بىر كېچە سىزنى چۈشەپ چىققانىدىم. سىز مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئاپپاق چېچەككە پۈركەنگەن چوڭ بىر باغقا باشلاپ كىردىڭىز. ئىككىمىز ئۇ باغدا تازا قوغلىشىپ ئوينىدۇق. مەن دائىم دېگۈدەك چۈشۈمدە سىزنى كۆرىمەن، ــ دېدى رىسالەت كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىپ.

ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى. سويدۇمنىڭ كۆزىگە سەلتەنەت بارغانسېرى تولۇپ، پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈلگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى. رىسالەت ئۆتكەنكى قېتىمقىغا ئوخشاش سەلتەنەتنىڭ بىقىنىغا تىقىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى.

ــ ھەدىڭىزگە نېمانچە قاراۋېرىسىز، قىزىم، تولا

قاراپ ئىچىڭىز كىرىپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى سويدۇم ئەبلىبەككە چاي سۇنۇۋېتىپ.

— ھەددىم دېگەن شۇنداق چىرايلىق تۇرسا، نېمىشقا قارىمىغۇدەكمەن. قارىغىنا، ھەددىمنىڭ بۇ چاچلىرىغا، قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئىنچىكە قاشلىرىغا، بوتىلاقنىڭ كۆزىدەك قاپقارا كۆزلىرىگە. قارىسا ـ قارىسا ئادەمنىڭ قارىغۇسى كېلىدۇ. سەنمۇ نېمىشقا ھەددىمگە ئوخشاش ياسىنىپ يۈرمەيسەن؟ — دېدى رىسالەت ئەركىلىگەن ھالدا سەلتەنەتكە قاراپ قويۇپ. ئانا كۈلدى ۋە:

— ئۇ دېگەن ياش، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق. قانداق ياسانسا بولۇۋېرىدۇ، بالام. مەن ھەدىڭىزگە ئوخشاشمايمەن. ئۆزۈم بويلۇق باللىرىم بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق ياسىنىپ يۈرسەم خەقنىڭ مەسخىرىسىگە قالمامدىم، — دېدى.

— رىسالەت توغرا دەيدۇ، — دېدى ئەبلىبەك سۆزگە ئارىلىشىپ، — خەق بىلەن نېمە كارىڭ دەيمەن. ئۆز بويلۇق باللىرىڭ بولسا نېمە بوپتۇ. پاكىز كىيىنىپ، چىرايلىق يۈرسەڭ ئۆزۈڭگىمۇ، باللارغىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ مومايمەن، مومايمەن دەپ يۈرۈپ تېخىمۇ موماي بولۇپ كەتتىڭ.

بۇ سۆز بىلەن رىسالەت تېلىقىپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن «قانداق؟ پاكىز كىيىنىپ، چىرايلىق يۈرسەڭ داداممۇ خۇش بولىدۇ» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. سويدۇم ئۈستىبېشىغا قاراپ قويۇپ كۈلۈپ كەتتى:

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، كېلىن. سىزنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا كىيىم يۆتكەشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. باللار چوڭ بولغاندا مانا مۇشۇنداق ئادەم ياراتمايدىغان

بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسەم مېنى قورچاقتەك ياساپ قويغۇسى بار. قېنى، چاي ئىچىڭ.

— مەن سىزنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندىلا ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. سىز تەبىئىي چىرايلىق. ئەگەر ياسانسىڭىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك چىرايلىق بولۇپ كېتىسىز، — دېدى سەلتەنەت چايدىن ئوتلاپ، — ھازىر سىزنىڭ راسا ياسىنىپ يۈرىدىغان ۋاقتىڭىز. بىزنىڭ سوپىيخان ئىسىملىك بىر قوشنىمىز بولىدىغان، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بولسىمۇ دائىم دېگۈدەك ياسىنىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەممەيلەننىڭ مەسخىرىلىك كېلىپ «سەتەڭ» دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويغان. ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. ياسىنىش ئاياللارنى تېخىمۇ جەزبىدار قىلىۋېتىدۇ.

— چوڭ شەھەرنىڭ ئادىمى قانداقلا بولمىسۇن چوڭ شەھەرنىڭ ئادىمى - دە؟ كېلىن بالا توغرا ئېيتىدۇ. ياسىنىش ئاياللارنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، بىراق بىزنىڭ بۇ يەردە نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ ئاياللار ياسىنىشقا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدۇ. تېپىۋالغىنى شۇ يۈز ماي. يۈز مېيى بولمىسا ئەركەكنىڭ نەق ئۆزى.

بۇ سۆز بىلەن تەڭ سەلتەنەت كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. چاي تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىچىلدى.

— مېنىڭ يەنە قىلىدىغان بىرمۇنچە ئىشىم بار، — دېدى ئەبىلبەك ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، — سەن كېلىن بالىنى ياخشىراق كۈت. ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلمىكى ئاسان ئەمەس. قالغان گەپنى كەچتە دېيىشەيلى. ئەمىسە مەن كەتتىم.

ئەبىلبەك كەتتى. سەلتەنەت بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن سويدۇمگە نىمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى، نېمە

ئىشلارنى قىلماقچى بولغانلىقىنى ئالدىرىماستىن سۆزلەپ بەردى.

— ئويلىغانلىرىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيمەن دېگەن ئادەمگە يەر كۆپ. ئوغۇتمۇ جىق. ئەمما بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ بىلمىدىم، ئۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. بەلكىم بۇمۇ ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. شۇلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار. بۇلتۇر روشەن ئازراق يېرىگە كاۋا، پەمىدۇر، مۇچ، پىدىگەن دېگەندەك كۆكتاتلارنى تېرىغانىكەن شۇنداق ئوخشىدى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ھەيران قالدى. بىزنى كۆكتات يېمەيدۇ، دېگەن قۇرۇق گەپ. قولىمىزدىن پەقەت ياڭيۇ تېرىشتىن باشقىسى كەلمەيدۇ. ئاڭلىسام روشەن بۇ يىل ئەتراپىدىكى ئاياللارنى تەشكىللەپ نەچچە مو يەرگە كۆكتات تېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا بىزمۇ كۆكتات تېرىشنى ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە ئىشىكىمىز ئالدىغا بارالىق قىلىمىز. كۆكتات تېرىپ، ئۆزىمىزدىن چىققان كۆكتاتنى يەيمىز.

سويدۇمنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل كۈچ - قۇۋۋەت تەپچىپ تۇراتتى. ئۇ كۆكتات توغرىسىدا، روشەن توغرىسىدا زوق - شوق بىلەن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى بوپتۇ. ھازىر بارساق روشەننى ئۆيىدىن تاپقىلى بولارمۇ؟ — دېدى سەلتەنەت بىردىنلا جانلىنىپ.

— بەلكىم تاپقىلى بولار، — دېدى سويدۇم كەشتە

تىكىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان رىسالەتكە قاراپ قويۇپ، — چۈنكى ئۇلار بىر ھەپتىدىن بېرى كۆكتات تېرىيدىغان يەرگە ئوغۇت توشىدى. شۇڭا بۈگۈن روشەن ئاياللارنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىپ، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىپتۇ. ئۆزىمۇ ئۆيدە بولسا كېرەك.

— ئەمىسە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى يوقلىغاچ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلەمەدۇق، — دېدى ئورنىدىن قوزغالغان سەلتەنەت. سويدۇم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمىگە بۇنچىۋالا ئالدىرايسىز. ئاتتىن ئەمدىلا چۈشتىڭىز. بۈگۈنچە يېتىپ ئارام ئېلىڭ. خۇدانىڭ ئەتىمۇ كۈنى بار. بەك بولمىسا روشەننى ئۆيىگە چاقىرايلى. بىرلىكتە تاماق ئېتىپ، بىرلىكتە مېھمان بولۇڭلار. ئاكىڭىزمۇ ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا سىزنى ياخشى كۈتۈشنى تاپىلىغان. كېلە ـ كەلمەي، سىزنى باشقا ئۆيگە ئېلىپ ماڭغىنىمنى كۆرسە قولۇم ـ قوشنىلار نېمىدەپ قالىدۇ؟

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، جېنىم ھەدە. مەندە ئۇنچە كۆپ ۋاقىتمۇ يوق. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ھازىر ھەممەيلەن ئالدىراش چاغ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ. تاغدىن كەلگەن كەلسە سۇدىن ئۆتۈش تەسكە توختايدۇ. سىلەرنى كۆردۈم، ئامانلىقىڭلارنى بىلدىم. ئەمدى روشەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن كۆكتات تېرىش توغرىسىدا پاراڭلاشسام ۋەزىپەم تۈگەيدۇ. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

سويدۇم ئويلىنىپ قالدى. سەلتەنەتنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىقتى. ئادەمزاتسىز كوچا سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىر ـ بىرى

بىلەن ئويناشقان بىرقانچە ئىت ئۇلارغا قاراپ قويۇپ باشقا بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. بىرقانچە توخۇ كوچا بويىغا دۈۋىلەپ قويۇلغان قىغنى ھەدەپ تاتىلاۋاتاتتى. كۈننىڭ تەپتىدىن كوچىدا پەيدا بولغان ئەگىز سۈيى يىلاندەك تولغىنىپ، بىر - بىرىگە قوشۇلاتتى. سويدۇم يولنىڭ چېتى بىلەن كېتىۋېتىپ ئەگىز سۈيىگە قاراپ قويدى. ئۇ ئەقلىنى بىلگەندىن تارتىپ مۇشۇنداق چاغلارنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ ئىككىسى ئەگىز سۈيىنى ئەگىپ ئۆتۈپ ئاخىرى قۇرغاق يەرگە چىقتى.

— قارىسام سەمرىپ تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز. ئانا بولۇشقا ئاز قالغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى سويدۇم. بۇ گەپ بىلەن سەلتەنەت قىزىرىپ كەتتى.

— ياق تېخى، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن جاۋاب بېرىپ، — «مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى، ئىشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دېگەندەك مەن ئالدىرىغانسېرى بويۇمدا قالمايۋاتىدىغۇ تاڭ.

سويدۇم كۈلدى ۋە:

— تازىمۇ قىزىق پاراڭدىن بىرنى قىلدىڭىزغۇ، كېلىنچەك، مەن بۇنداق قىزىق تەمسىلنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن. بەزىدە شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. بۇمۇ قوتاندا يېتىۋەرگەن كالا قىسىر قالغانغا ئوخشاش بىر ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن كالىنى قوتانغا سولاپ قويماي داۋاملىق سىرتقا چىقىرىپ تۇرۇش كېرەك. بۈگۈن ئۆيدىكىلەر مۇشۇ قائىدە بويىچە سىزنى ئۆيدىن چىقىرىپتۇ. قاراپ تۇرۇڭ، ئاز كۈن ئۆتمەي قورساق كۆتۈرىسىز. مەن سىزگە دۇئا قىلىپ قوياي، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دەپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى.

ئۇنىڭ قىزىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەلتەنەت بىقىنىنى تۇتقىنىچە كۈلۈپ كەتتى.

— ھەدە، سىز نېمانداق قىزىق. ئادەمنىڭ ئېسىدە يوق پاراڭلارنى قىلىپ كۈلمەيدىغان ئادەمنىمۇ كۈلدۈرۈۋېتىدىكەنسىز. تاغام ئىككىڭلار بۇرۇن ئارتىس بولغانمۇ؟

— ئارتىسقۇ بولمىغان. بىراق مەن ئويلايمەن، ئارتىس دېگەنمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەمدۇ. مەن ھەر كۈنى خۇشال ـ خۇرام يۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. بۇ مەھەللىگە كېلىن بولۇپ كەلگىنىمگە يىگىرمە يىل بولۇپ قاپتۇ. بىرەر ئەر ـ خوتۇننىڭ چاچلاشقىنىنى، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۇرۇشقىنىنى كۆرمەپتىمەن. قارىسىڭىز ئۇلار دائىم خۇشال ـ خۇرام. بۇمۇ مانا مۇشۇنداق گۈزەل مەنزىرىنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك.

— راست دەيسىز. مەنمۇ بۇ يەرگە كېلىن بولۇپ كەلگەندىن بېرى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىرمەكنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىگە قارىغاندا، سىلەر توي قىلغاندىن كېيىن ئېرىڭلار بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ كېتىدىكەنسىلەر، ھەرگىز ئاجراشمايدىكەنسىلەر، بۇ راستمۇ؟

— ئەلۋەتتە راست،— دېدى سويدۇم قاشلىرىنى يىمىرىپ يىراقلارغا قارىغىنىچە،— بەلكىم ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، بىز قازاقلاردا ئاجرىشىدىغان ئادەت يوق. چۈنكى نىكاھ دېگەن ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە. مۇنداقچە ئېيتقاندا تەڭرىنىڭ ئالدىدا بەرگەن قەسەم. بۇ قەسەم باشقا قەسەملەرگە

ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئەجدادىمىز بۇ قەسەمنى ئۇلۇغلاپ، بىزگە يەتكۈزگەن.

— ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. بۇنداق گەپنى بۇرۇن پەقەتلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. سىلەرگە كېلىن بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. بىز تەرەپتە ئۇنداق ئەمەس. «تالاق» دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۆيى بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلار جىق. يەنە كېلىپ بۇ «تالاق»نى ئاياللارنىڭ دېيىشىگە رۇخسەت يوق. ئۇياقتا مەن بىزدىن باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئاجراشقىنىنى كۆرگەن ھەم ئاڭلىغان. شۇنىڭغا قارىغاندا دۇنيادا بىر ئايال بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغان يالغۇز قازاقلا ئوخشىمامدۇ؟

— بۇنى بىلمىدىم. ئىشقىلىپ بىز خەق ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسىلا ئاجراشمايمىز. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۆينى ياخشى تۇتۇپ، بالىلىرىمىزنى قاتارغا قوشىمىز. ئاياللار ئەرلىرىمىزنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالىمىز. ئەرلىرىمىز بىلەن ھەرگىز تەڭ تۇرمايمىز. ئەرلەرمۇ شۇنداق. ئۇلار ئاماللىنىڭ بارىچە بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ. جېنى چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى يىرمايدۇ.

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ مەھەللىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. پۈتۈن دالا ئۆزىگە خاس بىر خىل گۈزەللىك ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. قۇياش تەپتىدىن قىزارغان يەردىن تارقىلىۋاتقان ئۆتكۈر خۇش پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ، جانغا ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. سەلتەنەت بېشىنى كۆتۈرۈپ بوشلۇقنىڭ ئۇ چېتىدىكى مەھەللىگە قاراپ قويدى.

ئۇلار روشەننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، روشەن

ھويلىدا توخۇلارغا دان بېرىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. يىگىرمىدەك توخۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇ چاچقان داننى تالىشىپ يەۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە بۇرىلىپ داڭ قاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى، قولىدىكى تەلەڭگىمۇ دارائىشىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ راستىنلا سىزمۇ؟

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ سەلتەنەتنى باغرىغا باستى. ئىككى يۇرتداش خۇددى بىر — بىرىگە سىڭىشىپ كەتمەكچى بولغاندەك خېلى ئۇزۇن قۇچاقلىشىپ تۇردى. بىر پەستىن كېيىن روشەن بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك كەينىگە بۇرىلىپ سويدۇمگە سالام قىلدى. سەلتەنەت ئۇنىڭغا بىر خىل ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

روشەننىڭ كىيىملىرى ئاددىي ۋە يارىشىملىق ئىدى. ئۇچىسىدا چاقماق شاتلانىكىدىن تىكىلگەن پىلاتى — يوپكا، بېشىدا گەرىس ياغلىق بار ئىدى. پۇتىدىكى كالا خۇرۇمىدىن تىكىلگەن تۇپلەي ئۆزىگە بەكمۇ يارىشىپ تۇراتتى. نازۇك قوللار ئاپتاپتا كۆيگەن بولۇپ، قاداقلار مانا مەن دەپ تۇراتتى. بىر جۈپ كۆزىدىكى يالقۇن ئوت ئۇچقۇنىدەك چاچراپتتى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ، — ئاسماندىن چۈشتىڭىزمۇ ياكى يەردىن چىقتىڭىزمۇ، خېنىم؟ ھازىرغىچە كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن.

ئۇلار ئۆيگە كىردى. ئۆي ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. كۆڭۈل قويۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆي ئىچى ئاددىمگە تولىمۇ ئازادىلىك ھېس قىلدۇراتتى. دېرىزىگە تارتىلغان زەڭگەر پەردە كىشىگە بىر خىل سىرلىق دۇنيا ئاتا

قىلسا، تامغا تارتىلغان كىيىم ياپقۇچ بىلەن چىمىلدىققا ئىشلەنگەن كەشتىلەر گۈزەللىكتىن گۇۋاھ بېرىپ تۇراتتى.

— سىزنى بۇياقلارغا قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟— دېدى روشەن سالام ـ سەھەتتىن كېيىن سۆز قىلىپ،— كەلگىنىڭىزگە قانچە كۈن بولدى؟

— قانچە كۈن بولدى دەيسىزغۇ؟— دېدى سويدۇم روشەننىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ،— كەلگىنىمگە بىر سائەتمۇ بولمىدى. چاينى ئىچىپ بولۇپ بۇياققا كېلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئامال يوق باشلاپ كەلدىم.

— شۇنداق،— دېدى سويدۇمنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن سەلتەنەت سۆز قىلىپ،— قارىسام يەنە ئازراق بوش ۋاقتىم بار ئىكەن. شۇڭا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي دېدىمغۇ. سىزمۇ بىلىسىز، ھازىر ھەممە ئادەم ئالدىراش. شۇنداق بولسىمۇ چوڭلارغا ۋاكالەتەن سىلەرنى يوقلاپ ئۆتەي دەپ كېلىپ قالدىم.

— بىزنى، بولۇپمۇ مېنى ئەسكە ئېلىپ يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. سىزنى كۆرۈپ خۇددى ئۇرۇق ـ تۇغقىنىمنى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك خۇش بولۇپ كەتتىم. بۇ ھەدىمىز بىلەن دائىم دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. مانا بۈگۈن سىزنىڭ باھانىڭىزدە قۇتلۇق ئۆيۈمگە كېلىپ قاپتۇ. سىلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تاماققا تەييارلىق قىلاي.

روشەن شۇنداق دېدى. سويدۇم قىمچىلىپ قويۇپ ئۇنى تاماق ئېتىشتىن توستى:

— ئاۋارە بولماڭ. بىز كەتمىسەك بولمايدۇ. ئۆيدىكىلەر ماڭا كېلىن بالىنى ياخشى كۈتۈشنى

تاپىلغان. ئۇ كېلىپ قالسا خاپا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۈگۈن شەنبە. مەھەللىدە ئوقۇۋاتقان ئىككى بالىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئۇلار كەلسە ئۆيدە مەن بولمىسام بولماس.

روشەن سەلتەنەتكە قارىدى.

— ھەددەم توغرا دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىمۇ ئۇنچە كۆپ ۋاقىت يوق. سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بەزى ئىشلار بار ئىدى. قېنى ئولتۇرۇڭ، بىردەم پاراڭلىشايلى، — دېدى سەلتەنەت كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى قىلىپ. روشەن دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئولتۇردى. سەلتەنەت ئويلىغانلىرىنى ئالدىرىماستىن سۆزلەشكە باشلىدى. روشەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى.

— مەن بۇ ئىشىڭىزنى قوش قوللاپ قۇۋۋەتلەيمەن، — دېدى روشەن سەلتەنەتنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، — ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ كۈن بىر يەرگە بېرىپ قالدى. قائىدە بويىچە ئايال كىشىنىڭ كېچىدە يول يۈرۈشى ياخشى ئىش ئەمەس. سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرىم بار. سويدۇم ھەددەمدىن سورىغىنىم بولسۇن، بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قونىسىز. ئۆيدىكىلەر ناھىيە بازىرىدىكى ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن. ئوڭچە ئۆيدە كېچىچە پاراڭلىشىمىز. بۇنىڭغا سىزمۇ قوشۇلىسىزغۇ، سويدۇم ھەدە.

تۇيۇقسىز دېيىلگەن بۇ گەپكە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەن سويدۇم بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى، ئاندىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— بۈگۈن قونۇشىدا گەپ يوق. ئاكىسى كەلسىمۇ ھەرگىز يولغا سېلىپ قويمايدۇ. سەلتەنەتنى مەن

ئەپكەلگەن. بۇياقتا كېلىدىغىنىمىزنى بىزنىڭ ئادەم ئۇقمايدۇ. ئەگەر سىزنىڭكىدە قونۇشقا توغرا كەلسە يەنە بىر قېتىم كەلگىنىدە قونسۇن، — دېدى. روشەن بۇنىڭغا كۆنمىدى.

— ماڭا قاراڭ، سويدۇم ھەدە، — دېدى ئۇ يېلىنغان ئاھاڭدا، — سىزمۇ ئايال كىشى. كونىلاردا: «ئايال ئايالنىڭ قاياشى» دېگەن گەپ بار. مېنىڭ بۇ دوستۇم بۇرۇن سىلەرنىڭكىدە قونمىغان بولسا بۇگۇن مەنمۇ تالاشمىغان بولاتتىم. بىراق ئۇ ئۆتكەندە قېيىنئانىسى ھەم يولدىشى بىلەن كېلىپ نەچچە كۈن قونۇپ كەتتى. سىزمۇ بىلىسىز، بىز دېگەن قەشقەردەك شۇنچە يىراق يەردىن سىلەرگە كېلىن بولۇپ كەلگەنلەر. بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. ئۇنى بىر كېچە ماڭا ئارىيەت بەرگەن بولۇڭ. بىز راسا بىر مۇڭدىشىپ، يىغلىشىپ قالغان گەپ ـ سۆزلىرىمىزنى تۆكۈۋالايلى. بەك بولمىسا ئۆزۈم بېرىپ ئەبىلبەك ئاكامدىن رۇخسەت ئالاي.

روشەننىڭ سۆزلىرى سويدۇمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى، بىر ھېسابتا روشەننىڭ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا ئاتلاپ توي قىلغان قىزلار ئاران بىر تېپىشقاندا ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلماسلىق ئەلۋەتتە غەرەز ئۇقىدىغان ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بىراق...

سويدۇم ئاخىرى يول قويدى.

— قارىغاندا بۈگۈنكى بۇ ئىشقا چامام يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنداقتا كېلىنىم سىزگە ئامانەت. ئەگەر ئۆيدىكىلەر بۇ ئىشقا رازى بولمىسا ئۆزى كېلىپ ئەكېتەر. ئاران بىر تېپىشقاندا تاڭ ئاتقۇچە راسا بىر مۇڭدىشىۋېلىڭلار.

سويدۇم شـۇنـداق دېگـەنـدىـن كېـيـىـن روشەنـنـىـڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماي ئۆيدىن چىقتى. ئىككى دوست ئۇنىـڭ كەينىدىن ئۇزىتىپ قالدى. سويدۇمنىڭ قارىسى يىتىشـى بىلەن روشـەن بۇرىلـىـپ سەلتـەنـەتنى قـۇچـاقلىـۋالـدى. ئـىـككـى دوسـت خۇددى قـىـزلـىـق دەۋرىـگـە قـايـتـقـانـدەك شـوخـلـۇق قـىـلـىـشـىـپ، راسـا كۈلـۈشـتـى. روشەنـنـىـڭ تۇرقىدىن سـەلتەنەتـنـىـڭ كەلـگـەنلـىـكـىـگە بـەكمۇ خۇشـال بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ سەلتـەنـەتنى ئەگـەشتـۈرۈپ بۇ يىل كۆكـتـات تېرىـش ئۈچۈن ئاجرىتىلـغان يەرگە ئېلىپ باردى. قار كەتكـەن قارا چـىـلان تۇپـراق يـەرگـە تۆكـۈلـگـەن مـالـنـىـڭ قـىـغـى ھەممـىـلا يەردە كۆزگە چـېـلـىـقـىـپ تۇراتتـى. يەر مۇنـبـەت بولغاچقا كۆكتاتنىڭ ئوخشىشىدا گەپ يوق ئىدى.

— بۇلـتـۇر تېرىـغان كۆكـتـاتلار شۇنداق ئـوخشـغـان. شۇڭا بۇ يىل كۆپرەك تېرىـپ، راسا بىر ئىشلەيلى دېدۇق. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن بولغاچقا ئۇرۇقنى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدا سـالسا مۇۋاپـىـق بولـىـدىكەن. كېـيـىـن پـىـشـقـىـنـى بىلەن بەكلا تەملىك بولىدىكەن. ئۇزۇپ ئۆيگـە ئەكـىـرىـپ قويسـا خېلى ئـۇزۇنغـىچـە چـىـدايـدىـكـەن. مەسـىـلـەن، پەمـىـدۇرنى دېرىـزە تـەكچـىـسـىـگە تىـزسا، مۇچـىـنـى يـىـپـقـا ئۆتكۈزۈپ ئېگىزرەك يەرگـە ئاسـا سېـسـىـپ كېتـىـشىنـىـڭ ئالدىنـى ئالغـىـلـى بولـىـدىكەن. بىـز دېھقـان بـولـغـانـدىـن كېيىن پەرۋىش قىلمىغىـمىـز، باشقـۇرمىقـىـمىـز ئاسـان، ئەمما سىزنىڭ بولسا ئوخشاشمايدۇ. پەرۋىش قـىـلـىـشـقـا، باشـقـۇرۇشـقـا كـۈچ كېـتـىـدۇ،— دېدى روشـەن ئـەھـۋال تونۇشتۇرۇپ.

— ئـۇغۇ شۇنـداق،— دېـدى سەلتـەنـەت روشەنـنـىـڭ سۆزىـنـى قۇۋۋەتلـەپ،— بىراق بىـزدە جان سانـى كـۆپ.

قېيىنئىنىلىرىم مەن ئۇچۇن ھەممىنى قىلىشقا رازى. ئۇلار ماڭا پىچىرلاپ: «يەڭگە، بۇ ئىشنى قورقماي قىلىۋېرىڭ. بۇ يەردە بىز بار. قانداق قىلىش لازىملىقىنى بىزگە ئۆگىتىپ قويسىڭىزلا بولىدى، سىز ئۆيدىن چىقمىسىڭىزمۇ بىز ھەممە ئىشنى سىز رازى بولغۇدەك قىلىمىز» دېيىشتى. قانداق ياخشى بالىلار دېسىڭىزچۇ، خۇددى ئۆز ئىنىمدەك.

— راست دەيسىز، — دېدى روشەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — مېنىڭ قېيىنئىنى، قېيىنسىڭىللىرىممۇ شۇنداق، ئادەمگە يېقىشلىق. «يەڭگە» دەپ ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ كېتىدۇ. بۇمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيەسىدىن بولسا كېرەك. بىر كۇنى سىرتتىن كىرىۋېتىپ قېيىنئاتامنىڭ بالىلىرىغا «ئۇ دېگەن سىلەرنىڭ يەڭگەڭلار. سىلەرگە يەڭگە بولۇش ئۇچۇن ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ شۇنچە يىراقتىن مۇشۇ تاغ ئىچىگە كەلگەن. ئادەم دېگەندە ۋىجدان بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىلەردە ۋىجدان دېگەن نەرسە بولسا يەڭگەڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار. بىزنىڭ ئورنىمىزدا كۆرۈپ، بېشىڭلاردا كۆتۈرۈڭلار. بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەت ئىچىگە سىڭىپ ئاسان ئەمەس. بۇگۇندىن باشلاپ كىمكى ئۇنى خاپا قىلىدىكەن مەن ھەرگىز كەچۈرمەيمەن. ئۇ بىزدىن رازى بولسۇن. شۇنداق بولغاندىلا بۇ يەردە مەڭگۇ سىلەرگە يەڭگە بولۇپ تۇرالايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ سۆز دىلىمنى مايدەك ئېرىتىۋەتتى. كۆزۈمدىن تاراملاپ ئاققان ياشقا ئىگە بولالماي سىرتقا ئاران ئۇلگۇردۇم. ئۇلار شۇنچىلىك قىلىۋاتقان يەردە مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مانا شۇ كۇندىن باشلاپ مەن بۇ يەردە مەڭگۇ قېلىش ئىرادىسىگە كەلدىم. قېيىنئاتام توغرا

دەيدۇ. ئادەم دىگەندە ۋىجدان بولۇشى كېرەك. ۋىجدانى بولمىغان ئادەمنى ئاللامۇ ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئەنە شۇنداق پاراڭلاشقاچ روشەن ئۇنى قاشانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بۇلتۇر كۆكتات تېرىغان يەرگە باشلاپ كەلدى. بىر قىشنى مۇشۇ ئىپتىزلىقتا ئۆتكۈزگەن پەمىدۇر بىلەن مۇچىنىڭ ياغاچلىرى مەن بۇ يەردە دەۋاتقاندەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— يەر مۇنبەت بولغاچقا تېرىغان كۆكتاتلار تازا ئوخشىدى. پەمىدۇرنىڭ ئالدى ئارا چىنىدەك بولدى. ئەپسۇس سوغۇق بالدۇر چۈشۈپ كەتكەچكە، پەمىدۇرلارنى كۆك بىلەن ئالا بۆرەك ئارىلاشتۇرۇپ ئۈزۈۋالدۇق. قىزارغانلىرىنى ئۇدۇللۇق قولۇم ـ قوشنىلارغا تارقىتىپ بەردىم. ئۇلار تاغ ئىچىدىمۇ پەمىدۇر پىشىدىكەن دەپ ھەيران قېلىشتى.

— كاۋىمۇ راسا يوغىنىغاندۇ ھەرقاچان؟ — دىدى سەلتەنەت باش تەرىپىدىكى باراڭغا قاراپ قويۇپ.

— نەدىكىنى، — دىدى روشەن جاۋاب بېرىپ، — چۈشۈشىنىغۇ چۈشتى. بىراق دىگەندەك يوغىناپ كەتمىدى. مەن بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. بىز تەرەپتە بۇنداق مۇنبەت تۇپراق بولسا كاۋا چاراسلاپ يېرىلىپ كەتمەمدۇ؟ مەسىلە زادى نەدە؟ قارىسام مەسىلە ھاۋا كىلىماتىدا ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ يىل ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ كاۋىنىڭ مايسىسىنى ئۆيدە ئۆستۈرۈش ئويىغا كېلىپ قالدىم. يەرگە ئۇرۇق سېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن كاۋا ئۇرۇقىنى ئۆيدىكى تەشتەككە تېرىسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ ئۇسۇل ئۈنۈم بەرسە، كاۋا تېرىشنى تاغ ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇشقا بولغۇدەك. كىم

بىلىدۇ، كېيىن باشقا كۆكتات تۇرلىرىنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تېرىپ كېتەمدۇق تېخى.

سەلتەنەت روشەنىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى. ئۇ خۇددى مۇشۇ يەرنىڭ ئادىمىگە ئوخشاش زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. سەلتەنەتكە ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن دۇنيادا مەنىۋى بايلىق ھەرقانداق بايلىقتىن ئۈستۈن تۇراتتى. مەنىۋى جەھەتتە بەكمۇ ئەبگار ھەرقانداق ئادەمنى ئۇ ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۇنى ھەرقانداق ئەھۋالدا تاشلاپ كەتمەيتتى. ئۇ بۇ يەردە ئەتىۋارلىنىۋاتاتتى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى خۇددى ئۆز قىزىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى. ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ھازىر دادۇينىڭ مۇئاۋىن دادۇيجاڭى قوشۇمچە ئاياللار كادىرى. قىلىۋاتقان ئىشلىرى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنى قوللايدىغانلار كۆپ. شۇلارنىڭ بىرى يولدىشى تەلىم ئىدى.

تەلىم روشەنگە بەكمۇ كۆيۈنەتتى، بەزى كۈنلىرى ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە تونۇش قىزغۇچ چىرايىغا تىكىلگىنىچە ئۇزۇن كېچىنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزەتتى. روشەنىنىڭ بىر خىلدا نەپەس ئېلىپ يېتىشى، گاھىدا چۈشەكەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشى ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇلدۇرسا، ئۇنىڭ يېنىدا يېتىشى ئۆزىگە بىر خىل جاسارەت بېغىشلىغاندەك بىلىنەتتى. مۇھەببەت مەڭگۈ ئۇزۇلۇپ قالمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇلار بەزىدە ئاچچىق يۇتۇپ ئۆزىنى قويىدىغانغا جاي تاپالماي قالغاندا تاغنىڭ جانغا

ئارامبەخش لەرزان شاملى ئۆلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى غەشلىكلەرنى سۈپۈرۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. بوككىدە ئۆسكەن ئورمانلار، پەلەككە تاقاشقان ئېگىز تاغلار، گۈپۈلدەپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرغان گۈل ـ گىياھلار، شاۋقۇن سېلىپ ئوينىاقشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى، ئۆزلىرىگە تونۇش گۈزەل تەبىئەت قەلبىنى شادلىققا تولدۇرۇپ، كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇراتتى.

ئىككى دوست پاراڭ سالغاچ كەچكى تاماققا تۇتۇش قىلدى. روشەن سەلتەنەتكە ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن بۇ يەردىكى تۇرمۇشىنى، يېڭى كەلگەندىكى روھىي ھالىتىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەرگە ئەگىشىپ تاغ ئىچىگە كەلگەندە ۋۇجۇدى قوقاستا پۇچىلانغاندەك كۆيۈشۈپ كەتتى. يىراق ئۆتمۈشتىن، سەبىي باللىقتىن قالغان گۈزەل خىياللار بىلەن ئەسلىمىلەر ئۇنى خېلى كۆڭلەرگىچە ساراسىمىگە سالدى. ئۇمىد بىلەن گىرەلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇمىدسىزلىك، خۇشاللىق كەينىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت گويا پىلە قۇرتىدەك ئۇنىڭ قەلبىنى غاجايتتى. ئۇ ئويلايتتى، قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تولغىناتتى، ئادەم كۆرمەيدىغان يەرگە بېرىپ ياش تۆكەتتى، سېغىنىش ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋاتاتتى. شۇنداق كۈنلەردە قېيىنئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ سۆز بىمارغا دەل ۋاقتىدا بېرىلگەن دورىغا ئوخشاش ئۇنىڭ قەلبىنى بېسىپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقنى ھەيدەپ كەتتى.

ــ ئادەم دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدىكەن، ــ دېدى روشەن داستىخان سېلىنىۋېتىپ، ــ ئىرادە تىكلەنسىلا

ھەممە نەرسە بىر دىنلا ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىگە ئايلىنىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلىرىم خېلى بىر مەزگىلگىچە مەنىسىز ئۆتكەن بولسىمۇ ھېچقاچان ئۇنىڭدىن بىزارلىق ھېس قىلىپ باقمىدىم. چۈنكى ئاشۇ مەنىسىز ھايات ئىچىگىمۇ خۇشاللىق، ئۆزىگە تۇشلۇق شادلىق يوشۇرۇنغان بولىدىكەن. مۇشۇلارنى ھېس قىلغاندىلا ھاياتنى تېخىمۇ قەدىرلىگىلى، تېخىمۇ سۆيگىلى بولىدىكەن.

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، داستىخانغا تاماق كەلتۈردى، ئاندىن چىنىگە چاي قۇيۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بەزى كۈنلىرى يوتقانغا كىرىپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمايمەن. ئانامنى، يۇرتۇمنى ئەسلەپ يۈرىكىم مۇجۇلىدۇ. كۆز ئالدىمدىن سوقما تامدىن ياسالغان ئىسكەتسىز بولسىمۇ مېھرى ئىسسىق، قىڭغىر - قىيسىق ئۆيلەر، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلار، كۆز يەتكۈسىز تۇزلەڭلىكلەر، قەلبى ئەينەكتەك سۈزۈك، خىزىر سۈپەت دوستلىرىم بىر دەممۇ نېرى كەتمەيدۇ. يەنە تېخى مەھەللىدىكى پەرىشتە سۈپەت بوۋايلارنى، كۆڭلى يۇمشاق مومايلارنى، ئاچچىقى يامان باغۋەننى ئەسلەيمەن. قارىسام ئاشۇ سۆيۈملۈك يېزامدا، ئانامنىڭ باغرىدا ئۇنىڭ يۇمشاق بەدىنىگە مەھكەم چاپلىشىپ، ئانام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ ئاجايىپ شېرىن ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈپتىكەنمەن. دوستلىرىم بىلەن قوغلاشماق ئويناپ، بالىلىق چاغلىرىمنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىكەنمەن. ھازىرمۇ يۇرتۇمنى سېغىنىمەن. يۇرتىنى سېغىنمايدىغان كىم بار؟ بىراق ھازىر مەن بۇ يەرنىڭ ئادىمى. چۈنكى بۇ يەردە مەن چىن قەلبىمدىن ياخشى

كۆرىدىغان ئادەملەر بار. مېنى ھەر زامان روھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھەببىتىم بار. ھەممە ئىشتا يار ـ يۆلەك بولىدىغان ئېرىم بار. كەلگۈسىدە باللىرىم بولىدۇ. مەنمۇ قېيىنئانامغا ئوخشاش جەمەتلىك بولىمەن. ئۇلارنى قاتارغا قوشۇپ، قىزنقىنى كۆرىمەن.

سەلتەنەت روشەننىڭ بۇنچىلىك ئوچۇق ـ يورۇق، ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقانلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. سەلتەنەتمۇ سىغىنىش ھېسسىياتى ھەرقېتىم يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە، قەلبىدە ساقلىنىپ قالغان قىممەتلىك خاتىرىلىرىنى بىر ـ بىردىن ۋاراقلاپ، خۇددى پىشقان بوغالتىرغا ئوخشاش ھەربىرىنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۆلچەپ چىقاتتى. ھەر قېتىم ئۆلچىگەندە خىجىللىقتىن يۈزلىرى ئوت ئېلىپ ياناتتى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە سىزنى سۇدىن ئۆزۈم ئۆتكۈزۈپ قويىمەن. كۆكتات ئۇرۇقى قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك ئېلىڭ. مېۋە كۆچىتىگە كەلسەك تۆۋەنكى مەھەللىدە بىر ئۇلاقچى بوۋاي بار. تاغدىكى ياۋا مېۋىنىڭ كۆچەتلىرىدىن قويساق ئۇلاپ بېرىدىغان بولدى. خەيرلىك ئىشقا راستىنلا ياردەم كۆپ بولىدىكەن، — دېدى روشەن ئورۇن سېلىۋېتىپ. سەلتەنەت بىر چەتتە خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالەتتە جىمجىت تۇراتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىنى گويا مۇئەللەققە چىقىپ قالغاندەك، ئالدىدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ باغرىغا بېسىش ئۈچۈن غۇلاچلىرىنى يېيىۋاتقاندەك سېزەتتى...

# ئون توققۇزىنچى باب

تاشقىن سۇ ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. سۇ يالاپ ئۆتكەن دەريا ساھىلى بىلەن سازلىقلاردىن بىر خىل ھەم چۈچۈمەل، ھەم قاڭسىق پۇراق كېلەتتى. ساي ـ سايلاردىن تاشقىن سۈيى بىلەن ئېقىپ كەلگەن لاي ـ لاتقىلار ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقاتتى. قاتتىق يامغۇردىن كېيىن ياشناپ كەتكەن مايسىلار كۆن نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرسا، تۆپىلىكلەر بىلەن يول بويلىرىدىن خۇددى قاسقاندىن كۆتۈرۈلگەندەك ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئېقىن بويلاپ ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈنغا سوزۇلغان توقاي ئورمانلىقلىرى بۆلەكچە ياشىرىپ كەتكەن بولۇپ، يوپۇرماقلاردا ئاززاقمۇ چاڭ ـ توزان قالمىغانىدى. ھەممىلا يەردە يىغىلىپ قالغان توختام سۇلارنى ئۆچرىتىشقا بولاتتى. يامغۇردىن كېيىنكى قۇياش تەپتى ئادەمنى كۆيدۈرۈپ، دىمىقچىلىقتا نەپەس ئېلىشنى قىيىنلاشتۇراتتى.

بۇ يىلقى تاشقىن سۈيى يىللاردىكىدەك بىراقلا كەلمەي، نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەلدى. چۈنكى قۇياشمۇ بۇ يىل چارۋا بىلەن چارۋىچىلارغا ئىچ ئاغرىتقاندەك بىردىنلا ئىسسىپ كەتمىدى. شۇنداق بولغاچقا چارۋىچىلارمۇ يىللاردىكىدەك ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېگىز

تۆپىلىكلەرگە تۇشۇپ يۈرمەمدى. بۇ يىلقى كۆكلەم كىشىلەرگە بىر خىل ئاسايىشلىق ئەكەلدى.

— يولدا دىققەت قىلىڭلار، — دېدى ئانا ئاتقا مىنگەن باللارغا تاپىلاپ، — يەڭگەڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار. ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈڭلار.

— خاتىرجەم بولغىن، ئاپا، بىز چوقۇم سىنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىمىز، — دېدى جاڭغابىل يېنىدىكى قەسەن بىلەن جۇماتايغا قاراپ قويۇپ، — يەڭگەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ياخشى ئادەم بولىمىز.

— ھۇ شەيتان، — دېدى ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ باللىرى ئۇزاپ كەتكۈچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى. ئاندىن «ئۇلارنىڭ تېرىغان كۆكتاتلىرى بىلەن قويغان مېۋىلىك كۆچەتلىرى قانداقراق بولۇپ قالدىكىن؟ ۋاقىت چىقىرىپ مەنمۇ بېرىپ كۆرۈپ كەلسەم بولغۇدەك» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

سەلتەنەت ئۆزىنى پەيدەك يەڭگىل سېزەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ كۆكلەمگە ئامان - ئېسەن كۆچۈۋالغاندىن كېيىن، كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يەر ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق سالغان كۈنى باللار بىر - بىرى بىلەن چېقىشىپ، راسا شوخلۇقلارنى قىلىشتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن يەڭگىسىنىڭ ئىشچانلىقىنى ماختىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى مېۋىسى ھەققىدە تالاش - تارتىش قىلىشاتتى. بىرى بىزنىڭ بۇ يەر كۈچلۈك ھەم كۈنگەي، پەمىدۇرلار چىلەكتەك چوڭ بولىدۇ دېسە، يەنە بىرى بىزنىڭ ئۆيدىكى سۇ توشۇيدىغان تۇڭدەك چوڭ بولىدۇ دەيتتى. ئىشقىلىپ ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ كۈلۈشەتتى. پاراڭ بىلەن

كۆكتات ئۇرۇقمۇ تېرىلىپ بولدى. كېيىن ئۇلار ياۋا ئۆرۈك بىلەن ياۋا ئالمىنىڭ كۆچىتىنى تىكتى. تالىشىپ يۇرۇپ چېلەكتە كۆچەتلەر تۈۋىگە سۇ قۇيدى. سەلتەنەت ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى خۇش قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ قېيىنئىنىلىرىگە مەستىلىكى كېلەتتى. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قېيىنئىنىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. شۇ ۋەجىدىن روشەنگە قېيىنئىنىسى ئىرتۇستۇكنىڭ ئىشىنى تاپشۇردى. روشەنمۇ بۇ ئىشنى ئامال قىلىپ بىجىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئىرتۇستۇك ئۆيلەنسە قېيىنئاتا بىلەن قېيىنئانا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان يەنە بىر يۈكتىن قۇتۇلاتتى.

ئۇلار قىشلاققا كېلىپلا قاشا ئىچىدىكى يەرنىڭ كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشتى. ئادەمنى خۇش قىلىپ ئۇلار تېرىغان ئۇرۇقنىڭ ھەممىسى ئۈنۈپ چىققانىدى.

— سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى سەلتەنەت ھاياجان ئىچىدە مايسىلارغا قاراپ تۇرغان قېيىنئىنىلىرىگە چۈشەندۈرۈپ، — مايسىلارنىڭ قېلىن ئۆسكەن يەرلىرىنى شالاڭلىتىپ، شالاڭ ئۆسكەن يەرلىرىنى تولۇقلايمىز. ھەربىر تۈپ مايسىنىڭ ئارىلىقى ئىككى غېرىچ بولسۇن. مايسا تاقلىغىچە، مايسا كۆچۈرگۈچە قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۆز جايىدا قالغان مايسىلار زەخىملىنىپ قالمىسۇن. مايسىلارنى كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن چېلەكتە سۇ توشۇپ، تۈۋىگە چۆمۈچ بىلەن سۇ قۇيىمىز. بۇ ئىشلارنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن قاشانى شامال ئۆتمىگۈدەك قىلىپ

چىتلايمىز. شۇنداق قىلمىساق باشقا ھايۋانلارنى دىمىگەندىمۇ توشقان كىرىپ مايىسلارنى نابۇت قىلىۋېتىشى مۇمكىن. قېنى ئەمىسە ئىشقا كىرىشەيلى. مەن ئۆز قولۇم بىلەن سىلەرگە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ قوياي.

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇق ئۆسكەن يەردىكى مايىسلارنى ئاۋايلاپ قومۇردى، ئاندىن شالاڭ ئۆسكەن يەرگە بىر نەچچە تۇپنى تولۇقلىدى. يەڭگىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرغان باللار بىردىنلا ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار شۇنچىلىك ئەستايىدىل ئىشلىدىكى، سەلتەنەتنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. مايسا تاقلاش ھەم كۆچۈرۈش ئىشى بىردەمدىلا تاماملىنىپ، ھەربىر تۇپ مايسىنىڭ تۈۋىگە ئىككى چۆمۈچتىن سۇ قۇيۇلدى. ئاندىن مېۋىلىك كۆچەت قويۇلۇپ، تۈۋى ئۆكچە بىلەن چىڭدالدى. يىگىرمە تۇپتىن ئوشۇقراق كۆچەتكە يىگىرمە چېلەكتىن ئوشۇق سۇ قۇيۇلۇپ ئىش تاماملاندى.

— قاشانى چىتلاشتىن ئىبارەت ۋەزىپە سىلەرگە قالدى. چۈشكىمۇ ئاز قاپتۇ، مەن تاماق قىلاي، نېمە يېگۈڭلار بار؟ — دېدى سەلتەنەت سۇ بويىدا قولىنى يۇيۇۋاتقان قېيىنئىنىلىرىگە قاراپ.

— مېنىڭ لەڭمەن يېگۈم بار، يەڭگە. سىز ئەتكەن لەڭمەن ھېچكىمنىڭ لەڭمىنىگە ئوخشاشمايدۇ. خېمىر پېتى يېسىمۇ شۇنداق تەملىك، — دېدى جۇماتاي ئىككى ئاكىسىغا قاراپ قويۇپ. بۇ سۆز بىلەن سەلتەنەت كۈلۈپ كەتتى:

— بۇنداق شېرىن - شەربەت سۆزلەرنى نەدىن

تاپىدىغانسىز، كىچىك مىرزام. شۇنچىلىك ماختاپ ئۇچۇرغىنىڭىزغا رەھمەت.

— ماختاپ ئۇچۇرغانلىق ئەمەس، يەڭگە، — دېدى قەسەن سۆز قىلىپ، — جۇماتاي راست دەيدۇ. سىز كەلگەندىن بېرى ئۆيىمىزگە بەرىكەت ياغقاندەك نېمە يېسەك شۇ ئاغزىمىزدا قېلىۋاتىدۇ. ئۆتكەندە سىز تاغاملارنىڭكىگە كېتىپ بىر كېچە قونۇپ قېلىۋېدىڭىز، بىز ئەمەس دادام بىلەن ئاپامنىڭمۇ سىز كەلگۈچە كۆزى تۆت بولۇپ كەتتى. دادام تېخى ئاپامغا: «كەمپىر، بۇ تاماقنى قانداق ئېتىپ قويدۇڭ، كۈندە يەۋاتقان تاماقتا زادىلا ئوخشاشمايدىغۇ» دېدى. بىز كۈلۈپ تېلىقىپ قالدۇق. ئاپاممۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەنمۇ كېلىن بالىنىڭ تامىقىغا ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، ئۆزۈم ئەتكەن تاماق ئۆزۈمگىمۇ تېتىمايۋاتىدۇ. كېلىن بالا قايتىپ كەلگۈچە چاي ئىچىپ تۇرايلى» دېدى. بۇنىڭ ھەممىسى راست. ئازراقمۇ يالغان يېرى يوق.

— بۇنداق دېسەڭلار مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن، — دېدى سەلتەنەت ھۇپپىدە قىزىرىپ، — ئاپام دېگەن ئاپام. مەن مىڭ يىلدىمۇ ئاپامدەك بولالمايمەن. ئۇنداق بولسا جۇماتاينىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە لەڭمەن ئېتىپ بېرەي.

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرۇپ بولمايلا قاتتىق قەي قىلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن باللار بىر - بىرىگە قاراشتى. سەلتەنەت بىر قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتقىنىچە ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

قۇرۇق ھۆ ئۇنىڭ جېنىنى قىيناپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھۆ قىلىۋېتىپ بىردىنلا سويدۇم ھەدىسىنىڭ

دېگەنلىرىنى ئەسلەپ قالدى. سويدۇم ھەدىسى راستىنلا ئەۋلىيادەك گەپ قىلغانىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا مانا...

ئانا بولۇش ئېھتىماللىقى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا لەرزىگە سالدى. مۇشۇنى ئويلىغاندا يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتتەك يېنىپ، بەدەنلىرى چىڭقالغاندەك بولدى. ئۇنى شۇ تاپتا بىر خىل جاسارەت ئۆز ئىلكىگە ئالغان بولۇپ، گويا تەڭدىشى يوق بىر خىل گىگانت ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. پۈتكۈل جاھان ئۇنىڭغا بىردىنلا كىچىكىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئۇ تەڭلىكگە ئۇن قويۇپ خىمىر يۇغۇرۇۋاتقاندىمۇ، خىمىرنى چەيلەپ پىلتا قىلىۋاتقاندىمۇ دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇنى ئەنە شۇنداق ناخشا ئېيتىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ جاھاننى بېشىغا كىيىشكە دەۋەت قىلاتتى. شۇ تاپتا قانىتى بولسا، ئۇچۇپ بېرىپ سويدۇم ئاتلىق ھەدىسىنىڭ ئاغزىغا ناۋات سېلىپ قويسا، ئۇنى قۇچاقلاپ توختىماستىن ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ، خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولسا. روشەنگىمۇ خۇش خەۋەر ئېيتىپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش تېزرەك ئانا بولۇشىنى تىلىسە. ئۇلارنىڭ چىرايىغا تەپچىپ چىققان شادلىقنى كۆرسە...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە بىردىنلا ئېرى، قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسى كەلدى. شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقسا ئۇلار چوقۇم ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ. چوقۇم خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ...

دىمىق ھاۋا ئەتراپنى تونۇردەك قىزدۇرۇۋاتاتتى. دەريا تەرەپتىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان ئىسسىق شامال پېشانىدىن تەر ئاققۇزۇپ، نەپەسنى بوغاتتى. ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى بوشاتقان سەلتەنەت چېچىنى كەينىگە تاشلاپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن لەرزان شامال غىپلا قىلىپ ئۆتكەندەك قىلدى. ئايىغى ئورمانغىچە سوزۇلغان چېپىشلىق يەر يېپىلىپ ياتاتتى. قارىيىپ تۇرغان ئورمانلىق كەينىدىن سۈزۈك ئاسمان ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. يىراقتىن كۆرۈنگەن بىرنەچچە چېكىت ئاستا ـ ئاستا يوغىناپ، ساغا ئايلاندى. باللار توقاي ئىچىدىن چىتلاقا كېرەكلىك چاتقاللارنى سۆرەپ چىقىۋاتاتتى.

ماي قىزىدى. سەلتەنەت دېرىزىدىن ئايرىلىپ قورۇمىنى قورۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى بۈگۈن ئۆزىنىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ تولىمۇ چاققان بولۇپ كەتتى. ئۇ قورۇما قورۇۋاتقاندىمۇ، لەڭمەن سوزۇۋاتقاندىمۇ باللار سىزىپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟ ئۇلارغا ھەرگىز سەزدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، دېگەنلەرنى ئويلىدى. چۈنكى بۇ بىر باشلىنىش، ھازىرچە ئۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

چۈشلۈك تاماق ئىنتايىن كۆڭۈللۈك يېيىلدى. پەقەت جاڭغابىللا:

ــ قانداقراق بولۇپ قالدىڭىز، يەڭگە؟ــ دەپ ئەھۋال سوراپ قويدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار چىقىپ چىتلاق ئېتىش بىلەن بەند بولدى. سەلتەنەت قازان بېشىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ ئۇلارغا ياردەملەشتى.

ئادەم بويى ئۆسكەن سىرىق تىكەندىن قوپۇرۇلغان چىت تام ھەقىقەتەن شامال ئۆتمىگۈدەك دەرىجىدە قىلىن بولدى. سەلتەنەتنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ياسالغان ئەگىنمۇ قاشانىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئۇيۇپ كەتتى. ئۇلار ئىشنى تۈگەتكەندە كۈنمۇ قايرىلغانىدى.

— ماڭايلى، — دېدى سەلتەنەت ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان باللارغا قاراپ. ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇرۇۋاتاتتى. خېلىدىن بېرى باللىرىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان كۈمۈش ئۇلارنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى. ئۇ بىردىنلا سەلتەنەتكە سەپسىلىپ قالدى. سەلتەنەت ھاياجاندىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى بىر خىل ھودۇقۇش ئىچىدە توختىماستىن مىدىرلايتتى، ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك تېز - تېز نەپەس ئالاتتى، يۇمران كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. ئانا بىردىنلا ئەجەبلىنىپ قالدى.

— يەڭگەڭلەرگە نېمە بولغان، كەيپىياتى باشقىچە تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سەلتەنەت سىرتقا چىقىپ كەتكەندە قەسەندىن. قەسەن ئاپىسىنىڭ سوئالىدىن ھەيران قالدى ۋە:

— ھېچ نەرسە بولغىنى يوققۇ؟ بىز قىشلاقتا شۇنداق ياخشى بېرىپ، شۇنداق ياخشى كەلدۇق. يەڭگەم چۈشكە لەگمەن ئېتىپ بەردى. لەگمەن ئوخشىغانىكەن، ئىككى قاچا يەۋەتتىم، — دېدى ئۇدۇللا جاۋاب بېرىپ.

— مەن بۇنى سوراۋاتقىنىم يوق. قارىسام يەڭگەڭلار باشقىچىرەك تۇرىدۇ. خۇددى ھېلىقى نېمىتى؟ ئەندىشە ئىچىدە تۇرغاندەك.

باللار بىر - بىرىگە قاراشتى.

— هە راست، — دېدى جۇماتاي بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، — بىز مايسا كۆچۈرۈشنى تاماملاپ بولغاندا يەڭگەم ياندۇردى. قارىغاندا ئۇنىڭغا يېڭى چىققان مايسىلار زىيان قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئانىنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتتى.

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ يەڭگەڭ راستتىنلا ياندۇردىمۇ؟ كۆڭلى ئىلەشكەن ئادەمدەك قۇرۇقتىن - قۇرۇق.

— شۇنداق. بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى جۇماتاي ئاپىسىنىڭ سۆزىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

— خۇدا ئۇزۇڭ ساقلا، ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئادەم نەگە كەتكەندۇ؟ — ئانا خۇددى ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدەك ئۆي ئىچىدە بىرنى پىرقىرىۋېتىپ ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، — ھەي دادىسى، نەدە سىز؟

مالالارنى جايلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ساپارغالى ئايالىنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ ئەنسىز ۋارقىراپ.

— بۇياقىقا، بۇياقىقا. سىزگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار.

ئانىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئەجەبلەنگەن باللار ھەيرانلىق ئىچىدە دادىسىنى بىر چەتكە ئېلىپ بارغان ئاپىسىغا قاراپ قېلىشتى. ئۇ سەل نېرى بارغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ قۇلىقىغا بىرنەرسىلەرنى دېدى.

— راستىما؟

بۇ دادىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— قىلچىمۇ يالغىنى يوق. باللارنىڭ ھەممىسى

كۆرۈپتۇ. بىز ئاخىرى مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتىدىغان بولدۇق. تەڭرىگە مىڭ رەھمەت.

باللار ئانىسىنىڭ ئاۋازىدىكى ئۇرغۇدىن بۇ ئائىلىدە راستتىنلا بىر چوڭ خۇشاللىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇنچىقمىغىنى بىلەن ساپارغالى ئايالىدىنمۇ بەكرەك خۇش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سويدۇمنىڭ كېلىنىگە قول كۆتۈرۈپ دۇئا بەرگەنلىكىنى بىلگەچكە دەرھال:

ــ ئۇنداقتا ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا باللارنىڭ بىرىنى ئەبىلبەكنىڭ ئائىلىسىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتەيلى. سويدۇمنىڭ بەرگەن دۇئاسى ئىجابەت بولغىنىنى ئۇلارمۇ ئۇقۇپ قالسۇن،ــ دېدى.

ــ ھازىر بولمايدۇ،ــ دېدى كۈمۈش ئېرىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ،ــ بۇ تېخى باشلىنىشى. يەنە بىرنەچچە كۈن قاراپ بېقىپ ئاندىن ئادەم ئەۋەتسەكمۇ كېچىكمەيمىز.

بۇ چاغدا ۋۇجۇدىدا بولغان ئۆزگىرىشنى ئېرىگە دېيىشكە ئالدىراپ كەتكەن سەلتەنەت ئۆز ئۆيىدە ئىرمەككە بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزىدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ئىرمەك ئۇنى قۇچاقلاپ چاچلىرىنى سىلىدى ۋە كۈچ بىلەن قويۇق چاچلىرىنى پۇراپ كەتتى. ئۇ خۇدىنى بىر بىلىپ ـ بىر بىلمەي تۇرغان ئارىلىقتا قۇلىقىغا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئانا ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۆينىڭ ئىچى ئارچىنىڭ ئۆتكۈر ھىدى بىلەن توشتى. ئانا مەشنىڭ تارتمىسىدا ئەكىرگەن ئىسرىق بىلەن ئۆينىڭ ئىچىنى ۋە سەلتەنەتنى ئىسرىقداپ چىقىپ كەتتى.

— ئاپام قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ — دېدى بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان سەلتەنەت ئېرىگە قاراپ.

— ئۇ دېگەن ئاپام. ھەرقانداق ئىشنى بىر قاراپلا بىلىۋالىدىغان سەزگۈر ئايال. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ بىلگىنىمۇ ياخشى بولدى. ئۇ بىلسە سەن ھەم قورساقتىكى بالا بىختەر بولىدۇ. چۈنكى ئاپام خۇداغا بەك يېقىن.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىشىگە سەلتەنەت ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇ چاغدا ئىرمەك ئۆزىنىڭ سۆيگۈ دەرياسىغا غەرق بولغانلىقىنى سەزدى. بۇ سەزگۈ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، تاشقىنغا ئايلانماقتا ئىدى. ۋۇجۇدىدىن چىقىۋاتقان ئوتلۇق بىر سېزىم ھەر ئىككىلىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشقا باشلىدى.

داستىخان ئۈستىدە بۇ ئىش ئاخىرى ئاشكارىلىنىپ كەتتى. ئانا بىلىپ ـ بىلمەي بالىلىرىغا بۇنىڭدىن كېيىن يەڭگىسىنى ئاسراشنى، ئېغىر ـ يېنىك ئىشلارغا سالماسلىقنى، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشنى تاپىلىدى. بۇنىڭ نېمە ئىشتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بالىلارنىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالدى. گەرچە پاراڭ تاغدىن ـ باغدىن سېلىنىۋاتقان بولسىمۇ ھەممەيلەننىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

ئىرمەك ئۆيدىن چىقىپ چاپىنىنىڭ بىر يېڭىنى سەپتى، تۈگمىسىنى ئەتكەچ، كېچە ئاسمىنىدا بەخۇدۇك ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئايغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى. ئايمۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى بىلگەندەك بىر ئىزدا قىمىرلىماي ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئاي كۆزىنى

قىسقاندەك بىلىنىپ كەتتى. پۈتۈن ئەتراپ بۈگۈن ئۇنىڭغا سۈتتەك يورۇق كۆرۈندى.

ئۇ ئېڭىشىپ پۇتىغا سۈركىلىۋاتقان مويناقنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن مويناق تېخىمۇ ئەركىلەپ ئوڭ پۇتىنى ئۇنىڭ ئالقىنىغا قويدى. مويناقنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئىرمەكنىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالدى. مويناق خۇددى ئادەمگە ئوخشاش ئۇنى تەبرىكلەۋاتاتتى.

تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر شادلىق بۇ ئائىلىنى ئىلىكىگە ئېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىرمەك ئورنىغا كىرىپ يېتىۋېتىپ تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسى توغرىسىدا شېرىن خىياللارغا پاتتى. ئۇ يۆگەككە يۆگەلگەن بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باساتتى. ئۇنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىگە مەستلىكى كېلىپ ئۇنىڭغا قارايتتى. گۈگراشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ھاياجانغا چۆمەتتى. ئۇنى ئەركىلىتىپ باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان سۆزلەرنى تەكرارلايتتى، كېيىندىن ئەگەشتۈرۈپ يايلاقنى بېشىغا كىيەتتى. ئىشقىلىپ بىر ئاتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى. ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى...

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن كۆزىنىڭ ئىلىنىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. بۇ كېچە ئۇ تۇغۇلمىغان بالىسىنى چۈشەپ چىقتى. كاللىسىغا قىز دېگەن ئۇقۇم ئورناپ كەتكەچكە، چۈشىدىكى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ تاغ چوققىلىرىغا چىقتى، دەريا بويلىرىغا باردى. سەلتەنەت كىرگەندە ئۇ لەۋلىرىنى تەمشىپ بىرنەرسىلەرنى دەۋاتاتتى.

پۈتۈن دالا تىمتاسلىق ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. يىراق - يىراقلاردا ئىتلارنىڭ ئۈرگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇپۇق سىزىقى سوزۇلۇپ، ئاسمان بارغانسېرى يورۇشقا باشلىدى.

بۈگۈن ھەممە ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولغاچقا، ئورۇنلىرىدىن سەھەر تۇرۇپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تۈگەتتى. مالنىڭ ئاياغلىرى تازىلىنىپ پاك - پاكىز قىلىنىۋېتىلدى. ئۆينىڭ ئەتراپى سۈپۈرۈلۈپ يېڭى بىر قىياپەتكە كىردى. يەرگە يورۇق چۈشۈشى بىلەن ساماۋار پورۇقلاپ قايناپ كەتتى. ئۆيدىن چىققان سەلتەنەت كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. تۆت ئەتراپ مۇھىم مېھمان كېلىدىغاندەك بىر خىل قىياپەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— قىزىم، بۈگۈندىن باشلاپ سىز بۇ ئۆيدە ئەڭ قىممەتلىك مېھمان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ئۆزىڭىزنى كۆتۈۋېلىش پۇرسىتى بېرىڭ. كۆپرەك ئارام ئېلىڭ. بىزنىڭ مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن بولغان.

سەلتەنەتنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە قېيىنئانىسىنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىگە جاھاندىكى ئەڭ دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشقا چامىسى يەتمەي قالدى، ئالدىغا سوزۇلۇپ كەڭ ئېچىلغان قوللىرى ئىختىيارسىز ئانىنى قۇچاقلىۋالدى.

خۇشاللىق ياشلىرى خۇددى ئاسماندىن چېلەكلەپ تۆككەن يامغۇرغا ئوخشاش قۇيۇلۇپ كەتتى. بىر ئېغىز

جايىدا ئېيتىلغان سۆز ئۇنىڭ قەلب ئىشىكلىرىنى جالاقشىتىپ ئېچىپ، ئۇزۇن يىل ئازاب چەككەن قەلبىگە ھاياجان ئۇرۇقلىرىنى سېپىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ قورسىقىدا ئەمدىلا ئاپىرىدە بولغان بالا ئۇچۇن شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ياق، بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار تۆرىلىشىدىن ئەنە شۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەر. شۇنداق بولغانلىقى ئۇچۇن ئۇ كېلىن بولۇپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتىدۇ. ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ئۇنى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىدەك ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكىسى ئەنە شۇنىڭ داۋامى، خالاس.

كېلىنىنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى كۈمۈشىنىڭمۇ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ تىلى، ئادىتى ئۆزلىرىگە ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان بۇ كېلىنىنى ھازىرلا بىرى بۇلاپ كېتىدىغاندەك باغرىغا چىڭ باستى.

قۇياش ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەۋاتاتتى. بىر كۈنلۈك ھايات تىرىكچىلىك يولىدا تىرىشىۋاتقانلارغا قۇچىقىنى كەڭ ئېچىۋاتاتتى. چايدىن كېيىن ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىغا ئاتلاندى. كۈمۈش سىرتتىكى ئوچاقتا سۈت پىشۇرۇۋاتاتتى. سەلتەنەت ئۆي ئىچىنى تازىلاپ سۈپۈرۈۋاتاتتى. سىرتتىن كىرگەن ئىركىنبەك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، يەڭگىسىنىڭ قولىدىكى سۈپۈرگىنى ئالدى. ئۇنىڭ يەڭگىسىگە دەيدىغان سۆزى باردەك قىلاتتى:

ــ يەڭگە، سىز راستتىنلا بىزگە ئەللەي تۇغۇپ بېرەمسىز؟ ــ دېدى ئۇ كىگىزگە سۈپۈرگە سىيلىۋېتىپ. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل سەبىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئەللەينى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دېدى سەلتەنەت ئۆنىڭغا ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ.

— ياخشى كۆرىمەن. سىز ئەللەي توغۇپ بەرسىڭىز ئۆنى ھېچكىمگە بەرمەي باقىمەن. سىزگىمۇ ياخشى قارايمەن. ئېغىر ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

— بۇ گەپنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟

— ھېچكىم ئۆگەتكىنى يوق. مەن شۇنداق قىلىشقا رازى. ئاپام: «ئەللەينى بىز باقىمىز. ساڭا ھەرگىز بەرمەيمىز» دەيدۇ. مەن ئاپامدىن خاپا بولۇپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىردىم.

— ئاپام سەن بىلەن چېقىشىپ قويۇپتۇ، كەنجەم. بولدى، خاپا بولما ـ ھە؟

بىر كۈن مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. كەچكى شەپەق گويا پۈتۈن جاھانغا گىرىم قىلماقچى بولغاندەك قىزغۇچ نۇرىنى ئەتراپقا سېپىشقا باشلىدى. تۆپىلىكتىن توپۇرلاپ چۇشۇۋاتقان كالا پادىسى مۆرەشكىنىچە چوڭ يولغا چۈشتى. ئىسسىق دەستىدىن ئېغىر تىنىپ قالغان ئۆيلەر بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك، تۈرخۇنلاردىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. سەپ تىزغان ياۋا غازلار غاقىلدىغىنىچە كۆك قەرىدە ئۇچۇپ ئۆتتى.

ساپارغالى ئائىلىسى كەچلىك تاماققا ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا ھويناق قاۋاپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن جوماتاي چىقىپ كېتىپ ناتونۇش بىر ئادەمنى باشلاپ كىردى. بىر جۇپ قارا كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان بۇ يىگىت سېرىق خادانىدىن ھەربىيچە ئىشتان ـ چاپان كىيگەن بولۇپ، بېلىنى تۆتلىك كەڭلىكتىكى كەمەر بىلەن

باغلىنىۋالغانىدى. يۈتىدىمۇ ھەربىرىچە سېرىق چۈخەي بولۇپ، پەقەت بېشىدىلا سېرىق شەپكە يوق ئىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام يىگىتىم، قېنى، تۆرگە ئۆت، — دېدى ساپارغالى ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن. يىگىت قولىدىكى سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسقاندىن كېيىن قول چايقاپ ساپارغالىنىڭ يېنىغا ئۆتتى.

— ئىسمىم نۇسۇپ. مۇشۇ دادۇيگە بۆلۈنگەن ئوقۇتقۇچى، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ. ساپارغالى ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا بۇرىلىپ قاراپ قويدى، — ئاڭلىسام سىلەرنىڭ ئائىلىدە ئوقۇش يېشىدىكى بىر بالا بار ئىكەن. شۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلەي دەپ كىرىشىم.

— ئوقۇش يېشىدىكى بالا دېسەڭ ئالدىڭدا ئولتۇرغىنى شۇ. ئىسمى ئىركىنبەك. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ قانداق قىلماقچىسەن؟ — دېدى ساپارغالى ھەيرانلىق ئىلكىدە.

— مەكتەپتە ئوقۇيدۇ - دە؟ — دېدى نۇسۇپ جاۋاب بېرىپ.

— يىگىت، سەن ئۇقمايدىغان ئوخشايسەن، بىز دېگەن بېشىمىزدا باي چارۋا دېگەن قالپىقى بار ئادەم.

— قالپىقى بولسا نېمە بوپتۇ؟

— قالپىقى بولسا نېمە بوپتۇ، دېگىنىڭ نېمىسى؟ قالپىقى بولسا ئامىمىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۆزگىرىدۇ. قۇيرۇقىنى دىڭگايتىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

نۇسۇپ ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچكە تولغان ئاۋاز بىلەن ھوزۇرلىنىپ كۈلدى. كۈلكە بىلەن تەڭ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىلكىنگەندەك بولۇپ، مەڭزىدە

پەيدا بولغان چوڭقۇر زىنىخى چىرايىنى بوّلەكچىلا نۇرلاندۇرۇۋەتتى. سەدەپتەك ئاپپاق چىشلىرى پارقىراپ، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولغاندەك خىلىغىچە چاقناپ تۇردى. يىمىرىلگەن ئىنچىكە قاشلىرى گويا ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى ئىپسىگە ئېلىۋاتقاندەك بىر يەرگە يىغىلىپ، چاقناپ تۇرغان بۇلاقتەك بىر جۈپ كۆزىگە روشەن سىپلىشتۇرما بولدى.

ــ بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ــ دېدى ئۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىپ، ــ قولۇمدا تىزىملىك بار. مەن پەقەت مۇشۇ تىزىملىكنى تونۇيمەن. قېنى، ئالدى بىلەن تىزىملىكنى كۆرۈپ باقايلى.

ئۇ شۇنداق دەپ سومكىسىدىن بىر خاتىرىنى ئالدى، ئاندىن ئۇنى ئالدىرىماي ۋاراقلاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا يۇرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلەپ كېتىۋاتقان ئىركىنبەك يېڭى ئوقۇتقۇچىغا تىكىلىپ قالغانىدى.

ــ مانا ئوغلىڭىزنىڭ ئىسمى بۇ يەردە تۇرىدۇ. بۇ دادۇيدە ئىركىنبەك ساپارغالىدىن ئىككىسى يوقتۇ. تاماق بەرگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت. مەن چىقاي. بۇگۈن بۇ تىزىملىكتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇقتۇرۇش قىلمىسام بولمايدۇ. قارىسام خېلى بىلىملىك ئادەمدەك تۇرىسىز. ئەگەر بالىڭىزنى ئوقۇتمىدىغان ئويىڭىز بولسا ئەتە ئەتىگەندە دادۇيگە ئېلىپ بېرىڭ. شۇ يەردە تىزىملاپ ئارخىپ تۇرغۇزىمىز. باي چارۋا بولسىڭىز سىز باي چارۋا. بۇنىڭ بالا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

ئوقۇتقۇچى كەتتى. ئۇنىڭ كېلىپ كېتىشى بىلەن ئۆي ئىچىنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن كەيپىيات قاپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن خۇشال بولغىنى يەنىلا

ئىركىنبەك ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھەجايىغىنىچە قارايتتى.

— ئۇنداقتا دەرھال تەييارلىق قىلايلى،— دېدى ئانا بىردىنلا ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا،— بالا ئەتە مەكتەپكە بۇنداق بارسا بولمايدۇ. ئۇنى داسقا چىلاپ راسا بىر يۇيۇپ قوياي. قىزىم، دەرھال سۇ تەييارلاڭ، مەن ئۇنىڭ يېڭىراق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تاپاي.

ئىركىنبەك بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشەلگەن بولسىمۇ سەل ۋاقىتتى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ گەپ قىلمىدى. ئانا خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا ئولتۇرغانلارغا:

— سىلەر سىرتقا چىقىپ تۇرۇڭلار. ئىركىنبەكمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. سىلەر بۇ يەردە ئولتۇرۇۋالساڭلار ئۇ خىجىل بولىدۇ،— دېدى.

خۇددى ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق بالىدەك يالىڭاچلاپ داسقا ئولتۇرغۇزۇشنى، دۈمبىسىگە، تېقىملىرىغا سوپۇن سۈرتۈشنى تازا خالاپ كەتمىگەن ئىركىنبەك داسقا تارتىشىپراق چۈشتى. چۈنكى ئۇ بۇ يىل ئون ياشقا كىردى. ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان سېزىپ بولغان ئانىنىڭ ئامبۇردەك كۈچلۈك قوللىرى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىسكەنجىسىگە ئالدى. ئانىنىڭ ئوڭ قولىدىكى سوپۇن ئۇنىڭ پاخپايغان بېشىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلىپ، بىردەمدىلا ئاپپاق كۆپۈكچىلەرنى ھاسىل قىلدى. بۇ كۆپۈكچىلەر بەدىنى ئارقىلىق سۇغا چۈشۈپ، داس ئىچىدە خۇددى كۆلدىكى ياۋا غازلاردەك ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تاقىلىپ قالغان

مەكتەپنىڭ قايتا ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئاتا ــ ئانىلار بىر كېچىنى ھاياجاندا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ دادۇي قورۇسىدا پەيدا بولدى. ئۇلار تەرتىپلىك ھالدا ئۇستەلگە ئېگىشىپ ئولتۇرغان نۇسۇپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ بالىلىرىنى تىزىمغا ئالدۇراتتى. كۈمۈش دەككە ــ دۈككە ئىچىدە نۇسۇپ مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ بالىسىنى ئەكەلگەنلىكىنى كۆرگەن نۇسۇپ مۇئەللىم كۈلۈپ قويۇپ، ئىركىنبەكنى تىزىمغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئانا يەڭگىل نەپەس ئالدى.

ــ ئۇنداقتا مەن مۇشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بارلىق ئاتا ــ ئانىلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. قېنى، يېڭى ئوقۇغۇچىلار سەپ بولۇپ قاتار تىزىلىڭلار. سىلەرنىڭ سىنىپىڭلار ھازىرچە دادۇينىڭ يىغىن زالى. بىز سىنىپقا رەسمىي قائىدە بويىچە، يەنى سەپ بويىچە كىرىمىز، ــ دېدى نۇسۇپ مۇئەللىم.

ئانا ئوغلىنىڭ يۇگۇرگىنىچە بالىلارنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى، ئاندىن سەپكە قېتىلىپ مۇئەللىمنىڭ كوماندا بېرىشى بىلەن چوڭ ــ چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭغىنىنى كۆردى. ئانىنىڭ يۈرىكى بىردىنلا يەخىرلىنىش ھېسسىياتىغا تولۇپ، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ كەتتى. نىمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە تايچىقى ئۆزىنىڭ پارلاق كەلگۈسى ئۇچۇن تۇنجى قەدىمىنى تاشلىدى.

ــ يەڭگە، بۇياققا كېلىڭ!

بىرسى ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ خىيالدىن

بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان دادۇيجاڭ سەرسەننى كۆردى. سەرسەن ئۇنى چاقىرىۋاتاتتى.

— سىزگە يەنە بىر خۇش خەۋەر، — دېدى سەرسەن ئۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — مانا بۇ چاقىرىق قەغىزى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ناھىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەتىيازلىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسى باشلىنىدىكەن. ئوغلىڭىز قىدىرغوجىنى چاقىرتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ دادۇيىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن.

كۈمۈشنىڭ قولىدىكى چاقىرىق قەغىزى تىترەپ كەتتى. ئۇ خېلىغىچە چاقىرىق قەغىزىگە قارىغىنىچە مىدىر قىلماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا مېڭىسىدە نۇرغۇن ئىشلار ئەكس ئېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆيگە خۇددى كەينىدىن بىرى قوغلاۋاتقاندەك تېز كەلدى. ئانىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن سەلتەنەت چۆچۈپ كەتتى

— سىزگە نېمە ئىش بولدى، ئاپا؟

— ھېچ ئىش بولغىنى يوق، بالام، خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق. ناھىيەدىن قىدىرغوجىنى چاقىرتىپتۇ. يۈگۈرۈشكە قاتنىشىدىكەن. مانا بۇ ناھىيەنىڭ چاقىرىق قەغىزى. دادىڭىز قېنى؟ ئۇنى تېزدىن چاقىرىڭ.

ھاسىراپ كەتكەن كۈمۈش شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا بۇ خەۋەرنى مىنۇت كېچىكتۈرمەي ھەممە ئادەمگە ئۇقتۇرغۇسى كېلەتتى.

— دادام ئۇمار ئاقساقالنىڭ بالىلىرىنى يوقلاپ كېلەي دەپ شۇ ياققا كەتكەن، — دېدى سەلتەنەت

قېيىنئانىسىنىڭ قولىدىكى قەغەزگە قاراپ قويۇپ،ــ ئوتتۇرانچى مىرزا قاچان يولغا چىقىدىكەن؟
ــ مەنمۇ تازا ئېنىق ئۇقمىدىم، ھەممىسى مۇشۇ قەغەزنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك، قېنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.
سەلتەنەت چاقىرىق قەغىزىنى قولغا ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن:
ــ ۋاقىت بەك زىچ ئىكەن، ئاپا. مۇسابىقە ئىندىنىلىققا ئىكەن. مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلار چوقۇم ئۆگۈنلۈككىچە تىزىمغا ئالدۇرۇشى شەرت ئىكەن. ئۇنداقتا بىز بۈگۈنلا تەييارلىق قىلمىساق ئۈلگۈرەلمىگۈدەكمىز. سىز باشقا تەييارلىقلىرىنى قىلىڭ. مەن نانغا خېمىر يۇغۇراي. كەچ كىرگۈچە بىر تونۇر نان يېقىپ، ئوتتۇرانچى مىرزىنى يېڭى نان بىلەن يولغا سالايلى،ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئانا ئالدىراپ قالدى. ئۇ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى:
ــ ياق، بولمىغۇدەك، نانىڭ خېمىرىنى ئۆزۈم يۇغۇراي.
ــ ئاپا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ. سۆزۈمگە كىرىپ سىز باشقا تەييارلىقلارنى قىلىڭ. يەنە تالىشىپ ئولتۇرساق ئۈلگۈرەلمەيمىز. بۇ دېگەن ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس.
سەلتەنەت شۇنداق دەپ خېمىر يۇغۇرۇشقا تۇتۇندى. كۈمۈش ساندۇقنىڭ تېگىنى ئاختۇرۇپ قىدىرغوجىنىڭ پەقەت ھېيت ـ ئايەم كۈنى كىيىدىغان كۆك خادانى ئىشتىنى بىلەن چاپىنىنى ئالدى. ئىشتان بىلەن چاپان كۆچۈپ يۈرۈش جەريانىدا پۇرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دەزمال سالمىسا بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى.

شۇ كۈنى بۇ ئائىلە يەنە بىر كىچىلىك ھاياجاننى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

ــ مەن ساڭا ئارتۇق گەپ قىلماي،ــ دېدى قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان ساپارغالى ئوغلىغا،ــ ئۆزۈڭگە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئال. كېيىن خەپ دېگىنىڭ بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ياخشى نەتىجە سېنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستىقبالىڭ. بۇنداق ئىستىقبالنى پۇلغا سېتىۋالىمەن دەپمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. بىز بۇ يەردە سېنىڭ ياخشى خەۋىرىڭنى كۈتىمىز. بارغىن، بالام، ئاللا مەدەت قىلسۇن.

قىدىرغوجا بېشىنى لىڭشىتتى، ئالدىنغان نەرسىلىرىنى رەتلەپ سومكىغا سالغاندىن كېيىن، يەنە نېمە قالدىكىن دېگەندەك ئۆي ئىچىگە قاراپ قويدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ۋاقىت ھاياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مىنۇتلىرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ ئۆينىڭ شۇنچە قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ يىغلاپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن بېشىنى بۇراپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ناھىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان چوڭ ـ كىچىك يۇرتداشلار ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. قىدىرغوجىنىڭ يۈرىكى بوشقىنا تىترەپ، كۆزلىرىدە ئىسسىق ياش پەيدا بولدى.

ــ غەيرەت قىل، بالام،ــ دېدى بىر ئاقساقال ئالدىغا چىقىپ،ــ خۇدايىم يۈت ـ قولۇڭغا كۈچ بەرسۇن. ماڭغان يولۇڭغا بەرىكەت بەرسۇن. يۇرتۇڭغا شان ـ شەرەپ ئەكەلگىن، ئامىن!

— مەن سىزنىڭ بەرگەن دۇئايىڭىزنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن، ئاتا. يۇرتداشلار، مېنى ئۇزىتىش ئۇچۇن كەلگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت. بۈگۈن مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر كۈن بولدى. بۇ كۈن ماڭا چوقۇم كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.

ئۇ پەقەت شۇنچىلىكلا دېيەلىدى. ئىرمەك ئۇنى گۈڭشېغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئاتقا مىندى. ئۇلار مانا ئەمدى چوڭ يولدا يانمۇيان كېتىۋاتاتتى. قىدىرغوجىنىڭ خۇشاللىقتا تولغان كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى پارلاپ تۇراتتى.

# يىگىرمىنچى باب

تەييارلىقلار بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن چۆپ چېپىش باشلاندى. تاڭ بىلەن تەڭ پۈتۈن سايلىقنى خىلمۇخىل كىيىم كىيىپ، رەڭگارەڭ ياغلىق ئارتقان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كۈلكە ئاۋازى بىر ئالدى. كېچە چالغىچىلار تەرىپىدىن چېپىلغان چۆپلەر ئات ياللىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئايىغى كۆرۈنمەي ياتقان سوللار خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئېسىگە كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار قوللىرىدا ئارىلىرىنى ئويناتقىنىچە قىيقاس ـ چۇقان ئىچىدە ئىشلەيتتى. هايال ئۆتمەي ساي ئىچىدە ئوت ـ چۆپ چومۇللىرى[①] قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇلاردىن خېلى نېرىدا ئەركەكلەر چۆپ چېپىش بىلەن بەند ئىدى. جىمجىتلىقتا چۆمگەن دالادا پەقەت كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان چالغىلارنىڭ «شىرت» قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئەرلەر گويا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئالىقانچىلىك بۇلۇت بولمىغان ئاسماندا بىر توپ قارلىغاچ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. قۇياشنىڭ تەپتىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەر پېشانىنى بويلاپ، ئېڭەكتىن شۇرقىراپ ئاقاتتى. قاتارلاشقان چالغىچىلار دەم ـ دەم

---

① ئوت ـ چۆپ چومۇللىرى ـــ ئوت ـ چۆپ دۆۋىسى.

توختاپ بېلىگە قىستۇرۇۋالغان لۆڭگىلىرى بىلەن قۇيۇلۇۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى. چالغا چېپىش گەرچە ئېغىر ئەمگەك ھېسابلانسىمۇ ئۇلار يەنىلا چالغا چېپىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەربىر كىچىك ئەترەتنى بىرلىك قىلغان ئەزالار چۆپ چېپىش ۋاقتى كېلىشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن تەييارلىققا كىرىشىپ، تەقەززالىق بىلەن بۇيرۇق كۈتۈشەتتى.

بۇ يىل ئوت ـ چۆپ يىللاردىكىدىن بولۇق ئۆستى. چېپىش ئىچىدە ئېچىلىپ كەتكەن تۈرلۈك ـ تۈمەن گۈللەر ئادەمنىڭ زوقىنى تارتاتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۆدۈنىنىڭ ۋىتۋالاق ئاۋازى پات ئارىدا چۆپ چېپىشنىڭ باشلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ساپارغالى ئاكا، — دېدى بىر كۈنى دادۇيجاڭ سەرسەن يولدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، — بۇ يىلقى چۆپ چېپىشتا يەنىلا سىلەرنىڭ ئائىلىگە تايىنىمىز جۇمۇ؟ سىزدە ھازىر باققاندەك ئالتە چالغىچى بار. تەييارلىقنى ياخشى قىلسۇن.

— قانداقلارچە ئالتە بولۇپ قالدى؟ — دېدى ساپارغالى ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ، — ئەسلىدىمۇ يەتتە تۇرسا.

سەرسەن كۈلۈپ كەتتى.

— ئەسلىدىغۇ يەتتە ئىدى، ئەمما بۇ يىل ئالتىگە قىسقىراپ قالدى. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، چۆپ توشۇش ئىشىنى يىلدا ئومار ئاقساقال تۇتاتتى. بۇ يىل ئۇنىڭ ئورنىغا سىزنى بەلگىلىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش چوڭ بولۇپ قالغاندا چالغىچىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرسىڭىزمۇ ياخشى بولمايدىكەن. بۇلتۇر بەزى يولداشلار بۇ توغرىسىدا بىزگە پىكىر قىلدى. چالغا چېپىش نېمە،

چۆپ توشۇش نېمە، ھەممىسى ئەمگەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولۇق نومۇر بېرىلىدىغان ئەمگەك.

ساپارغالى ئويلىنىپ قالدى. گەرچە دادۇيجاڭنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلاپ، ئارامىنى قويمايۋاتاتتى. دېمەك، قىرىغىنىنى ئۇنىڭ ئۆزى تۈيمىغىنى بىلەن تەشكىل تۈيۈپتۇ. ئۇنى كۆچىدىن قالدى دەپ چۆپ توشۇيدىغانلارغا مەسئۇل قىپتۇ. چۆپ دېگەننى ئاساسەن باللار توشۇيدۇ. ناھايىتى ئاسان. ئايالللار سالغان چومۇلنىڭ ئاستىغا بىر تال چەنزىنى ئۆتكۈزۈپ، ئارقان بىلەن مەھكەم باغلاپ قويسا بولغىنى. ئۆكۈز ياكى ئات ئۇنى ئويۇنچۇق ئورنىدا سۆرەپ كېتىدۇ. چۇشۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ئورنى يوق. ئۇيمەك[1] سىيلىنغان يەرگە بېرىپ ئارقاننى بوشىتىۋەتسىلا، چەنزە كۆلۈكنىڭ مېڭىشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىدۇ. چومۇل سىيلىشتىكى مەقسەتمۇ مۇشۇ. ئەجدادلار ئىشلارنى ھەم تېز، ھەم ئاددىي قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئامالنى ئويلاپ تاپقان. ساپارغالى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئارىلارنىڭ سېپىنى ئوڭشاۋاتقاندىمۇ، باللىرىغا ياردەملىشىپ چالغا چىڭداۋاتقاندىمۇ دادۇيجاڭنىڭ دېگەنلىرىنى خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى قىلمىدى. ئەسلىدە بۇ گەپنى دادۇيجاڭ ئەمەس ئۇ قىلغان بولسا توغرا بولاتتى. بۇنداق بولغاندا قەلبىمۇ بۇنچىلىك ئازابلىنىپ كەتمىگەن بولاتتى. بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ دېگۈچە دادۇيجاڭ دەپ قالدى. گەرچە دادۇيجاڭنىڭ دېيىشى بىلەن ئۆزىنىڭ دېيىشى

---

① ئۇيمەك ــ ئوت ـ چۆپ يىغىلىدىغان جاي.

ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق بولمىسىمۇ بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى.

«سەن راستتىنلا قېرىپ كاردىن چىققان ئوخشايسەن، ساپارغالى. ئەمدى رېئاللىققا تەن بەرگىن. بىرچاغلاردا بۇ ئەتراپتىكى چالغىچىلارنىڭ ئالدى ئىكەنلىكىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. گۇگشي بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە ئوتتۇز مىو چۆپ چېپىپ ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىنىڭنى ھېچكىم ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ھازىرمۇ مەنمەن دېگەن چالغىچىلار بىلەن بەسلىشەلەيسەن. بىراق كونىلار ‹خىلى خىلى بىلەن ياخشى، پىچاق قىنى بىلەن› دەپ بىكار ئېيتمىغان. سېنىڭ يەنىلا ياشلارغا ئورۇن بوشىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنرەك نەپەس ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگىنىڭ تۈزۈك. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ۋاقىت ئادەمنى ھەممىگە كۆندۈرىدۇ. بالىلارنى باشقۇرۇپ چۆپ توشۇشمۇ كۆڭۈللۈك ئىش.»

بىر سادا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەنە شۇنداق پىچىرلىدى.

— دادا، مانا بۇ سىزنىڭ چالغىڭىز. بېشى بىلەن تۇتقۇچىنى چىڭىتىپ قويدۇم. چىڭداشقا قولۇم بارمىدى، — دېدى ئىرمەك ئۇپرىغىنىدىن پىچاقتەك بولۇپ قالغان چالغىنى دادىسىغا تەڭلەپ.

— چىڭداشقا قولۇم بارمىدى، دېگىنىڭ نېمىسى؟ چىڭداۋەرسەڭ بولمامدۇ؟

ئىرمەك ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ گەجگىسىنى تاتىلىدى.

— ئۇ دېگەن سىزنىڭ چالغىڭىز. بۇ ئەتراپتا چالغا چىڭداشتا ھېچكىم سىزگە يەتمەيدىغان تۇرسا، چالغىنى بۇزۇپ قويامدىمكىن دەپ چىڭداشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— ئەخمەق بالا، ئۇنداقتا مەن ساڭا بۇ چالغىنى

ئاخىرقى قېتىم چىڭداپ بېرەي. بۇگۈندىن باشلاپ بۇ چالغىنى سەن ئىشلەت. ئۆزى ئۇستىرىدىن ئىتتىك. چىڭدىسا خام قايماقتەك يۇمشاق.

ئىرمەك دادىسىنىڭ سۆزىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى. دادا شۇنداق دېگىنىچە بىر پارچە تاختايغا مىخلانغان تۆشنى ئالدىغا تارتتى، ئاندىن بىر پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ، چالغىنىڭ بىسىنى تۆشنىڭ ئۇستىگە قويدى. مەخسۇس چالغا چىڭداش ئۇچۇن ياسىتىلغان بولقا ئۇنىڭ قولىدا چالغىنىڭ تۆش ئۇستىدىكى يۇزىگە يەڭگىل تېگىپ ئىز قالدۇرۇشقا باشلىدى. دادا راستتىنلا ئەستايىدىل ئىدى. بولقىنى بىر ئۇرغان يەرگە ئىككىنچىلەپ ئۇرمايتتى. بولقىنىڭ يەڭگىل ئۇرۇلغان ئورنىدىكى چالغىنىڭ يۇزى چىۋىن قانىتىدەك نېپىزلەپ ئۇششاق ئىزلارنى قالدۇراتتى.

ــ سۆزۇمنى تازا چۈشىنەلمىدىڭغۇ دەيمەن، ــ دېدى ساپارغالى تۆش ئۇستىدىكى چالغىنىڭ يۇزىنى يۆتكەپ، ــ بۇگۈندىن باشلاپ ئىككىنچى سەپكە چېكىنىدىم. سىلەر بىلەن چالغا چاپىدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى. بۇ دادىڭ تۇتقان تەۋەررۇك چالغا. چۆپ چاپقاندا ئانچە قىينىلىپ كەتمەيسەن. ئاسراپ تۇتقىن.

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ سۆز بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى.

ــ بۇ قانداق ئەخمەقنىڭ پىكرى؟ ــ دېدى جاڭغابىل بىردىنلا خاپا بولۇپ، ــ بىلسەم ـ بىلمىسەم ھېلىقى توقۇجىنىڭ ئىشىدۇر ھەرقاچان. مەن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

ــ نېمىسىنى سۆزلىشىسەن؟ ئويلاپ باقتىڭمۇ، بۇ

ئىشنىڭ نەرى يامان؟ بۇ ئىشقا خاپا بولماي خۇشال بولساق بولىدۇ. چۈنكى چالغا چىپىش كۈچ كېتىدىغان ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون نەچچە ئادەم بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ماڭىدۇ. ئارام ئېلىش پۇرسىتىمۇ بولمايدۇ. ھېسابلاپ باقسام، دادام ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك چالغا چىپىپتۇ. ئوتتۇز يىل دېگەن ئۇچ يۈز ئاتمىش ئاي دېگەن گەپ. گەرچە ھازىر ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكى ياخشى، قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بولسىمۇ ئەمدى چالغا چاپسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا بىز ئالتە ئوغۇل ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلايمىز. دادام ئارام ئالغاچ يەڭگىل ئىشلارنى قىلسۇن. بىز ئۇچۇن بولسىمۇ سالامەتلىكىنى ئاسراپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن.

ئىرتۇستۇكنىڭ سۆزى ساپارغالىنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكلەرنى سۈپۈرۈپ كەتتى. بىر ئائىلە كىشىلىرى چۆپ چىپىش باشلانغان كۈنى دادىل قەدەم تاشلىغىنىچە چۆپ چىپىش مەيدانىغا كەلدى. ئۇلار شامالدا لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلەرگە قارىغاچ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويۇپ، چۆپ چىپىش ئۇچۇن يۈرۈپ كەتتى. بىر چەتتە ئۇششاق بالىلار بىلەن ئاياللار ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئاشخانا ئۇچۇن چەللە ـ باراڭ ياساۋاتقانلارغا ياردەملىشىۋاتاتتى.

— بۇنىڭ ئاستىغا تاختايدىن يەنە بىرنى قويايلى. بولمىسا يامغۇر ياغقاندا سۇنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلىۋېلىپ، قازان يامغۇر سۈيىگە لىق تولىدۇ، — دېدى سەلتەنەت ئۆزىگە ياردەملىشىۋاتقان ئىرمەككە قاراپ. ئۇ ھازىر مانا مۇشۇ ئاشخانىنىڭ غوجايىنى ئىدى. كۆپچىلىك بولمايدۇ، دېگىنىگە ئۇنىماي ئۇنى ئاشپەزلىككە سايلاپ قويدى.

ھەر يىلى چۈپ چېپىش ۋاقتى يېتىپ كېلىشى بىلەن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كۆچۈپ چىقاتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىش تىمتاسلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن چەكسىز دالا قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈپ، بالىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن بولۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى بۆدۈنىنىڭ ۋىتۋالاق ئاۋازى ئارىلىشىپ كېتەتتى.

سەلتەنەت ئۇستى يېپىلغان چەللە ـ باراڭغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى. ۋاقىتلىق ياسالغان بۇ چەللە ـ باراڭ ئازادە بولۇپ، نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا ئۇستىلار چىقىپ ياسىغان ئىككى ئوچاقتىكى قازان سەلتەنەتنىڭ كۆزىگە ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئاشخانا ئىچىنى رەتلەۋېتىپ قىشلاقتىكى كۆكتاتلىرى بىلەن ئۆيدە قالغان توخۇلىرىنى ئويلاپ قالدى. قىشلاقتىكى كۆكتاتلار ئادەمنىڭ زوقىنى تارتىپ شۇنداق ياخشى ئۆستى. پەمىدۇر، باقلا، تەرخەمەكلەرگە ياغاچ قادالدى. مۈچ، كەرەپشە، كاپۇسكا، پىدىگەنلەرگە توپا يۆلىنىپ، ياۋا ئوت دېگەندىن ھېچنېمە قالمىدى. كۆڭۈل قويۇپ تىكىلگەن ياۋا مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ بىرىمۇ زايە بولماي ئۆتتى. يوپۇرماقلىرى قارا رەڭ ئالغان پەمىدۇردىن بۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىشتا گەپ يوق ئىدى. كاۋىمۇ ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ باراڭغا يامىشىۋاتاتتى.

سەلتەنەت شۇلارنى ئويلاپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى راستتىنلا ئىچىگە سىغمايتتى. روشەن سۆزىدە تۇرۇپ ئىرتۇستۇككە ياخشى لايىقتىن بىرنى تېپىپ بەردى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇ ئىشقا روشەننىڭ ئارىلاشقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئىختىيارنى قىزىغا بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا پۈتۈن ئائىلە خۇشاللىققا

چۆمۈپ، ئۆزلىرىنى خۇددى مۇئەللەقتە ئۇچۇۋاتقاندەك سەزدى. ئىرتۇستوكمۇ باشقىچە جانلىنىپ، دائىم دىگۇدەك غىڭشىغىنىچە ناخشا ئېيتىپ يۈرىدىغان بولدى. شۇ خەۋەر كەلگەن كۈنى كەچتە ساپارغالى قولىغا ئالمىغىنى ئۇزۇن بولغان دومبىرىنى ئېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆلەڭ ئېيتتى. ئايالىنى مەجبۇرلاپ، ئېيتىشىش ئېيتتى. بۇنى كۆرگەن باللار ئېغىزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە دادىسى بىلەن ئاپىسىغا ھەيرانلىقتا تىكىلىپ قالدى. مانا ھازىر توي تەييارلىقى جىددىي كېتىۋاتماقتا. قېيىنئاتىسىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ئۇ ئىرتۇستوكىنىڭ تويىنى قۇدىسى باقاخۇن كەلگەندە قىلغۇدەك.

روشەن راستتىنلا دىگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ شۇنچە چوڭ ئىشنى بىجىرىپلا قالماي يەنە ئۆزى ۋەدە قىلغان چۈجىلەر بىلەن كاۋىنىنىڭ مايىسىسىنىمۇ ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ ئەۋەتكەن ئىككى توخۇ ئوندىن يىگىرمە چۈجىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يەرگە ئۆزلىشىپلا كەتتى. باللار قول سېلىپ ياسىغان ياغاچ كاتەكنى كۆرگەندە سەلتەنەتنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— يەڭگە، — دىدى جۇماتاي ئۇنىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — تاغنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ھازىر ئۇچۇقتەك قىلغىنى بىلەن بىردەمدىن كېيىن بوران چىقىپ، خۇددى چېلەكتە تۆككەندەك يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ. چۈجىلەر كىچىك ئىكەن. يامغۇردا قالسا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە مەخسۇس چۈجە يەيدىغان سا بار. ئادەم يوق چاغدا ئۇلار بەكلا ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز

بىرلىشىپ بۇ كاتەكنى ياساپ سىزگە سوۋغا قىلىش قارارىغا كەلدۇق. كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ بۇ ئاددىي سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلىڭ.

— رەھمەت سىلەرگە، ئىنىلىرىم.

ئۇ پەقەت شۇنچىلىكلا دېيەلىدى. دېمىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن سۆزلىرى بولسىمۇ بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە دېيەلمەي قالدى. قانداق ياخشى باللار — ھە؟ ئۇ ئويلاپ يەتمىگەن ئىشلارنى ئويلاپ يېتىپتۇ. يەڭگىسىنىڭ تۇنجى قىلغان ئىشىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپتۇ. ئۇلار يەڭگىسىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئەمەس، بەلكى غەلىبىسىنى كۆرۈشنى خالايدۇ...

ئارقا سەپكە مەسئۇل بولغان ساقاللىق بوۋاي ئىككى تۇڭ سۇنى چۇشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ھارۋىسىنى ھەيدەپ كەتتى. ئىككى چاقلىق ھارۋىنىڭ جالاقشىغان ئاۋازى خېلى بىر ۋاقىتچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

سەلتەنەت ئوچاققا ئوت قالاۋېتىپ دادىسىنى ئويلاپ قالدى. بېلىنى شوينا بىلەن باغلىغان، چاچ — ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، تۇرقىدىن غەم — قايغۇ بىلەن ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرغان دادا كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن يۈرەك — باغرى ئېزىلىپ كەتتى. دادا تىرىشچان ئىدى. تىرىشچانلىقىدىن كېچىلىرى تۈزۈكرەكمۇ ئارام ئالمايتتى. يوغان — يوغان تېشى بار چوتنى ئۇياق — بۇياققا ئۇرۇپ، دەپتەرگە بىرنەرسىلەرنى يازاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئەتىگەندە ئاپىسىنىڭ:

— دادىسى، شۇنچە كۆپ مال — دۇنيايىمىز بولغاندىن

كېيىن پاكىز كىيىپ، قورساقلىرىغا ياخشىراق يېسىلىرى بولمامدۇ؟ — دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.
— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ — دېدى دادىسى بىردىنلا زەردە بىلەن سۆزلەپ، — يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ. بايلىق دېگەننى تىرىشىپ - تىرماشقاندىلا، يېمەي - ئىچمەي يىغقاندىلا توپلىغىلى بولىدۇ. مېنىڭ بايلىق يىغىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇش. بۇ ئەتراپتىكى بايلارنىڭ ھاجى بولۇپ كەلمىگىنى ئاز قالدى. بۇ دۇنيا دېگەن بىر دەڭ. قونۇپ ئۆتىمىز، خالاس. شۇڭا بۇ دۇنيادا ئۇ دۇنيانىڭ غېمىنى قىلمىغان بىلەن بولمايدۇ. تەڭرىم دوزاخ ئازابىدىن ئۆزى ساقلىسۇن. ئىككىنچىدىن، قىزىم ئۈچۈن. مەندىن كېيىن قالسا تىلى ئۇزۇن بولۇش ئۈچۈن. مىڭ قىلمىغان بىلەن ئۇ دېگەن قىز بالا. قىز بالا دېگەن ئاجىز كېلىدۇ. ئازراق دۇنيا قالدۇرۇپ قويساق بارغان يېرىدىمۇ تىلى ئۇزۇن بولىدۇ. بىزنىڭ روھىمىزغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ.
شۇ چاغدا سەلتەنەتنىڭ ۋۇجۇدى ئىللىق بىر سىيزىمنىڭ تەسىرىدە شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولغانىدى. دادا ئەنە شۇنداق ئادەم بولغاچقا يېمەي - ئىچمەي يىغدى، مال - دۇنيا يىغىش ئۈچۈن ھەممىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى، پۇلنى دەپ نۇرغۇن ئادەملەرنى رەنجىتتى، ئاخىرىغا بېرىپ ھەممىدىن قۇرۇق قالدى. ئۆيدىكى نەرسىلەر مۇسادىرە قىلىنغان كۈنى بىچارە دادا خۇددى كىچىك بالىدەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. دۇنيانىڭ كەينىگە كىرىپ غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرگىنىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى

كاچاتلاپ كەتتى. خۇدانىڭ ماڭا كۆرسىتىۋاتقانلىرى ئاز دەپ ۋارقىراپ كەتتى...

سەلتەنەت كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياشنى ئېتىكى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن قىڭراقنى قولىغا ئېلىپ، تەكشى يېيىتىلغان ئاشنى كېسىشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، دادا بىر كۈندىلا ئاددىي ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. بۇرۇنقى سەپرالىقىدىن ھېچ نەرسە قالماي، كۆيۈمچان، مۆمىن ھەم ئىشچان بولۇپ قالدى. سەلتەنەت بۇنىڭدىن ھەم خۇشال بولاتتى، ھەم قايغۇراتتى. خۇشال بولىدىغىنى ئۇ بىلىدىغان ھەقىقىي دادا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە دادا ھەر دائىم ئالدىراش ئىدى. ئۆيگىمۇ كەمدىن ـ كەم كېلىپ، كۆپىنچە سىرتلاردا قونۇپ قالاتتى. ئۆيگە كەلگەن چاغلىرىدىمۇ قاپاقلىرى سىلىنىپ، خۇددى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك خاپا يۈرەتتى. سەلتەنەتنىڭ ئەركىلەشلىرىگە ئانچە ئېتىبار قىلىپمۇ كەتمەيتتى. سەلتەنەت چوڭ بولغانسېرى دادىنى بۇ دۇنيادا پەقەت پۇلدىن باشقا نەرسىنىڭ خۇش قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بىر كۈنى ئۆيگە يىراقتىن بىر تۇغقىنى كەلدى. ئۇ كېتىدىغان كۈنى: «باقاخۇن، بۇ دۇنيادا ئىككى خىل ئادەم بار. ئۇنىڭ بىرى، دۇنيانى قۇل قىلغانلار. بۇنداق ئادەملەر مال ـ دۇنيانى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ. تاپقان ـ تەرگىنىنى ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىگە، ئاندىن ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. يەنە بىرى بولسا، دۇنياغا قۇل بولغانلار. ئۇلار دۇنيانى ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئۇلارنى باشقۇرىدۇ. دۇنيانىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ. بىر تەڭگىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتۈپ، خەجلەشكە

كۆزى قىيمايدۇ. بۇنداق ئادەم ئاخىرى بېرىپ ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ. قارىسام سىلى ئىككىنچى خىل ئادەمنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ قالغاندەك تۇرىسىلە. بۇ ياخشى ئىش ئەمەس» دېگەنىدى. بۇ گەپ سەلتەنەتنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ دادىسىغا دەيدىغان نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى بولسىمۇ دېيىشكە ئامالسىز ئىدى. ئاخىرى ئاشۇ تۇغقىنىنىڭ دېگىنى كەلدى. ئازاب يالغۇز دادا بىلەن كەتمىدى. پومېيشچىك دېگەن قالپاقنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان ئانا ئۇلارنى تاشلاپ باقىي ئالەمگە كېتىپ قالدى. سەلتەنەتنىڭمۇ غەمسىز كۈنلىرى كەلمەسكە كەتتى.

— نېمىنى خىيال قىلىپ كەتتىڭىز، بالام!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈگەن سەلتەنەت كەينىگە بۇرۇلۇپ قېيىنئانىسىنى كۆردى. ئارىنى مۇرىسىگە سالغان قېيىنئانا كۈلگىنىچە ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ كەلدى. سەلتەنەت بويۇنداپ قېيىنئانىسىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاياللارنى كۆردى. ئۇلار بىر تەرەپتىن پاراڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ئۆزىڭىز يالغۇز قىينىلىپ قالمىغانسىز ـ ھە؟— دېدى قېيىنئانا ئارىنى بىر چەتكە يۆلەپ قويۇپ،— بىر ھېسابتا ئاشخاندا قالغىنىڭىزمۇ ياخشى بوپتىكەن. نېمىدېگەن ئىسسىق كۈن بۇ؟

— راست دەيسەن، كۈمۈش،— دېدى ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئاشخانىغا سوڭدىشىپ كىرگەن جاڭىلقان،— بۇ ئىسسىقتا ئېگىزدا يۈرگەن ئادەم پىشىپ قالىدىغۇ

تايىنلىق؟ ئۇسسۇزلۇق بارمۇ، قىزىم، ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم.

سەلتەنەت ئۇنىڭغا سوۋۇتۇلغان قايناق سۇدىن قۇيۇپ بەردى. ئىشلەپ ئۆپكىسى قۇرۇغان بۇ ئايال ئۇسسۇزلۇقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

— پاھ،— دېدى سارە ئىسسىملىك ئايال تۇمشۇقىنى سوزۇپ،— نېمىدېگەن مەززىلىك يوراق بۇ؟ كۇمۇش، قارىغىنە، ئاشخانا كېلىنىڭگە نېمىدېگەن ياراشقان - ھە؟ مەن ساڭا قورساق كۆتۈرگەن ئايال چوقۇم ھەرىكەت قىلىپ بېرىشى كېرەك، دېسەم بۇرۇن پەقەتلا قورساق كۆتۈرۈپ باقمىغاندەك سۆزۈمگە كىرمىۋېدىڭ، قانداق دېگەنلىرىم ئورۇنلۇقمىكەن. سەن بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگىنىڭ بىلەن مەن ئوبدان چۈشىنىمەن. ھەرىكەت قىلسا كېيىن تۇغۇتمۇ ئاسان بولىدۇ.

— ئۇ چۈشەنمەيدۇ ئەمەس، چۈشىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭمۇ ياخشى كۆڭلى،— دېدى جاڭىلقان سۆزگە ئارىلىشىپ،— سەلتەنەتنىڭ ئاتا - ئانىسى بۇ يەردە يوق. شۇنداق بولغاندىن كېيىن كۇمۇش كېلىنىگە ئىككى كىشىلىك كۆيۈنمىسە بولامدۇ؟ مەن بولسامۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىم. ئاياش باشقا گەپ، ئىشقا سېلىش باشقا گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ۋاقىتلاردا قورساقتىكى ھامىلە تېخى تۇراقلىشىپ بولمىغانىدى. سەللا دىققەت قىلمىسا بويىدىن ئاجراپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ بولىدىغان. ھازىر بولسا ئۇنداق ئەمەس. ھامىلە تۇراقلىشىپ بولدى. ئەمدى قانداق ھەرىكەت قىلسا بولۇۋېرىدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئېغىر نەرسە كۆتۈرمىسىلا بولغىنى.

ئاياللار جاڭىلقاننىڭ سۆزىنى بىر ئېغىزدىن

قۇۋۋەتلىدى. قازانغا ئاش سېلىۋاتقان سەلتەنەت كۆلۈپ قويدى. دېمىسىمۇ قېيىنئانا خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىشىغا، كالا سېغىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. بالىلارمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى بۇ ئائىلىدىكى خانىشتەك ھېس قىلىپ قالدى.

ئاياللارنىڭ پارىڭى ئەرلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. كۈن قىزدۇرۇپ تۇرغاچقا ئەرلەرنىڭمۇ يۈز ـ كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

ــ نېمىدېگەن ئىسسىغان كۈن بۇ، بۇنى ئاز دەپ تاماق يەيدىغان يەرمۇ قاغجىراپ كېتىپتۇ. دەم ئالغاچ تاماق يەيدىغانغا چەللىدىن بىرنى ياسىساق بولغۇدەك، ــ دېدى تىلەۋبەردى كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ساپارغالىغا قاراپ قويۇپ.

ــ شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى ساپارغالى دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ، ــ بۈگۈن ئۆلگۈرەلمىدۇق. ئامانچىلىق بولسا ئەتە ياشلاردىن بىرقانچىسى ئەتىگەنرەك تۇرۇپ بۇ يەرگە سايىۋەن ياساشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكەلسۇن. تۆت بۇلۇڭىغا ئورەك كولاپ تۈۋرۈك بېكىتىسەك ئىش پۈتكىنى. ئۈستىگە ياپىدىغانغا بۇ يەردە قۇرۇق چۆپ دېگەن تولا. يىللاردا ئەنە شۇنداق ياسىۋالاتتۇققۇ؟

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى سۆزگە ئارىلىشىپ، ــ ئۇ چاغدا چوڭلاردىن دەركەمباي ئاقساقال بىلەن ئومار ئاقساقال بار ئىدى. ئۇلار بولغاچقا بۇنداق ئىشلارغا بىز باش قاتۇرۇپ يۈرمەيتتۇق. ئۇلارنىڭ يوقلۇقى مانا بۈگۈنلا بىلىندى. قانداق ئېسىل ئادەملەر ئىدى ـ ھە؟ ساپارغالى ئاكا، قاراپ باقسام ئۇلارنىڭ ئورنىدا سەن قاپسەن. باشقىلارمۇ سېنىڭ سۆزۈڭنى

ئاڭلايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىزگە باش بولۇپ، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەر. بىزگىمۇ ساڭا ئوخشاش بىر ئادەم كېرەك.

ساپارغالىنىڭ چىرايىنى بىردىنلا سېغىنىش تۇيغۇلىرى ئىگىلىدى. دەركەمباي، ئومار قاتارلىق ئاقساقاللار بولغاچقا، دادۇينىڭ كادىرلىرىمۇ خاتىرجەم ئىدى.

— ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟— دېدى قىدىرغوجا بىردىنلا نارازى بولغان هالدا،— ئەترەت باشلىقلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇنداق ئىشنى شۇلار ئويلىشىپ، بالدۇرراق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئىش چىڭىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. بىرى يىغىن دەۋاتقان. يەنە بىرى ئاغرىپ قالغان. يەنە بىرىنىڭ مال داۋالىغۇسى كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام دېگەن باي چارۋا، بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشسا بولمايدۇ.

— يارايسەن،— دېدى ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى سېرىق قاشلىق يىگىت ئاۋاز قوشۇپ،— شەھەر كۆرگەن ئادەم دېگەن باشقا بولىدۇ. قېنى بۇ دادۇينىڭ كادىرلىرى دەيمەن. گەپنىڭ راستىنى دېسەم بۇ بىرنېمىلەرنىڭ هەممىسىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك. قاچانلا بولسا تەييارغا هەييار بولۇپ يۈرگەن. يىل ئاخىرىدا قارىساڭ ئالغان گۆش ـ يۈڭنىڭ بىرىمۇ كەم ئەمەس.

— قايناپ كەتمە، ئاغىنە،— دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئوراز ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ،— ئەگەر ئالماشتۇرۇش ئىشى بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان بولسا ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ كەشىنى توغرىلاپ قويغان

بولاتتۇق. بىراق بۇ دېگەن بىزنىڭ ئەمەس، بەلكى يۇقىرىنىڭ ئىشى. قارا، ئەنە ئۇلارمۇ كېلىۋاتىدۇ.

ئورازنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى. راست دېگەندەك ئۇ تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىق بۇياققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئاتلىقلار يېقىنلاپ كېلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئولتۇرغانلار سالامغا سالام بىلەن جاۋاب بەردى. ئاتلىقلار ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار توققۇجا باشلىق دادۇينىڭ كادىرلىرى ئىدى.

— ھەرقايسى ئىش نۇقتىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيمىز دەپ كېچىكىپ قالدۇق، — دېدى ساپارغالىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغان توققۇجا سۆز قىلىپ، — سىلەر يەنىلا سەپنىڭ ئالدىدا ئىكەنسىلەر. بىز دادۇي كادىرلىرى بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ھەرقايسى ئەترەتلەردە نۇقتىدا تۇرىدىغانغا كېلىشتۇق. سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلار بىرقەدەر ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن يولداش سەرسەن مۇشۇ ئەترەتتە قالسۇن. ئەتىدىن باشلاپ ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلىدۇ. قايسى ئەترەتنىڭ تۆھپىسى زور بولسا كۆچمە قىزىل بايراق شۇ ئەترەتكە بېرىلىدۇ. ھاۋارايىدىن قارىغاندا مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ھاۋا ياخشى بولىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا يولداشلارنىڭ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بۇ يىلقى چۆپ چېپىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن قايناۋاتقانلارنىڭ ئاغزى

يۇمۇلۇپ، ئەتراپ تىمتاس بولدى. بۇ چاغدا تاماقمۇ پىشىپ تەييار بولغانىدى.

— نىمىدىگەن ئوخشىغان تاماق بۇ، خۇددى كادىرلار يەيدىغان تاماقتەك،— دېدى بايىقى سېرىق قاشلىق يىگىت ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. توققۇجا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويىدى. كادىرلار يەيدىغان تاماق، دېگەن سۆز ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۆز تالىشىشنى لايىق كۆرمەي چىنىدىكى تاماقنى چوكا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ پۇۋلىدى.

تاماق راستىنلا ئوخشىغانىدى. شۇڭا ئۇلار كۈننىڭ تەپتىنى سەزمەيۋاتقاندەك تاماقنى ئىشتىها بىلەن يېيىشتى.

— بۇ يەرگە ئاپتاپتىن دالدىلانغۇدەك بىرنەرسە ياسىۋالساڭلار بولغۇدەك،— دېدى توققۇجا پېشانىسىدىكى تەرنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ،— تاماق ئىچىشمۇ بىر ئازابقۇ؟ ئەگەر تاماق ئاغزىمغا تېتىمىغان بولسا دوزاخ ئازابىنى كۆرەتتىمكەن.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ساپارغالى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن ئويلىغانلىرىنى دەپ بەردى.

— قىدىرغوجا، قېنى دېگىنە، قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى روھىي ھالىتىڭ قانداق؟ بىزمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ سېنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇدەكمۇ بولمىدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماي دەۋاتىسەن؟— دېدى سەرسەن سۆز ئارىلىقىدا قىدىرغوجىغا گەپ قىلىپ.

— روھىي ھالىتىم شۇنداق ياخشى، دادۇيجاڭ،— دېدى قىدىرغوجا سەل - پەل قىزىرىپ،— بۇنىڭدىن كېيىن

قانداق قىلىشقا كەلسەك بۇنى هازىر مەنمۇ بىلمىدىم. ئەگەر يەنە پۇرسەت بولسا مۇسابىقىگە قاتناشسام دەيمەن.

— قىزىق گەپ بولدى - دە بۇ، — دېدى ئوراز سەرسەنگە بوينىنى سوزۇپ، — سەن دېگەن دادۇيجاڭ. بۇنداق گەپنى ئۇنىڭدىن سورىماي، ئۇنىڭغا سەن دەپ بەرسەڭ بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن هەيران، ئۇ ناهىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولۇپ دادۇيىمىزگە شان - شەرەپ ئەكەلگەن بولسىمۇ، ئەمما دادۇي خۇددى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپمىغاندەك ئىپتىنچ يېتىۋالدى. بىرەر قېتىم يىغىن ئېچىپ بولسىمۇ ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ قويمىدى. شۇنداق تۇرسا، كىمنىڭمۇ دادۇيىمىز ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزغۇسى كېلىدۇ؟

ئورازنىڭ سۆزى بىلەن ئەتراپ ئىمتاسلىقتا چۆمدى. ئورازنىڭ دېگەنلىرى هەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر بولغاچقا كۆپچىلىك نېمە دەيدىكىن دېگەندەك توققۇجىغا قاراشتى. بۇنىڭدىن ئوڭايسىزلانغان توققۇجا دەرهاللا:

— هەقىقەتەن بۇ ئىشقا كەلگەندە بىز ئەيىبلىك. ئەسلىدە شۇنداق بىر ئىش قىلماقچى ئىدۇق، بىراق مەلۇم سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن بۇ ئىشنى قىلالمىدۇق. كۆپچىلىكنىڭ بىزنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

— كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا دېيەلمىگۇدەك نېمە سەۋەب؟ — دېدى تىلەۋبەردى هەيران بولغان هالدا.

— بۇ ئىش سىلەرگە ناهايىتى ئاددىيدەك تۇرغىنى بىلەن بىزگە نىسبەتەن ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. چۈنكى بۇ يەردە سىياسىي مەيدان دېگەن نەرسە بار. دادۇينىڭ

شۈجىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ.

— سىياسىي مەيدان ئاسماندىن چۈشكەندە سىنىڭ يانچۇقۇڭغىلا چۈشمىگەندۇ؟ ياكى بولمىسا قىدىرغوجىنى مۇسابىقىگە چاقىرغانلار قاپاقباش بىرنېمىلەرمۇ؟ قاچانلا بولسا بىزنى مانا مۇشۇنداق نەرسىلىرىڭ بىلەن قورقۇتمەن دەيدىكەنسەن؟ — دېدى سىرىق قاشلىق يىگىت بىردىنلا قايناپ. ئىشنىڭ چاتاقىقا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساپارغالى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، يولداشلار، ئىشقا بارايلى، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن قوزغالدى.

چۆپ چېپىش داۋاملىشىۋاتاتتى. ئاسماندا ھەر خىل قۇشلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالادا ئادەملەر قىمىلدايتتى. ئىككى ئات قوشۇلغان ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىنىڭ پالىقى توختىماي ئايلىناتتى. ئۈستىرا تەگكەندەك قىرقىلغان ئوت - چۆپلەر پالاق ئارقىلىق چەتكە يول - يول قىلىپ چىقىرىلاتتى.

ئوت - چۆپ ئورۇش ماشىنىسىنىڭ تۆمۈر ئورۇندىقىدا ئولتۇرغان ئىرتۇستۇك ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاتلارنىڭ بوجىسىنى سىلكىپ قوياتتى. گەرچە ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئاتلاردا بولسىمۇ، ئەمما خىيالى گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارغا تويۇنغان ئۇنتۇلماس مىنۇتلاردا ئىدى. ئۇ ئاخىرى يەڭگىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزۈندىن بېرى ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت قاينىمىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ خىل مۇھەببەت قاينىمى ئۇنى توختىماي ئۆزىگە چاقىراتتى.

ئىرتۇستۇك چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئەتراپىغا قاراپ

قويدى. ئەتراپ تىمتاس بولۇپ، پەقەت ئوت ـ چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن چىقىۋاتقان رىتىملىق ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا جور بولغاندەك ئاتلار بەزەن ـ بەزەن پۇشقۇرۇپ قوياتتى.

ئىرتۇستۇك شۇ كۈنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئىشەنگەندىن كېيىن بولسا بىر خىل خىجىللىق ئىلكىدە گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى. كېيىن بولسا يەڭگىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە روشەننىڭ مەھەللىسىگە كەلدى. ئۇ ئالدىدا قارىيىپ تۇرغان بۇ مەھەللىگە ئىلگىرى پەقەت بىرلا قېتىم كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا مەھەللە ئانچە قويۇق ئەمەس ئىدى. ئۆيلىرىمۇ قەدىمدىن قالغان كونا ئۆيلەر بولۇپ، يول بويىنى ئېگىز ئۆسكەن چاققاقلار بىلەن ئەمەن قوراي بېسىپ كەتكەنىدى. كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئالاھىدە قۇرۇلۇشتىن ئىچى ـ تېشى ئاقارتىلغان دادۇينىڭ ئۇزۇن يىغىن زالى بولۇپ، ئىرتۇستۇك شۇ قېتىم ئاشۇ يىغىن زالىنىڭ تېمىغا تارتىلغان ئېكراندىن «جىمجىت ئورمان» دېگەن كىنونى كۆرگەنىدى. مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپى قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىق بولۇپ، ئۇ يەردىن دائىم دېگۈدەك ياۋا غاز بىلەن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ ئەتراپقا قاراپ قويدى. سەل نېرىراقتا كونا ئۆيلەرنىڭ ئىزنالىرى بولغان چولاق تاملار بىر خىل مەيۈسلۈك ئىچىدە قارىيىپ تۇراتتى. تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان بىرنەچچە توپ مېۋىلىك دەرەخ قۇرغاقچىلىق دەستىدىن سارغىيىپ، بىر قىسىم شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئىنچىكىلەپ قارىغاندا بۇ جايدا بۇرۇن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ھاياتنى،

گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى.
ئىرتۇستۇك مەھەللىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىققا كەلدى. شامالدا قۇرۇپ، كۈننىڭ ئىسسىقىدا قاغجىراپ كەتكەن تاشلىق يەردىن بىر خىل پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. تىنماي سوقۇپ تۇرغان شامال چاتقاللىق ئىچىگە سولىنىپ قالغاندەك بىر خىل ئاۋاز چىقىراتتى. چاتقال ئىچىدە ئۈچۈپ يۈرگەن ھاشاراتلار بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. قاچانلاردىدۇر پەيدا بولغان بۇلۇتلار قۇياش يۈزىنى توسۇپ، ئەتراپنى بىردەمدىلا گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇ ئۆزى مۇۋاپىق دەپ تاللىغان چاتقالنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ زوڭزايدى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ نىرۋىسى خۇددى پويىزنىڭ چاقىغا ئوخشاش شىددەت بىلەن ئايلىنىۋاتاتتى. روشەننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۈگۈن ئۇلار مانا مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۆزئارا تونۇشۇپ كەلگۈسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىشنى بېكىتىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا جىددىيلەشمەي مۇمكىنمۇ؟
ئىرتۇستۇك بىردىنلا تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەڭگىل ۋە رىتىملىك ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ خىجىللىق ئىلكىدە تەرلەپ، خۇددى مۇنچىغا چۈشكەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭدا شۇنداق بىر پۇرسەت كەلگەندە جەزمەن ئېغىز ئاچىمەن دېگەن جۈرئەتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر يارىماس چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.
قىز كەلدى. ئىرتۇستۇك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قىزنىڭ يېقىملىق كۈلكىسىدىن بېشى ئاسمانغا

تاقاشقاندەك بولۇپ، ئىچى خۇددى قۇياش كىرىۋالغاندەك يورۇپ كەتتى. قىز تولىمۇ گۈزەل ئىدى. بۇلاقتەك بىر جۈپ قارا كۆزى ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، بىر قارىغان ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئىككى ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئۇزۇن چېچى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان بولۇپ، ئاۋازىمۇ يېقىملىق ئىدى.

— ياخشىمۇ سىز؟

— ئىسمىم ئىرتۇستۇك، روشەن ھەدەم سىزگە تونۇشتۇرغان ئىرتۇستۇك مەن بولىمەن، — دېدى ئۇ قىزنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ھودۇققان ھالدا.

قىز كۈلۈۋەتتى:

— بىر قاراپلا بىلگەنىدىم. مېنىڭ ئىسمىم ماخابات. سىزنى ساقلىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ.

— يا... ياق. ۋاقتىدا كەلدىڭىز. مەنمۇ تېخى ھازىرلا كېلىپ تۇرغان. نېمىشقىكىن سىزنى كۆرۈپ دەيدىغان گەپلىرىمنى تاپالماي قېلىۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا مەن قورقۇنچلۇق ئوخشىمامدىمەن؟

— يا... ياق. مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. ئىشقىلىپ، نېمە دېسەم بولىدىكىن، ھېلىقىدەك، ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى كۆرگەندە ھودۇققاندەك، راست شۇنداق. ئىشقىلىپ شۇنىڭغا يېقىنراق.

قىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئىرتۇستۇك بىر خىل سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئۇنىڭغا قارىدى. ماخاباتنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرى، مەرۋايىتتەك ئاپپاق ۋە سىلىق چىشلىرى، قىيا بېقىشلىرى، ئەستىن مەڭگۈ چىقمايدىغان جاراڭلىق كۈلكىسى، نېپىز لەۋلىرى، ۋۇجۇدىدىن

تەپچىپ تۇرغان سىپھرىي كۆچ ئۇنى ھەرقانداق قىزدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى.

ئىرتۇستۇكنىڭ يۈرىكى قىپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دۇپۇلدەپ كەتتى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويغاندىن كېيىن پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىدى ـ دە، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ماخاباتنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ماخاباتنىڭ تېنى خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك بوشىشىپ، پۈتلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىرتۇستۇكنىڭ تەر پۇراپ تۇرغان قوينىدا سىزىمنى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەندەك بۇلۇتلار تارقىلىپ، قۇياش نۇرى ئەتراپنى يورىتىۋەتتى...

ئىرتۇستۇك خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. قاتار ـ قاتار سىلىنغان چومۇللار تۇزلەڭلىكتە خۇددى ئۆرۈشتىن قالغان پوتەيلەردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كۈننىڭ قىزىغان تەپتىدىن ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆككەن بولۇپ، ھەممە ياقنى قۇرغاق ئوتنىڭ ئۆتكۈر ھىدى قاپلىغانىدى. ئىرتۇستۇكنىڭ كۆزىگە ھايات كۈندىن ـ كۈنگە گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئەزالارنىڭ بىردەك كۆچ چىقىرىشى بىلەن چۆپ چېپىش ئىشى ئاخىرى غەلىبىلىك تاماملاندى. بىر قېتىملىق قاتتىق يامغۇرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھاۋامۇ شۇنداق ياخشى بولۇپ بەردى. خۇلاسىلەش يىغىنىدا سەرسەن يېتەكچىلىك قىلغان ئەترەت كۆچمە قىزىل بايراقنى ئېلىپ، باشقا ئەترەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بىر قىشنىڭ غېمى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

— چوّپ چىپىشىمۇ توگىدى، — دېدى ساپارغالى ھەممەيلەن كەچكى تاماقتا ئولتۇرغاندا گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — ئەمدى ئالدىمىزدا بىز دەرھال بىجىرمىسەك بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپە بار. ئۇ بولسىمۇ قىشلاقتىكى ئۆيگە ياندىشى يەنە بىر ئېغىز ئۆي سېلىش. خۇدا بۇيرۇسا ئىرتۇستۇكنى ئالدىمىزدىكى 10 - ئاي ئىچىدە ئۆيلەيمىز. شۇڭا ئەتىدىن باشلاپ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ تام سوقۇشنى، كېسەك قۇيۇشنى باشلايمىز. گەپ شۇ، ئۆي بولغۇنگەن بىلەن ئىگىلىك بولونمەيدۇ. يەڭگەڭلار يەنىلا ھەممىڭلارغا باش بولۇپ، بۇ ئۆينىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئىرمەك، سەن مېنىڭ نامىمدىن قەشقەردىكى قۇدامغا بىر پارچە خەت سېلىۋەت. ئۇ ئامال قىلىپ 10 - ئايدا تويغا كەلسۇن. مۇشۇ باھانىدە ئىككى قۇدا يۈز كۆرۈشۇپ، بىر - بىرىمىزگە قېنىشىۋالايلى. بىزدە: «كويۇ ئوغۇل يۈز يىللىق، قۇدا مىڭ يىللىق» دېگەن گەپ بار. مەن ساپارغالىنىڭ ئۇنى تويغا چاقىرغىنىم بولۇپ قالسۇن.

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

ئىرتۇستۇك ئەڭ ئاخىرقى كىيسەكنى تۆكۈپ ئىشىنى ئاخىرلاشتۇردى. پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، ئېقىن سۇ بىلەن قېلىپنى ۋە پۇت ـ قوللىرىنى يۇدى، بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەك ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈگە ـ ئۈگىسى سىرقىراپ مېڭىسى تىنىماي غوڭۇلدايتتى. ئۇ ئەتراپىقا بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئېغىرلىشىپ كەتكەن قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئۆيگە كىردى. ئۆيىنىڭ ئىچىمۇ ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك دەرىجىدە تىمتاس ئىدى.

ئىرتۇستۇك كىگىز ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ خېلى ئۇزاق ياتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا خىلمۇخىل ئويلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. شۇ كۈندىكى ئائىلە يىغىنىدا دادا ئۇنىڭغا كىيسەك قۇيۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئۈچ مىڭ كىيسەك ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. تام سوقۇشقا ئاجرىتىلغان ئىرمەك بىلەن جاڭغابىل دادىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تام ياغاچنى قۇرغاندا، ئۇمۇ سېرىق توپا چىقىدىغان دۆڭنىڭ تۈۋىدىن كىيسەك قۇيىدىغان يەرنى تەكشىلەپ بولغانىدى. ئۇلار ئىشنى تەڭ باشلىدى. ئىرمەك بىلەن جاڭغابىل تامغا توپا تاشلىشى بىلەن تام ياغاچ ئۈستىگە چىققان دادا ئىككى قولىنى كەينىگە

قىلىپ، ئۆكچىسى بىلەن تاشلانغان توپىلارنى چىڭداشقا باشلىدى. كەينىدىن «گوپ ـ گوپ» قىلىپ تام تاش ئۇرغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئىرتۇستۇكمۇ بوش كەلمىدى. يەرنى ئاغدۇرۇپ سۇ قۇيغاندىن كېيىن ئۇنى كەتمەن بىلەن راسا ئارىلاشتۇردى، قۇيغان سۇيى سەل كۆپرەك بولۇپ كەتسە كېرەك لاي بوش بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا توپا ئارىلاشتۇرۇۋىدى قاتتىق بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن كېسەك قۇيۇپ باقمىغان بولسىمۇ، كېسەك قۇيغان ئىشلارنى كۆرگەنىدى. كېسەك قۇيۇش شۇنچىلىك ئاسان بولۇپ، كومىلاچ قىلىنغان لاينى قېلىپقا ئۇرۇپلا ئاپىرىپ تۆكسە بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ ئەتكەن لېيىمۇ، قۇيغان كېسىكىمۇ پەقەتلا قاملاشمىدى. ساپارغالى بىر چەتكە قىيسىيىپ تۇرغان كېسەككە قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى:

— بۇنداق كېسەك قۇيساڭ كۈز ئاخىرلاشقىچىمۇ بۇ ئۈچ مىڭ كېسەكنى تۆكۈپ بولالمىغۇدەكسەن، — دېدى دادا ئۇنىڭغا، — كېسەك دېگەننىڭ لېيى پىشمىسا مانا مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىككە قالىدىغان گەپ. سەن ئالدى بىلەن لاينى ياخشى پىشۇر. لاينى ياخشى پىشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئۇنى ياخشى پېتىقلاش، كەتمەن بىلەن ئۆرۈش. لاي پۇتۇڭنى سۇغۇرۇۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە قويۇقلاشقاندا پىشقان بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇنى چەتكە چىقىرىسەن، ئاندىن كەتمەننىڭ كەينى بىلەن تەكشى ئايلاندۇرۇپ سىلىقلايسەن. بۇنداق لايدىن يامغۇر ياغسىمۇ ئېزىلىپ كەتمەيدىغان كېسەك چىقىدۇ. ئۆزۈڭ ئولتۇرىدىغان ئۆي بولغاندىن كېيىن كېسەكنى قېتىرقىنىپ تۆك.

دادا ئەنە شۇنداق ئىدى. خۇددى بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرى بار ئادەمدەك قىلغان ئىشىدىن ئازراقمۇ چاتاق چىقمايتتى. ئىرتۇستۇك بۇ قېتىممۇ دادىسىغا يەنە بىر قېتىم قول قويدى. لاينى دادىسى دېگەندەك ئېتىۋىدى، قۇيغان كېسەكى ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك سۈپەتلىك چىقتى...

ئىرتۇستۇك بىر پەس ئارامنى ئالغاندىن كېيىن، چايداندىن چاي قۇيۇپ، قورساقنى توقلىدى. بۇ قېتىم ئۇلار چۈشلۈك تامىقنى ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېيىشتى. يەڭگىسى ياردەملەشمەكچى بولغاندا دادا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلدى. چۈنكى ئۇمۇ ئېغىرلىشىپ قالغانىدى.

ئىرتۇستۇك يۇمشاق كۆممە نانىنى ئالدىرىماي چاينىغاچ شۇلارنى ئويلىدى. مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە 8 ـ ئايمۇ كىرىپ قالدى. يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن 10 ـ ئايمۇ كىرىدۇ. 10 ـ ئاي...

ئىرتۇستۇك چەكسىز شادلىق ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە «مەن بەختلىك، مەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا يېتىدىغان بولدۇم» دەپ پىچىرلىغىنىچە تېنىگە پاتماي قېلىۋاتقان يۈرىكىنى ئوڭ قولى بىلەن مەھكەم باستى. ئۇ شۇ تاپتا ئاجايىپ گۈزەل، جانغا ھۇزۇر ھەم شادلىق بېغىشلايدىغان باشقا بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا توختىماستىن تەمشىيتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ياپيېشىل دۇنيا، ئەتراپ گويا مەخمەلگە ئورالغاندەك، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تورلۇك ـ تۈمەن گۈللەرنىڭ كىشىنى مەست قىلىدىغان ھىدى، چاقناپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ پارلاق چوققىسى، ئىشقىلىپ ئۇ بۇرۇن ئارزۇ قىلغان،

شۇنداقلا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان زور بەخت قۇچاق ئاچماقتا.

دېمىسىمۇ شۇنداق. ھەممە نەرسە گويا تەقدىر ئورۇنلاشتۇرغاندەك تولىمۇ راۋان. قىپىنىئاتا - قىپىنىئانىسىمۇ شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل، شۇنچىلىك مەرد. كەمبەغەل بولۇشىغا قارىماي دۇنيانى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغان ئادەملەر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئادەم ھەممىدىن مۇھىم. قىزى بىلەن كۈيئوغلى بەختلىك بولسىلا دۇنيا دېگەن ئەنە شۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەلچىلەرگە بەرگەن جاۋابى. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈندە قازاق ئىچىدىن بۇنداق ئادەملەرنى تاپماق ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا ئەلچى ئەۋەتىش، قامچا ئېلىش، قامچا قايتۇرۇش، شەگە چاپان كىيىش، ئۆكە تاقاش، قۇدا چۈشۈش قاتارلىق بىرقاتار رەسمىيەتلەر ھېچقانداق بىر نۇقسانسىز پۈتتى. خۇدا بۇيرۇسا قالغان رەسمىيەتلەرمۇ كۆڭۈلدىكىدەك پۈتىدۇ. ھازىرقى مەسىلە ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالدى. 10 - ئاي كۈزلەكنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىلى. بۇ مەزگىلدە توي - تۆكۈن راسا قىزىيدۇ. ھەممە نەرسە تالقان تۆكتى بولۇپ، ئادەملەر قىشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاۋات مەزگىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

ئىرتۇستۇك شۇ ۋاقىتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىققا تولۇپ، ئۆزىنى يەردە ئەمەس، بەلكى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سەزدى. ئۆكە تاقاش رەسمىيىتى تاماملانغان كۈندىن باشلاپ ماخابات بىلەن ئىككىسى ھەممىنى ئۇنتۇپ، كەڭ دالالارنى سەيلە قىلىپ، كۆپكۆك چىمەنلەرنى ئۆزلىرىگە كۆرپە قىلدى. سۈنىڭ

شىلدىرلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، چاتقال ئورمانلارنىڭ ھىمايىسىدە ئۇرغۇپ تۇرغان ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى باسالماي بىر ـ بىرىنى چىڭ قۇچاقلاشتى. ئۇلار مانا مۇشۇ گۈزەل تەبىئەتنىڭ ئۆزلىرىگە مەڭگۈ ماكان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى دەرەخلەردەك يىلتىز تارتىشنى خالايتتى.

ئىرتۇستۇك ئىشنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ئاندىن ئاسمانغا قاراپ قويۇپ دەريا تەرەپكە ماڭدى. قۇياش ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت بولمىغان ئاسماندا يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى.

ئۇ بەدىنىدىن چىقىۋاتقان تەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن دەريا ئىچىدە خېلى بىر ۋاققىچە ئۈزدى. كۈچلۈك دولقۇن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيەتتى. دولقۇنىنىڭ كۈچىيىشىدىن پەيدا بولغان شاۋقۇن ئاۋازىنى ئاخىرى گۈلدۈرماما يالماپ كەتتى. سۇ گەرچە مۇزدەك بولمىسىمۇ، كۈچلۈك ئېقىن ھامان ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. ئىرتۇستۇك بىردىنلا ئۆزىنىڭ قىرغاقتىن بەك يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تاغ كەينىدىن تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار كۆكسىنى يېرىپ ئۆتكەن چاقماقنى كۆردى. كۈچلۈك چاقماق يورۇقى يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتتى. بۇلۇتلارنىڭ تېز سۈرئەتتە سۈرۈلۈشى بىلەن شامال بورانغا ئايلاندى. غەزەپ بىلەن ئۆركەشلەۋاتقان دەريامۇ قاتتىق شاۋقۇن كۆتۈردى. ئۇ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە قىرغاق بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. دەھشەتلىك

گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ ئۆتتى، كەينىدىنلا چاقماق چېقىپ، خۇددى چېلەك بىلەن قۇيغاندەك شارقىراپ ياغقان يامغۇر خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان قىرغاقنىمۇ يالماپ كەتتى.

ئىرتۇستۇكنىڭ يۈرىكى بىردىنلا پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئۆلۈم كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كەتتى. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ دەرياغا چۈشكەنلىكىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلىپ، خۇدادىن ئۆزىگە يەنە بىر قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلىشىنى تىلىدى. ئۇ ھازىر ئۆلۈپ كەتسە بولمايتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ئاتا ـ ئانىسى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى، ئۆزىنى ئىنىسىدىنمۇ چارە كۆرىدىغان يەڭگىسى تۇگمەس ئازابتا قالاتتى. بولۇپمۇ ماخابات تۇگىشىپ كېتەتتى.

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئاخىرقى غەيرىتىنى يىغدى. بوران گۈركىرەپ، چاقماق چېقىۋاتاتتى. شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر تەسىرىدە دەريا سۈيى تېخىمۇ قۇتراپ ئۇنى يالماپ يۇتماقچى بولاتتى.

ـــ ماخابات!

ـــ ئىرتۇستۇك!!

ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان كۆزىنى تەستە ئاچتى. نەچچە ئون مېتىر نېرىدا ماخابات ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ تۇراتتى. مانا ماخابات، ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى سۈپۈرۈپ كېتىدىغان خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيى. پۈتۈن ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغان شىپالىق دورا. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ دائىم بۇ دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئادەمگە ئوخشاش مەيدىسىنى كېرىپ يۈرەتتى.

ھەرقانداق خەتەردىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. مەيلى ھايات قانچىلىك جاپالىق بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر ئىدى. ئۇنىڭغا ۋۇجۇدىنى ھاياجانغا سېلىپ، دېڭىزدا چايقالغان قولۋاقتەك داۋالغۇتقان ئاجايىپ نازلىنىشلار، سېھرىي كۈچكە تولغان يېقىملىق شەھلا كۆزلەر، پۈتمەس ـ تۈگىمەس پىچىرلاشلار بولسىلا بولاتتى. ئۇ ئاشۇ ئىللىق دۇنيا ئىچىدە ھەممىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىراق...

قاياقتىندۇر كەلگەن كۈچلۈك دولقۇن ئۇنى يالماپ كەتتى. دەھشەتلىك دولقۇن ئىچىدە ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئېلىشماقچى بولغان بىر گەۋدە غايىب بولدى. ئىرتۇستۇك سۇ ئاستىدا تۇنجۇقۇۋېتىپ بىردىنلا پۈتىنىڭ يەرگە تەگكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ يەرنى دەسسەپ بېشىنى كۆتۈرگەندە ئۆزىنى قىرغاقتا تولىمۇ يېقىن يەردە كۆردى. مۆجىزە يۈز بېرىپ ئۇ ھايات قالغانىدى.

ئىرتۇستۇك بىردىنلا خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. خۇشاللىق ئارىلاشقان پۇشايمان ياشلىرى ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان يامغۇرغا ئوخشاش مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. تەڭرىنىڭ كۈچى بىلەن مۇھەببەت ئۇنى ماماتلىق بوسۇغىسىدىن قايتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا ھاياتنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك، قانچىلىك قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم روشەن ھېس قىلىۋاتاتتى.

ئىرتۇستۇك يامغۇردا چىلىققىسىدە ھۆل بولغان كىيىملىرىنى ئېلىپ قىشلاقتىكى ئۆيگە قايتىپ كەلدى. دېرىزە تەكچىسىدىكى سەرەڭگىنى ئېلىپ ئوچاقتا ئوت ياقتى. گۈركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا كىيىمىنى

قاقلىغىنىچە ئويغا پاتتى. خىيالىغا ماخابات كېلىشى بىلەن شېرىن بىر خىل تۇيغۇ ئىلكىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇ ماخاباتنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ماخابات ھەر كۈنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، لېكىن ئۇنىڭغا ھەرگىز تۇتۇق بەرمەيدىغان ئىلاھقا ئوخشايتتى. ئۇنىڭغا ئۇ ھەرقاچان يېنىدىلا تۇرغاندەك، ئۇنى ئوتلۇق باغرىغا بېسىپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل دۇنياسىغا ئەكېتىدىغاندەك بىلىنەتتى.

يامغۇرنىڭ شارقىرىشىمۇ توختاپ، ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. ئىرتۇستۇك چالا قۇرۇغان كىيىملىرىنى كىيىپ كېسەك قويغان يەرگە كەلگەندە، دادىسى دېگەندەك يېڭى قويغان كېسەكلەر شۇ پېتىچە تۇراتتى. ئۇ كېسەكلەرگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

يامغۇردىن كېيىن ياشنىغان دالا بىر خىل گۈزەللىك ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىرتۇستۇك ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئالتۇندەك پەيلىرى قۇياش نۇرىدا تاۋلانغان توخۇلار ئۆينىڭ كەينىگە دۈۋىلەپ قويۇلغان قىغنى تاتلاۋاتاتتى. قەددىنى رۇسلاپ، بوينىنى تىك تۇتقان بىر چار خوراز ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك مېكىيانلارغا پات ـ پات قانات سۆرەپ قوياتتى. خېلىدىن بېرى ئىشىك ئالدىدا تۇرغان سەلتەنەت قېينئىنىسىنى كۆرۈش بىلەن يەڭگىل نەپەس ئالدى.

— يەڭگە، قارىسام خېلىدىن بېرى ئىشىك ئالدىدا مىدىرلىماي تۇردىڭىز. كىمنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتىڭىز؟ — دېدى ئىرتۇستۇك ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.

— سىزنىڭ يولىڭىزغا بولمامدۇ. نېمانچىۋالا

كىچىككىپ كەتتىڭىز، سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ. سىزدىن بەكلا ئەنسىرىگەنىدىم. مانا ئەمدى ياخشى بولدى. سىزنى كۆرۈپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى.

ئىرتۇستۇكنىڭ بىردىنلا بۇرنى ئېچىشىپ، باغرى ئۆرتەنگەندەك بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يەڭگىسى پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ دەريادا ھادىسىگە يولۇققانلىقىنى يەڭگىسىگە دەۋېتىشكە تاس قالدى.

ــ ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت، يەڭگە. جاھاندا ياخشى يەڭگىدىن ئىككىسى بولسا بىرى سىز، بىرى بولسا ئۆزى سىز. خۇدا ئامانچىلىقنى بەرسە بىزگە سىڭدۈرگەن ئەجرىڭىزنى چوقۇم قايتۇرىمەن. سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىز بولغاچقا ئائىلىمىز ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ غەم ــ قايغۇدىن يىراق تۇرۇپ، مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشتى...

ئۇ يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، مۇۋاپىق سۆز تاپالماي تۇرۇپ قالدى. سەلتەنەت ئۇنىڭ ماختاشلىرىدىن سۆيۈنۈپ كۈلدى.

شۇ كۈنى ئۇ كېيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ سىرتقا چىققاندا كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە مەيدىسىنى سەل ــ پەل ئالدىغا چىقىرىپ، ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا يولنىڭ چېتى بىلەن ئالدىرىماي مېڭىپ كەتتى. ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بوزتورغايلار ئۇنىڭ شادلىقىغا ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك باش ئۈستىدىلا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ يولدىن ئۆتكەن تونۇش ــ بىلىشلەرگە باش لىڭشىتىپ سالام بەرگەن ھالدا بىر خىل تەكەببۇرلۇق بىلەن بىر مەنزىلنى كۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى بىردىنلا

كېچىكىپ، ئۆزىنى كاتتا ئادەملەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالغاندەك سېزەتتى. بەخت تۇيغۇسى ئۇنى بىلىپ - بىلمەي مانا مۇشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.
قارىغايلىق ئۇنىڭ ئالدىدىلا قارىيىپ تۇراتتى. ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىۋەتكەن ئورمانلىقنى، پايانسىز دالالارنى، ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلارنى، ئاق باش تاغلارنى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئەتراپقا زوقمەنلىك بىلەن قارايتتى. بۇ زېمىن، بۇ ئانا تۇپراق ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنى ھامان يالقۇنلىتىپ تۇرىدىغان كاتالىزاتور ئىدى. ئۇ بۇ زېمىننى خۇددى ماخاباتنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ زېمىنسىز ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.
— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئېتىنى موما ياغاچقا باغلىغان ئېرمەك ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — قارىسام بەكمۇ روھلۇق كۆرۈنىدۇ. بىرەر خۇش خەۋەر بارمۇ نېمە؟
سەلتەنەت كۈلۈۋەتتى، ئاندىن كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى سۆزلەپ، قېيىنئىنىسى كەلگەندىن كېيىن يۈرىكىنىڭ ئارامىغا چۈشكەنلىكىنى بايان قىلدى.
— توغرا، — دېدى ئېرمەك ئايالىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — مەنمۇ بىر سائەتنىڭ ئالدىدا خۇددى ساڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولغانىدىم. قارىسام يۈز - كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ. قارىغاندا ئۇ قاتتىق يامغۇر ياغقاندا دەرياغا چۆمۈلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ دەرياغا چۆمۈلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. سۇنىمۇ ياخشى ئۈزىدۇ. خۇددى بېلىقتەكلا. ئويلاپ باقسام، ئۇ بۇ قېتىم دەريادا چوقۇم پالاكەتكە يولۇققىلى تاس قالغاندەك قىلىدۇ. بۇنى ئۇ كەلگەندە سورىساقلا بىلىمىز.

ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغاندا سەرسەن كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن تولىمۇ خۇشال ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن:

ــ كەچكى تاماقتىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيدە يىغىن بار. ئائىلە بويىچە ھەممىڭلار تولۇق قاتنىشىڭلار. قىدىرغوجا بارماي قالمىسۇن،ــ دېدى. بۇ سۆزدىن ھەيران قالغان ئەر ـ ئايال ئىككىسى تەڭلا:

ــ نېمە ئۈچۈن؟ــ دېدى. سەرسەن كۈلۈپ قويۇپ:

ــ بۇ ھازىرچە مەخپىي، بارغاندا بىلىسىلەر،ــ دېدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. بۇ تېپىشماق تاماق ۋاقتىدىمۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى خېلى ئاۋارە قىلدى.

ــ بەلكىم خۇش خەۋەردۇر،ــ دېدى ئاخىرى ساپارغالى ئالدىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ،ــ چۈنكى چۆپ چېپىشتا تىلەۋبەردى بىلەن ئوراز توقتۇجىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. توقتۇجا شۇ ۋاقىتتىكى سەۋەنلىكىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بۈگۈن يىغىن ئېچىپ قىدىرغوجىنى ئانچە ـ مۇنچە تەقدىرلەپ قويامدىكىن؟

ــ سەرسەننىڭ تۇرقىغا قاراپ مەنىمۇ شۇنداقمىكىن دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم. چۈنكى بۇ سەرسەن دادۇيجاڭ ئىچى پىششىق، بەزى ئىشلارنى تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا قويۇشنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ھەممىمىز بىرىپ يىغىنغا قاتنىشايلى،ــ دېدى ئىرمەك دادىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

ئۇلار تاماقنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ يېيىشكەندىن كېيىن، بىر خىل كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە سەرسەننىڭ

ئۆيگە كېلىشتى. سەرسەننىڭ ئۆيى خېلى چوڭ بولسىمۇ، يىغىنغا كەلگەنلەر كۆپ بولغاچقا پىتىشماي سىرتقا چىقىشتى. نەچچە يەرگە پانار يېقىلىپ، ئەتراپ يورۇدى. داۋي باشلىقلىرى بىلەن كادىرلار كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى.

— مەن،— دەپ سۆزىنى باشلىدى توقۇجا ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ،— بۈگۈنكى بۇ يىغىندا داۋي كادىرلىرىغا ۋاكالىتەن ساپارغالى ئاكىنىڭ ئائىلىسى ھەمدە بىزنىڭ پەخىرلىك يىگىتىمىز قىدىرغوجىدىن كەچۈرۈم سورايمەن. قائىدە بويىچە بۈگۈنكى يىغىن بالدۇرراق ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچىكىپ بۈگۈن ئېچىپ ئولتۇرىمىز،— ئۇ سۆزىدىن توختاپ، سۆزىنىڭ ئولتۇرغانلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئەتراپىغا تەكشى سەپسېلىپ چىقتى، ئاندىن بىرنەچچىنى يۆتىلىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ھەممىمىزگە مەلۇم، يولداش قىدىرغوجا گوڭشېدا، ناھىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، داۋيىمىزنىڭ نامىنى چىقاردى، داۋيىمىزگە شان - شەرەپلەر ئەكەلدى. خۇددى بۈنىڭدىن بۇرۇن بىزنىڭ داۋيىمىزدىن ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتلار چىققانغا ئوخشاش. شۇڭا بىز بۈگۈن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يولداش قىدىرغوجىغا ئالقىش ياغدۇرىمىز ھەم ئۇنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. ھازىر مەن يولداش قىدىرغوجىغا داۋي پارتىيە ياچېيكىسى نامىدىن تەقدىرنامە تەقدىم قىلىمەن.

گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كېچە ئاسمىنىدا

جاراڭلاپ كەتتى. ساپارغالى تۇيۇقسىز چىقىرىلغان بۇ قاراردىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئالىقانلىرى قىزىرىپ كەتكۈچە چاۋاك چالدى.

— ئەمدى دادۇيجاڭ سەرسەن ناھىيەلىك تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئالاقىسىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، — دېدى ئۇ تەقدىرنامە تارقىتىش تاماملانغاندىن كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يىغىن ئەھلى ھەيرانلىق ئىچىدە بىر - بىرىگە قاراشتى. سەرسەن بىر يىگىتنىڭ پانارنى يېقىن تۇتۇپ بېرىشى بىلەن ئالاقىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئالاقىدە يولداش قىدىرغوجىنىڭ 10 - ئايدا ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە قاتنىششىشى ئۇقتۇرۇلغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى تەلەپ قىلىنغانىدى. بۇ ئالاقە يالغۇز ساپارغالى ئائىلىسىگىلا ئەمەس، بەلكى يىغىنغا قاتناشقان ھەممە ئائىلىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلار كېلىپ قىدىرغوجىنى دەس كۆتۈرگەن پېتى ئاسمانغا ئاتتى. پۈتۈن مەيداننى ھاياجانلىق ئاۋازلار بىر ئالدى.

— ساپارغالى ئاكا، سىزگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئوراز ساپارغالىنىڭ قولىنى چىڭ سىققىنىچە، — بىزنىڭ مۇشۇ كۈننى كۈتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن بولغان. قىدىرغوجا قالتىس يىگىت، ئۇ چوقۇم ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولىدۇ.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى ساپارغالى ھاياجىنىنى زورىغا بېسىپ، — ماڭا سىلەرنىڭ مانا مۇشۇ قىزغىن مۇئامىلەڭلارنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشىدۇ. ئوغلۇمنى سىلەرگە تاپشۇردۇم.

— رۇخسەت بولسا مەن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلاي،— دېدى تىلەۋبەردى گېلىنى قىرىپ قويۇپ،— «ياخشى ئات تاي ۋاقتىدىن بەلگىلىك» دېگەن گەپ بار. قىدىرغوجىنىڭ ھەرقانداق مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقى مەن دېمىسەممۇ ھەممىمىزگە مەلۇم. شۇڭا قىدىرغوجا بىزگە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ بەرسە قانداق دەيسىلەر؟

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەممە بىردەك «قوشۇلىمىز» دەپ ۋارقىراشتى. قىدىرغوجا يېنىدا ئولتۇرغان دادىسى بىلەن ئاپىسىغا قاراپ قويدى.

— سۆزلىگىن، بالام، يۇرتداشلىرىڭغا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۈرەك سۆزلىرىڭنى ئېيتىپ بەرگىن. بىزمۇ سېنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا دېگەن مەردانە سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ قالايلى،— دېدى دادا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن ئالدى بىلەن مېنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن ھەم ئەڭ قىزغىن ئالقىش سادالىرى بىلەن قاتارغا قوشقان خەلقىمگە ۋە ئاتا - ئانامغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ماڭا بۈگۈنكىدەك شەرەپ ئاتا قىلغان تەشكىلگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. ئويلاپ باقسام ئۆستۈمگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە ھەقىقەتەن مۇشكۈل ئىكەن. ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە ھەرگىزمۇ چاقچاق قىلىدىغان مۇسابىقە ئەمەس. بۇ مۇسابىقىگە چوقۇم ھەر يەر، ھەر يەردىن تاللانغان ئەڭ ياخشى ماھىرلار قاتنىشىدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچىدە قويۇندەك تېز يۈگۈرىدىغان يىگىتلەر بار بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن ھازىردىن باشلاپ تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ، مۇشۇ ئولتۇرغان

قىرىنداشلىرىمنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلاشقا، بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن.

— ئۇنداقتا سىنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىششىڭ بىلەن ئاكاڭ ئىرتۇستۇكنىڭ تويى تاقىشىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟ — دېدى ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنىڭ سەمىگە سالماقچى بولغاندەك.

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ — دېدى ئىرتۇستۇك ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ. مەن ئۇنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىششىنى ھەممىدىن بەكرەك قوللايمەن. شۇنداق بولغاندا ئۇ ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

— بۇ نىمە ئۇچۇن؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا.

— چۈنكى ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ توختىماي «مانا بۇ قەدىمىم توي ئۈچۈن، مانا بۇ قەدىمىم مېنىڭ خۇش خەۋىرىمنى كۈتۈۋاتقان يۇرتداشلىرىم ئۈچۈن، مانا بۇ قەدىمىم مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقان ئاتا ـ ئانام ئۈچۈن، مانا بۇ قەدىمىم تەشكىل ئۈچۈن» دەپ ماڭىدۇ. شۇنداق بولغاندا غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇلۇپ، ھەممىنى يېڭىپ چىقىدۇ.

ئىرتۇستۇكنىڭ سۆزى بىلەن ھەممە كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ قېتىملىق يىغىندىن كېيىن سەھەرچى ئاياللار ئورنىدىن تۇرۇپلا كۆرىدىغىنى قىدىرغۇچا بولىدىغان بولدى. ئۇ ئىككى بېشىغا لىققىدە توپا قاچىلانغان خۇرجۇننى مۈرىسىگە سېلىپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاۋاپ يۈگۈرگەن ئىتلار ئىگىسىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئورنىدا توختاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالاتتى.

— بۇ بەك ياخشى بولدى،— دېدى ئىسرمەك ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەلتەنەتكە كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ،— قىدىرغوجا ئاخىرى يەلكىمىزدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىدى. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇش. روھىي ئوزۇق قانداق ياخشى دېسەڭچۇ؟ قارىسام دادام بىلەن ئاپامنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈن توققۇجىنىڭ چىن قەلبىدىن چىقىرىپ دېگەن ھەربىر ئىغىز سۆزى ئەڭ چوڭ ئىلھام. مەن بۈگۈن ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

— راست دەيسىز، ئادەم بالىسى ئۈچۈن روھىي مەدەت ئات — تۆگە سوۋغا قىلغاندىنمۇ ئارتۇق. ئادەم پەقەت ئۆزىنى كۆيۈپچىلىك ئارىسىدىلا ھەقىقىي ئادەمدەك ھېس قىلىدىكەن. مەن بۈگۈنكى يىغىنغا قاتنىشىپ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىز ئوتتۇرانچىمىغا كۆپرەك مەدەت بېرەيلى. مەشىق قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرەيلى.

— توغرا دەيسەن. بۇ ئائىلىدە ھازىر سېنىڭ ئورنۇڭ مېنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن. چۈنكى دائىم ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى تېپىپ قىلىسەن.

— بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ سىز دېگەن بۇ ئائىلىنىڭ دادام بىلەن ئاپامدىن قالسىلا ئەڭ چوڭ تۈۋرۈكى. مەن پەقەت بىر يەڭگىدە بولۇشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنىلا ئادا قىلىۋاتىمەن. ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ ئىنىسىگە ئايلانسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

— سەلتەنەت، نېمىدېگەن ياخشى سەن. ھەر قېتىم كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىغان مانا مۇشۇنداق سۆزلىرىڭنى ئاڭلىغىنىمدا بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولىدۇ. خۇددى

جاھاندا يالغۇز مەن بىر ئادەملا بەختلىكتەك تۇيغۇغا كېلىمەن.

دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلچە غەم ــ ئەندىشىسى يوق بولۇپ، دائىم دېگۈدەك خۇشال ــ خۇرام يۈرەتتى. ئۇلار چۆچەكلەردىكى ئاشىق ــ مەشۇقلاردەك بىر ــ بىرىگە قانمىغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇراتتى. كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، بىر ــ بىرىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. بىر ــ بىرىگە ياندىشىپ سۇ بويىغا، ئورمانلىققا، تۆپىلىكلەرگە چىقىپ گۈزەل ھېس ــ تۇيغۇلارغا غەرق بولاتتى. يەنە تېخى بەزى كۈنلىرى سۈتتەك ئايدىڭ كېچىنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ گۈزەل نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ، سان ــ ساناقسىز يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە باقاتتى. مانا مۇشۇنداق چاغلاردا ئىسرمەك ئىختىيارسىز «ئەگەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسامچۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالغا كەلتۈرۈپ چۆچۈپ كېتەتتى. ئەگەر شۇنداق بىر كۈنلەر بېشىغا كېلىپ قالسا ھاياتىنىڭ قىلچىمۇ مەنىسى قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى كاللىسىدىن كۆچىنىڭ بارىچە ھەيدەيتتى.

قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. شەرق تەرەپتىكى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنىڭ كەينىدىن قىپقىزىل ئوتنىڭ ئىچىدە قالغان يوغان بىر تال چېكىت ئاستا ــ ئاستا ئۆرلەپ كېلەتتى. سىمابتەك كۆرۈنۈۋاتقان ئەزىم دەريا يېگى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا ئاجايىپ بىر خىل گۈزەللىك ئىلكىدە تولغىنىپ ئاقاتتى. دەل ــ دەرەخلەر شامالنىڭ تەسىرىدە توختىماي پۇلاڭلايتتى.

ـــ تېزرەك ماڭغىن. قۇدام ساقلاپ زېرىكىپ

كەتمىسۇن، — دېدىساپارغالى هارۋا قوشۇۋاتقان ئىرمەكنىڭ يېنىغا كېلىپ. ئۇنىڭ ئاخشام بىر كېچە تۇزۇكرەك ئۇخلىمىغانلىقى قىزىرىپ كەتكەن كۆزىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. بۇ 9 - ئاينىڭ بىركۈنى بولۇپ، قاق سەھەردىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشكەن بىر ئۆيلۈك ئادەم هاياجانلانغانلىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. سەلتەنەتنىڭ دادىسىدىن كەلگەن خەتكە 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يولغا چىقىمەن، دەپ يېزىلغانىدى. ئىرمەك بىلەن سەلتەنەتنىڭ هېسابى بويىچە ساپارغالىنىڭ قۇدىسى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە ناهىيە بازىرىغا كېلەتتى. شۇڭا ئۇلار سەھەردىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئىرمەكنى يولغا سالدى.

— كېچىلەپ بولسىمۇ قايتىپ كەلگىن، بىز سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قارايمىز، — دېدى كۈمۈش ئىرمەكنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ.

ئىرمەك كەتتى. ساپارغالىنىڭ قۇدىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەل - يۇرت تەۋرەپ كەتتى. ئۇلار ساپارغالىغا، كۈمۈشكە مېهماننى ئۆز ئۆيلىرىدە بىر كېچە قوندۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشاتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ساپارغالى بىلەن كۈمۈش:

— سادىغاڭ كېتەي، ئەل - يۇرتۇم، ياخشى كۆڭلۈڭلارغا مىڭ رەهمەت. ئالدى بىلەن قۇدام كەلسۇن. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن مەسلىهەتلىشىپ ئاندىن جاۋابىنى بېرەيلى. هازىر ماقۇل دەپ قويغىنىمىز بىلەن كېيىن ئەهۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا ئۇياتقۇ؟ — دېيىشەتتى. خەت تاپشۇرۇۋېلىنغان كۈندىن باشلاپ بۇ ئائىلىدە چوڭ تەييارلىقلار باشلىنىپ كەتتى. كۈمۈش كېلىنىنىڭ بولدى دېگىنىگە ئۇنىماي قويىنىڭ

يوْڭـىنى ساۋاپ قـوْدىسى ئوْچـوْن يىڭى يـوتقان ـ كـۆرپـە تىكتـى. ساپارغالـى ئىگەرچـى جوْمانـىئـالـىنـىـاڭ ئۆيـگـە بىرىپ، بوْيروْتقان شـىرداقـنى ئەكەلـدى. جوْمانـىئـالـىنـىـاڭ ئايالى شىرداق تىكىشتە ئالاھىدە ماھارەتكە ئىگە بولـوْپ، ئـوْنىاڭ تـىككەن شـىـرداقلىرىدىن لاۋوْلداپ يىـنىۋاتقـان ئوتنىاڭ تەپتى كىلەتتى.

ــ قـىـزىـم،ــ دەيتـتـى كـوْموْش كـوْلـوْپ تـوْروْپ،ــ ئـوْيغوْرلارنـىاڭ ئۆرپ ـ ئادەتلـىرىنى ۋاقـتـى ـ ۋاقتـىـدا ئىسىمگە سىلىپ توْروْڭ. ھەممە نەرسىنى قازاقچە قىلىپ قوْدامىنىاڭ ئالدىدا كوْلكىگە قالماي يەنە.

ــ ئاپا، مەن نەچچە قىتىم دىدىمغوْ؟ ئوْيغوْر بىلـەن قـازاقـنىاڭ ئـۆرپ ـ ئـادەتلـىرى ئـاساسـي جـەھەتتـىـن ئوخشىشىپ كىتىدوْ. سىلـەر دادامنى خوْددى پـادىشاھنـى كوْتوْشكە تەييارلىق قىلغاندەك تەييارلـىق قىلـىپ مىنـى خىجالەت قىلىپ قويـوْۋاتىسـىلەر،ــ دەيتتـى سەلـتەنـەت ھاياجان ئىچىدە.

ــ قوْدا دىگەن پادىشاھتىنموْ ئارتوْق، قىـزىـم. ئوْنـىاڭ ئوْستىگە مىنىاڭ قوْدام ھىچكىمگە ئوخشاشمايدىغان قوْدا. بىشىمىزغا كوْن چوْشكەندە بىزگە خوْشاللىق ئاتا قىلغان قوْدا. ئوْنى قـانچىلـىك كوْتسـەكموْ ئەرزىـيدوْ،ــ دەيتتـى كوْموْش كۆڭلىدىكى سۆزلـىرىنى قىلـىپ.

ئوْلار ئەنە شوْنداق پاراڭلارنى قىلـىۋاتقـاندا، ئىـرمـەك ھارۋىنى ھەيدەپ كىتىۋاتاتتى. قامچىنىـاڭ ئاندا ـ ساندا قارسىلدىشىدىن دىشلوْدىكـى ئـاتلار تىـپـىرلاپ ئالـغـا ئىنتىلەتتى. تەرلەپ كەتكەن ئاتلار قاتناش بىكىتىنىـاڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كىلىپ توختىدى. قاتناش بىكىتىنىاڭ بىقىنىدىكى دەڭنىاڭ ئالدى ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كەلگەن

ئادەملەر بىلەن توشقان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھەر دائىم قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمۈشىگە سەۋەب بولاتتى.
ئىچكىرىسىدىكى ياتاق ئۆيلەرنىڭ قارشى تەرىپىگە سېلىنغان ئۇزۇن ـ ئۇزۇن لاپاس ئۇستىگە بېسىۋېتىلگەن كۆپكۆك بېدىلەر سىرتتىن قارىغان ئادەمگە تاغنى ئەسلىتەتتى. لاپاسنىڭ ئاستىغا باغلانغان ئاتلار پۇتۇن ئىشتىياقى بىلەن كورسۇلدىتىپ بېدە يەۋاتاتتى. ئۆگزىنىڭ ئۇستىدە بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن ئىككى بالا جادا بىلەن ھەدەپ بېدە توغراۋاتاتتى.
ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە چەبدەس بولۇپ، قارىغان كىشىگە بىر خىل زوق بېرەتتى. قاتار قىلىپ تىزىپ قويۇلغان ھارۋىنىڭ ئاستىدا بىر توپ مېكىيانلار دانلاپ يۈرەتتى. ئىرمەك «دەڭگە كىرسەم بولارمۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. كۇندە پەقەت بىر قېتىم كېلىدىغان ماشىنا تېخى كەلمىگەن بولۇپ، تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا چىققان بىرمۇنچە ئادەم دەرۋازا ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇراتتى.
ئىرمەك تېخى بىر قارارغا كېلىپ بولماي تۇرۇپلا يىراقتىن ماشىنا كۆرۈندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بوجىنى دىشلۇنىڭ توغرا ياغىچىغا باغلاپ، قاتناش بېكىتى دەرۋازىسىدىن كىرگەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.
ئۇستىگە لىق مال بېسىلغان ئاپتوبۇس قاتناش بېكىتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ توختىدى. ئىرمەك قېيىنئاتىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. باقاخۇن كۇيۇ ئوغلىنى باغرىغا چىڭ باستى.
ھاۋا ئوچۇق بولۇشىغا قارىماي كۇن سالقىنلىدى. كەچ كۇزنىڭ كىشى روھىنى ئۇرغۇتىدىغان قۇياش نۇرى يىغىشتۇرۇپ بولۇنغان ئېتىزلارغا، يۇزىنى توپا بېسىپ

سارغىيىشقا باشلىغان يول بويىدىكى پاقىيوپۇرماقلارغا، چۆپ دىدارى قالمىغان قاپتاللارغا ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى سېپەتتى.

ھارۋىنىڭ كەينىگە جايلاشتۇرۇلغان ساندۇقنىڭ نەقىشلىرى قۇياش نۇرىدا كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى، تۇتقۇچلىرى بولسا ھارۋىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن توختىماستىن ئاۋاز چىقىراتتى. باقاخۇن ئاتلارنىڭ بىر خىلدا قاترىشىغا جور بولغان ھالدا كۈيۈ ئوغلىغا يولدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. بىر تەرەپتىن سۆزلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەچكى شەپەق قوينىدا قىزارغان گۈزەل تەبىئەتكە زوقلىنىپ قارايتتى.

ئۇلار ئۆيگە ھەممە ياق قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن، بەزى ئۆيلەرنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ، شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بىرچاغدا يېتىپ كېلىشتى. باقاخۇن يىراقتىن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش جىمىرلاپ تۇرغان ناھايىتى كۆپ يورۇقلۇقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ــ ئۇلار سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىققان يۇرتداشلار. مەن سىزنى ئالغىلى ماڭغاندا بىر ئېغىزدىن سىزنى ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ــ دېدى ئىرمەك باقاخۇننىڭ «ئۇ نېمە يورۇق؟» دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ. باقاخۇن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇ ئاشۇ يورۇقتا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، ئىككى قولىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشتۇرگەن ھالدا كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمدى. شۇ زامات ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر گۈزەل دۇنيا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى بىراقلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تالاي يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلغان، ئەمما يېتەلمەي قالغان

ئارزۇسىغا يەتكەندەك، كىشىلەر دائىم تەلپۈنىدىغان ئاشۇ گۈزەل دۇنياغا كىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

سەلتەنەت ئىككى قولىنى كەڭ يايغىنىچە خۇددى كېپىنەككە ئوخشاش ئۇچۇپ كەلدى. ئاتا ـ بالا بىر ـ بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. بۇ خىل تەسىرلىك مەنزىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن كۆزلەردىن ھاياجانلىق ياشلىرى ئېقىپ چۈشتى. ئادەملەر بىردەمدىلا باقاخۇننى ئورىۋالدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى، ئالىي تىلەكلىرىنى بىلدۈرەتتى. قۇدا بولغانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئۆيلىرىدە مېھمان بولۇشنى ئۆتۈنەتتى.

— ھۆرمەتلىك يۇرتداشلار، سىلەرگە كۆپ رەھمەت. ساپارغالىنىڭ قۇدىسى ناھايىتى ئۇزاق يول بېسىپ چارچاپ كەتتى. رۇخسەت قىلغان بولساڭلار ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالغان بولسا. قالغان گەپ ـ سۆزلەرنى خۇدا بۇيرۇسا ئەتە تاڭ ئاتقاندىن كېيىن دېيىشسەك،— دېدى ئاقساقاللارنىڭ بىرى ئۇنلۇك توۋلاپ. بۇ گەپ بىلەن كۆپچىلىك ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشتى.

— تولىمۇ سەت بولدى، قۇدام،— دېدى ساپارغالى چاي ۋاقتىدا ئۆزرىسىنى ئېيتىپ،— قائىدە بويىچە بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بارغان بولساق ياخشى بولاتتى. شۇ تاپتا سىزنى كۆرۈپ يۈزۈمنى دەسسىگەندەك بولۇۋاتىمەن.

— بۇ سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام سىلەر بارغان بىلەن مەن كۈتەلىسەم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز دېگەن قۇدا تۇرساق،— دېدى باقاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن ساپارغالىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

ئاستا ـ ئاستا تاڭ يورۇپ، قاراڭغۇلۇق ئۆز پەردىسىنى يىغىشقا باشلىدى. قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ھەممە ياقنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

باقاخۇن بۈگۈن ناھايىتى ئاز ئۇخلىغان بولسىمۇ، ئەمما ساز ئۇخلىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۆزىنى تولىمۇ يەڭگىل سېزەتتى. قويلارنىڭ مەرىشى، كالىلارنىڭ مۆرىشى بىر ئالغان كۈزلەكتىكى ھايات قاينام ـ تاشقىنلىقىقا چۆمگەنىدى. ئۇ بىر خىل ھەيرانلىق ئىچىدە مال بىلەن ئايلىنىۋاتقان ساپارغالى ھەم ئۇنىڭ بالىلىرىغا قاراپ تۇراتتى. يىراقتىن قاتار تىزىلغان بىر توپ تۇرنا خۇددى بىر تال لېنتىغا ئوخشاش سوزۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. يەڭگىل چىقىۋاتقان تاغ شامىلى يۈز ـ كۆزلەرنى سىيپاپ ئۆتەتتى. ساپ ھاۋا كىشىنى روھلاندۇراتتى.

ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ساپارغالى قۇدىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بىزنىڭ بۇ يەر شەھەرگە ئوخشىمايدۇ. ھەپىلىشىدىغىنىمىز مال ـ ۋاران. سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇق.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مال ـ ۋاران دېگەن بەرىكەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەننەت كەبى بۇنداق گۈزەل

يەردە تەبىئەت مەنزىرىسىدىن قانغۇچە زوق ئېلىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىشنىڭ ئۆزىمۇ كىشىگە بىر خىل زوق ئاتا قىلىدىكەن.

— شۇنداق. بۇ يەردە شەھەردىكىدەك ۋاڭ - ۋاڭ ئادەملەر بولمىغىنى بىلەن گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى بار. كۆز ئالدىڭىزدا تۇرغىنى پەقەت شۇنىڭ ئازغىنا بىر قىسمى. خۇدا ئامانچىلىقنى بەرسە، قۇدام، مەن سىزنى بۇ يەرنىڭ تەبىئەت مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندۇرىمەن. قېنى، ئۆيگە كىرەيلى.

ئىككى قۇدا پاراڭلاشقاچ ئۆيگە كىردى. ئايال قۇدا يەنە نېمە كەم بولۇپ قالدى، دېگەندەك تەييار قىلىنغان داستىخانغا قاراپ تۇراتتى. سەلتەنەت قەلبىدىكى خۇشاللىقنى يوشۇرۇشقا ئامال قىلالمىغان ھالدا يەڭگىل دەسسىگىنىچە ئۆي ئىچىدە بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. باقاخۇن بىر خىل تارتىنىش ئىچىدە تۆرگە ئۆتتى. سەلتەنەت دادىسىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى. دادا ئۇنىڭ كۆزىگە سەل - پەل ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

سىرتتىكى ئىش - كۈشلىرىنى تۈگەتكەن بالىلارنىڭ كىرىشى بىلەن ئۆي ئىچى تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى. باقاخۇن ئۇن - تىنسىز ئۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى خۇشال كەيپىيات، قىزىنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ئۇنىڭغا پۈتمەس - تۈگىمەس ئىلھام بەخش ئەتمەكتە ئىدى. باقاخۇن كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، قاتتىقراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئاجايىپ قىزىق سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. بۇ يەردىكى

ھاياجانلىق كەيپىيات ئۇنى بالىلىق دەۋرىگە قايتۇرۇپ كەلگەندەك بىلىنىپ كەتتى.

قاچانلاردىدۇر سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىسمەتكەك بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا تەلەپ قىلدى.

— ئامىن!— باقاخۇن بىر ئۇنىڭغا، بىر ئۇ يېتىلەپ كىرگەن قويغا قاراپ قويۇپ دۇئا بەردى،— خۇداغا ئامانەت، بەندىگە قانائەت. بالىچاقىغا ياخشىلىق، ئەل ـ يۇرتقا سائادەت يار بولسۇن. دوستلىرىڭلار زىيادە، دۈشمەنلىرىڭلار پىيادە بولسۇن، ھەممىڭلارغا تاغنى تالقان قىلغۇدەك ئىرادە پۈتسۇن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر.

— بۇ بىر قائىدە،— دېدى دۇئادىن كېيىن ساپارغالى چۈشەندۈرۈپ،— بىزنىڭ قائىدىمىز بويىچە ئەسلى سىزگە ئاتىغان مالغا ئاخشاملا دۇئا بەرگەن بولسىڭىز بولاتتى. بىراق قىزىڭىز: «كۈن بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام ئۇزۇن يول مېڭىپ چارچىدى. شۇڭا دۇئانى ئەتە ئەتىگەندە ئالساق» دەپ تۇرۇۋالغاچقا بىزمۇ بوپتۇ دېدۇق. قېنى چاي ئىچىڭ. چايدىن كېيىن كۆڭلى يېقىنلار كىرىپ سىزگە ئارام ئېلىش پۇرسىتى بەرمەسلىكى مۇمكىن. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى مانا مۇشۇنداق. ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ،— دېدى باقاخۇن كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى قىلىپ،— بەك كايىپ كېتىپسىلەر. بۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولاتتى. مەن يا يات ئادەم بولمىسام. بۇنداق قىلساڭلار خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن.

— سىز دېگەن بىزگە ھەم قۇدا، ھەم ئەزىز مېھمان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردەك يىراق يەردىن بىزنى دەپ

كەلدىڭىز. ھېلىغۇ بىر قوي ئىكەن، سىز ئۇچۇن ئات ـ تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيدۇ. خىجىل بولىدىغان گەپنى قىلىپ قالدىڭىز. قائىدە بويىچە خىجىل بولۇشقا تېگىشلىكى سىز ئەمەس، بەلكى مەن. شۇ تاپتا ئالدىڭىزدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى قانداق يۇيۇشنى بىلەلمەي، يەرگە كىرەي دېسەم يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسەم ئاسمان يىراق بولۇپ تۇرىدۇ.

باقاخۇن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، قۇدىسىغا ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قاراپ قويدى. ئۇلار ئاخشام مۇشۇ ئىش ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقان بولسىمۇ ساپارغالى يەنىلا شۇ ئىشنى تىلغا ئېلىۋاتاتتى. قارىغاندا ئۇ مۇشۇ بىر ئىشنى دەل جايىدا پۈتكۈزمىگەنلىكىگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۇنداقتا ئىككى قۇدا تەڭلەشكەن ئوخشايمىز. بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ خىجىل بولماي، سىزمۇ خىجىل بولماڭ. خىجىللىقنى ئادەم تاپالمايدىغان يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتەيلى.

باقاخۇننىڭ بۇ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ ساپارغالىنىڭ قۇدىسىنىڭ بۇيەردىكى كۈنلىرى مانا مۇشۇنداق باشلاندى. قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلەرنىڭ يوقلاپ كىرىشى، قىزغىن مۇئامىلىسى، ماختاپ ئۇچۇرۇشىدىن پەيدا بولغان خۇشاللىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىپ، چىرايىغا يېقىملىق تەبەسسۇم پەيدا قىلدى، كۆڭلى تەسكىن تېپىپ، ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىققان يېڭى بىر ھېسسىيات، يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشتەك

ئېتىلىپ چىقىپ، ئۆزىنى ئۆزى ھۆرمەتلەشنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قىزى ھەر دائىم خەتتە بايان قىلغاندىنمۇ بەكرەك ئاق كۆڭۈل ھەم مېھماندوست ئىدى.

ــ قېيىنئاتاڭغا ئات ئېگەرلە،ــ دېدى بىر كۈنى ئەتىگەندە ساپارغالى ئىرمەككە قاراپ،ــ جىرەن قاشقا ھەم ياۋاش، ھەم يورۇشى بار. قۇدامغا بۈگۈن بۇ يەرنىڭ ھەم گۈزەل، ھەم سىرلىق يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىپ كېلىمەن.

بۇ سۆز بىلەن باقاخۇننىڭ چىرايىغا شادلىق ئۇچقۇنلىرى تەپچىپ چىقتى. ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ ئاتقا مىنگەندىن كېيىن، يورۇپ كېتىشتى. ئاتنىڭ تۇياقلىرىدا چەيلىنىۋاتقان تۇپراق شەبنەمگە قانغان بولۇپ، يانجىلىۋاتقان ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە ئىز قالمىدى. يېقىنلا يەردىن بوككىدە ئۆسكەن چاتقاللار، چاتقاللارنىڭ كەينىدە ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ ياتقان ئورمانلار كۆزگە تاشلىناتتى. قاچانلاردىدۇر ماڭغان دىشلۇ ھارۋىنىڭ ئىزى سارغايغان چۆپلۈك ئۈستىدە روشەن ئىز قالدۇرغانىدى.

ــ نېمىدېگەن گۈزەل يەرلەر بۇ ـ ھە،ــ دېدى ئات ئۈستىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان باقاخۇن ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا،ــ بىزنىڭ تەرەپتىمۇ تاغلار بار. ئەمما بۇنىڭغا ئوخشاش گۈزەل ئەمەس. قاراڭ ئاۋۇ تىك قىيالاردا ئوتلاپ يۈرگەن ئۆچكىلەرنى. قاراڭ ئاسمان پەلەككە تاقاشقان قارلىق چوققىلارنى. قاراڭ يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغايلىقلارنى. قارىسا ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلگەن. جەننەت بولار مۇشۇنچىلىك بولار.

ــ راست دەيسىز،ــ دېدى ساپارغالى تۇزۇت قىلىشنى

بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ــ خۇدا ئاتا قىلغان بۇ گۈزەللىك بىزگە ھەر دائىم ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ گۈزەللىككە تولغان مۇنبەت ماكان بولغاچقىلا بىز شاد ـ خۇرام ياشايمىز. چۆپ چىپنىش مەزگىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا جاننى قىيىنغۇدەك ئىشمۇ يوق. ھەممە نەرسە، ھەتتا قالايدىغان ئوتۇن ـ ياغاچ، سەپەرگە چىقساق مىنىدىغان ئات ـ كۆلۈك، چىپىشلارنى سۇغىرىدىغان سۇدىن تارتىپ ھەممە نەرسە پۇلسىز. پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىمىز كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملىنىپ كېتىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق تەرەققىي قىلسا يەنە ئون يىلدا يايلاقتا مال سىغمايدىغاندەك قىلىدۇ. گەرچە بۇ يەردە شەھەردىكىدەك ھەممە نەرسە تولۇق بولمىسىمۇ، غېمىمىز ئاز، كۆڭلىمىز توق.

ئۇلار كۈلۈشتى. تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھۇزۇر ئالغان ئىككى قۇدىنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ساپارغالى قۇدىسىنى خارابىلىككە ئايلانغان كونا مەھەللىگە، تاشلاندۇق تۈگمەنگە ئېلىپ باردى. پۈتۈن ئەتراپ تىمتاسلىق ئىچىدە مۈگدىنىپ ياتاتتى. ياغاچ ـ تاشلىرى ئەكېتىلگەن تۈگمەن بىر چەتكە قىيسايغىنىچە قارىيىپ تۇراتتى. تۈگمەننىڭ ئاياغ تەرىپىگە يىغىلىپ قالغان سۇنىڭ ئۈستىدە لەشلەر يېشىل مەخمەلدەك لەيلەپ تۇراتتى. ئاياغ تەۋشىدىن ئۈركۈگەن پاقىلار ئۆزىنى يېشىل لەشلەر بىلەن بېزەلگەن توختام سۇغا چۆلتۈكلىتىشىپ ئېتىشتى. قەيەردىندۇر ئۇچۇپ يۈرگەن بوك ـ بوك ھەرىنىڭ توختىماي گىڭشىلدىغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ بۇ يەر ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى چوڭ

مەھەللە ئىكەندۇق. ئازادلىقنىڭ ئالدىدىكى بىر يىلنىسى تاغقا ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تەشكىل دېگەننىڭ تازا تايىنى بولمىغاندىن كېيىن، بۇنداق قېلىن قار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ. قىش كېتىپ ياز كەپتۇ. تاغۇ تاشتىكى قارلار ئېرىپ قىيان كەپتۇ. مۇشۇ جىلغىغا يىغىلغان سۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىردىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئەتراپنى قىيا ـ چىيا بېسىپ ئادەملەر ئۆيلىرىدىن قېچىپ چىقىشقا ئاران ئۇلگۇرۇپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۇچە يېتىپ كەلگەن قىيان مەھەللىنى يۇتۇپ كېتىپتۇ. شۇ قېتىمقى قىياندا نۇرغۇن ماللار قىرىلىپ، نۇرغۇن ئائىلىلەر خانۇ ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە قارىغاندا شۇ زامانلاردا بوۋام مۇشۇ تۇگمەننى چۆرگۈلىتىدىكەن. ئۇ ئادەم شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەچكە، ئالدىن تەييارلىق قىلىپ خەتەردىن ئامان قالغانىكەن. بىراق تۇگمەندە تېخى تارتىلىپ بولۇنمىغان نۇرغۇن ئاشلىق بولغاچقا، ئاشلىق سۇ ئاستىدا قاپتۇ. كېيىن بوۋام مۇشۇ ئاشلىقنى تۆلەپ قايتۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارغا نەچچە يىل ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەنىكەن، ــ ساپارغالىنىڭ ئاۋازى شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا پەسلەپ كەتتى. ئۇ بىرئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ھازىر ئۇ زامانلار كەلمەسكە كەتتى. قايسىبىر يىلى قېلىن قار يېغىۋىدى، تەشكىل ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا قوللىنىپ، زور زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى. ھازىرقى باللار نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە؟

ئۇلار يارالڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، نامازتۆپىگە چىقىپ

قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. باقاخۇننىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە پەيدا بولدى. سالا ئېتىزلارغا يانداش كەتكەن پايانسىز ئورمانلىق قۇياش نۇرىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاپىنىنىڭ ئاستىدىلا قاراتاغ دەرياسى شاۋقۇن سېلىپ ئاقاتتى. دەريانىڭ ئەگىملىرىدە توپ ـ توپى بىلەن ياۋا ئۆردەكلەر ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىر ئۆردەك سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئۆزلىرىگە خەۋپ يەتكەنلىكىنى بىلگەن باشقا ئۆردەكلەرمۇ قاناتلىرىنى پالاقشىتقىنىچە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

ــ بىر كۈنى مەن سىزنى ئارىشاڭغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي. بۇ يەرنىڭ ئارىشىڭى ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە. نە ـ نەلەردىن ئادەملەر كېلىپ چۈشۈپ كېتىشىدۇ. بەدەنگە چىققان يارا ـ چۈرىنىڭ ھېچنېمىسىنى قويمايدۇ. سۇيىنى ئىچسە ئاشقازان ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. شۇغىنىسى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. بولمىغان بولسا بىرنەچچە كۈن يېتىپ ئارىشاڭغا چۈشكەن بولاتتۇق، ــ دېدى ساپارغالى نامازتۆپىدىن چۈشۈۋېتىپ. ئۇ يەنە نۇرغۇن مەنزىرىلىك جايلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسىگە نېمە قىلىپ بېرىشىنى بىلمەي قالغان كىچىك بالىغىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى. بىراق ئارىشاڭغا بارىدىغان ئىش باقاخۇنغا نېسىپ بولماي قالدى.

بىر كۈنلۈك ساياھەت ئاياغلىشىپ ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە قۇياشمۇ تاغ كەينىگە ئولتۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى. سەلتەنەت دادىسىنىڭ بىر كۈن سەپەر قىلىپ، چارچاشنىڭ ئورنىغا روھلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. دادا قىزىغا توختىماي

تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى بايان قىلاتتى. ئۆزىنى ھاياجانغا سالغان نەرسىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، زوق – شوق بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ ئاخىرىدا كۆچمە كاتەككە كىرىپ كېتىۋاتقان توخۇلارغا قاراپ:

— مانا بۇلارنى ھەقىقىي توخۇ دېسە بولىدۇ. ھەممىسىلا قەدىمكى توخۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. بۇنداق توخۇلارنى ھازىر تاپماق تەس، — دېدى. بۇ سۆزدىن دىلى سۆيۈنگەن سەلتەنەت توخۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ بەك ياخشى بوپتۇ. بۇ يەرگە كەلگىنىمگە بىرقانچە يىل بولا – بولمايلا دادۇينىڭ ئاياللار جۇرپىنى بولغان بولسا، روشەن دېگەن ئۇ قىز ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. مۇمكىن بولسا ئۇنى كۆپرەك يوقلاپ قويۇڭ. ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتسىڭىز بۇ يەرنىڭ ئەلمى – تەلمىنى بىلىپلا قالماي يەنە چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىڭىزغىمۇ پايدىسى بار. قازاق خەلقى ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل خەلق ئىكەن. قوينى پايانى چەكسىز ئەزىم دەريا ئىكەن. بۇ يەردىكى تۇرمۇشىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، سىزدىن خاتىرجەم بولدۇم.

دادىنىڭ سۆزىدىن ئىلھام ئالغان سەلتەنەت يەنە قىشلاقتىكى ئۆزىنىڭ ئىگىلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا:

— ئەتىگىچە ۋاقىت چىقىرىپ مەن سىزنى ئۆزۈم بەرپا قىلغان ئىگىلىكنى كۆرسەتكەچ قىشلاقنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي، — دېدى. دادا قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە سەپسىلىۋەتكەندىن كېيىن:

— ھەرھالدا بۇ ئىشنى قېيىنئاتىڭىز ھەم قېينئانىڭىزنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇڭ. بۇ

يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئۇلار ياخشى بىلىدۇ. ياخشىسى سىز بارماڭ. بەك بولمىسا ئىرمەك باشلاپ بارسىمۇ بولىدۇ، بالام،ــ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەلتەنەت دادىسىنىڭ نېمىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى دەرھال سېزىپ:

ــ بوپتۇ، قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئانامنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈپ قوياي. ئۇلار چوقۇم ياق دېمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىشلاقتا بىللە بارسام سىز بىلەن خېلى ئۇزۇن، ئەركىن ـ ئازادە پاراڭ سېلىشالايدىكەنمەن،ــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساپارغالى بىلەن كۈمۈش كېلىنىنىڭ قىشلاقتا دادىسىنى ئېلىپ بېرىشىگە قوشۇلدى.

ئۇلار قىشلاقتا يېتىپ كەلگەندە، تىمتاسلىقتا چۆمگەن قىشلاق قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ــ مانا بۇ بىزنىڭ قىشلاق،ــ دېدى سەلتەنەت دادىسىنىڭ ئاتتىن چۈشۈشىگە ياردەملىشىۋېتىپ. باقاخۇن قىشلاقتا زور قىزىقىش بىلەن قاراپ چىقتى. بۇ يەردىكى ئۆزگىچە مەنزىرە ئۇنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. قاتار ـ قاتار بېسىلغان چۆپلەر، ئاپتاپتا قاغجىراپ ياتقان چولكا ـ چولكا ئوتۇنلار، ئۆگزە ئۈستىدە ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان مۈشۈك ئاسلانلىرى، چىتلاقتا قونۇپ ۋىچىرلاۋاتقان قۇشقاچلار، قارا قولۇپ سېلىنغان ئىشىكلەر خۇددى چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان سىرلىق دۇنيانىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇ سەلتەنەت باشلىغان كۆكتاتلىقتا كېلىپ، خۇددى ئۆز ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولدى. ئالا بۆرەككە ئايلانغان پەمىدۇرلار،

ساڭگىلاپ چۈشكەن كۆك مۈچلار، ئاپپاق ئاقىرىپ تۇرغان كاپۇسكىلار، ئاددىيلا قىلىپ ياسالغان باراڭدىكى كاۋىلار ۋە باشقا كۆكتاتلار ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسلەتتى. قىزى بىرچاغلاردا هويلىغا ئىشلەپ مانا مۇشۇنداق كۆكتاتلارنى تېرىيتتى. ئادەتتە قاپىقى ئېچىلمايدىغان دادۇي كادىرلىرى بىر ئىشلار بىلەن كېلىپ قالسا، ئوخشاپ كەتكەن كۆكتاتلارغا قاراپ، ئىختىيارسىز تاڭلايلىرىنى چېكىپ قوياتتى. هازىر هويلىنىڭ ئۇ چاغدىكى ئىسكەتىدىن هېچنېمە قالمىدى.

ياۋا مېۋە كۆچەتلىرىمۇ يوپۇرماق چىقىرىپ، لەرزان شامالدا شىلدىرلاپ تۇراتتى.

— ئامانچىلىق بولسا كېلەركى يىلى بۇ كۆچەتلەرنى ئۇلىتىمەن. كۆكتاتلىقنى كېڭەيتىپ، كۆكتات تۇرىنىمۇ كۆپەيتىمەن. يەنە بىرقانچە يىلدىن كېيىن كەلسىڭىز بۇ يەر بىر باغقا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردىكى كۆكتاتلارنىڭ ئوخشىغانلىقىنى كۆرگەن ئايالار: «بىزمۇ كېلەر يىلى ئىشىك ئالدىغا كۆچەت قويۇپ، كۆكتات تېرىيمىز، بىزگە ئۇستاز بولۇڭ» دېيىشىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا دادۇيىمىز كۆكتات تېرىشتا باشقا دادۇيلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ بىر باشلىنىش.

سەلتەنەت سۆزلەۋاتاتتى. كەلگۈسىدە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ، كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ هەربىر ئېغىز سۆزىدىن بۇ يەرگە بولغان ئوتتەك مۇهەببىتى چىقىپ تۇراتتى. باقاخۇن قىزىنىڭ سۆزلىرىنى ئۈن ـ تىنسىز ئاڭلاپ، ئۇنىڭ راستىنلا بۇرۇنقى سەلتەنەتكە ئوخشاشماي قالغانلىقىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ كۆپىيىپ، هاياتقا بولغان كۆز قارىشىنىڭ

ئۆزگەرگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. قىزى بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ كۈنبويى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئۇن ـ تىنسىز خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىن ھاياتقا بولغان ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق چاغلاردا دادا قىزىغا قارىغىنىچە يۈرىكىنىڭ خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

— مانا بۇ بىر ئېغىز ئۆيىنى تېخى يېقىندا ئىرتۇستۇك ئۈچۈن سالدۇق، — دېدى سەلتەنەت ئىشىكتىكى قۇلۇپقا ئاچقۇچ سېلىۋېتىپ، — بۇ مېنىڭ ھۇجرام. بۇلتۇر بىر قىشنى مانا مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزدۈم. بۇ يەرنىڭ قىش كۈنى قانداق كۆڭۈللۈك دېمەيسىز. مەشتە چاراسلاپ ئوتۇن كۆيگەن.

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تۇيۇقسىز گۈلدۈرمىما گۈلدۈرلەپ كەتتى. ۋەھىمىلىك چاقماقنىڭ چارسىلدىشىدىن چىققان ئۈچقۇن ھاۋا بوشلۇقىنى خۇددى قىلىچ بىلەن چاپقاندەك يېرىپ ئۆتتى. قىشلاقنىڭ ئۈستىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى. شامال بىلەن قوترىغان دەريا دولقۇنى ئۆز قىنىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك قىرغاققا غەزەپ بىلەن ئۇرۇلاتتى. كەينى ـ كەينىدىن تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇت بىر قېتىملىق بوران ـ چاپقۇندىن دېرەك بېرەتتى. كەڭ دالا ئۆزگە كېلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كۈتۈشكە تەييارلانغاندەك سۈكۈتكە پاتتى. كەينىدىنلا يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كەتتى.

— نېمىدېگەن دەھشەت، — دېدى دادا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن سىرتقا قاراپ، — بۇ يەرنى سۇ بېسىپ كەتمەس ـ ھە!

سەلتەنەت كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، دادا، بىزنىڭ بۇ قىشلاق ئەڭ بىخەتەر جاي. بۇ خىيال قانداقلارچە ئېسىڭىزگە كېلىپ قالدى.

باقاخۇن قىزىغا قىيان سۈيى يۇتۇپ كەتكەن مەھەللە توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. گەرچە شۇ قېتىمقى قىيان قار ئېرىشتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، باقاخۇنغا قاتتىق تەسىر قىلىپ كەتكەچكە، بۇگۈن يامغۇر بىلەن تەڭ شۇ خىيال كاللىسىغا كېلىپ قالغانىدى.

سەلتەنەت پارالق ئارىلىقىدا دادىسىغا پات ئارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان توي توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا بىر خىل شوخلۇق بىلەن، — ئېيتىشىش بەكمۇ قىزىق بولىدىكەن. خۇددى بىز بېيىت ئېيتقاندەكلا. ئوخشاشمايدىغان يېرى ئۇلار ئېيتىشىشنى ئاھاڭ بىلەن، دومبىرا بىلەن ئېيتىدىكەن. مۆرىتى كەلگەندە ئەڭ ئۆتكۈر سۆزلەرنى قىلىپ، قارشى تەرەپنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا «قىز قۇۋار» دېگەن ئويۇنمۇ قىزىق ئىكەن. پەللىدىن بىر قىز، بىر يىگىت ئات چاپتۇرۇپ چىقىدىكەن. يىگىت قاچىدىكەن. يۇگۇرۇك ئاتقا مىنگەن قىز يىگىتنى قوغلاپ يەتكەندىن كېيىن قامچا بىلەن ساۋايدىكەن. كۆڭلىدىكى يىگىت بولسا بوشراق، ئېقى كېلىشمەيدىغان يىگىت بولسا ۋايجېنى چىققۇدەك ساۋايدىكەن. ئىشقىلىپ بۇ يەرنىڭ تويىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تاماشىسى ئۆزگىچە بولۇپ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىكەن.

— راستتىنلا قالتىس ئىكەن، — دېدى باقاخۇن قىزىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — قارىسام توي تەييارلىقى ئاساسي جەھەتتىن پۇتۇپ قاپتۇ. قۇدامنىڭ شاپائىتى

بىلەن قازاقلارنىڭ تويىنى كۆرۈپ كېتەلىگەن بولدۇم. مېنىڭ قازاق ئىچىگە تۇنجى كېلىشىم. قازاقلارنىڭ قائىدە ـ رەسمىيەتلىرىدىن ئازراقمۇ خەۋىرىم يوق. شۇڭا قىزىم، ماڭا قائىدە ـ رەسمىيەت توغرىسىدا ئازراق سۆزلەپ بېرىڭ. بولمىسا توي كۈنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قېلىپ يۈرمەي يەنە.

— قائىدە ـ رەسمىيەتكە كەلسەك دېمىسىڭىزمۇ تويدا بولۇنىدىغان قائىدە ـ رەسمىيەت بەكلا كۆپ. بۇنى سۆزلەپ بەرگىنىم بىلەنمۇ بەربىر ھەممىسىنى ئېسىڭىزدە ساقلاپ بولالمايسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قائىدە ـ رەسمىيەت پەقەت ئىككى قۇدا ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. سىز دېگەن مېھمان. بۇ توغرىسىدا ئويلاپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ يەردىكىلەر مېھمانىنى بەك چوڭ بىلىدۇ. شۇڭا سىزنى خىجىل قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. يوقىلاڭ خىياللارغا بېرىلمەي قېيىنئاتامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تويىنىڭ تاماشىسىنى قانغۇچە كۆرۈڭ. ئۇ كىشى بار يەردە ھەرگىز يەرگە قاراپ قالمايسىز.

— دېگەنلىرىڭىزغۇ راست، بالام. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. نېمىدېگەن ئېسىل ئادەملەر. بۇ دۇنيادا پەقەتلا غېمى يوقتەك. ئۇلارغا ئەگىشىپ قىمىز ئىچىمەن دەپ باشلىرىم قېيىپ كەتتى. ھەممىدىن مۇشۇ ئىشى چاتاق ئىكەن.

دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سەلتەنەت كۈلۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ بىرىنچى كۈنى دادا قېيىنئاتىسىنىڭ كۆڭلىنى دەپ بىر چىنە قىمىز ئىچكەنىدى. قىمىزنىڭ كۈچىدىن چىرايى ئاناردەك قىزىرىپ، گەپ قىلىشقا

چامىسىمۇ يەتمەي قالدى. بۇنى كۆرگەن قېيىنئاتىسى: «قىمىز سىزگە ياقمىدىكەن. قارالڭ چىرايىڭىزنىڭ گۇلدەك ئېچىلىپ كەتكىنىنى. قىمىزغا چىلىشىپ يۈرسەكمۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن سىزگە ياقمايدۇ دەيمەن. يەنە بىر چىنە ئىچىۋېتىڭ» دەپ دادا مەھكەم تۇتۇۋالغان چىنىنى ئالماقچى بولغانىدى. بۇنى كۆرگەن قېيىنئانا: «بولدى قىلىڭ، قارىغاندا قۇدىمىزنىڭ قىمىز ئىچىشى تۇنجى قېتىمدەك قىلىدۇ. ئۇ كىشىنى قىيناپ قويمايلى» دەپ دادىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى. شۇ ئىش ئېسىدە بولسا كېرەك، باشقا ئۆيلەر مېھمانغا چاقىرغاندا قېيىنئاتا ئۇنى قوغداپ كۆپ قىمىز ئىچكۈزمىدى. شۇنداقتىمۇ دادا ھەر قېتىم ئۆيگە بوياپ قويغاندەك قىپقىزىل بولۇپ كېلەتتى.

— ئەتە ئەبلەبەك ئاكىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا قانداقمۇ قىلارسىز؟ — دېدى ئۇ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، — سىز بىلمەيسىز، ئەبلەبەك ئاكا تولىمۇ ئەقىللىك، تولىمۇ سۆزمەن ئادەم. بەزى سۆزلەرنى شۇنداق جايىدا ئېيتىدۇكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ مېھماندوست.

— توغرا، بۇ ئىشنى ئويلاشمىسام بولمىغۇدەك! — دېدى دادا كۈلۈپ كېتىپ، — قايسى كۈنى ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە كۆزۈمگە شۇنداق ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتكەن. ئەسلىدە بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە. ئۇنى ئايال قۇدامنىڭ ئىنىسى دېدىڭلارما؟ ئۇنداقتا بۇ ئىشنى قۇدام ساپارغالىغا تاپشۇرسام بولغۇدەك. توغرا، ئۇ ئارىغا چۈشسە ھەرقانداق مۈشكۈل ئىش ئاسانغا ئايلىنىدۇ.

ئاتا ـ بالا يامغۇردىن پاناھلانغاچ نۇرغۇن پاراڭلارنى

قىلىشتى. يامغۇرمۇ ئۇلارنى قانغۇدەك پاراڭلىشىۋالسۇن دېگەندەك بىرەر سائەت يېغىپ توختاپ قالدى. ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىردىنلا باشقا يەردىن ۋەزىپە چىقىپ قالغاندەك ئالدىراپ يۆتكىلىپ، قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتى يەر - جاھاننى ئىللىتتى. سەلتەنەت لاپاس ئاستىدىن ئاتلارنى ئاچىقاندا كۈن رەسمىي ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

شۇ كۈنلەردە ئىرتۇستۇك ھەممىدىن خۇشال ئىدى. قۇتلۇق كۈن يېقىنلاشقانسېرى ۋۇجۇدى چىڭقىلىپ، ئۆزىنى گىگانت ئادەمگە ئايلىنىۋاتقاندەك سېزەتتى. كەلگۈسىدىكى شېرىن تۇرمۇش ئۇنى توختىماستىن چاقىرىپ، بىردەممۇ ئارامىنى قويمايتتى. بۈگۈنمۇ بىر كۈنلۈك قاتلاڭچىلىق ئۆتۈپ كېتىپ، پۈتۈن ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمدى. كەچكى شەپەق ئاستا - ئاستا تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تۈن پەردىسى ئىگىلىدى. ھەممە نەرسە ئۆز ئەكسىنى يوقىتىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىۋاتقان بىرچاغدا تاغنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان تولۇن ئاي ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇپ، پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان تەبىئەتنى ئۆز ئەكسىگە قايتۇردى.

ئايدىڭ كېچە، ئەتراپ تىپتىنچ. گۈزەللىك ئىچىدىكى تەبىئەت گويا ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلماقچى بولغاندەك تولغىنىپ ياتىدۇ. سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار ھەۋەسكە تولغان كۆزلەرگە ئوخشاش چاقنىماقتا. ئىككى گەۋدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ تەبىئەتنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان گۈزەللىكىنى تاماشا قىلغاچ پاراڭلاشماقتا. ئۇلار كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىشاتتى. كەلگۈسىدىكى ئائىلە، ئىناقلىق، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە

ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشاتتى. ئائىلە ئىگىلىكىنى تىكلەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنى ئورتاقلىشاتتى. مۇكەممەل پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گۈزەل بىر كېلەچەكنىڭ ئۈلگىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئىرتۇستۇك بىردىنلا ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى.

— ئاڭلىسام يەڭگىڭىزنىڭ دادىسى كەپتۇدەكقۇ؟ — دېدى ماخابات بىردىنلا گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ.

— شۇنداق، — دېدى ئىرتۇستۇك ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — كۆڭلى - كۆكسى دەرىيادەك كەڭ ئادەم ئىكەن. ئۇ كەلگەندىن كېيىن ئۆيىمىز شاد - خۇراملىققا تولۇپ، بۆلەكچىلا جانلىنىپ كەتتى. دادام ھەر كۈنى خۇشال. قۇدىسىنى ئېلىپ تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

— باشقىلارنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا بىر ئائىلىدىكى توققۇز جاننىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يەڭگىڭىزنى چوڭ بىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدىكەن. بۇنىسى راستمۇ؟

— ئەلۋەتتە راست. سىز بارغاندىن كېيىن ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ، بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىسىز. يەڭگەم دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان ئايال. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن توققۇز جاننىڭ تامىقى، كىر - قاتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپلا قالماي يەنە بىزگە روھىي ئوزۇق ئاتا قىلدى. ئىككىمىزنىڭ تېپىشىشىمۇ يەڭگەم كۈچ چىقارغان.

— نېمىدېگەن ياخشى ئايال - ھە؟ روشەن ھەددەممۇ ماڭا ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن. مەن

سىلەرنىڭكىگە بارغاندىن كېيىن شۇنىڭچىلىك قىلالىسام ياخشى بولاتتى. باشقا مىللەت تۇرۇپ، شۇ مىللەتنىڭ بۇنچىلىك ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. مەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىۋاتىمەن. سىز بىلمەيسىز، دادام: «توي تۇگىگەندىن كېيىن يەڭگىڭىزنىڭ دادىسىنى ئۆيگە ئەكېلىپ بىر مەزگىل تۇرغۇزىمەن. ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسىمنى بىلدۈرىمەن» دەۋاتىدۇ.

— ياخشىغۇ، — دېدى ئىرتۇستۇك بىردىنلا ئۇنىڭ بىلىدىن قۇچاقلاپ، — بۇ خەۋەرنى دادام بىلەن ئاپام ئاڭلىسا جەزمەن خۇش بولۇپ كېتىدۇ. رەھمەت ساڭا، ماخابات.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز، بىز يا يات ئادەم بولمىساق. يەڭگىڭىزنىڭ دادىسى سىلەرنىڭ قۇداڭلار بولغاندىن كېيىن بىزگىمۇ يات ئەمەس. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆيگە ئەكېلىپ كۈتۈش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

ماخابات شۇنداق دەپ چاچلىرىنى سىلىكىدى. ئۇنىڭ ھەم قارا، ھەم ئۇزۇن چاچلىرى گەجگىسىدىن بېلىگە يېيىلىپ چۈشتى. بېشىمۇ بىر چەتكە سەل - پەل قىيسىيىپ، چاچنىڭ ئاجايىپ گۈزەل تارتىش كۈچىنى نامايان قىلدى.

ۋاقىت مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە ئىدى. ماخابات ئورنىدىن تۇردى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئىككى قولى بىلەن سىيرىپ قويغاندىن كېيىن:

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. شۇنچە يىراق يەردىن مېنى دەپ كەلگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. يەنە بىرئاز ۋاقىت چىدىساق مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بىر جۈپلەرگە ئايلىنىمىز، — دېدى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوزغالدى. ئاي ئاسماندا خۇددى ئۇلارغا بەخت تىلەۋاتقاندەك ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى. ھاياجانغا تولغان دەقىقىلەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار خوشلاشقاندا پۈتكۈل جاھان ئىمتاسلىق ئىچىدە ئېغىر تىنىپ ياتاتتى.

«نېمىدېگەن ياخشى،— دەپ ئويلىدى ئىرتۇستۇك ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ،— بۇ خەۋەرنى يەڭگەم ئاڭلىسا چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى يالغۇز بىزلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن يۇرت ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ياخشى كۆرۈشكە ئەڭ لايىق ئايال. دادىسىمۇ ھەم شۇنداق.»

سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۆيدىن چىققان ساپارغالى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— ھاي ئىرمەك!— دەپ توۋلىدى. ئورنىدىن ئاللىقاچان تۇرۇپ كەتكەن ئىرمەك دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىكتىن چىقتى.

— ھارۋىنى قوشۇپ تەييار قىل، يولغا بالدۇرراق چىقايلى،— دېدى دادا ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ،— ھارۋىنىڭ ئۈستىنى ياخشىلاپ ئوڭشا. كىگىزنى قېلىنراق سېلىپ، بەلگە قويىدىغان ياستۇقنى ئۇنتۇپ قالما. ھە راست، ھېلىقى چوڭ كىلىيونكىنىمۇ ئېلىۋال. ئالىمادىس يامغۇر يېغىپ قالسا كېرەك بولىدۇ. ھېلىقى ئىرتۇستۇك دېگەن نېمىگە زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئاخشاممۇ سىرتتا قونۇپ قاپتۇ. توي ئاز قالغاندا بىزگە ئىش تېپىپ بەرمىسە بولاتتىغۇ؟

— ھېچ ئىش بولمايدۇ، دادا،— دېدى ئىرمەك كۈلۈپ تۇرۇپ،— ئۇمۇ بىر ئۆينىڭ ئىگىسى بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. بەلكىم پۈتۈم باغلانغۇچە ئوينىۋالاي دەۋاتقاندۇ.

مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىمەن، ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئىش يوق.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى قوتان تەرەپتىن كەلگەن كۈمۈشمۇ ئىرمەكنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — بۇ داداڭلارنىڭ كوتۇلدىغىنى كوتۇلدىغان. خۇددى ياشلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغاندەك. بىر چاغلاردا بۇ نەرسە كۈرۈك توخۇدەك روكىلداپ ئۆيدىن نېرى بارمايدۇ. كىمنى دوراپ قالدىكىن دەپ كوتۇلدايتتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۆيگە كىرمەيدىغان لالما بولدى، دەپ كوتۇلدايدىغان كېسەلگە قالدى. ئەتە - ئۆگۈن يەنە نېمىدەپ كوتۇلدايدىكىنتاڭ.

— سەزدۈرمەي گەپ ئاڭلاشنى سەنمۇ ئۆگىنىۋاپسەن - دە؟ — دېدى ساپارغالى ئايالىنىڭ چىشىغا تېگىپ. بۇ گەپ بىلەن ئۇلار كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

هارۋا دەل ۋاقتىدا يولغا چىقتى. هارۋىنىڭ چاقى بوش توپىغا پېتىپ چۆرگۈلەيتتى. هارۋىنىڭ كەينىدىكى ياستۇققا يۆلەنگەن ساپارغالى بىلەن باقاخۇن هارۋىنىڭ چايقىلىشى بىلەن ئىككى ياققا تەۋرىنەتتى. هارۋىنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كۈمۈش بىلەن كېلىنى كېلەتتى. ئىرمەك بىر قولىدا بوجىنى، يەنە بىر قولىدا قامچىنى تۇتقان هالدا ئاتلارنى پات - پات مېڭىشقا ئۈندەپ قوياتتى.

ئەبلىبەك مېهمانلارنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالدى. رىسالەت ئۇدۇل كەلگىنىچە سەلتەنەتنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن سەلتەنەتنى قاتتىق سېغىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئالىي ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىنغان باقاخۇن هاياجاندىن دەيدىغان

سۆزلىرىنى تاپالماي قالدى. چايدىن كېيىن قائىدە بويىچە ئەبلىبەك قوي يېتىلەپ كىرىپ دۇئا سورىدى. باقاخۇن ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۇرۇپ دۇئا قىلدى. جۇماتاي ئۆتكەنكىگە ئوخشاش ئىرمەككە ياردەملىشىپ قوي سويدى، ئوت قالاپ، گۆش پىشۇردى. ئۇ ئارىلاپ ــ ئارىلاپ ئىرمەكنىڭ چىشىغا تېگىپ قوياتتى. ئىرمەكمۇ بوش كەلمەي ئەڭ ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايتتى.

ئۆي ئىچىدىمۇ قىزغىن پاراڭ داۋاملىشىۋاتاتتى. تولىمۇ تەستە جەم بولغان ئۇرۇق ــ تۇغقانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۆز قىلىپ كۈلۈشەتتى، ئۆتكەن ــ كەچكەنلەرنى ئەسلەپ ھاياجانغا تولاتتى. چاي قۇيۇش بىلەن بەند بولۇۋاتقان سويدۇممۇ ئاندا ــ ساندا سۆزگە ئارىلىشىپ قوياتتى.

كەچكە يېقىن تاماق پىشىپ، باقاخۇنغا باش تارتىلدى. باقاخۇن ساپارغالىنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، شەرتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن باشنى سويدۇمگە سۇندى. قىمىزنىڭ قۇيۇلۇشى بىلەن ئۆي ئىچىنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قىمىز ھەقىقەتەن ئېسىل ئىدى. باقاخۇن بۇ قېتىم ساپارغالىنىڭ زورلىشى بىلەن ئىككى چىنە قىمىز ئىچتى. كۈمۈش ئېرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا قۇدىسىغا قىمىز زورلىغىنىنى چۈشىنەلمەي، ئېرىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. ساپارغالى قولىغا دومبىرىنى ئالدى، ئاندىن ئۇنى سازلاپ ناخشا ئېيتىشقا كىرىشتى. قەدىمىي قازاق ناخشىسى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىپ، ئاجايىپ بىر خىل ماھارەت بىلەن ئېيتىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ

يۈرىكىنىڭ تېگىگە كۆمۈۋەتكەن مۇھەببىتى خۇددى قايناپ تۇرغان بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش ئۇقچۇۋاتاتتى. بۇ خىل ئۇلۇغ مۇھەببەت ئىچىگە ئۇلۇغ زېمىنغا، تۇرمۇشقا، گۈزەل تەبىئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك يوشۇرۇنغانىدى. باقاخۇن كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە سېھرىي كۈچكە تولغان ناخشىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى. بۇ ناخشا ئۇنىڭغا قەيەردىدۇر ئاڭلىغاندەك، تولىمۇ تونۇشتەك بىلىنەتتى. ئۇزۇن زامانلاردىن، ھەيۋەتلىك تاغلاردىن كېلىۋاتقان تونۇش كۆرۈنۈش باقاخۇنغا يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭغا جۇشقۇن روھ ئاتا قىلىۋاتاتتى، ئەگەر ساپارغالىدا مۇشۇ ئانا زېمىنغا بولغان ئوتتەك مۇھەببەت، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قىزغىن ئىشتىياق بولمىغان بولسا، ئۇ بۇ ناخشىنى ھەرگىزمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ تاپتا جىمى جاھاننى يەڭگىلگىنە تەۋرىتىپ، ھەممە جانلىقنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئەنە ئۇستىگە كۆچ ئارتقان ئاۋۇل. ئەنە ئات مىنگەن بوۋاي ـ مومايلار. ئەنە ئۇلار ئالدىغا سالغان ئات ـ كالا، قوي ـ ئۆچكىلەر. ئەنە گاھى ئۆرلىگەن، گاھى تۆۋەنلىگەن ئۇزۇن يول. ئۇلار بەزىدە قاتتىق ئىسسىقتا، بەزىدە شارقىراپ ياغقان يامغۇردا كۆچۈپ كەلمەكتە. ئاندا ـ ساندا قوچاقتىكى بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

باقاخۇن شۇ كۈنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا نەچچە چىنە قىمىزنى ئارتۇق ئىچىپ قويدى. ساپارغالىنىڭ ناخشىسى تۈگىگەندە ئالدىدىكى قىمىز بار چىنىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلىدى.

ئىرتۇستۇكنىڭ تويى بولغان كۈنىمۇ نۇرغۇن ئادەم تويىغا باردى. شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ

كەتكەن سەلتەنەت ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان پىلاتى ـ يوپكىسىنى كىيىپ، يېشىل رەڭلىك گاز ياغلىقىنى بېشىغا ئەپچىللىك بىلەن چىگدى، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن يەڭگىل بېسىپ قويغاندىن كېيىن، ئىككى بارمىقىنى جۆيلەپ، قاپقارا قاشلىرىنى خېلى كۈچ بىلەن بىر يەرگە يىغىپ، ئانچە ـ مۇنچە پەرداز قىلغاندىن كېيىن ئەينەككە سىنچىلاپ قارىدى. ئەينەكتىن ئاجايىپ گۈزەل بىر چىراي تەبەسسۇم ئىلكىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

قۇدا ئەشىم سېمىزلىكىگە قارىماي چاقچاقچى، دائىم كۈلۈمسىرەپ يۈرىدىغان خۇشخۇي ئادەم ئىدى. ئۇ كۈلگەن چاغدا خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش تىپىلىقىپ ـ تىپىلىقىپ كۈلەتتى. سېمىز بەدەنلىرى كۈلكە تەسىرىدىن سىلكىنىپ، كىشىگە سەكرەۋاتقان پومزەكنى ئەسلىتەتتى. بالىلارنى كۆرسە ئۇلارنى ئەركىلىتىپ، يانچۇقىدىن نېمە چىقسا شۇنى بۆلۈپ بېرەتتى. بالىلارمۇ ئۇنىڭ بۆلۈپ بەرگەن تاتلىق ـ تۈرۈملىرىنى ھەۋەس بىلەن يەپ «خەير خوش، تاغا» دېگىنىچە كەينىدىن ئۈزىتىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئايالى جامىلا ئورۇق، ئېگىز كەلگەن ئايال بولۇپ، چىرايىدىن مۇلايىملىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار قۇدىلىرىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. توي راسا قىزىدى. توي ئارىلىقىدا روشەن بىلەن ئېرى كېلىپ سەلتەنەتنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار خۇددى بىر تۇغقانلاردەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

— مەن دادىڭىزنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، سىز بىلەن كۆرۈشكىلى بارالمىدىم، تاغا، ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن،— دېدى روشەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ.

ئۇنىڭ راستتىنلا خىجىل بولغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— خىجىل بولغۇدەك ئىش يوق، قىزىم، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئادەم دېگەن شۇنداق بولىدۇ. مەن سىزنىڭ تەربىيىڭىزنى سەلتەنەتتىن ئاڭلاپ بەك خۇش بولدۇم. بۇگۈنكى تويىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىمۇ سىزنىڭ ئەجرىڭىز بار ئىكەن. سىلەر بىزگە ئوخشاشمايسىلەر. يېڭى جەمئىيەتنىڭ ياشلىرى مانا مۇشۇنداق يېڭىچە بولۇشى كېرەك. مەن سەلتەنەتكىمۇ دېدىم، ئۇنىڭغا كۆپرەك تەلىم بېرەرسىز. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش ئەل سۆيگەن ياخشى كېلىن بولسا مېنىڭمۇ بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى، — دېدى باقاخۇن روشەنگە قايىل بولغانلىقىنى قىلچە يوشۇرماي. روشەن كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سەلتەنەت ھازىر بۇ يەردىكىلەرمۇ قىزغىن مۇزاكىرە قىلىدىغان سۆز تېمىسىغا ئايلاندى. ئۇ يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن چوقۇم مەندىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. بىز ھازىر يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇنىڭغا چوقۇم چامىمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىمەن، — دېدى. ئەگەر ئەشىم باقاخۇننى چاقىرمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ پارىڭى يەنە خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان بولاتتى.

يولغا چىقىش ئالدىدا ئەشىم بىلەن ئايالى باقاخۇننى ساپارغالىدىن سوراپ، بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى. ساپارغالى ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ «مەن چوقۇم قۇدامنى كېلىن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئۆز قولۇم بىلەن ئەكېلىپ قويىمەن» دېدى.

بۇ 1976 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىدى. شۇ كۈنى قىدىرغوجىمۇ ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولۇپ، ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

ــ سىزنىڭ مۇشۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزدە ئاساسلىق رول ئوينىغان كىم، بىزگە بۇنى دەپ بېرەلەرسىزمۇ؟ ــ دەپ سورىغاندا، ئۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەي:

ــ بىرىنچىدىن، دادام بىلەن ئاپام. ئىككىنچىدىن، يەڭگەم، ــ دېدى. مۇخبىر يەنە ئۇنىڭدىن:

ــ ئاڭلىساق يەڭگىڭىز ئۇيغۇر ئىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ بۇ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزدە قانداقلارچە ئاساسلىق رول ئويناپ قالدى؟ ــ دەپ سورىدى. قىدىرغوجا كۈلۈپ كېتىپ:

ــ بۇنى سىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مېنىڭ يەڭگەم ئالاھىدە ماتېرىيالدىن تۆرەلگەن ئايال. ئۇ ماڭا ھەر كۈنى ئەتىگەندە شوۋىگۈرۈچ بىلەن تۇخۇم شورپىسى قايىنىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ خىل تاماق ئاشقازانغا ئېغىر كەلمەيدىكەن. قۇۋۋىتى باشقا تاماقلاردىن يۇقىرى ئىكەن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ خىل روھ ھەرقانداق ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭ مانا مۇشۇ ياخشى تىلىكى ئۈچۈن بولسىمۇ جىنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ يۈگۈردۈم. مېنىڭچە ئۇيغۇر بىلەن قازاق ئەزەلدىن قان ـ قېرىنداش، ــ دېدى.

بۇ خەۋەر گېزىتكە بېسىلغاندا سەلتەنەت ئىختىيارسىز بۇلدۇقلاپ چىققان كۆز يېشىنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى

خۇشاللىق ئىلكىدە تىترەۋاتقان يۈرىكىنى، پارقىراپ تۇرغان ئىسسىق كۆز يېشىنى يوشۇرۇشقا پۈتۈنلەي ئامالسىز قالغانىدى. ئۇ گويا چەكسىز كەتكەن قۇملۇق ئىچىدە هاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئادەم تۇيۇقسىزلا ئاجايىپ گۈزەل بوستانغا كېلىپ قالغاندەك بىر خىل شېرىن ھېسسىيات ئىلكىدە كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ بەخت نۇرى پارلاپ تۇرغان چىرايىدىكى تەبەسسۇم مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق ياشلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

ھەممە خۇشاللىققا چۆمگەن شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدىكى تاڭ سەھەردە ئاتلىق بىرى:

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خالايىق، بېيجىڭدە جىياڭ چىڭ قاتارلىق تۆت ئادەم قولغا ئېلىنىپتۇ. ئاپەتنىڭ يىلتىزى قومۇرۇلۇپتۇ، — دەپ ئۆتتى. بۇ خەۋەردىن چۆچۈگەن ئادەملەر ئۆيىدىن چىققاندا، ئۇ ئادەم ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خەۋەر پۈتۈن چارۋىچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن خۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېھسەنگىرەيتتى. سىياسىي كۈرەشلەرگە تولا قاتنىشىپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەچكە، بىرەر ئېغىز گەپنى خاتا قىلىپ قويۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. شۇ خەۋەردىن كېيىن باقاخۇن پەقەتلا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنى تۇتۇپ قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن ساپارغالى ئاخىرى ئۇنىڭ رايىغا باقتى. سەلتەنەت دادىسى يولغا چىقىدىغان كۈنى ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ياش تۆكتى. ساپارغالى قۇدىسىنى ناھىيە بازىرىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. باقاخۇننىڭ چىرايىنى بىردىنلا شەپقەتچىسىنىڭ ئۆزگە

قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولالمايدىغاندەك بىر خىل خىجىللىق ئىگىلىدى. تىللىرىمۇ كالۋالىشىپ، مېڭىسى قېتىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ نەچچە قېتىم ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بوغۇزىغا كېلىپ قالغان سۆزلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرغان سەلتەنەت ئۆيدىكىلەرنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئالتە جاننىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى يىغدى، ئاندىن چىنە ـ قاچىلارنى يۇدى، ئۆي ئىچىنى پاكىز سۈپۈردى. قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسى قوشنا يېزىدىكى بىر تونۇشىنىڭ تويىغا كەتكەچكە، بۈگۈن ئۆينىڭ ئىچى چۆللىشىپ قالغانىدى. قىدىرغوجا هازىر ئۆيدە يوق. ئۇ خۇددى قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلگەن قۇش بالىسىغا ئوخشاش ئۇچۇپ كەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدال ئالغاندىن كېيىن ناهىيەلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۇنى چاقىرتىپ، مەخسۇس مەشىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى هېچكىم بىلمەيتتى.

سەلتەنەت ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە نېمىلەرنى قىلسام بولىدۇ، دېگەندەك ئۆي ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ قارىدى. ئۆي ئىچىدە ئۆزى قىلغۇدەك ئىشنىڭ قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشىكتىن چىقتى. نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياش ئالىقانچىلىك بۇلۇت بولمىغان ئاسماندا ئېسىلىپ تۇراتتى. كۆز ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولغاچقا، قۇياشنىڭ تەپتىمۇ

بوشىشىپ قالغان بولۇپ، بۇرۇنقىدەك قايناق ئىسسىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

سەلتەنەت يەڭگىل تىنىپ قويدى. ئاز كۈندە قىشلاققا كۆچىدىغانلىقىنى ئويلاپ ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر سېزىم تارقىغاندەك بولدى. چۈنكى ئۇلار قىشلاققا بارسىلا كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىش تەييارلىقى باشلىناتتى. كېلىن كەلسە ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈكمۇ يەڭگىللەپ، ھاياتىغا يېڭى بىر مەزمۇن قوشۇلاتتى.

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار ئىلكىدە قازان بېشىغا كەلدى. ئارا قازاندىكى سۈت ئاللىقاچان پىشقان بولۇپ، ساپسېرىق قايماق قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ قازاندىكى سۈتنى قاچىلارغا بۆلۈۋالغاندىن كېيىن، قازاننى پاكىز يۇيۇپ، يۇندىسىنى تۆكۈش ئۈچۈن ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتتى ـ دە، ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى توخۇ كاتىكىگە كۆزى چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى. قورۇق كاتەك ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ مەيۈس ھالەتتە تاشلىنىپ تۇراتتى. سېتىلىپ كەتكەن توخۇلار بىردىنلا كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. توخۇلار كەڭرى دالادا ئەركىن ياشاپ تازا سەمرىگەنىدى. نەدىن كەلگىنى نامەلۇم بىرى توخۇلارنى كۆرۈپ يېپىشىپلا قالدى. سەلتەنەتنىڭ ساتمايمىز، دېگىنىگە قويماي توختىماستىن باھا قويدى. باھا ئۈچ سومغا، ئۈچ سوم ئەللىك تىيىنغا چىققاندا قېيىنئاتا قىمچىلىپ كەتتى. ئۇ سەلتەنەتنى چەتكە تارتىپ پەس ئاۋازدا:

— باھا قويغىنىغا قارىغاندا ئۇ سودىگەردەك قىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە ئەزەلدىن توخۇ ئۈچ سومغا چىقىپ باقمىغان. ھازىر بىر مېتىر چىبەرقۇتنىڭ باھاسى ئۈچ سوم ئەللىك تىيىن. بىر توخۇغا بىر مېتىر چىبەرقۇت

كەلدى دېگەن گەپ. ئەگەر ساتقۇڭىز بولسا ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ. مېنىڭچە ئۈچ سوم ئەللىك تىيىن ناھايىتى ياخشى باھا،— دېدى. سەلتەنەت قېيىنئاتىسىنىڭ ساددىلىق بىلەن دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتتى. قائىدە بويىچە قېيىنئاتا بولغۇچى كېلىنى بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا توخۇنى سودىگەرگە سېتىپ بەرگەن بولسا بولاتتى. بىراق ئۇ ئۇنداق قىلماي ئىختىيارنى يەنىلا كېلىنىگە بەردى.

سەلتەنەت گەرچە قېيىنئاتىسىغا ماقۇل دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، توخۇنى ئالدىراپ ساتمىدى. سودىگەر بىلەن باھا تالىشىپ ئەڭ ئاخىرىدا يىگىرمە ئىككى توخۇنى يۈز سومغا ساتتى. بۇنى كۆرگەن قېيىنئاتا بىلەن قېيىنئانىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. توخۇ سېتىلدى. بىراق پۇلنى قېيىنئاتا بىلەن قېيىنئانىنىڭ ھېچقايىسى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرىدا قېيىنئاتا:

— بۇ پۇل سىزنىڭ بىر يىللىق ئەجرىڭىزنىڭ مېۋىسى. شۇنداق بولغانىكەن ئۇ پۇلنىڭ يەنىلا سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرغىنى ياخشى. بىز تەييارغا ھەييار بولساق بولمايدۇ. قانداق ئىشلەتكۈڭىز كەلسە شۇنداق ئىشلىتىڭ. مېنىڭچە بولغاندا بۇ پۇلنى دادىڭىزغا ئەۋەتىپ بېرىڭ،— دېدى. سەلتەنەت ئويلىنىپ قالدى. كەچكى تاماق ۋاقتىدا ئويلىغانلىرىنى ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى:

— ھازىر مېنىڭ قولۇمدا توخۇ سېتىپ تاپقان يۈز سوم پۇل بار. بۇ پۇلغا مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قان - تەرى سىڭگەن. شۇڭا سىلەرقوشۇلساڭلار بۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ يەنە توخۇ سېتىۋالساق. سېتىۋالغان توخۇلارنى بىر مەزگىل

باققاندىن كېيىن ھېلىقىدەك سودىگەرلەرگە مۇۋاپىق باھادا سېتىپ بەرسەك بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ دەسمايىنى ئايلاندۇرساق دەسمايە كۆپىيىدۇ. دەسمايە كۆپەيسە يولمۇ كېڭىيىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان باللار يەڭگىسىنىڭ ئەقلىگە بارىكالla ئېيتىپ، ئۇنى چىن قەلبىدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ئەمما قېيىنئاتا ئويغا پاتقىنىچە خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىر مەسىلىگە يولۇققانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

- سىلەر ياشلار قىزىققان كېلىنىسىلەر. يەڭگەڭلەرنىڭ دېگىنى قارىماققا تولىمۇ ئورۇنلۇق، ئەمما بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىش مەسىلىسى. يەڭگەڭلەرنىڭ بۇرۇن ساتقىنى ئۆزى باققان توخۇلار. شۇنداق بولغاچقا مەن ئۇنىڭ توخۇ سېتىشىنى قوللىغان، ئەمما ھازىرقىسى ئۇنىڭغا قىلىچىمۇ ئوخشاشمايدۇ. بىز توخۇنى يۇرتداشلاردىن ئەرزان سېتىۋېلىپ، قىممىتىگە ساتساق بۇ يۇرتتا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق قىلىش بىزنىڭ قائىدە - يوسۇنىمىزغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ.

ساپارغالىنىڭ سۆزى بىلەن بەس - بەستە قايناۋاتقان باللار جىمىپلا كېتىشتى. دېمىسىمۇ بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە مەسىلە ئىدى. سەلتەنەت بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىپ بېرىپ توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كاللىسىغا كىرىۋالغان بولمىغۇر خىياللارنى نېرى ھەيدىدى.

— داداڭلارنىڭ دېگىنى ئورۇنلۇق گەپلەر،— دېدى قېيىنئانا ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،— سۆز دېگەن ھەرگىز يەردە ياتمايدۇ. ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتقىنىمىزنى ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن يۇرت بىلىپ كېتىدۇ. كېلىن بالىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق. ئۇمۇ مۇشۇ ئۆيگە بولسۇن دەۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلساق ئاز كۈندە بېيىپ كېتىشىمىزدە گەپ يوق. چۈنكى قازاق خەلقى توخۇنى يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تۇخۇم تۇغدۇرۇش ئۈچۈن باقىدۇ. شۇڭا مۇشۇ كۈنلەردە سېتىۋالىمىز دېسەك قانچىلىك سېتىۋالغۇمىز كەلسە شۇنچىلىك سېتىۋالىمىز. بىراق پۇلنى دەپ قائىدىنى بۇزساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىرقى كۈنىمىزمۇ يامان ئەمەس. بىز دېگەن چارۋىچى. قولىمىزدىكى مالنى ياخشى بېقىپ كۆپەيتسەك مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش. ئۇنىڭدىن باشقا يات ئارىدا كېلىنىنى ئەكېلىمىز. شۇڭا قىشلاقتا كۆچۈش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، كېلىنىنى ساق - سالامەت ئەكېلىۋالايلى. قالغان ئىشلارنى كېلىن كەلگەندىن كېيىن بارمەسلىھەت قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز...

سەلتەنەتنىڭ خىياللىرى تېخى ئاياغلاشمايلا ئىشىك ئالدىغا بىر دىشلۇ ھارۋا كېلىپ توختىدى. دىشلۇ ھارۋىدا قازاقمۇ، ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ، تۇڭگانمۇ بار ئىدى. ھارۋىدىن چۈشكەن قازاق يىگىت سەلتەنەتكە قاراپ:

— ھاي كېلىن، بىزگە ئازراق ئۇسسۇزلۇق بېرەلەرسىزمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن دوستلىرىم ئىدى. يولغا سەھەر چىققاچقا ئۇسساپ كەتتۇق،— دېدى. ئۇلارنىڭ تاغقا ئويناپ چىققانلىقى

چىرايلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. سەلتەنەت ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. ساماۋارغا ئوت سېلىپ، چاينىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. مېھمانلار ئۆيگە كىرىپلا قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئۇلار تاغ مەنزىرىسى، كۆچمەن تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، مېھماندوستلۇق توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇڭگان يىگىت بولۇنۇۋاتقان پاراڭنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلاتتى. گەپ بىردىنلا ھازىرقى ۋەزىيەت ئۈستىگە كۆچتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىر خىل قىزغىنلىق چىقىپ تۇرسىمۇ سەلتەنەتنىڭ ۋۇجۇدى نېمە ئۈچۈندۇر يېقىمسىز بىر ھالەتتە قورۇلۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى ھازىرلا بىر توپ ساقچى كېلىپ ھەممە ئادەمنى تۇتۇپ كېتىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇدا سىرتقا نەچچە قېتىم چىقىپ كىردى. سىرتتا ئادەم توگۇل شەيتانمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدى خەنزۇ يىگىت بىر خىل ھاياجان ئىچىدە، — ماۋ جۇشىمۇ جىياڭ چىڭغا نەچچە قېتىم «سىلەر تۆت كىشىلىك گۇرۇھ بولۇۋالماڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنىكەن. بىراق ئۇلار ماۋ جۇشىنىڭ سۆزىنى نەزىرىگە ئېلىپمۇ قويماپتۇ. ھازىر مەركىزىي كومىتېتتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ كىردى. ئۇ ئۈچ قېتىم ئاغدۇرۇلۇپ، ئۈچ قېتىم ئورنىدىن تۇرغان قالتىس ئادەم. ئۇ ئىش باشقۇرسىلا قالايمىقان ۋەزىيەت ناھايىتى تېزلا ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. قاراپ تۇرۇڭلار، ئاز كۈن ئۆتمەي ۋەزىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇيغۇر يىگىت ئارىلاشتى:

— جۇڭگا ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ. ئەسلىدىمۇ

شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. «ئاق مۇشۇك، قارا مۇشۇك، چاشقان تۇتسىلا ياخشى مۇشۇك» دېگەن سۆزنىڭ نەرى خاتا دەيمەن. چاشقان تۇتمىغان مۇشۇكنى قانداقمۇ ھەقىقىي مۇشۇك دېگىلى بولسۇن؟ بىرچاغلاردا جىياڭ چىڭ مۇشۇ سۆزنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىرمۇنچە بوران پەيدا قىلمىدىمۇ؟ ئۇنىڭچە ياخشى مۇشۇك ئىكەنلىكىنى بىلىشتە چوقۇم رەڭگىگە قاراش كېرەك ئىكەن. قارا رەڭلىك مۇشۇك بولسا قەتئىي بولمايدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ قارا رەڭگى ئىدىيەگە ۋەكىللىك قىلىدىكەن. نېمىدېگەن بىمەنىلىك دەيمەن. قارا رەڭ يالغۇز مۇشۇكتىلا بار ئەمەسقۇ؟ مەسىلەن، كېچە قاراڭغۇ. ئۇنداقتا بىز كېچىسى قاراڭغۇ بولمايدىغان قىزىل كېچىنى نەدىن تاپىمىز؟

گەرچە مېھمانلارنىڭ دەۋاتقانلىرى سەلتەنەتنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى جاندىن تويغان ئادەملەردەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ تەرلەۋاتاتتى، پۇت - قوللىرى جانسىزلىنىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بىر خىل كۈچنىڭ تەسىرىدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى.

— سىڭلىم، — دېدى ئۇيغۇر يىگىت ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلىپ، — قىمىز بولسا بىر چىنىدىن بەرگەن بولسىڭىز بوپتىكەن. مەن بۇ تەرەپنىڭ قىمىزىنى ئالامەت ياخشى دەپ ئاڭلىغانىدىم.

سەلتەنەت كورىغا قۇيۇپ قويغان قىمىزنى كۆڭۈل قويۇپ سورۇغاندىن كېيىن چىنىگە قۇيۇپ ئۇلارغا سۇندى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر يىگىتكە ئۆزىنى تونۇشتۇرغۇسى

بولسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئاغزىغا كەلگەن سۆزلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى.

— نېمىدېگەن قالتىس قىمىز ـ ھە؟ — دېدى قازاق يىگىت چىنىدىكى قىمىزنى تىنماي ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئاغزىنى سۈرتۈپ، — بۇنداق قىمىزدىن ئون چىنە بولسىمۇ غىنىڭ قىلماي ئىچىۋەتكەن بولاتتىم.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. جۇڭفا دېگەن خەنزۇ يىگىتمۇ تاڭلىيىنى تەمشىپ ماختاپ كەتتى:

— ھەقىقەتەن ياخشى قىمىز ئىكەن. ئۈرۈمچىدىكى نەنسەننىڭ قىمىزىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىكەن. ماڭا بەك ياراپ كەتتى.

بۇ سۆز بىلەن جانلانغان قازاق يىگىتى سەلتەنەتكە يۈزلەندى.

— سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىمىزىڭىزنى ماختاپ كەتتى. شۇڭا بىزنى ئەيىبكە بۇيرۇماي قىمىزدىن يەنە قۇيۇڭ. بۇگۈنكى قىمىزنىڭ پۇلىنى مەن ئۇستۇمگە ئالىمەن. بىزگە قانچىلىك قىمىزىڭىز بولسا شۇنچىلىكىنى تارتىپ بېرىڭ. كىلوسىغا بىر سومدىن پۇل سانىسام بولار؟

سەلتەنەت بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىپ بېرىپ توختاپ قالدى. ھەر كۈنى دادۇيگە تاپشۇرىدىغان قىمىز ئون كىلوگىرام بولۇپ، ھازىر كەچ كۈز پەسلى بولغاچقا ئۇلار دادۇينىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بەزىدە ئۆز نەپسىدىن كېچەتتى. پەۋقۇلئاددە مېھمان كېلىپ قالغان كۈنلىرى ئەھۋالنى دادۇي رەھبەرلىرىگە ئېيتىپ، دادۇيدىن ھەر كىلوسىنى ئوتتۇز تىيىندىن ھېسابلاپ قىمىزنى سېتىۋالاتتى. مانا ھازىر بۇلار كىلوگىرام

بىشىغا بىر سومدىن پۇل بەرگىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە قىمىز بار. قىمىز بار تۇرۇپ ئۇلارغا بولمايدۇ ياكى يوق دېيىش ئادەمنىڭ يۈزى چىدىمايدىغان ئىشقۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟

سەلتەنەت قەتئىي نىيەتكە كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئون كىلوگىرام قىمىزنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدى. سەلتەنەت ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ خاتاغا مانا مۇشۇنداق يول قويدى.

ئىرمەك ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە سەلتەنەت سوغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا تاپ باستۇرۇپ كەلگەن دادا ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— ھاي ئىرمەك، بۇياققا كەل!

ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئالدىدىكى بۇ قۇدرەتلىك گەۋدىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆز بىلەن ئۇچراشقاندا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قارىۋالدى. ئۇ دادىسىنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەن چاغدىلا ئەنە شۇنداق ئۇن - تىنسىز قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن چىققان نۇر سۆز قىلمىغىنى بىلەن ھەرقانداق توسۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، يۈرەككە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئۇنىڭ قانچىلىك قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەقەت بالا بولغۇچىلا بىلەتتى.

— ئايالىڭ نەدە؟

ئىرمەك ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويدى:

— بىلمىدىم، مېنىڭمۇ ھازىر كېلىشىم. چېلەكنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە قارىغاندا سوغا كەتكەن بولسا كېرەك؟

— ئاق ساتقاننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەن. بىزگە نىسبەتەن ئاق سېتىش كەچۈرگۈسىز چوڭ گۇناھ.

— ئۇنداقتا ياخشى. ئايالىڭ بۇگۈن ئاق سېتىپ بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكۈپتۇ. كېلىشۋاتسام بىرقانچىسى بۇ ئىشنى ماڭا ئىنكاس قىلدى. ئۇلارغا ئىشەنمەي ناھىيەدىن ئويىنغىلى كەلگەنلەرنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇلار ئايالىڭدىن ئون كىلو قىمىزنى ئون سومغا سېتىۋاپتۇ.

ئىرمەك بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— هازىر ئايالىڭ ئىككىڭلار ئىككىلا مۇشۇ پۈتۈن سۆزنى كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى يەنىلا سەن بىر تەرەپ قىلغىن، — دېدى دادا ئۇنىڭ ئۆڭگەن چىرايىغا قاراپ.

ئىرمەك نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دادىسىغا قارىدى.

— ئۇنداقتا ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمەن؟

— قانداق بىر تەرەپ قىلاتتىڭ. ئالدى بىلەن ئايالىڭ خاتالىقىنى تونۇسۇن. ئاندىن سەن ئون كىلو قىمىزنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، قىمىز سېتىۋالغانلارغا ئاپىرىپ بەر. ئۇلار بىلەن بولغان ھېساباتنى دادۇي ئۆزى پۈتكۈزۈۋالسۇن. هازىر بىزگە پەقەت مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. گەپنى چىرايلىق قىل. بۇنداق ئىش بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز يۈز بەرمىسۇن.

ئىرمەك ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى قايناۋاتاتتى. ئەسلىدە ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش دادا بولغۇچىنىڭ ئاچچىقلىنىشى بىلەن بىردىنلا مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ھېساباتنى دادۇي بىر تەرەپ قىلدى نېمە، ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلدى نېمە؟ دادۇينىڭ ھەربىر كىلوگىرام قىمىز ئۈچۈن قىمىز

سىيتىۋالغانلاردىن ئۇلار رازى بولۇپ بەرگەن بىر سوم پۇلنى ئېلىشى تۇرغانلا گەپ. ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىسىغۇ ياخشى، بىراق ئىش ھەرگىز بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. ئۇ چاغدا سەلتەنەت تېخىمۇ لەنەتكە قالامدۇ؟

ئىرمەك ئۇستەلنىڭ ئاستىدىكى يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى ـ دە، بىر رومكا قۇيۇپ گۇپلا قىلىپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىچكەنسىرى ھاراققا بولغان خۇمارى ئېشىپ باردى. ئۇ ئاخىرقى رومكىنى ئىچىۋەتكەندە بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنە ئازراق تەخىر قىلىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئۆي ئىچى پىرقىراۋاتقاندەك بىلىندى.

ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە سەلتەنەت كىرىپ كەلدى. ئىرمەك ھەرقانچە قىلىپمۇ ئايالىغا قاراشقا پېتىنالمىدى. كۆزلەر ئۇچرىشىپ قالسا ئوت ئۇچقۇنى پەيدا بولۇپ، پۈتۈن جىسمى كۆيۈپ كېتىدىغاندەك يۈرەك ـ باغرى مۇجۇلۇپ كەتتى. ئايالى بولسا ئۇنىڭ خىيالىدا ئەڭ چوڭ بالا ـ قازانى كۆتۈۋالماقچى بولغاندەك بىر ئورنىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇراتتى.

ـــ سىزگە نېمە بولدى، ئىرمەك؟ ـــ دېدى سەلتەنەت بىكار بولغان بوتۇلكا بىلەن رومكىغا قاراپ قويۇپ، ـــ ھاراق ئىچىپسىزغۇ؟

ـــ ئۆزۈمچىلا، ـــ دېدى ئىرمەك سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا، ـــ ئىچكۈم كېلىپ قالدىغۇ تاڭ؟

ـــ ئۆيدە بىر ئىش بولدىمۇ؟

ـــ بۇنى ئۇقمىدىم.

— مەن بۈگۈن شەھەرلىكلەرگە ئون كىلو قىمىز ساتقانىدىم. پۇلىنى دادامغا بېرەي دېسەم دادام ئۆيدە يوق ئىكەن. ئاپامغا بەرسەم ئالغىلى ئۇنىماي سىزگە بېرىشىمنى ئېيتتى. قارىسام ئاپامنىڭمۇ كەيپى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. بۇ يەردە بولسا سىز ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپسىز؟

— قىمىز ساتتىم دېدىڭمۇ؟ بۇ قانداق گەپ؟ بىزنىڭ ئاق ساتمايدىغىنىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ قىمىز ساتقىنىڭ نېمىسى؟ بۇنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ مېنىڭ ساڭا خاپا بولغىنىم ئەمەس، ياخشىراق ئويلاپ باق، بۇ يەردىكى مۇناسىۋەت بىر تال يىپقا باغلانغان قارماققا ئوخشايدۇ. يىپنى تارتسا قارماقنىڭ ھەممە يېرى مىدىرلايدۇ. قېنى، دەپ باققىنا، شۇنداقمۇ، ئەمەسمۇ؟

سەلتەنەت ئۇنچىقماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. ئۆز ئوقىدا قېتىپ قالغان قاپقارا كۆزلىرى پۇتىنىڭ ئۇچىغا تىكىلگەنىدى، يۈرىكى بىئاراملىق ئىچىدە ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پۇتۇن غەيرىتىنى يىغىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ چامىسى يەتمىدى. كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەسرەتلىك ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

ئىرمەك ئۇنى ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيىدۇ، قىلغانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق سەلتەنەت ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا:

— مەن راستىنلا توغرا قىلماپتىمەن، ئىرمەك. شۇ تاپتا قىلغانلىرىم خەنجەر بولۇپ يۈرىكىمگە سانجىلىپ

كېتىۋاتىدۇ. خاتالىقىمنى قانداق تۈزىتىشىمنى بىلمەي قالدىم،— دېدى تىترىگەن ئاۋازدا. ئىرمەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياش يۇقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن يۈرىكى ئېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئايالىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش مەقسىتىدە ئەڭ ياخشى تەسەللى سۆزلەرنى قىلىش نىيىتىگە كەلدى. بىرنەچچە ئېغىز ياخشى سۆز راستتىنلا ئۇنۇم بەردى بولغاي، سەلتەنەتنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى. گەرچە ئۇ بەزى چاغلاردا قايغۇغا پاتسىمۇ، باشقىلارنىڭ تەسەللىسىنى قوبۇل قىلغاندا بىردىنلا روھلىنىپ، بىردەم بولسىمۇ ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. چىرايىغا تەپچىپ چىققان ئۈمىدۋارلىق باشقىلارنىمۇ ھاياجانغا سېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟— دېدى ئۇ ئىرمەككە خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى تىكىپ. ئىرمەك پۇلنى قايتۇرۇش، ھېساباتنى دادۇي قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۇ بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

— بىراق،— دېدى ئىرمەك ئايالىنى باغرىغا باسقان ھالدا،— بۇ ئۇسۇل ھازىر بىزنى گەپ - سۆزدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنى بىلەن قىمىزنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا ھەممە گۇناھ ساڭا يۈكلىنىپ قالىدۇ.

— مەيلى،— دېدى سەلتەنەت ئېرىنىڭ ئەندىشىسىنى بىلىپ،— سىلەرنىڭ نام - ئابرۇيۇڭلارنى ساقلاپ قالىدىغان ئىش بولسىلا مەن بۇنىڭغا رازى.

— ئۇنداقتا بىز قوش زىيان تارتقان بولمامدۇق؟

— قانداق قوش زىيان تارتقان بولىمىز؟

— بىرىنچىدىن، پۇلدىن زىيان تارتقان بولىمىز. ئىككىنچىدىن، باھانى ئۆستۈرۈپ باشقىلارنىڭ لەنىتىگە قالغان بولىمىز. قارىماققا مۇشۇ ئىش بىلەن ئائىلىمىزنىڭ نام - ئابرۇيى ساقلىنىپ قالغاندەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— ئەگەر بۇ ئىشقا جىددىي پوزىتسىيە تۇتماي، قۇلاقنى يوپۇرۇۋالساقچۇ؟

— بۇ ئامال بولىدىكەن. ئۇنداق بولسا سىلەر ھەممە مەسئۇلىيەتنى ماڭا ئىتتىرىپ قويۇڭلار. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن قىممىز ساتقاندا سىلەرنىڭ بىرسىڭلارمۇ ئۆيدە ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ مىللىتىم ئۇيغۇر. ئۇيغۇرنىڭ سودىغا ماھىر كېلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. دادۇيگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئۈچ سوم پۇلنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئاپىرىپ تاپشۇرۇۋېتەي. ئويلاپ باقسام بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە مۇشۇ ئىكەن. گەپ - سۆز دېگەنمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بېسىقىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشقا دىققەت قىلسىلا بولىدىغۇ؟

ئۇلار شۇنداق كېلىشتى. ئىرمەك ئويلىغانلىرىنى دادىسى بىلەن ئاپىسىغا دېگەندە ئۇلارمۇ ئارتۇقچە بىرنېمە دېمىدى. بۇ ئىشلار قىشلاقتا كۆچۈش مۇناسىۋىتى بىلەن بېسىقىپ قالدى. ئەمدىكى ئەڭ چوڭ ئىش كېلىننى ئەكېلىشتە قالغاندى.

كېلىننىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن قىشلاق بايرام تۈسىگە كىردى. ئۆيگە ئاز قالغاندا ئاتتىن چۈشكەن

كىلىنىنىڭ بېشىغا پۈركەنچە ئارتىلدى. كېلىن ھەربىر قەدەمدە چوڭ ـ كىچىكلەرگە سالام قىلىپ ھۇجرىسىغا كىردى. تاغ باغرىغا جايلاشقان قىشلاق ئاسمىنىدا خۇشاللىقنىڭ نىشانى بولغان كۈلكە ياڭرىدى. سەلتەنەت چېپىپ يۈرۈپ خىزمەتلەرنى قىلاتتى. چىن قەلبىدىن چىققان بىر خىل سۆيۈنۈش، بىر خىل ئۇلۇغۋار مېھىر ـ مۇھەببەت، بىر خىل پەخىرلىنىش ئۇنى جاھاندىكى ئەڭ جەسۇر ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

يېڭى كېلىنىنىڭ بوينىنىڭ ئاقلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئىنچىكىلەپ قارىغان ئادەمگە ئۇ ھېچكىم تېخى ئۇچرىتىپ باقمىغان مەرۋايىتنى ئەسلىتەتتى. يەلكىسىگىچە يېيىلغان ئاشۇ خاسىيەتلىك تېرىدىن بىر خىل سېھرىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. بىر قارىغان ئادەم ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەل بوينىدىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرگەندەك بولاتتى. قارىغاتتەك قاپقارا كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

سەلتەنەت مۇشۇ پۇرسەتتە يېڭى كېلىنىنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا قانغۇچە قارىۋالدى.

ئۆيگە كىرىپ ياندىشىپ ئولتۇرغان ئىرتۇستۇك ماخاباتنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى. بۇ قوللار ئۇنىڭغا ھەم يۇمشاق، ھەم يېقىملىق ئىدى. ئۇنىڭ يوغان ئالقانلىرى ئارىسىدىكى ئىسسىق قول شۇنچىلىك قۇدرەتكە ئىگە ئىدىكى، ئىرتۇستۇك ئالقانلىرىنىڭ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. ماخابات ئىرتۇستۇكنىڭ ئالقىنى ئارىسىدىكى قولىنى تارتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىكى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ئۇنىڭ يىرىك ئالقانلىرىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ نازۇك

ئالىقانلىرىنى ئۇنىڭ ئامبۇردەك ئالىقانلىرى ئارىسىدىن ئاجرىتىپ ئالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ساپارغالى كۈلەتتى. ئۆزىگە چاقچاق قىلغانلارغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇ بۈگۈن ئالاھىدە ياسىنىۋالغاچقا، روھىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. پۇتىغا مايلاپ پارقىرىتىلغان ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، ماڭسا غىچىلدىغىنى خېلى يەرگىچە ئاڭلىناتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك مەيدىسىنى كېرىپ، ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى. تۈگمىلىرى تولۇق ئېتىلگەن سوكنا پەلتوسى ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ تۇرغانلىقىدىن، پاكىزلىقىدا، گۈزەللىككە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلىپ، قىدىرغوجا كېلىن كەلگەندىمۇ كېلەلمەپتۇ - دە،— دېدى قوشنىلارنىڭ بىرى ھەيران بولغانلىقىنى باسالمىغان ھالدا،— ئۆتكەندىكى قۇدىلىق تويىغىمۇ كېلەلمىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەكلا چىڭ ئوخشايدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە؟— دېدى ساپارغالى كۈلۈپ تۇرۇپ،— ئۇ ھازىر بىزنىڭ بالىمىز ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ بالىسى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە بىزنىڭ چامىمىز يەتمەيدۇ - دە؟ شۇنداق ئەمەسمۇ - يا!؟

ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر خىل پەخىرلىنىش ھەم مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئادەملەر ئۇنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن گەرچە سىرتىغا چىقارمىسىمۇ ئىچىدە خۇش بولۇۋاتقانلىقىنى گەپ - سۆزىدىن، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن سېزىشەتتى.

كېلىن كەلگەندىن كېيىنكى تاماشا يۇقىرى پەللىگە چىقتى. كۈمۈش پات ـ پات خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە تاماشىغا كەلگەنلەرگە چاچقۇ چاچاتتى، ئۈرمە ئۆرۈيتتى. ئۆزگە چاقچاق قىلغانلارغا بىرنەرسىلەرنى دەپ جاۋاب بېرەتتى. جاڭغابىل بىلەن قەسەن ياشلار ئارىسىدا تاماشىغا ئىشتىراك قىلىپ، ئاكىسىنىڭ بىر كۆڭلۈك مەرىكىسىنى قىزىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىراتتى. جۇماتاي بىلەن ئىركىنبەك كەينى ـ كەينىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پائالىيەتتىن ھۇزۇر ئېلىپ، كۈلكىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىرمەكلا خۇددى بۇ ئىشلار بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوقتەك بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك بېسىلمىغاچقا، ئېچىلاي دېسىمۇ ئېچىلىشقا ھېچبىر ئىمكان بولمايۋاتاتتى. ئىككى قېتىملىق ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ كۆپرەك خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. خىيال سۈرگەنسېرى كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولۇپ، دادىسىنىڭ قىلغانلىرى تازا توغرا بولماي قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلەتتى.

مېھمانلار يەرگە رەسمىي قاراڭغۇ چۈشكەندە تارقىلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرى چۈشۈپ كەلگەن ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراشقىنىچە پۈتۈن دالانى بېشىغا كىيدى. كەينىدىكى ئىككى ھارۋىغا چۈشكەن ياشلار توختىماستىن ناخشا ئېيتاتتى. ناخشىغا تەڭكەش بولۇۋاتقان ئېغىز گارمونىنىڭ ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىدا يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. ھارۋىنىڭ سىلكىنىشى بىلەن قىزلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى جىمجىت ياتقان دالانى جانلاندۇرۇپ، پۈتۈن سەپنىڭ

تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولاتتى. ھارۋا ئۈستىدە تۇرۇۋالغان ياشلار بىر ـ بىرىنى مەھكەم تۇتقىنىچە پۈتۈن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ناخشا ئېيتىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئېيتىۋاتقان ناخشىسىغا جور بولغان قىيقاس ـ سۈرەنلىك كۆلكە ئۇزاققىچە داۋاملاشتى.

كۆمۈش بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان ھارۋىغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ توي قىلغان ۋاقتىدىكى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەر پەيدا بولدى. ئۇ توي ئاجايىپ گۈزەل چاغقا توغرا كەلگەن بولۇپ، دالالاردا ئېچىلىپ كەتكەن تۇرلۇك ـ تۈمەن گۈللەر دەستىدە پۈتكۈل جاھان رەڭدار لېنتىلار ئارىسىدا قالغاندەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. تەنتەكلىكتە ئۇچىغا چىققان ياشلار قىيا ـ چىيا ئىچىدە ئۇنى ئۆيىدىن يۆتكەپ، بولۇشىغا چېپىشقانىدى. مانا ئەمدى زامان ئالمىشىپ، ئۇ بىردىنلا ئىككى كېلىنلىك بولۇپ قالدى.

توي ئاخىرلىشىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ھەسرىتىنى ئىچىگە پاتۇرالماي قالغان ئىرمەك تاغىسىنىڭ يېنىغا باردى. تاغا ئۇنىڭ سۆزىگە دەرھال جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئالدىرىماستىن تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردى، ئاندىن تاماكىنى كۆچەپ شوراپ، ئىسىنى ھاۋاغا پۈۋلىدى. دۈگىلەك ـ دۈگىلەك ھالقا ھاسىل قىلغان ئىس ھاۋاغا تارقىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، نەپەس بىلەن تەڭ ئىككى مۈرىسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى. تاماكا ئىسىدىن قىيقىلىپ يۆتەلگەندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاتتىق چۈشكۈردى.

— بۇ بىر تارىختىن قېپقالغان مۈرەككەپ مەسىلە.

بۇنى پۈتۈنلەي داداڭدىن كۆرۈپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭچە بولغاندا خەقنىڭ قولىدىكى نەرسىنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىش نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنى بىز قىلمىساق بەرىبىر خەق قىلىدۇ. سەن دېگەن قىمىزمۇ شۇنداق. ئۇنى دادۇي ساتسا بولىدىكەنۇ، بىز ساتساق نېمىشقا بولمىغۇدەك. سېنىڭ بىلەن مېنىڭ كاللامدىكى ئىش مانا مۇشۇنداق ئاددىي، بىراق پۈتۈن يۇرتقا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئادەتنىڭمۇ ئۆزگىرىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن جەريان كېتىدۇ. سەلتەنەت ھەقىقەتەن ئەقىللىك قىز ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىنى توغرا بوپتۇ. شۇنداق بولغاچقا ئائىلەڭلارنىڭ نامى ساقلىنىپ قاپتۇ. بۇنداق ئىش ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. مەن سۆزۈڭدىن شۇنداق بىر نەرسىنى سەزدىمكى، كەلگۈسىدە كوللېكتىپ ئىگىلىك قويۇۋېتىلسە سىلەرنىڭ كۈنۈڭلار ھەممىدىن ياخشى بولۇپ كەتكۈدەك. چۈنكى سىلەرنىڭ ئائىلىدە سەلتەنەتتىن ئىبارەت خېمىرتۇرۇچ بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟...

ئېرمەك تاغىسى بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. تاغىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان غەشلىكلەرنى ھەيدەپ، خۇددى بۇلۇتسىز ئاسمانغا ئوخشاش سۈزۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ تاغىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغان بولۇپ، كېچىنىڭ لەرزان شامىلى يۈز - كۆزلەرنى سىيپاپ ئۆتتى. كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن پارچە - پارچە بۇلۇتلار ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ

يۈزىنى تـوسۇپ، دەم قاراڭغـۇلۇق ھاســىل قىلـسـا، دەم يورۇقلۇق ھاسىل قىلاتتى.

ئـۇ ئۆيگە كـەلگەندە سـەلتەنەت ئـۇخلىمـىغان بـولـۇپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ياتاتتى. ئىرمەك يوتقانغا كىرىۋېتىپ ئۇنىڭغا تاغىسىنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

سـەلـتـەنەت ئـەتـىسى دادىسـىدىـن كـەلـگەن خـەتـنـى تاپشۇرۇۋېلىــپ تولـىمـۇ خۇشال بـولـدى. دادا خېتـىـدە ئۆزىنىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى، قولۇم ـ قوشنىلىرىغا قۇدىلىرىنىڭ ئۆزىنى قانداق كۈتكەنلىكىنى سۆزلــەپ بــەرگەنلــىكىنى، بـۇنى ئاڭـلـىغـان قـولـۇم ـ قـوشنىلــىرىنـىڭ ئاغزىنىـڭ ئېچىلىپ قـالغانلىقىـنـى يازغـانـدى. ئۇ يـەنە قىزىغا ئۆزى ئـۈچـۈن شۇ يەردىـكـى بارلىق قازاق خەلقىگە سالام ئېيتىپ قويۇشـنى تاپىلاپ، قۇدىلىرىغا ئوتلۇق سالاملارنى يوللىغانىدى.

سەلتەنەت خەتنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇپ چىقتى ھەم ئـۆيدىكىلەرگە ئـوقـۇپ بەردى. ئۇلار خـەت تـوغرىسـىدا پاراڭلىشىۋاتقاندا، دادۈيدىــن بىرى كېلىپ سەلــتەنەتنى يىغىنغا چاقىردى. بۇ تۇيۇقسىز خەۋەردىن ھەممە ھەيران قالدى. سەلتەنەتنىڭ بۇ يەرگە كېلىن بولۇپ كەلگىنىدىن بۇيان يىغىنغا تۇنجى قېتىم چاقىرىلىشى بولغاچقا ئۇمـۇ بەكلا تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى.

يىغىنغـا دادۈي كادىرلىـرىدىن باشـقا يەنە بىرنەچچـە ئـاكتىپلارمۇ قاتنـاشقانـدى. دادۈي شۇجىسـى توققۇجـا ئالدى بىلەن سۆز قىلدى:

ــ بۈگۈنكى يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ساپارغالـى ئـاكىسنىـڭ كېلىنـى سەلتـەنـەت توغرىسـىدا بولـىدۇ. ھەممىڭلارغا مەلۇم، يولداش سەلتەنەت ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىشلاقتا كۆكتات تېرىپ ھەممە ئادەمنىڭ

ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان گوڭشې رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. چارۋىچىلىقتا بۇنداق ئىش بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغاچقا، يولداش سەلتەنەتنىڭ بۇ تەجرىبىسىنى ئالدى بىلەن دادۇيىمىزدە كېڭەيتىشنى لايىق تاپتۇق. كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئادەم كۈچى ھەم ماددىي كۈچ ئاجرىتىپ، بەش مو يەردە تەجرىبە ئېتىزى قۇرۇشنى بېكىتتۇق. شۇڭا بۈگۈن بۇ يىغىننى ئېچىپ سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنى ئاڭلاپ باقماقچى. قانداق پىكىرىڭلار بولسا ئوتتۇرىغا قويساڭلار بولىدۇ.

سەلتەنەتنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. يىغىن سەلتەنەتنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىش بىلەن ئاياغلاشتى. شۇنداق قىلىپ سەلتەنەت تۇنجى قېتىم دادۇيدىن ئىبارەت بۇ ئېگىز بوسۇغىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاتلىدى.

بىر كۈنلۈك ئۇيقۇدىن ئويغانغان ساپارغالى ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ھەيران قالدى. يېرىم كېچىدىن باشلاپ ياغقان قار يېرىم مېتىردىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ھېلىھەم يېغىۋاتاتتى. قارغا كۆمۈلۈپ قالغان ئىشىكنى ئېچىش ئاسانغا توختىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاققا سوزۇلغان قىش باشلاندى. قار قېلىن ياغقاچقا بەزى جايلاردا قاردىن ھاسىل بولغان ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر پەيدا بولدى. ئېرىقلار قار بىلەن تىنىپ، پۈتكۈل دالا بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغانىدى. دەل - دەرەخلەرنىڭ غوللىرىغا چاپلىشىپ قالغان قار يۇقۇندىلىرى ئادەمگە ھەر خىل شەكىللەرنى ئەسلىتەتتى.

قىش ئويلىغاندىنمۇ قاتتىق كەلدى. ئاقىرىپ كەتكەن ئاسماندىن توختىماي قار ياغاتتى. دەرىيادىكى مۇزلارنىڭ يېرىلىۋاتقانلىقىنى چارسىلدىغان ئاۋازدىن بىلگىلى بولاتتى. شۇ كۈنلەردە سەلتەنەتنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بۇ ئائىلىدە يېڭى بىر مېھمان بۇ دۇنياغا كۆز ئاچتى. گەرچە بۇ مېھمان ئوغۇل بولىسىمۇ پۈتۈن ئائىلىدىكى ئون بىر جان خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى.

— ئىسمىنى نېمە قويساق بولار؟ — دېدى ئىرمەك گەدىنىنى قاشلاپ.

— خەيرۇللام قويىمىز، — دېدى ساپارغالى كېسىپلا.

......

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

تەبىئەت ئاستا ــ ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى. ئادەملەر سوغۇق تەسىرىدىن بولسا كېرەك تېز ــ تېز كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئاپپاق هور كۆتۈرۈلەتتى. ئايىغىدىن چىقىۋاتقان غاچىلدىغان ئاۋاز خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىناتتى. تاڭ يورۇشى بىلەن ئاياللار، باللار ۋە چوڭلار ئولتۇرغان هەر خىل هارۋىلار بىلەن چانىلار يىراق ــ يېقىن داۋىلەردىن يولغا چىقاتتى. هارۋا ياكى چانىلاردىن ئورۇن تەگمىگەن بەزى باللار بىلەن ئەرلەر جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە كېلەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇزۇن ۋاقىت جىمجىتلىق ئىچىدە ياتقان داللار جانلىنىپ، هەممە تەرەپتىن جاراڭلىق ئاۋازلار، خۇشال ــ خۇرام كۈلكىلەر كېلەتتى.

بۈگۈن يەرگە يورۇق چۈشمەستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ساپارغالى ئائىلىسى دەرهال سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

ــ باللىنى قانداق قىلارمىز؟ ــ دېدى ئىرمەك چاپىنىنى كىيىۋېتىپ، ــ سىرت بەك سوغۇق. بولمىسا مەن بارماي باللىغا قاراپ تۇراي.

ــ ئاخشام داۋىجاڭ سەرسەن هەممىمىزنىڭ بېرىشىنى كەينى ــ كەينىدىن تاپىلاپ كەتتىغۇ. قىلىنىراق يۆگەپ ئېلىۋالساق هېچ ئىش بولمايدۇ.

— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا. ئۇنىڭ ئۇستىگە گۇڭشې بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى بىر كۇنلۇك يول. بالا چوقۇم قىينىلىپ قالىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ بەك بولمىسا مەن قالاي. چۇنكى ئۇ مەندىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق پاراڭلىشىپ تۇرغاندا ئۆيگە كومۇش كىرىپ كەلدى.

— نېمە تالاش - تارتىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دېدى ئۇ بوسۇغا ئاتلاپ. سەلتەنەت بالا توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

— بالىنىڭ ئىشىنى ئاخشام داداڭلار بىلەن ئىككىمىز ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان. ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بالىنى قانداقمۇ مۇشۇنداق قارا قىشتا سىرتقا ئاچىقىلى بولسۇن. ئۇنىڭغا بۇگۈنچە ماخابات قاراپ تۇرىدىغان بولدى. تېز بولۇڭلار، داداڭلار تەق بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان خەيرۇللام ماخاباتقا قالدۇرۇلغاندا يىغىنى شۇنداق بىر سالدىكى، ئىشىكتىن چىققانلارنىڭ يۇرەك باغرى ئېزىلىپ كەتكەندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە يولغا چىقتى.

قېلىن قار ئاتلارنىڭ تۇيىقى ئاستىدا پۇرقىرىسا، ھارۋا چاقى بىلەن چانىنىڭ ئاستىدا مىجىلاتتى. گەرچە يىغىنغا كېتىۋاتقان شۇنچە نۇرغۇن ئادەم نېمە يىغىن ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ يەنىلا خۇشال ئىدى. ئۇلار خۇددى جىن ئۇرغاندەك ۋارقىرىشاتتى، بىر - بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ چانىدىن موللاق ئېتىپ چۇشۇشەتتى. موللاق ئېتىپ چۇشكەنلەر جېنىنىڭ بارىچە يۇگۇرۇپ يەنە چانىغا چىقاتتى.

— ساپارغالى، بۇگۈنكى ئېچىلىدىغىنى زادى نېمە يىغىن ئىكەن؟ — دېدى ئۇنىڭ ھارۋىسىغا يانداپ كەلگەن تونۇشلاردىن بىرى.

— مەنمۇ ئۇقمىدىم. ھېچكىمگە دېمىگىنىڭگە قارىغاندا مەخپىي يىغىن بولسا كېرەك. بولمىسا ئۇلار بۇنىڭ قانداق يىغىن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بولغان بولاتتى. ئاڭلىسام نېمە يىغىن ئىكەنلىكىنى ھەتتە دادۇيجاڭ سەرسەنمۇ ئۇقمايدىكەن.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ھارۋىغا يانداشقان يەنە بىر ئاتچان ئادەم، — قارىغاندا چوڭ خۇش خەۋەر باردەك قىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇن يىغىنلارنىڭ خەۋىرى كېلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ نېمە مەزمۇندا ئېچىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولاتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى يېقىندىلا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئەدىپىنى يېدى. ئۇلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قىلغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىتقا يېيىۋەتتۇق. ئۇلار ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگەشتى. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئېچىلغاندىكىن چوقۇم بىر ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك ياخشى يىغىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭلار پۈتۈن يۇرت تەۋرەپ كېتىپتۇ.

دىمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. ساي ـ سايلاردىن كېلىۋاتقان ئادەملەر خۇددى قىيان سۈيىدەك گۈڭشې تەرەپكە قاراپ ئېقىۋاتاتتى.

گۈڭشېنىڭ خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان چوڭ يىغىن زالى ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. ئۇلار ھېچبىر تەكەللۇپسىزلا كېلىپ ئارىلىقلارغا تىقىلاتتى. باللىرى بىلەن بىرقاتاردا قىستىلىشىپ ئولتۇرغان ساپارغالىنىڭ يېنىغا كەلگەن ئوراز گەدىنىنى قاشلاپ قويدى:

ــ باشقا يەرنى كۆڭلۈم تارتماي سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلدىم، ئاكا، ــ دېدى

ساپارغالى ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ مىدىرلىدى. ئۇنىڭ مىدىرلىشى بىلەن چەتتىكىلەر خاپا بولۇپ كەتتى:

ــ قانداق گەپ بۇ، ئىككى تەرەپتىن قىستىلىپ يالپاق بولۇپ كېتەي دېدىم.

ئوراز پەيتتىن پايدىلىنىپ ساپارغالىنىڭ بىقىنىغا كىردى. زالنىڭ ئىچى توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئادەملەر يەنىلا كىرىشىۋاتاتتى.

ــ ئۆمرۈمدە يىغىن دېگەنگە بۇنچىلىك كۆپ ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ــ دېدى ئوراز سۆز قىلىپ.

ــ شۇنى دېگىنە، ــ دېدى ساپارغالى بېشىنى كەينىگە بۇراپ، ــ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىمۇ بۇ زال بۇگۇنكىدەك تىقما ـ تىقماق بولۇپ كەتمىگەن. ئادەم كۆپ بولسىغۇ زالنىڭ ئىچى ئىسسىق بولىدۇ. قارىغىنا، بەزىلەر تېخى قۇچاقتىكى بالىلىرىنىمۇ ئەكەپتۇ. شۇ تاپتا مېنىڭ نەۋرەم ھەدىسىگە نېمە كۇنلەرنى كۆرسىتىۋاتقاندۇ؟...

ساپارغالى بىردىنلا ئۆيدە قالغان نەۋرىسىنى خىيال قىلىپ قالدى. ئۇ گەرچە بىر ياشقا كىرگەن بولسىمۇ بەكلا شوخ ئىدى. كۇنبويى ئانىسىنىڭ ئېتىكىگە ئورىلىۋېلىپ ئۇنى ئىش قىلغىلى قويمايتتى، تايتاڭلاپ مېڭىپ سۇتنى سۇغا، سۇنى سۇتكە ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى. ئۇ شۇنچىلىك شوخ ھەم تاتلىق ئىدىكى، ھەممەيلەن ئۇنى تالىشىپ قولىدىن چۇشۇرمەيتتى.

ــ ئۇنداق قىلساڭلار، ئۇنى يامان ئۆگىتىپ

قويىسىلەر، چوڭ بولغاندا ئەركە بالىنى باشقۇرماق تەس بولىدۇ. بولدى قىلىڭلار، — دەيتتى ساپارغالى تالاشتا قالغان نەۋرىسىگە قاراپ.

— ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دەيتتى بىر چەتتە ئولتۇرغان كۈمۈش نەۋرىسىنىڭ يېنىنى ئېلىپ، — يەتتە بالىنى بېقىپ چوڭ قىپتىمەن. ئەركىلەتكەنگە يامان ئۆگىنىپ قالسا شۇلار ئۆگىنىپ قالسا بولاتتى. بىراق ئۇلار بىر ئوبدان چوڭ بولدىغۇ مانا. بىر - بىرىدىن رايىش، بىر - بىرىدىن ئەقىللىك. مېنىڭ بۇ نەۋرەممۇ تاغىلىرىغا ئوخشاش شۇنداق رايىش، شۇنداق ئەقىللىك چوڭ بولىدۇكى، كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ.

خەيرۇللامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئەزەلدىن ئاۋات بۇ ئائىلىنى تېخىمۇ ئاۋات قىلىۋەتتى. بالىلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك ئامراقلىق قىلىدىغىنى يەنىلا كىچىك كېلىن ماخابات ئىدى.

— سىز بۇ بالىغا نېمانچە ئامراق؟ — دېدى بىر كۈنى سەلتەنەت ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — قايسى كۈنى چاي بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋېتىدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ.

ماخابات كۈلدى، ئاندىن:

— قاراڭچۇ، يەڭگە، بۇ بالىڭىز نېمانچىۋالا چىرايلىق. قارىسا ئادەمنىڭ قارىغۇسى كېلىدۇ. خۇددى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل كۆز، ئەڭ گۈزەل بۇرۇن، ئەڭ گۈزەل قاش، ئەڭ گۈزەل چاچ، ئەڭ گۈزەل چىراي بۇ كىچىك شەيتانغا مۇجەسسەملەنگەندەكلا. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، تۇغۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاياللار مانا مۇشۇنداق چىرايلىق بالىلارغا قاراپ بەرسە، چىرايلىق بالا تۇغىدىكەن. شۇڭا

ئۇنىڭغا قارىسام ـ قارىسام قارىغۇم كېلىدۇ. ھە راست، قارىغا بۇ بالىڭىزغا، پۈتۈن تۇرقى تاغىلىرىغا ئوخشامدۇ قانداق؟ — دېدى.

سەلتەنەت كۈلۈۋەتتى.

— تاپمايدىغان گېپىڭىز يوق ـ ھە سىزنىڭ؟ ئوخشىسا ئوخشايدىغاندۇ بەلكىم؟ چۈنكى ئۇنىڭ تومۇرىدا تاغىلىرىنىڭ قېنى بار.

ئۇلارنىڭ سۆزىنى بىر چەتتە ئاڭلاپ ئولتۇرغان ساپارغالى كۈلۈپ كەتتى. ئۇمۇ نەۋرىسىگە ئامراق ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئايالىغا:

— قازاقنىڭ چوڭ نەۋرىسىنى بېقىۋالىدىغان ئادىتى بار. بىز خەيرۇللامنى بېقىۋالساق ئۇلار بېرەرمۇ؟ — دەپ قالدى. ئايالى ھەيرانلىق ئىلكىدە ئېرىگە قارىغاندىن كېيىن:

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ — دېدى. ساپارغالى گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— ئۇغۇ شۇنداق. كېلىن قازاق بولغان بولسا بۇنىڭغا گەپ كەتمەيتتى، بىراق چوڭ كېلىنىمىز ئۇيغۇر. شۇڭا بۇ ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرمىساق بولمايدۇ، — دېدى. كۈمۈش كۈلۈپ كەتتى.

— قارىغاندا ئۇيغۇر كېلىنىڭىز قازاق كېلىنىڭىزدىنمۇ ئەقىللىك ھەم مەردتەك قىلىدۇ. قايسى كۈنى مەن قازاقنىڭ مۇشۇ ئادىتى ھەققىدە گەپ قىلىۋىدىم، ئۇ نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ ئەگەر شۇنداق قائىدە بولسا بالا سىلەرنىڭ، مەن سىلەردىن بالا ئەمەس جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن. سىلەر باقساڭلار بىز خاتىرجەم بولىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ نەۋرىنىڭ

چوڭىنى بوۋا ـ مومىلىرى باقىدىغان ئادەت بار، دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كېلىندىن راستىنلا تەلىيىمىز كەلگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

ساپارغالى خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن كېلىنىگە بولغان بىر خىل سۆيۈنۈش چىقىپ تۇراتتى.

— نېمىدېگەن ياخشى بالا ـ ھە؟ ئەگەر مۇنداقراق كېلىن بولغان بولسا ھەرگىز ئۇنداق دېمىگەن بولاتتى. سەن بىلمەيسەن، شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى ھەردائىم كېلىنىمگە يۈز كېلەلمەيۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىپ قويغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئېغىر خورسىندى. ئېرىنىڭ سۆزىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن كۈمۈش سورىدى:

— قايسى ئىشنى دەۋاتىسىز؟

— قايسى ئىش بولاتتى، ھېلىقى توخۇ ئېلىپ، توخۇ ساتىدىغان ئىش بىلەن قىمىزنىڭ ئىشچۇ؟

— بۇ توغرىسىدا گەپ چىقىپ قالدى،— دېدى كۈمۈش ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ،— بەزىدە سىزمۇ تۇساتتىن گالۋاڭلىشىپ قالىسىز. مېنىڭچىمۇ شۇ قېتىم بىز كېلىنىمىزگە قاتتىق ئۇۋال قىلدۇق. ئۇ بىزنى چوڭ بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ھەممە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بىز ئاشۇ كېلىنىمىزچىلىك بولالمىدۇق. بىز ئالمىغان توخۇلارنى باشقىلار سېتىۋېلىپ، ئارىلىقتىن نۇرغۇن پايدا ئالدى. بىز ساتمىغان قىمىزنى مانا ئەمدى دادۇي ئۇچۇق ـ ئاشكارا سېتىۋاتىدۇ. كېلىنىمىز تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن كۆكتاتقا قاراپ تۇرۇپ دادۇي ئىگە بولۇۋالدى. ئۆيىمىزدە

شۇنچە كۆپ ئەمگەك كۈچى تۆرۈپ بۇ ئىشنى بىز قىلايلى دېمىدۇق. مانا ئەمدى دادۇي ئالمىلىق باغ قىلىمىز دەۋاتىدۇ. بولدى، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، بىر پۇرسىتىنى تېپىپ شۇ قېتىمقى ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ قويايلى.

ساپارغالى ئويلىنىپ قالدى. شۇنداق قىلسا توغرا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندىمۇ ئەپۇ سوراش باش كېتىدىغان چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى، بىراق بىر ئىشنىڭ يەنە بىر ئىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۇنى خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى.

ــ يەنە بىر مەزگىل قاراپ باقايلى، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، ــ مېنىڭچە هازىر ۋاقتى ئەمەس. پات ئارىدا سىياسەتنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدا كېلىنىمىزدىن كەچۈرۈم سوراپ، ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا مەدەت بەرسەكمۇ كېچىكمەيمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز باشقىلارغا پەقەتلا ئوخشاشمايدىغان قاشقىسى بار ئائىلە. بەزى ئىشلاردا دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتمىساق، ئېهتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.

كۈمۈش ئۈنچىقمىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار بۇ ئىشنى ئىككىنچىلەپ تىلغا ئالمىدى...

ساپارغالى خىيالىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزۈپ، رەئىس سەهنىسىدىن ئورۇن ئالغان رەهبەرلەرگە قاراپ قويدى.

ــ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان كىمدۇ؟ ــ دېدى ئوراز خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك.

ــ بىلمىدىم، ــ دېدى ساپارغالىمۇ دەرهال جاۋاب

قايتۇرۇپ، — مەنمۇ بۇرۇن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، بەلكىم يۇقىرىدىن كەلگەن باشلىق بولسا كېرەك. قارىغاندا راستتىنلا مۇھىم يىغىندەك قىلىدۇ.

رەھبەرلەرنىڭ رەئىس سەھنىسىدە پەيدا بولۇشى بىلەن يەرگە ئۇرۇلۇۋاتقان ئاياغلار بىردىنلا توختىدى. گۆڭشې باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ گېلىنى قىرىپ قويدى. پۈتۈن يىغىن زالى تىمتاسلىققا چۆمدى. ئۇ تۆۋەندە ئولتۇرغانلارغا تەكشى سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىنمۇ دەيدىغان سۆزىنى تاپالمايۋاتقاندەك بىر پەس ئۇن ـ تىنسىز تۇردى. ساپارغالى ئىچىنىڭ سىقىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ ئاخىرى سۆز قىلىپ، — بۈگۈن بىز ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي سىلەرنى بۇ يەرگە يىغىپ، ھاياتىمىزدىكى يەنە بىر مۇھىم بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى ئېلان قىلماقچى. ھەممىمىز قىزغىن ئالقىش سادالىرىمىز بىلەن ناھىيەلىك پارتكومدىن جاڭ شۇجىنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

گۇلدۇراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە جاڭ شۇجى ئورنىدىن تۇردى. ھاياجاندىن يۈز ـ كۆزلىرى چىمىقىلىپ كەتكەن ئوراز بۇرۇلۇپ ساپارغالىغا قاراپ قويدى. ساپارغالى خۇددى ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك سەھنىگە تىكىلىپ قالغانىدى.

— يولداشلار، — دېدى جاڭ شۇجى ئىنتايىن سالماق ئاۋازدا، — ھەممىڭلارغا مەلۇم، ئالدىنقى قېتىم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلغانىدى. بۇ قېتىم پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى غەلىبىلىك ئېچىپ، «مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى»غا ئۆزۈل - كېسىل خاتىمە بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەركىبىگە كىرىپ، كۆندىلىك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ بىر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى بىزگە بۈنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى. مەن تۆۋەندە 3 - ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە توختالماقچىمەن...

ساپارغالى ھەرقانچە قاراپمۇ سەھنىدىن ئورۇن ئالغانلارنىڭ ئىچىدىن خەي شۈجىنى تاپالمىدى. كاللىسىدا پەقەت «‹تۆت كىشىلىك گۇرۇھ› ئاغدۇرۇلدى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپتۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق خەي شۈجى نېمە ئۈچۈن كۆرۈنمەيدۇ؟» دېگەن خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ يىغىندا بولۇپ ئۆتكەن كەسكىن سۆزلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. كىمنىڭ كەينىدىن يەنە كىمنىڭ سۆزگە چىققانلىقىنىمۇ كۆرمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى خەي شۈجىنىڭ ئىللىق چىرايى، يېقىملىق سۆزلىرى، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان مۇھەببەتلىك كۆزلىرى چىرمىۋالغانىدى. «مانا يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ ئاقلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىگە كىرىپتۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ نېمە ئۈچۈن خەي شۈجىنى قايتۇرۇپ كەلمەيدىغاندۇ؟ خەي شۈجى دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنى قىلىمەن، ئۇنى قوغدايمەن دەپ خاتالاشماپىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ نېمىشقا بۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەيدۇ؟»

رەھبەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن - بىرى سۆزلەۋاتاتتى.

سۆز تۆۋەندىكىلەرگە بىرىلگەندە ھېچكىممۇ ئىغىز ئىچىپ بىرنەرسە دېمىدى. ساپارغالىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بىر بوۋاي قويۇن يانچۇقىدىن بوتۇلكىسىنى ئېلىپ، ئىككى ئوتلام ئىچتى، ئاندىن ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ، شاپ بۇرۇتىنى تولغاپ قويغاندىن كېيىن تاماكا يۆگەشكە باشلىدى. كەينىدىن سەرەڭگە يېقىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى. كۆكۈچ تۈتۈن ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىدا ئىز قالدۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ئۆرلىدى.

ـــ مەن بىرنەچچە ئىغىز سۆز قىلاي، ـــ دېدى بىرى ئۇنىلۇك توۋلاپ. ساپارغالى بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەھنە تەرەپكە كېتىۋاتقان سەيدىۋاققاسنى كۆردى.

ئۇ ئۇستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن چەكمەن چاپان كىيگەن، بېلىنى شوينا بىلەن مەھكەم باغلىۋالغان، قاشلىرى گويا بوياپ قويغاندەك قاپقارا، ئاق ساقىلى ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان، گەپ قىلغاندا قوللىرىنى شىلتىپ كەسكىن ـ كەسكىن گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى.

ـــ مەن بۈگۈن رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى پەقەتلا باسالماي قالدىم. بۇرۇنلا شۇنداق قىلىش لازىم ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋر سۈرگەن چاغلاردا نېمىلەرنى كۆرمىدۇق، نېمىلەرنى يېمىدۇق؟ «ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئېشى» دەپ ھايۋانغا بەرسىمۇ ئىچمەيدىغان ئاداپىنى ئىچكەنلەرنىڭ ئىچىدە سىلەرمۇ بار؟ شۇنچە ئىشلەپمۇ كىيگەن كىيىمى تىزىدىن ئاشمىغانلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار. قاراڭلار بۇ كىيىمگە. بۇنداق كىيىمنى كىيىپ يۈرۈشنىڭ نومۇس ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يۈرسەممۇ كىيمەسكە ئامال يوق. كىيمىسەم يالىڭاچ قالىمەن شۇ، ـــ ئۇنىڭ سۆزى بىلەن

تۆۋەندىكىلەر پاراقىدە كۆلۈپ كېتىشتى. سەيدىۋاققاس بىلىدىكى شوينا يىپنى باشقىدىن باغلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئويلاپ باقسام ئازاد بولغىنىمىزغىمۇ ئوتتۇز يىل بولاي دەپ قاپتۇ. ھېلىقى لىن بياۋ دېگەن بىلەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوق چاغلاردا تۇرمۇشىمىز شۇنداق ياخشى بولىدىغان. كوممۇنىزم قۇرۇشقا ئازلا قالغانىدۇق. شۇ نېمىلەر نەدىن پەيدا بولدى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز توزغاقتەك توزۇپ، ھەممە ئادەم ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. نېمىلا قىلساق «كاپىتالىزم» دەپ يۇرىكىمىزنى يېدى، ھەتتا ئوسۇرۇشقا توغرا كەلسىمۇ ئوسۇرۇقىمىز پۇراقلىق چىقىپ قالامدۇ دەپ ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئوسۇرۇپ كېلىدىغان بولدۇق. چۈنكى جياڭ چىڭ كاپىتالىزم پۇراقلىق بولىدۇ، دەپتىكەن.

ساپارغالىنىڭ تولا كۆلۈپ بىقىنلىرى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ سەھنىگە قارىغاندا سەھنىدىكىلەرمۇ كۆلۈپ تېلىقىپ قالغانىدى. گەرچە سەيدىۋاققاسنىڭ دېگەنلىرىدە ئاز ـ تولا مۇبالىغە بولسىمۇ، ئەمما بۇنى ھېچكىم ئىچىدىن توقۇپ چىقىرىلغان سۆز دېيەلمەيتتى.

— بۈگۈن ھەممىڭلار ئاڭلىدىڭلار، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ناھايىتى ياخشى سۆزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. بۇ ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان چاقچاق سۆز ئەمەس. مۇشۇ ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئاغزىدا دېيەلمىگىنى بىلەن ئۆز كۆڭلىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىۋاتىدۇ. 3 ـ ئومۇمىي يىغىننى جان ـ دىلى بىلەن ھىمايە قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يېرىدىن

چاتاق چىقىپ قالامدۇ دەپ ئەندىشىمۇ قىلىۋاتىدۇ. سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي، ئەندىشە قىلغۇدەك ھېچ ئىش يوق. چۈنكى 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ئوخشاش خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسى. شۇڭا قەدىرلىك يولداشلار، ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشايلى. مەن بىر ئوقۇمىغان نادان ئادەم، دېگەنلىرىم توغرىمۇ ياكى خاتامۇ بىلمەيمەن. ئەگەر خاتا بولسا تۈزىتىپ قويارسىلەر، توغرا بولسا چاۋاك چالمىسڭلارمۇ بولىدۇ.

قىزغىن چاۋاك خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى. ساپارغالى سەيدىۋاققاسقا بۇ ئىلھامنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران قالدى. ئۇ خۇددى ئۇزۇن يىل رەھبەر بولۇپ پىشقان ئادەمگە ئوخشاش ئاجايىپ دەبدەبىلىك سۆزلىۋەتتى. بۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتقانلار يالغۇز ساپارغالىلا ئەمەس ئىدى.

ـــ بۈگۈنكى يىغىن ناھايىتى ۋاقتىدا ئېچىلغان غەلىبىلىك يىغىن بولدى. يولداشلارنىڭ قايتىپ بارغاندىن كېيىن يىغىن روھىنى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشىنى سورايمەن. ناھىيەلىك پارتكومنىڭ قوشۇلۇشى ۋە گوڭشې رەھبەرلىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشى بىلەن كېلەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى گوڭشېمىزدا يەرمەنكە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدۇق. ھەرقايسى ئورۇنلار بۇ يەرمەنكىگە ياخشى تەييارلىق قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق 3 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقىغا سوۋغا تەييارلىشى كېرەك، ـــ دېدى گوڭشې رەھبەرلىرىدىن بىرى خۇلاسە سۆزى قىلىپ. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يىغىن زالى بىردىنلا جانلىنىپ

كەتتى. بەزىلەر يەرمەنكە دائىرىسىنى، يەرمەنكىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان نەرسىلەرنى سورىسا، يەنە بەزىلەر جانلىق مالنى قانداق قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا يولىيورۇق سورايتتى. ھەممە ئادەمگە جاۋاب بېرىپ بولالمىغان گۇڭشې رەھبەرلىرى ھەرقايسى ئورۇنلاردىن قايتىپ بارغاندىن كېيىن يىغىن ئېچىپ، مەخسۇس مۇشۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ــ سۆزگە قانداق ئۇستا ـ ھە؟ ھېلىمۇ دېھقان بولۇپ قاپتىكەن، ئەگەر داداڭگە ياكى گۇڭشېغا كادىر بولغان بولسا ھەممە ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا قارىتىپلاۋالىدىكەنتۇق. شۇنچىلا سۆزنى نەدىن تاپقاندۇ دەيمەن؟ ــ دېدى ئوراز يىغىندىن چىقىۋېتىپ.

ــ يۇرەكتىن چىققان سۆز مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرىكىدىكى گەپلەر. ئارىمىزدا شۇنداق ئادەملەرنىڭ بولغىنى بىزنىڭ بەختىمىز. ئەپسۇس، بۇنداق ئادەملەر بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، سېنىڭ داداڭمۇ شۇنداق ئىدى. ئادەم كۆلۈپ تېلىقىپ قالغۇدەك قىزىق سۆزلەرنى قىلىپ، ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتىۋالاتتى، ئەپسۇس داداڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلىشالمىدى.

ساپارغالىنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلەپ كەتتى. ئۇ ئەينى چاغدا ئۆزى بىلەن بىللە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇشقا قاتناشقان، ئەمما بۈگۈنكىدەك ياخشى كۈنگە ئېرىشەلمەي بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان بوۋاي ـ ممايلارنى ئەسلەۋاتاتتى.

ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇت يوق بولۇپ، قۇياش ئاجىز نۇرىنى ئايىماستىن سېپىپ تۇراتتى. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن بۇرۇنلار ئېچىشاتتى. ھارۋىنىڭ چاقى

ئاستىدىكى قارلار يېقىمسىز ھالەتتە غىچىرلايتتى. ئاتلار بىر خىل سۈرئەتتە قاترايتتى. ئىرمەك قوۋۇشتۇرۇۋالغان يېڭى ئىچىدىن قولىنى چىقىرىپ، ئاندا ـ ساندا قامچىسىنى قارسىلدىتىپ قوياتتى. قېلىن جۇۋىغا ئورىنىۋالغان كۈمۈش بىلەن سەلتەنەت ساپارغالى بىلەن ئىرمەككە يۆلەنگىنىچە، مۈزلاپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىنى تىنماي بىر ـ بىرىگە ئۇراتتى.

بۈگۈن سەلتەنەت ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى. ئۇ يىغىندا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ھاياجانغا سېلىۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭلاۋېتىپ، بىردىنلا دادىسىنى ئەسلەپ قالدى. دادىمۇ ئۇنىڭغا شۇ تاپتا يېنىدا ئولتۇرۇپ، يىغىندا دېيىلىۋاتقان دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئەگەر دادا شۇ تاپتا ئۆز يېرىدە ئېچىلىۋاتقان يىغىنغا قاتناشقان بولسا چوقۇم تەسىرلەنگەنلىكىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالاتتى. ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان گەپ ـ سۆزلەردىن ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئۇ سوغۇق زەربىسىدىن ئېچىشقان بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ يەنە يەرمەنكە توغرىسىدا ئويلىدى. خۇدايىم ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كەشتە تىكىشنى بۇرۇندىن بىلىسىمۇ، ئەمما شىرداق تىكىشنى بىلمەيتتى. قېيىنئانىسىنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى بىلەن جۇمانئالىنىڭ ئايالىدىن شىرداق تىكىشنى ئۆگەندى. ئۇ تىكىۋاتقان شىرداق يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن قولدىن چىقىدۇ. ئەگەر بۇ شىرداقنى يەرمەنكىگە قاتناشتۇرىمەن دېسە قېيىنئاتىسى بىلەن قېيىنئانىسى نېمە دەر؟ ئۆتكەنكىدەك خاپا بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى يەنىلا

ئۇندىمىگەن تۇزۇك. ئازغىنا ئىشنى دەپ كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى. ئەگەر بۇ شىرداق يەرمەنكىگە قاتناشتۇرۇلسا ئۇنىڭ بازار تېپىشىدا گەپ يوق. بولدىلا...

ئۇلار ئۆيگە كۆن پاتقاندا يېتىپ كېلىشتى. ئۇخلاپ ئەمدىلا تۇرغان خەيرۇللام تايتاڭلىغىنىچە ئاپىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن جانلىنىپ كەتتى.

— بالا سىزنى تازا ئاۋارە قىلغاندۇ؟ — دېدى سەلتەنەت بوينىغا گىرە سالغان ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ.

— نەدىكىنى، — دېدى ماخابات كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇنداق ئوماق بالىنى كىم بولسا جان دەپ باقمامدۇ؟ سىلەرمۇ ئىشىكتىن چىقتىڭلار ئۇ چۇلدۇرلىغىنىچە ئېتىكىمگە يۆگەشتى. ئىككىمىز ئۆي ئىچىدە قوغلاشماق ئويناپ ھالىمىزدىن كېتىپتىمىز. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تاتلىق قىلىقىنى كۆرگەن بولساڭلار ئىدى، يۈرىكىڭلار شۇررىدە ئېرىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ بەكلا ئەقىللىق ئىكەن.

كېلىنىنىڭ سۆزلىرىدىن بېشى كۆككە يەتكەن كۈمۈش نەۋرىسىنى چاقىرىۋىدى، ئۇ ئاپىسىنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇۋالدى. ئۇنىڭ تاتلىق قىلىقىدىن سۆيۈنگەن كۈمۈش ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ئوينىدى. خەيرۇللام بېشىنى مومىسى ئۇياققا ئۆتسە بۇياققا، بۇياققا ئۆتسە ئۇياققا قىلاتتى، قىلىق چىقىرىپ قاقاھلاپ كۈلەتتى، ئاخىرىدا مومىسىنىڭ كۆڭلىنى ئايىغاندەك مومىسىغا كەلدى. ئۆي ئىچىدىكى ھەممىسى ئۇنى بىر قېتىمدىن سۆيۈپ چىقتى.

— سەيدىۋاققاس ئاقساقالغا بۈگۈن راستىنلا قول

قويدۇم، — دېدى ئىرتۇستۇك تاماق ۋاقتىدا سۆز قىلىپ، — ئۇ ھەم قىزىق، ھەم ئورۇنلۇق سۆزلىدى. باشقا ئادەم بولغان بولسا ھەرگىزمۇ ئۇنىڭچىلىك قاملاشتۇرۇپ سۆزلىيەلمەيتتى.

— ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزلىرىم ئىكەن، — دېدى جاڭغابىل كەينىدىنلا، — 3 - ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىشلار راستتىنلا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالىدىكەن. قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز ياخشى بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئەسلىدىمۇ كىم ياخشى ئىشلىسە شۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىلىدۇ. يەرمەنكە ئېچىلىدىغانلىقى بەك ياخشى بولدى. ئۇزۇن يىللار بوپتىكەن يەرمەنكە كۆرمىگىلى. شۇ كۈنى راسا ئويناپ، پۇخادىن بىر چىقمىسام.

— بۇرۇنلاردا، — دېدى كۈمۈش چىنىسىدىكى چاينى سۈمۈرۈپ، — بۇنداق ئىشلار بولۇپ قالسا ھەرقايسى ئائىلىلەرگە ۋەزىپە چۈشۈرىدىغان. بۇ قېتىمقى يەرمەنكىدىمۇ شۇنداق قىلىپ يۈرمەس؟

— شۇنداق قىلمىسا يەرمەنكە بولامدۇ؟ گۇڭشې رەھبەرلىرى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلدىغۇ. دېمەك، مۇشۇنىڭ ئۆزى ھەربىر ئائىلىگە ۋەزىپە چۈشۈرىدىغانلىقىدىن بېشارەت.

— ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا بىز قانداق

قىلارمىز؟ — دېدى خېلىدىن بېرى سۆزگە ئارىلاشماي ئولتۇرغان ئىرمەك سۆز قىلىپ.

— مېنىڭچە، — دېدى ساپارغالى كېلىنى سەلتەنەتكە قاراپ قويۇپ، — ئەگەر سەلتەنەت ماقۇل بولسا ئۇنىڭ تىكىۋاتقان شىردىقىنى قاتناشتۇرايلى. قارىسام شىرداقمۇ پۈتەي دەپ قاپتۇ. سۈپىتىمۇ شۇنداق ياخشى ئىكەن. گۈللىرى بىر - بىرىگە شۇنداق ماسلاشقان، رەڭلىرىمۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقناتقۇدەك دەرىجىدە ئوچۇق.

سەلتەنەتنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ئويناپ كەتتى. ئۇ ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىش بىردىنلا روياپقا چىقىپ قالدى. ئادەم ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولامدۇ؟

دېگەندەك دادۈي ئەتىسىلا يىغىن ئېچىپ ھەرقايسى ئائىلىلەرگە ۋەزىپە چۈشۈردى. تالاش - تارتىشتىن كېيىن ساپارغالى ئائىلىسىگە شىرداق ۋەزىپىسى بۆلۈندى. جانلىق مال مەسىلىسىگە كەلگەندە گۈڭشېنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەرقايسى چارۋىچىلىق دادۈيلىرى بەشتىن ئات، ئوندىن كالا، يىگىرمىدىن قوي قاتناشتۇرىدىغان بولۇپ، كوللېكتىپ باھادىن سەل ئۆرلەك باھا بېكىتىلدى. يەرمەنكىگە تەييارلىق قىلىش ئىشلىرىنى توققۇزجا ئۇستىگە ئالدى. ئەتە يەرمەنكە دېگەن كۈنى گۇڭشېدىن جىددىي ئۇقتۇرۇش كېلىپ باي چارۋا ھەم پايچىكلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كەتتى. ساپارغالى ئاتقا مىنگەندە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەندىشە ئىچىدە ئۇنى خېلى ئۇزۇن يەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

— دادامغا ھېچ ئىش بولماس ـ ھە، — دېدى سەلتەنەت ئۇزاپ كېتىۋاتقان قېيىنئاتىسىغا قاراپ قويۇپ.
— مېنىڭچە ھېچ ئىش بولمايدۇ. باي چارۋا بىلەن پايپېكلارنى چاقىرتقىنىغا قارىغاندا چوقۇم بىر خۇش خەۋەر بار، — دېدى ئىرمەك ئايالىغا تەسەللى بېرىپ. گەرچە ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان خىياللار ئۇچۇپ يۈرەتتى.
ساپارغالى يىغىن زالىغا كىرىپ بىر چەتتە ئاۋايلاپقىنا ئولتۇردى. بۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى راستتىنلا باي چارۋا بىلەن پايپېكلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر ـ بىرىگە ئېيتىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ھەسرەتكە تولغان نۇرسىز كۆزلەر قەلبىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈۋاتقاندەك سۇسقىنا پىلدىرلاپ تۇراتتى. «باي چارۋا»، «پايپېك» دېگەن غايەت زور قالپاق ئاستىدا قەددى پۈكۈلگەن بۇ ئادەملەر ئەينى چاغدىكى ھەيۋىسىنى ئاللىقاچان يەرلىكىگە قويغان بولۇپ، ئەلمىنى ئىچىگە يۇتقان ھالدا ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك دەرىجىدە شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى.
يىغىن زالىغا رەھبەرلەر كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىر خىل تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. ساپارغالى بۇ ئىشتىن بىرئاز تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى.
— يولداشلار، — دېدى يۇقىرىدىن كەلگەن بىر يولداش گېلىنى قىرىپ قويۇپ. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان باي چارۋا بىلەن پايپېكلار ھەيران بولغان ھالدا بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىرەرى ئۇلارنى «يولداش» دەپ چاقىرىپ باقمىغاچقا، يۈرەكلىرى ھازىرلا

توختاپ قالدىغاندەك نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ كەتتى، — سىلەر تەشكىلىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، يولداشلارنىڭ قىزغىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدىڭلار ھەم ئۆزگەردىڭلار. ئۆتمۈشتىكى تارىخىڭلارغا نەپرەتلىنىپ، ھازىرقى تۇرمۇشۇڭلارغا مۇھەببەت باغلىدىڭلار. پارتىيەنىڭ سىياسىتى ئەزەلدىن ياخشىلارغا ئۇۋال قىلىپ باققان ئەمەس. جىنايىتىنى تونۇپ، ياخشى ئۆزگەرگەنلەرگە يولنى ئېتىپ قويغانمۇ ئەمەس. دېمەكچىمەنكى، سىلەر ھازىر بىزنىڭ سېپىمىزگە، يەنى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قاتارىغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرىسىلەر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ، ئۆز بۇرچۇڭلارنى ياخشى ئادا قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى يۇقىرىنىڭ «يومىيشچىك، باي دېھقانلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئوقۇپ ئۆتىدۇ.

ساپارغالى قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى، شۇنچە يىللاردىن بېرى ئارزۇ ـ ئارمان قىلغان نەرسىسى رېئاللىقتا ئايلانغاندا ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامال قىلالماي كىچىك بالىدەك ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلاپ كەتتى...

قاباھەتلىك چۈش ئاخىرى ئۆتۈپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سەلتەنەت خۇشاللىقىدا كىچىك بالىغا ئوخشاش سەكرەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قوش خۇشاللىقتىن دېرەك بېرىدىغان بۇ خەۋەر ئۇنى بىردىنلا بۇ دۇنيادىكى تەڭدىشى يوق ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ بىر

تەرەپتىن يىغلىسا، بىر تەرەپتىن كۈلەتتى. خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ «مىنىڭ دادام، مىنىڭ دادام...» دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۇشۇرەلمەيتتى. ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، «پومىشچىك» دېگەن قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان دادىسمۇ شۇ تاپتا چوقۇم كۆز يېشىغا ئىگە بولالماي قالغاندى. سەلتەنەت بىردىنلا دادىسىنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلىشىنى خالاپ قالدى. دادا ئۇن سېلىپ يىغلىسا شۇنچە يىللاردىن بېرى يىغلىماي قالغان ھەسرەتلىرى تارقىلىپ، دەرد ـ ئەلەملىرىمۇ غايىب بولاتتى.

سەلتەنەتكە ئەگەشكەن بىر ئائىلىلىك ئادەم شادلىق ئىچىدە شۇنچىلىك تەنتەنە قىلدىكى، ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن خەيرۇللامۇ بۇ شادلىققا ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ جېنىم بالام، ئالتۇن قوزام، سەن دۇنياغا كېلىپ بىزگە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان شادلىق ئەكەلدىڭ. سېنىڭ ئايىغىڭ ياراشتى، ــ دەيتتى نەۋرىسىنى قولىغا ئالغان كۇمۇش كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىغا ئىگە بولالمىغان ھالدا، ــ سەن دېگەن بىر پەرىشتە، سەن دېگەن مۇشۇ ئۆينى مەڭگۈ يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇرلۇق چىراغ.

قەشقەردىكى بوۋاڭمۇ خۇشاللىقىدا ياش تۆكۈپ، قېنى، مېنىڭ نەۋرەم، ئامەتلىك نەۋرەمنى باغرىمغا بېسىۋالاي دەۋاتقاندۇ. سېنى خىيالىدا قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتقاندۇ...

شۇ كېچىسى ساپارغالى ئائىلىسىدىن تاڭ ئاتقۇچە چىراغ يورۇقى ئۆچمىدى. ساپارغالى بىلەن ئايالى ئىككىسى خۇددى ياش ۋاقتىغا قايتقاندەك دومبىرىغا جور بولۇپ، بەختلىك زامانىنى ئەڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن كۈيلىدى. سەلتەنەتمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ، 1979 ـ يىلى 1 ـ

ئاينىڭ 28 ـ كۈنى دېگەن خەتلەرنى يۈرىكىگە نەقىش قىلىپ ئويدى. كېيىن بولسا قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرۈپ دادىسىغا خەت يازدى:

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا:

شۇ تاپتا قەلبىمنىڭ قانچىلىك شادلىققا تولغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بەلكىم سىزنىڭمۇ قەلبىڭىز مەندىنمۇ بەكرەك شادلىققا تولغاندۇ؟ قىزىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن قالپىقىڭىزنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. مانا بۈگۈن بىزنىڭ بۇ ئۆيدىمۇ بايرام. قۇدىلىرىڭىز، مېنىڭ جانجىگەرلىرىم سىز بولمىسىڭىزمۇ سىز ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، سىز ئۈچۈن تەنتەنىلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ. ھەتتا نەۋرىڭىزمۇ سىز ئۈچۈن تەنتەنە قىلىپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتىدۇ. شۇ تاپتا يېنىڭىزدا بولغان بولسام، ناھايىتى تەستە قولغا كەلگەن خۇشاللىقىڭىزغا ئورتاقلاشقان بولسام قانداق ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە!

جېنىم دادا، مانا مۇشۇنداق تەنتەنىلىك كۈنلەردە ئاپام ھايات بولغان بولسا بەكمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. بىراق ئۇ يوق. مەن ئويلايمەن، بەلكىم ئۇمۇ جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ سىزنىڭ بۇ خۇشاللىقىڭىزغا ئورتاقلىشىۋاتقاندۇ؟ بەلكىم خۇددى بىزگە ئوخشاش خۇشاللىق ياشلىرىغا ئىگە بولالماي ياش تۆكۈۋاتقاندۇ؟

جېنىم دادا، ئەگەر يىغلىغىڭىز كەلگەن بولسا ھېچبىر ئىككىلەنمەي قانغۇچە يىغلىۋېلىڭ.

*خۇشاللىق ياشلىرى ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ.
يۈرەكتىكى ھەسرەتنى تازىلاپ، يېڭى ھايات يولىدا
دادىل قەدەم تاشلاشقا جاسارەت ئاتا قىلىدۇ...»*

سەلتەنەت يەرمەنكە كۈنى خەتنى دادىسىغا پوچتىدىن سېلىۋەتتى. يەرمەنكە خۇددى بۇ تاغلىق يېزىغا يېڭى بىر ھاياتى كۈچ ئاتا قىلغاندەك ھەممە ياق بايرام تۈسىگە كىرگەندى. توققۇزجا يەرمەنكە ئۈچۈن ياسالغان رەئىس سەھنىسىنىڭ يېنىدىكى دالدا جايدا بىر قانچە يېقىنلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. يەرمەنكىگە كەلگەن ئادەملەر توپ ـ توپ بولۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ، يەرمەنكىنى ئاجايىپ قىزىتىۋەتكەندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مال يايمىلىرىدىن ئۆزىگە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئىزدەپ ئاۋارە بولسا، يەنە بەزىلىرى بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ قۇرۇق پاراڭ سالاتتى. كۈن سوغۇق بولسىمۇ ئادەملەر گويا جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقنى سەزمەيۋاتقاندەك قىلىشاتتى.

سەلتەنەت شىرداقنى بىردەمدىلا سېتىپ بولدى. ئىرمەك ئۇنىڭغا بىر خىل ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن قاراپ قويدى. ئىككىسى بىرلىكتە ئايلىنىپ ئويۇن ـ تاماشا، قىزىقچىلىقلاردىن قانغۇچە بەھرە ئالدى. قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمگەن يەرمەنكە ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا بىر خىل ھاياجان، كەم ئۇچرايدىغان شادلىق جىلۋىلىنەتتى. بەزى قىز ـ يىگىتلەر يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ بىر ـ بىرىگە كۆز قىسىپ، بىر ـ بىرىنى غىدىقلاپ قويۇشاتتى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

نۇرلۇق قۇياش غايەت زور ئوت شارىغا ئوخشاش تاغ چوققىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچكە تولغان ئالتۇن نۇرلىرىنى پۈتۈن زېمىنغا سەپتى. ھەممە نەرسە قۇياش نۇرى ئىچىدە گۈزەل نازىنىنغا ئوخشاش تولغىنىپ ئاستا ـ ئاستا جانلىنىشقا باشلىدى. ساپارغالى خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان بىر خىل كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇنى قانات ياساپ ئاسماندا ئۇچۇشقا ئۈندەيتتى. ئىككى قولىنى قۇياش نۇرى باغاشلاپ تۇرغان چەكسىز بوشلۇققا سوزۇپ، قۇياش بىلەن قۇچاقلاشقۇسى، قۇياشنى باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى.

قىش كەتتى. كىشى قەلبىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئويغىتىدىغان باھار بىلىنمەيلا يېتىپ كەلدى. بىخلىنىش ئالدىدا تۇرغان دەرەخ شاخلىرى ئىللىق شامالدا بوشقىنا لىڭشىپ تۇراتتى. ئېرىق بويلىرىدا، ئورمانلارنىڭ ئىچىدە قۇرت ـ قوڭغۇزلار مىدىرلاپ، كونا غازاڭلار چىرىمەكتە ئىدى. ھاياتىي كۈچى ھەممىدىن كۈچلۈك قىياق چۆپلەر قۇياشنىڭ نۇرى بالدۇر چۈشىدىغان قارا چىملان تۇپراق ئاستىدىن ئاستا ـ ئاستا باش كۆتۈرۈۋاتاتتى. پۈتۈن ئەتراپتىن ــ كۆز يەتكۈسىز دالالاردىن، ئورمانلىقلاردىن تۇپراقنىڭ تونۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ھەددى ـ ھېسابسىز يېشىل

مايسىلارنىڭ توپراق ئاستىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت قالمىغانىدى.
مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە يېڭى بىر ھاياتنى كۈچكە تولغان ساپارغالى ئائىلىسى ئاجايىپ بىر خىل روھ بىلەن تاڭ قۇياشىنى كۈتۈۋالدى. ھويلا ـ ئاران، ئېغىل ـ قوتان جاراڭلىق ئاۋازلار بىلەن ئاۋات بولۇپ، ئۇ يەردىن پالتا بىلەن ھەرە ئاۋازى ئادەملەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى.
ــ ھە قېنى، يەنە ئازراق كۆتۈر، بوياقـا، يەنە ئازراق بوياققا.
باللار ھەيرانلىق ئىچىدە دادىسىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈشەتتى. ئۇلارغا دادا كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك، كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە كىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دېمىسىمۇ ھازىر ساپارغالىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ دىمىقىدا ناخشا ئېيتقىنىچە بۇنىڭدىن كېيىنكى پىلانلىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. تونۇگۈن كۆكلىگە پوككەن ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىناتتى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا باھار كېلىشى بىلەن يەرگە كىرىپ كېتەي دەپ قالغان ئېغىل ـ قوتان ھەم لاپاسلار چۇۋۇپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئورنىغا مانا ئەمدى يېڭى ئېغىل ـ قوتان، يېڭى لاپاسلار قەد كۆتۈرمەكتە. يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر:
ــ ساپارغالى، ئىشلار ئىلگىرى بولسۇن. پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرىپ كېتىۋاتىسەن جومۇ؟ سەندە ئەقىل ـ ئىدراكتىن باشقا يەنە ئەمگەك كۈچلىرى كۆپ. قانداق قىلغۇڭ كەلسە شۇنداق قىلالايسەن. بىزگە ئوخشاشمايسەن. خۇدايىم يامان

كۆزدىن ساقلىسۇن، — دېيىشەتتى. بۇنداق چاغلاردا ساپارغالى ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن:
— ماڭا مەدەت بەرگىنىڭلارغا رەھمەت. بۇمۇ پارتىيەنىڭ، سىلەرنىڭ غەمخورلۇقۇڭلار. ئەگەر ياردەم قىلمىدىغان ئىش - پىشلار بولۇپ قالسا ھايت دەۋېتەرسىلەر. قاچان دېسەڭلار شۇ چاغدا بىز تەييار. گەرچە قولىمىزدىن چوڭ ئىشلار كەلمىسىمۇ كىچىك ئىشلار قولىمىزدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دەيتتى. ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە شۇنداق كۆڭۈللۈك، شۇنداق مەنىلىك بىلىنەتتى.

ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئاخىرى كونا مال قورۇسىنىڭ ئورنىدا يېڭى مال قورۇسى قەد كۆتۈردى. كۈننىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ سەلتەنەت باشلىغان بىر توپ ئاياللارنىڭ كۈلكىسى تىمتاسلىقتا چۆمگەن قىشلاقنى يەنە بىر قېتىم ئاۋات قىلدى. داۋىگە تەۋە كۆكتاتلىقتىن بۇلتۇر مول ھوسۇل ئالغاچقا، بۇ يىل كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، ئادەم كۈچى بالدۇر ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆكتاتلىقتا پەيدا بولۇپ يەر ئاغدۇراتتى، چۆنەك تارتاتتى، باغ بىنا قىلىش ئۈچۈن ئورەكلەرنى قازاتتى. سەلتەنەت بىنا قىلغان باغقا كېلىپ، كۈرەك سېپىدەك يوغىنىغان مېۋە كۆچەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئۇلانغان ئۇلاقنىڭ تۈرلىرىنى سوراپ، كۆز ئالدىغا پىشىپ كەتكەن مېۋىلەرنى كەلتۈرۈشەتتى.

— ساپارغالى ئاكا، — دېدى بىر كۈنى داۋىجاڭ سەرسەن ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، — كېلىندىن قالتىس تەلىيىڭىز كەلگەن ئادەمغۇ سىز. داۋىيىمىز بىنا قىلغان كۆكتاتلىق ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئوت

چىقىرىۋېتىپ بارىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق تەرەققىي قىلسا يەنە بىرنەچچە يىلدا ناھىيەنىڭ ئۇلگىسىگە ئايلىنىپ قالامدۇ تېخى. شۇڭا بىز كېلىنىڭىزنى ئاكتىپلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ، دادۇيىمىزنىڭ ھەيئىتى قىلساقمىكىن دېگەن ئويغا كېلىپ قالدۇق. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

ساپارغالىنىڭ چىرايىدا شۇئان شادلىق كۈلكىسى پەيدا بولدى. كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان قۇتلۇق ئىشلار ئۇنىڭ قەلبىنى خاسىيەتلىك باھار يامغۇرى بىلەن سۇغارغاندەك سۇغىرىۋاتاتتى. ئۇ جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىپ بىردىنلا توختاپ قالدى:

ــ بۇ سۆز بىلەن مېنى قالتىس خۇش قىلىۋەتتىڭىز، دادۇيجاڭ. مەن بېرىپ بۇ ئىشنى كېلىنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، ئۇ نېمە دەيدىكىن؟ ئەگەر ئۇ ماقۇل بولسىلا مەندە چاتاق يوق.

ئۇنى دەرھاللا ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ، دەپ ئويلىغان سەرسەن ساپارغالىنىڭ بۇ جاۋابىغا ھەيران قالدى.

قېيىنئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سەلتەنەت باشتا ھەيران قالدى، كېيىن بولسا تولىمۇ تەمكىن ھالدا:

ــ راستىمنى دېسەم ھازىر بۇ ئىشلارغا تازا رايىم يوق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بالام كىچىك. دادۇينىڭ ئىشىغا ئارىلاشسام ئەتىدىن كەچ كىرگۈچە بىكار بولالمايمەن. بالا قېيىنىلىپ قالىدۇ. ئىككىنچىدىن، دادۇينىڭ ئىشىغا باغلىنىپ قالسام زېھنىم چېچىلىدۇ، قىلىمەن دەپ كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئامالسىز قالىمەن. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ھازىر قولۇمدا مېنىڭ پۈتكۈزۈشۈمنى كۈتۈپ ياتقان شىرداقتىن تۆت پارچىسى بار. خۇدا بۇيرۇسا كېلەرگە ماخابات بىلەن بىرلىشىپ ئۆيدە شىرداق تىكىپ

ساتساقمىكىن دېگەن پىلانىمىزمۇ بار، — دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى كۇمۇش قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى:

— كېلىنىمىزنىڭ دېگىنى توغرا. ھازىر سىياسەت بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئىختىيارنى بالىلارغا بېرەيلى. كونىلار: «ئېسىڭنىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بىر ئىش قىلىشۋالغىنى تۈزۈك.

ساپارغالى بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشىلىپ بېرىپ توختاپ قالدى. گەرچە ئۇنىڭ خۇشاللىقى ھازىر ئالەمچە بولسىمۇ، ئانچە ـ مۇنچە ئەندىشىسىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. ئادەتتە ھەربىر مەسىلە ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىنتايىن روشەن ھالەتتە ساقلىنىپ قالاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى يېشىشنىڭ ئەپچىل چارىلىرىنى تېپىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئاسانلا ئۆتۈپ كېتەتتى، ئەمما يېقىندىن بېرى ئۇنداق بولماي قېلىۋاتاتتى، بولۇپمۇ توخۇ ئېلىپ توخۇ ساتىدىغان ۋە قىممىز ساتقان شۇ ئىشتىن كېيىن...

ساپارغالى بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا قاراپ شۇلارنى ئويلىدى. مانا چۆپ چېپىش ئىشىمۇ ئاخىرلىشىپ، قولىمۇ بوشاپ قالدى. ھەممە نەرسە كۆندىن ـ كۈنگە رەڭدارلىشىپ، ئاجايىپ گۈزەل بىر تۈسكە كىرىۋاتاتتى.

ئۇ ناشتىدىن كېيىن ئاتقا مىنىپ، قارىغايلىقنىڭ ئېتىكىگە كەلدى. ئۇ بۇ يەرلەرگە ئىلگىرىمۇ كەلگەن بولۇپ، ئەتراپنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، ئەھمىيەتلىك ئىشلار يۈز بەرگەن جايلارنى

شۇنداق ئېنىق ئېسىدە ساقلانغانكى، بۇ جايلارغا ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھەببىتى بارلىقىنى كۆزلىرى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاپ تۇراتتى. ئۇ قايناپ ئېقىۋاتقان بۇلاقتا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ سەل - پەل مۆڭلانغان چىرايىدا يىراق ئۆتمۈشنىڭ كارتىنىسى ئەكس ئەتكەندەك بولدى. ئۇ يەنە خىيالىدا ئاشۇ بۇلاق بېشىدا سۇ تالىشىپ ئۆسۈشكەن ئۆچكىلەرنى، ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتقان قىزلارنى كۆرگەندەك، ئۇلارنىڭ كىشىنىڭ يوشۇرۇن ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغاتقۇچى جاراڭلىق كۈلكىلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

ساپارغالى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى خۇددى ئۇنى ئەينى چاغقا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغاندەك شۇ پېتى تۇراتتى. ئەنە ئۇ بىلىدىغان ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرى. ئەنە ئۇ بىلىدىغان ئاجايىپ سۆيۈملۈك جىلغا. ئەنە ئۇ بىلىدىغان ياپيېشىل قارىغايلار. ھەممە نەرسە شۇ پېتى، خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا. ھايات نېمىدېگەن قەدىر - قىممەتلىك. بەختلىك كۈنلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس پەردىسى ئۇنى يېپىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئادەملەر ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يەتمىسە كېرەك. «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىگە يەتمەس» دېگەن تەمسىلنىڭ ھەقىقىي مەنىسى مانا مۇشۇ يەرگە مۆكۈنگەن. ئىنسان پەقەت بەختسىز كۈنلەرگە دۇچ كەلگەندىلا، ئاندىن بەختلىك كۈنلەرنىڭ قەدرىگە يېتىپ ئۇنى سېغىنىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئىككى خىل تۇرمۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېنىق بىر چېگرا بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟ ئىنسانلارنى شۇنچە مۇكەممەل ياراتقان ئىگىسى ئاشۇ

ئۆششاق ھۆجەيرىلەر ئىچىگە ئىككى خىل تۇرمۇشنىڭ چەك - چېگراسىنى ئايرىيدىغان ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىكەندە، ھەرقانداق بىر ئادەم بەختسىز تۇرمۇشقا قەدەم باسمىغان بولاتتى...

ئۇنىڭ خىيالىنى يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بۆلدى. ساپارغالى بېشىنى كۆتۈرۈپ سەيدىۋاققاس ئاقساقالنى كۆردى. ئات ئۈستىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان بۇ ئادەم خۇددى ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى سەيدىۋاققاس ئاقساقال ساپارغالىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، — ئەينى چاغدا ماڭغان ئىزلىرىڭنى سېغىنىپ كەپسەن - دە؟ ئۆتمۈشتىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ئەسكە ئېلىش ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ ئاتتىن چۈشتى. ساپارغالى ئۇنىڭ قولىدىن ئاتنى ئېلىپ چۈشىدى.

— مىنىڭ قىلمىغان بىلەن ھايۋان ئەمەسمۇ. چۈشەپ قويساق خاتىرجەم بولىمىز.

— دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇق. شۇڭا كونىلار: «ساقلىقتا خورلۇق يوق» دېگەن ئەمەسمۇ؟ قانداق گۈزەل جايلار دېسەڭچۇ؟ بۇلاق قايناپ تۇرغان، كەكلىك - تورغايلار سايراپ تۇرغان، باش ئۈستۈڭدە بۈركۈتلەر ئۇچۇپ تۇرغان. ھەي ياشلىق.

سەيدىۋاققاس ئاقساقال شۇنداق دەپ ئېغىر تىندى. ئۇمۇ ئەينى يىللىرى مۇشۇ ئەتراپتا قالغان ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەۋاتاتتى.

— بۇگۇن قارىسام كۈن شۇنداق ياخشى. بىردىنلا مۇشۇ يەر ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتقا مىنىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. سىزچۇ؟ — دېدى ساپارغالى ئۇيغا پاتقان سەيدىۋاقتاس ئاقساقالغا قاراپ قويۇپ.

— نېرىقى ياقتىكى قۇدىلارنىڭكىگە كېتىۋاتىمەن. ئاخشام چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇياقلارغا ئۆتمىگەنگىمۇ خېلى ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كېتىپتىكەن، — دېدى سەيدىۋاقتاس ئاقساقال جاۋاب بېرىپ.

— قالتىس ئادەمسىز - دە؟ — دېدى ساپارغالى قايىل بولغان ئاھاڭدا، — باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىلىشتا سىزگە يېتىدىغان ئادەم يوقمىكىن دەيمەن.

— ماختىغىنىڭىزغا رەھمەت. ئادەم ياشقا چوڭايغانسېرى تۇغقانچى بولۇپ قالسا كېرەك. نەچچە قېتىم سېنى يوقلاپ كېلىشكە تەمشەلگەن بولسامۇ، ئەمما پۇرسەت بولماي قالدى. «باي چارۋا» دېگەن قالپىقىڭ ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئەھۋالىڭ قانداق؟

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، نەچچە ئون ياش ياشىرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. روھىي ئازادلىق دېگەن باشقا گەپ ئىكەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. باشقىلاردىن ئاڭلاپ تۇردۇم. قىشلاقتىكى قوتان - لاپاسلىرىڭنى يېڭىلىۋاپسەن. ئاڭلاپ كۆلۈپ كەتتىم. ئەقىللىك ئادەم دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. سېنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىڭنى باشقىلار بىلمىگەن بىلەن مەن بىلىمەن. چۈنكى يېڭىلانغان قوتان - لاپاسلىرىڭ «باي چارۋا» دېگەن قالپىقىڭنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن تىكلەنگەن ئابىدە.

ساپارغالى ھەيران قالدى. گەرچە ئۇ قوتان ـ لاپاسلارنى يېڭىلاۋاتقاندا بۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، سەيدىۋاققاس ئاقساقالنىڭ دېگەنلىرى يىمىرىلمەس ھەقىقەت ئىدى. نېمىدېگەن ئۆي ـ پىكىرلىرى چوڭقۇر ئادەم ـ ھە؟

ئۇلار شۇ تەرتىپسىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

ـــ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلگەن كۈنى قالتىس سۆزلىۋەتتىڭىز جۇمۇ،ـــ دېدى ساپارغالى شۇ چاغدىكى مەنزىرىنى ئېسىگە ئېلىپ،ـــ ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

ـــ نەدىكىنى،ـــ دېدى سەيدىۋاققاس ئاقساقال بىردىنلا جانلىنىپ،ـــ نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ كۆڭلۈمگە پۈككەن يەنە بىرمۇنچە سۆزلىرىمنى دېيەلمەي قالدىم. شۇنداق ياخشى گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋاتقاندىن كېيىن ئادەم ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمايدىكەن. دېلىڭ شياۋپىڭ دېگەن راستتىنلا قالتىس ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۈچ قېتىم يىقىلىپ، ئۈچ قېتىم ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى بىلەمسەن؟ چۈنكى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى مەملىكەت خەلقى دېمەكچى بولغان سۆزلەر. شۇنداق تۇرسا ئادەم ھاياجانلانماي تۇرالايتتىمۇ؟ ھېلىقى لىن بياۋ، جياڭ چىڭ دېگەن نېمىلەرنىڭ كاساپىتىدىن تاس قالدۇق بۇغداي ئۇنىنىمۇ يېيەلمەي قالغىلى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاق نانمۇ كاپىتالىزمنى بىخلاندۇرۇپ قويارمىش...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىر خىل شادلىقمۇ، تەنتەنگە تويۇنغان ئاچچىقمۇ چىقىپ تۇراتتى.

ـــ راست دەيسىز،ـــ دېدى ساپارغالى ئۇنىڭ سۆزىنى

قوۋۋەتلەپ، — ئادەمنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيدىغان ئىشلار. مانا ئەمدى ياخشى بولدى. ھەممە نەرسە ئۆز ئىزىغا چۈشتى. ئادەملەرنىڭ روھىي قىياپىتىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولماقتا.

— ھېلىقى ئويغۇر كېلىنىڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن سەيدىۋاققاس ئاقساقال سۆز قىلىپ، — ئاڭلىسام يەرمەنكە كۈنى ئۆزى تىككەن شىرداقنى سەكسەن سومغا سېتىپتۇ دەيدىغۇ؟

— ھەئە، — دېدى ساپارغالى بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— مەن كېلىنىڭگە تۇنجى كۆرگەن كۈنىلا باھا بېرىپ بولغان، — دېدى ئۇ قىشلاقتا ئۇچراشقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، — سەكسەن سوم پۇل ئاز پۇلمۇ؟ يوغان بىر كالا كېلىدىغۇ! بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ. ئاڭلىسام قەشقەرگە قۇداڭنى يوقلىغىلى بارىدىكەنسەن، قاچان يولغا چىقىسەن؟

— مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە. ھېلىمۇ سەت بولۇپ كەتتى.

— ئۆزۈڭ يالغۇز بارامسەن ياكى كۈمۈشنىمۇ ئېلىۋالامسەن؟

— كۈمۈشنىڭ بېرىشىدا گەپ يوق. يەنە كېلىنىم بىلەن نەۋرەم بار تېخى. بوۋىسى ئۇنى كۆرۈپ باققىنى يوق. بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن.

— بۇنى ياخشى ئويلاپسەن. قۇداڭنىڭ ئورنىدا سەن بولساڭمۇ بالىنى ھەم نەۋرىنى سېغىنىشىڭدا گەپ يوق. بوپتۇ شۇنداق قىلغىن. قۇداڭغا ۋە قەشقەردىكى باشقا

توغقانلارغا سالام ئېيتارسەن. ھە راست، خەي شۈجىدىن خەۋەر بارمۇ؟

— ھازىرچە خەۋەر يوق. بۈگۈن باللارنى ئەبلىبەككە ئەۋەتتىم. ئۇ كەلسە ئەتە بىرلىكتە خەي شۈجىنى يوقلاپ كېلەيمىكىن دەۋاتىمەن.

— بۇنى ياخشى ئويلاپسەن. خەي شۈجى ياخشى ئادەم. ئۇ ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ. بىلىشىمچە، سىنىڭ قەشقەردىن كېلىپ ئىلىشىڭغا خەي شۈجى كۈچ چىقارغانىدۇ دەيمەن.

— شۇنداق. ئۇ بولمىغان بولسا ئىرمەكنىڭ بۈگۈنىمۇ بولمىغان بولاتتى.

قارىغاي ئېتىكىدىن پەسكە سوزۇلغان تۇزلەڭلىك قۇياش تىكلەنگەن چاغدا پىژىلداپ كېتەتتى. ئىسسىق دەستىدىن ئەتراپتا جانلىق قالمايتتى. ئوقىراق تېگىپ ماجالى قالمىغان كاللار مېڭىشقا ماغدۇرى يەتمەي ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە، قىيا تۈۋلىرىدە سايىداپ، قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ تۇرۇشاتتى. ھەممە يەر تونۇرغا ئوخشاش يېلىنجاپ كېتەتتى. سەيدىۋاققاس ئاقساقال ئاسمانغا قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— سىنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلۈممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. كۈن قايناپ كەتكۈچە مەنزىلىمگە يېتىۋالاي، — دېدى.

ساپارغالى يېقىنلا يەردە ئوتلاپ يۈرگەن ئاتنى تۇتۇپ كەلدى ۋە سەيدىۋاققاس ئاقساقالنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۈردى. سەيدىۋاققاس ئاقساقال كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرھازا قاراپ تۇرغان ساپارغالىمۇ كۆپ ئۆتمەي ئاتقا مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇ كېتىۋېتىپ يول بويىدا ئېچىلىپ كەتكەن سېرىق سەبدەگە قاراپ قويدى. سېرىق

سەبدە ئىنتايىن چىداملىق گۈل. غولى قىسقا بولغاچقا يەردىن ئارانلا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئېچىلغان يەرگە قارىسىڭىز خۇددى پاياندار سېلىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. بولۇپمۇ يامغۇر يېغىپ، كۈن ئېچىلىپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق.

يولدا تونۇش ـ بىلىشلەردىن بىرقانچىسى يولۇقۇپ سالام بەردى. ساپارغالى ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، تېز كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تىزگىنىنى سەل ـ پەل تارتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قارا تورۇق ئات شۇنداق ئىدى. ئاتلارنى كۆرسە يۇلقۇنۇپ، ئويناقشىپ كېتەتتى. يېنىدىن بىرەر ئات چېپىپ ئۆتۈپ قالسا تىزگىن سىيرىپ، خۇددى دەھشەتلىك مەخلۇققا دۈچ كەلگەندەك يۇلقۇنۇپ كېتەتتى.

ساپارغالى ئېگەر ئۈستىدە سەل ـ پەل قەددىنى رۇسلىغاندىن كېيىن تىزگىننى بىرئاز بوشىتىپ، ئاتنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئەتراپ تىمتاس بولغاچقا ئات ئىزىغا چۈشكەن بولسىمۇ يەنىلا ئويناقلاپ كېلەتتى. ساپارغالى مۇشۇ گۈزەل تەبىئەت قوينىدا، مۇشۇ گۈزەل مەنزىرە ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ھېس قىلاتتى. پەقەت مۇشۇ ئانا تۇپراق بىلەن ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى. ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇچار قاناتلار، يايلاقتا پاتماي ئوتلاۋاتقان مال ـ ۋارانلار، پات ـ پات كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان ياۋايى ھايۋانلارلا ئۇنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا شادلىق ئاتا قىلاتتى.

ئۇ ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى دوستلىرى بىلەن مۇشۇ يەرگە كېلىپ، ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز

دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققان. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا يورۇق، چەكسىز كەتكەن گۈزەل مەنزىرە پەيدا بولغان. ئالەمنىڭ چوڭلۇقىغا ھەيران قېلىپ ئاغزىنى يوغان ئاچقان. ئۇ بۇرۇن ئۆزى بىلىدىغان مەھەللىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەھەللە دەپ بىلگەن بولسا، بۇ يەردىن قارىغاندا ئالىقانچىلىك كىچىك يەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ نېرىسىدا چەكسىز كەتكەن كەڭ دالا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ساپارغالى كۆزىنى يەنىمۇ يوغان ئېچىپ ئويلاپمۇ باقمىغان، خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان نۇرغۇن يەرلەرگە، دەريا ـ كۆللەرگە نەزەر تاشلىغان. ئۇ ھامان بالىلىق ئوي ـ پىكىرلىرى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىمىدۇ ياكى بۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پايانسىز دالالار بارمىدۇ؟ دەپ ئويلىغان. ئەنە ئاۋۇ جىلغىنىڭ ئىچىدىكى ياۋا تېرەكلىك. ئۇ يەردە ئىككى ئادەمنىڭ غولىچى يەتمەيدىغان تېرەكلەر كۈرمىڭ. كۈز كۈنلىرى ئۇ يەردىن قاغىلارنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن قاقىلدىغان ئاۋازى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ بالا چاغدىكى ئاياغ ئىزلىرى قالغان.

ئات چۇلغىۋاتاتتى. ئېدىرلىقلار، تۆپىلىكلەر كەينىدە قېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر بەلدىن ئېشىپ ئاخىرى قەسەن بىلەن جۇماتاي مال بېقىۋاتقان يەرگە كەلدى. بىر بۆلۈك يەردە قوي، بىر بۆلۈك يەردە كالا، يەنە بىر بۆلۈك يەردە ئاتلار ئوتلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قورسىقى تويغان بولسا كېرەك، يات ـ يات بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ قويۇشاتتى.

— قانداقراق؟ — دېدى ئاتتىن چۈشكەن ساپارغالى دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىككى بالىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئىچىڭلار پۇشۇپ كەتكەندۇ ھەرقاچان.

— سەن بۇياقتا يۈرسەڭغۇ، دادا، — دېدى قەسەن

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ،— كۆن چۈش بولاي دەپ قالدى. نۇسۇپ مۇئەللىمنىڭ ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا چاقىرغىنىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

ساپارغالى پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى. ئۇ تۇنۇگۈن كەچتە ئىركىنبەكنىڭ:

— مۇئەللىم ئەتە چۈشكە يېقىن ھەممىڭلارنىڭ دادىسى مەكتەپكە كەلسۇن. ئاتا - ئانىلار يىغىنى ئاچىمىز، دېدى،— دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ دادۇينىڭ ھويلىسىغا كەلگەندە ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ بولغان بولۇپ، يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

— ھەممىڭلارغا مەلۇم، دادۇيىمىزدە مەكتەپ ئېچىلغاندىن بېرى بالىلارنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقى تولىمۇ يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. بالىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سىنىپ يېتىشمەيۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىش ئۇچۇن يۇقىرىدىن دادۇيىمىزگە مەكتەپ سېلىشنى قارار قىلدى. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ھازىر دۆلىتىمىز ئەڭ قىيىنچىلىق مەزگىلىدە تۇرماقتا. شۇڭا مەكتەپ سېلىشتا يەنىلا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن ھېسابلاپ باقتىم، يۇقىرىدىن ئاجرىتىلغان پۇل بەزى ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش بىلەن تامچى، ياغاچچىنىڭ ئىش ھەققىگە ئاران يېتىدىكەن. بىزدە: «كۆپ تۇكۇرسە كۆل بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا سىلەرنى بۇ يەرگە يىغىپ بۇ يىغىننى ئېچىپ ئولتۇرۇپتىمىز. ھازىرقى مۇھىم مەسىلە ياغاچ - تاش. پۇل بېرىشنى خالىغانلار پۇل بەرسەڭلار، ياغاچ - تاش بېرىشنى خالىغانلار ياغاچ -

تاش بەرسەڭلار، مەكتەپ قورۇلۇشىنى دەرھال باشلاپ، قار چۈشۈشتىن بۇرۇن يېڭى سىنىپقا كىرىۋالساق. ئەلۋەتتە بۇ ئىختىيارى بولىدۇ. كىم قانچىلىك نەرسىگە چامىسى يەتسە شۇنچىلىكنى تىزىمغا ئالدۇرسۇن.

نۇسۇپ مۇئەللىم ئارتۇقچە مىجىپ ئولتۇرمىدى. ساپارغالى تۆت لىم ياغاچنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلدى. ئۇ كۆپرەك بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئېغىل ـ قوتاندىن چىقىرىۋەتكەن ياغاچ ـ تاش كونا بولغاچقا، بۇنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. جاڭغابىلغا ئۆي سالسام دەپ ساقلاپ يۈرگەن تۆت تال لىم ياغاچنى تىزىمغا ئالدۇرغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى ئازراقمۇ ئېچىشمىي قويمىدى. چۈنكى مەكتەپ سېلىش ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش. قولىدىن كەلگەن بولسا كۆپرەك ياردەم قىلىپ، كۆپرەك ساۋاب ئالغان بولسا بولاتتى.

نۇسۇپ مۇئەللىم بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەندە ھەممە ئادەم «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە. ئۇ ھازىر يېڭى كەلگەن بولغاچقا تولىمۇ قىزغىن كۆرۈنگىنى بىلەن ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە كارامىتى مانا مەن دەپ قالىدۇ. بۇنداق بىلىمى بار ياشنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېيىشكەنىدى. بىراق نۇسۇپ مۇئەللىم بۇ يەرگە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، باللارنىڭ سانىنى ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك ئاشۇرۇۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇ مەكتەپ سالماقچى.

ساپارغالى ئۆيىگە كېلىپ ئاتا ـ ئانىلار يىغىنى توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئېرىق چىشىنىڭ تۇيۇقسىز ئاغرىشى بىلەن كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولدى. جانىنى ئېلىپ جاڭگالدا

قويىدىغان ئاغرىق بىردەم كۆچىيىپ، بىردەم پەسىيىپ تۇراتتى. ئاغرىق تۇتقان چاغدا ئۇ ئورنىدا تېپىرلاپ، جان ئاچچىقىدا ۋاي - ۋايلاپ كېتەتتى. ئادەتتە كۆپ ئاغرىمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، بىرەر يېرى ئاغرىپ قالسا خۇددى كىچىك بالىدەك ئىنجىقلاپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىمىغان بالىچاقىلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. قېيىنئانا يېلىنغاندەك سەلتەنەتكە قارىدى. سەلتەنەت خىجىل بولغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئەگەر ئۆتكەنكىدەك ئەسۋى چىققان بولسا ئۇ قېيىنئاتىسىنى بىردەمدىلا ئاغرىق ئازابىدىن خالاس قىلغان بولاتتى، ئەمما بۈگۈنكىسى چىش ئاغرىقى بولغاچقا ئۇنىڭ قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

— قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى كۆمۈش بىر ئىزىدا پىرقىراپ، — بۇرۇن چىشى پەقەتلا ئاغرىپ باقمىغاچقا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن. بەك بولمىسا تۇزنى قىزدۇرۇپ بېسىپ باقامدۇق - يا؟ شۇنداق قىلايلى. بىرۋاقلاردا بىرىدىن چىش ئاغرىقىغا تۇزنى قىزدۇرۇپ باسسا ساقىيىدۇ، دەپ ئاڭلىغان.

بۇ سۆز بىلەن ماخابات ئىدىشتىن بىر ئوچۇم تۇزنى ئالدى. سەلتەنەت ئوچاققا ئوت يېقىپ تۇزنى قورۇدى. بىر پارچە لاتىغا قىزدۇرۇلغان تۇزنى چىگكەن كۆمۈش ئىبرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:

— تېزدىن ئاغرىغان يەرگە بېسىپ بېرىڭ. بەلكىم تۇز شىپالىق بېرىپ ئاغرىقى توختاپ قالسا ئەجەب ئەمەس. چۈنكى تۇز دېگەن ئۇلۇغ نەرسە.

ساپارغالى قىزدۇرۇلغان تۇزنى ئاغرىۋاتقان يەرگە

باستى. قىزدۇرۇلغان تۇزنىڭ بىسىلىشى بىلەن ئاغرىق قويۇپ بەرگەندەك قىلدى، بىراق كۆپ ئۆتمەي بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئاغرىپ كەتتى. ئەبلىبەك كەلگەندە ئۇ چىشىنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن هالدا دومىلاپ ياتاتتى.

— ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ، يېزنە، — دېدى ئەبلىبەك ئۇنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ.

— نېمە قىلاي دەيسەن؟ — دېدى ساپارغالى ئالىقىنى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ تۇرۇپ.

— مەن بىر موللىنىڭ چىشى ئاغرىغانلارغا دەم سالغىنىنى كۆرگەن. دەم سېلىپ قويسام ياخشى بولۇپ قالىسىز.

— «قاسساپ ماي قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دەپ، جان قويىدىغانغا يەر تاپالمايۋاتسام تولا چاقچاق قىلمىساڭچۇ؟

— چىش ئاغرىقىغا شۇنچىلىك قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ نېمىدېگەن چىدىماس ئادەمسىز. قاراڭا، باللارنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالاي دەپسىز.

— سېنىڭ چىشىڭ ئاغرىمىغاندىن كېيىن چىش ئاغرىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن، ئۇكام. دۇنيادا چىش ئاغرىقىدىنمۇ يامان ئاغرىق بولمىسا كېرەك. يېزنەڭ دومىلاۋاتقىلى يېرىم كۈن بولدى. بىر ئامال تاپقان بولساڭ بولاتتى. بىز قىلىدىغان ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇق، — دېدى كۈمۈش ئىنىسىگە يالۋۇرغان قىياپەتتە.

— ئۆيدە هاراق يوقمۇ؟ — دېدى ئەبلىبەك بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — هاراق بىلەن چايقاپ باقسۇن. بەك بولمىسا دوختۇرغا ئاپىرىمىز شۇ.

ئىرمەك چىقىپ كېتىپ يېرىم بوتۇلكىدىن ئازراق هاراقنى كۆتۈرۈپ كىردى. ساپارغالى ئىنجىقلاپ يۈرۈپ بىر رومكا هاراقنى ئاغزىغا ئالدى. هاراقنىڭ كۈچىدىن تىللىرى قورۇلۇپ، ئاغزىغا سىرىقسۇ يىغىلدى. كۆپ ئۆتمەي ئاغرىۋاتقان چىش لوقۇلداپ، بىر خىل تاتلىق سېزىم پەيدا بولغاندەك قىلدى. ئىككىنچى رومكا هاراق قۇيۇلغاندا كارامەت يۈز بېرىپ، چىشنىڭ ئاغرىقى بېسىلىپ قالدى.

— بالدۇرراق كەلسەڭ بولمامدۇ ئادەمنىڭ جېنىنى قىينىغىچە، — دېدى ساپارغالى چاقچاق قىلىپ. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئۆيدىكىلەر يەڭگىل نەپەس ئالدى.

— سېنى چاقىرتىشىمىدىكى سەۋەب پات ئارىدا ھەدەڭ، چوڭ كېلىن بىلەن نەۋرە تۆتىمىز قەشقەرگە ماڭىدىغان بولۇۋاتىمىز. شۇڭا يولغا چىقىشتىن بۇرۇن خەي شۇجىنى يوقلاپ كېلەي، دېگەنىدىم. باشتىكى قالپاق ئېلىنغاندىن بېرى ئۇنى يوقلاپ بېرىشقا پەقەتلا ۋاقىت چىقىرالماي كەتتىم. قارىسام يالغۇز بېرىش بىر ئاز ئەپسىز تۇرىدۇ. توغرا تاپساڭ بىللە بېرىشىپ بەرگىن، — دېدى ساپارغالى بىر پەستىن كېيىن قېيىنئىنىسىگە قاراپ.

— بۇنى ياخشى ئويلاپسىز، — دېدى ئەبىلبەك يېزنىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — هازىر بېشىڭىزدا قالپاق يوق. نەگە بارسىڭىز ئەركىن ئادەمسىز. قەشقەرگە بىللە بارالمىغىنىم بىلەن خەي شۇجىنى يوقلايدىغان ئىشقا بىللە بېرىشىپ بەرمىسەم بولماس. چۈنكى خەي شۇجى ئەينى چاغدا ئىرمەكنىڭ توي ئىشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىڭلار

كونا دوست. بىلىشىمچە ئاشۇ چاغدا بىر قېتىم ئۇنى يوقلاپ بارغاندىن كېيىن بارمىدىڭىزغۇ دەيمەن.

ــ شۇنداق. ئۇ چاغدا بېشىمدا قالپاق بار ئىدى. خەي شۇجىغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەي دەپ قايتا بېرىشقا پېتىنالمىدىم. هازىر ئوخشاشمايدۇ.

ــ ئۇنداقتا هازىرلا ماڭىمىزمۇ ـ يا؟

ــ بىر ئوبدان پاراڭغا چاقچاق ئارىلاشتۇرىدىغان ئىشىڭنى قاچانمۇ تۈگىتەرسەن؟ بىرىپلا كېلىدىغانغا «يەتتىنچى ماي كادىرلار مەكتىپى» سىنىڭ قىشلىقىڭ بولغىيتتى.

ئۇلار بىردە بىر ـ بىرىنى هۆرمەتلەپ، بىردە بىر ـ بىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ ئۇزاق پاراڭلاشتى. ياتارغا يېقىن ساپارغالى ئەبلەبەككە چوڭ كېلىنىنىڭ دادۇي كادىرى بولۇشنى رەت قىلغانلىقىنى، مەكتەپ قورۇلۇشى ئۈچۈن تۆت لىم ياغاچ بەرگەنلىكىنى، كۆپىرەك بېرەي دېسە بەرمەكچى بولغان ياغاچلار كونا بولغاچقا بېرىشكە يۈزى چىدىمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبلەبەك:

ــ كېلىنىڭىزنىڭ شۇنداق قارارغا كەلگەنلىكى مېنىڭچە ناهايىتى ياخشى بوپتۇ. ئۇ مەن ئويلىغاندىنمۇ ئەقىللىك ئىكەن. ئۇنىڭ تىكىۋاتقان شىرداقلىرىنى كۆردۈم. ئەگەر سىز قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىسىڭىزلا كەلگۈسىدە بىر كارخانىچى بولۇپ كېتكۈدەك. شىرداق دېگەن گىلەمدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇهىم نەرسە. ئەگەر كۆڭۈل قويۇپ ياخشى تىكىلسە ئۇنىڭ ئۆمرى گىلەمدىنمۇ قېلىشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە هەممە ئادەم ئۆيىگە كىگىزنىڭ ئورنىدا

شىرداق سالسا، ئۇنىڭ بازىرى بىز ئويلىغاندىنمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ قىزىپ قېلىۋاتىمەن، ــ دېدى، ئاندىن بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا يېڭى لىم ياغاچتىن تۆتنى ياردەم قىلغىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. تۆت لىم ياغاچ بىلەن بىر ئېغىز سىنىپ پۈتىدۇ دېگەن گەپ، ئەمما كونا قورۇدىن چىقىرىۋېتىلگەن ياغاچلارنى بەرگۈڭىز بولسىمۇ ئۇ توغرىسىدا ئۈنچىقمىغىنىڭىز مېنىڭچە ياخشى بولماپتۇ. ياغاچ كونا بولسا نېمە بوپتۇ. راستىنىلا شۇنداق ئويغا كەلگەن بولسىڭىز قائىدە بويىچە ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تىزىمغا ئالدۇرىسىز. ئىشلىتەمدۇ، ئىشلەتمەمدۇ ئۇ مەكتەپنىڭ ئىشى. مېنىڭچە چوقۇم ئىشلىتىدۇ. چۈنكى مەكتەپ دېگەندە سىنىپتىن باشقا يەنە نەرسە ـ كېرەك قويىدىغان ئىسكىلات بولىدۇ. كونا ياغاچ ئىسكىلاتلارغا بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا ئۇخلاپ قالدى.

سەھەردىكى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى جىمجىتلىق ئىچىدە ياتقان گۈزەل دالانىڭ مەھكەم ئېتىلگەن ئىشىك ـ تۈڭلۈكلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن يوشۇرۇنچە كىرىپ، ھەممە ئۆينى دېگۈدەك يورۇتاتتى. قىزلارنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن تىكىلگەن ھەر خىل كەشتىلەر، شىرداقلار، تۇس كىگىز[①]لەر ئۈستىدە توختاپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلغاندەك جىلۋىلىنەتتى. ئاشۇ قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىنىڭ خاسىيىتىدىن ئىنسانلار يېڭى بىر كۈنلۈك

---

① تۇس كىگىز ــ قازاقلارنىڭ تامغا ئاسىدىغان بىرخىل رەڭدار بۇيۇمى.

تۇرمۇشقا ئاتلىنىۋاتاتتى. ماللار تولۇق تويۇنۇپ، ئىشتىن قايتقان ئادەملەر گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، پۈتۈن زېمىن جەننەت تۈسىنى ئالاتتى. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەرۋايىتقا ئوخشاش گۈزەل چىرايلار قورۇلۇپ، ياشلىقنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيتتى.

ساپارغالى بىلەن ئەبىلبەك يول بويىغا رەت ـ رەت تىكىلگەن ئىھاتە ئورمانلىقىغا كەلگەندە قۇياش نۇرى تىك چۈشۈپ تۇراتتى. قۇياشنىڭ سېخىي نۇرىنىڭ كۈچىدىن ئاپىرىدە بولغان خىلمۇخىل ئۆسۈملۈكلەر، گىلەمگە ئوخشاش كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان ياۋا گۈللەر، سەل نېرىراقتا شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ساپارغالى ئات ئۈستىدە سەل ـ پەل كۆتۈرۈلۈپ:

ـــ «يەتتىنچى ماي كادىرلار مەكتىپى»گە ئاز قالدۇق. ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قورۇلۇشلار دەل «يەتتىنچى ماي كادىرلار مەكتىپى»، ـــ دېدى. بۇ سۆز بىلەن ئەبىلبەكمۇ بوينىنى سوزۇپ، دەرەخلەر ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان قورۇلۇشلارغا قاراپ قويدى.

ئۇلار كېلىپ خەي دالۇڭنى سۈرۈشتۈردى.

ـــ خەي دالۇڭ يوق. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىدۇ، ـــ دېدى دەرۋازىۋەن ئۇلارغا قىزىقسىنغان ھالدا قاراپ. بۇ گەپ بىلەن ساپارغالىنىڭ بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى.

ـــ قايتايلى، ـــ دېدى ئەبىلبەك ئاسمانغا قاراپ قويۇپ، ـــ دېمەك، خەي شۇجى ئاز كۈندە قايتىپ كەلگۇدەك. ئۇ قايتىپ كەلسە چوقۇم تېخىمۇ چوڭ باشلىق بولۇپ كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە

ئوقۇدى دېگەنلىك، ھوقۇقى تېخىمۇ چوڭايدى دېگەن گەپ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇردىن شەپە كەلدى. يىلانغا ئوخشاش تولغانغان چاقماق كۆك قەرىنى يېرىپ، كىشى كۆڭلىنى ئەندىشىگە سالغۇدەك دەرىجىدە قاراسلايتتى. گۈلدۈرماما بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن بوران يىراقتىكى ئورمانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن دالاغا ھۇجۇم قىلاتتى. يەر ـ زېمىن توپا ـ چاڭ ئاستىدا قېلىپ، دەريانىڭ شىددەتلىك شاۋقۇنىمۇ بوران دەستىدىن تۈنجۇقۇپ كەتكەندەك يوقىلىپ كېتەتتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تىترەپ، شاخلىرى بولسا ئۆزىنى ئىككى ياققا ئۇرغان ھالدا توختىماي پۇلاڭشىيتتى.

ــ قارىمامدىغان بۇ ھاۋانىڭ خۇددى بىزگە قاراپ تۇرغاندەكلا بۇزۇلۇپ كەتكىنىنى، ــ دېدى ساپارغالى كېتىۋېتىپ.

ــ ئۆيگە بارغۇچە سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق، ــ دېدى ئەبىلبەك كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ خېلى زامانلار بوپتىكەن يامغۇرغا چىلىشىپ باقمىغىلى.

ــ ئۇنداقتا بۈگۈن راسا بىر چىلىشىۋال، ــ دېدى ساپارغالى تەنە قىلىپ. ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا يامغۇر خۇددى چېلەكلەپ تۆككەندەك قۇيۇۋەتتى...

سەلتەنەت تەقەززا بولۇپ تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. خۇشاللىقتىن يۈرىكى ئويناقشىپ، بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز دېگۈدەك ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتقۇچە ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى قىلىپ، بەخت

دىگىزى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈردى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى رىئاللىقتىن ھالقىپ، ئاجايىپ بىر غەم - قايغۇسىز دۇنياغا قاراپ پەرۋاز قىلاتتى. ئۆزىمۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە يات - ياتئۇ يەر - بۇ يەرلەرنى تۇتۇپ قوياتتى. ئۆز جىسمىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن يەڭگىل تىنىپ، شىرىن خىيال دېڭىزى ئىچىدە بېلىقتەك شۇڭغۇيتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئوتلۇق بىر سىرىم ئىچىدە تاڭ ئاتماستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەينەك ئالدىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزگە خېلى ئۇزۇنغىچە زوقلىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قويۇق قارا چاچلىرىنى ئالدىرىماي تارىدى. ئەينەكتىكى ئەكسى بىلەن كۆز قىسىشىپ، چىقىشىپمۇ قويدى. ئۇنىڭ ئەينەك ئىچىدىكى ئاشۇ بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزىدە سىغىنىشنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ ئەينەكتىن ئۆزىگە مۇڭلىنىپ قاراپ تۇرغان ئىرمەكنى كۆردى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. ئۇ شۇ تاپتا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان مەخپىيەتلىكىنى، قەلبىنىڭ ئۇنىڭغا مىنۇت - سېكۇنتسىرى تەلپۈنىدىغانلىقىنى، ئۇ يېنىدا بولسىلا پۈتۈن جىسمىنىڭ يەڭگىللەپ، ئىچ - قارنىنىڭ يورۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ مىدىرلاپ تۇرغان لەۋلىرى بىردىنلا توختاپ قالدى. قوپال، ئەمما ئۆزىگە تونۇش يىرىك لەۋ لېۋىگە بېسىلغاندا، پۈتۈن جىسمى خۇددى شامدەك ئېرىپ كەتتى...

ئورنىدىن قوزغالغان ماشىنا شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقان ماشىنا قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى. بىر -

بىرىنى يانداپ ئۆتۈشكە ئالدىرىغان ماشىنىلارنىڭ سىگنالى بوشلۇقتا تىنىماي ياڭرايتتى. تۇپتۇز كەتكەن تاشيولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا پات ـ پات يەڭگىل سىلكىنىپ قوياتتى. ئەينەكتىن چۈشۈۋاتقان قۇياشنىڭ شولىسى كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كىشىگە بىر خىل ئىللىق سېزىم ئاتا قىلاتتى.

ــ نېمىدېگەن سىرلىق زېمىن بۇ؟ــ دېدى ئەينەكتىن سىرتقا قارىغان ساپارغالى يېنىدا ئولتۇرغان ئايالىغا،ــ ئادەمنىڭ قارىسا يەنە قارىغۇسى كېلىدۇ. خۇددى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك. ھەر يەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بار، دېگەن سۆز ھەقىقەتەن راست ئىكەن.

ــ شۇنى دېمەمسىز. ئۆيدىن چىقمىغان ئادەمگە بۇ دۇنيا ئالىقانچىلىك بىلىنىدىكەن. مۇشۇ كۇنلەرگە ئۇلاشتۇرغان خۇداغا مىڭ شۇكرى.

ئۇلارنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان سەلتەنەت قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان بالىسىغا قاراپ قويۇپ خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ بىرچاغلاردىكى شېرىن خىياللىرى ئەمەلگە ئېشىپ، مانا ئەمدى ئۇ بۇرۇن ئۆزى ھەۋەس قىلغان، ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدىغان مۇھەببەتتىن لەززەت ئېلىپ، ئۇنىڭ سېھىرىي دۇنياسىغا چۆكۈپ كەتكەن ئاياللار قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرچاغلاردا دۇنيانى ئاپىسى ئېيتىپ بېرىدىغان چۆچەكلەردىكى، ئۆزى ئوقۇغان كىتابلاردىكى ئاشۇ ھېچقانداق جاپاسى بولمىغان گۈزەل دۇنيا دەپ قارىغانىدى. ئۆزىنىمۇ ئاشۇ چۆچەكلەردىكى، كىتابلاردىكى باش قەھرىمانلارغا ئوخشىتىپ، ئاشۇ باش قەھرىمانلاردەك بولۇشقا

تىرىشقانىدى، بىراق رېئاللىق ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرىنى خامانىنى توزۇتقاندەك توزۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تارتمىغان جەبىر ـ جاپالىرى قالمىدى. قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مۇھەببىتى ئاخىرى ھەممىدىن ئۈستۈن كېلىپ، ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. ھازىر ئۇنىڭ بىر چاغلاردا قايغۇ ـ ھەسرەتكە تولغان چىرايىنىڭ ئورنىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز شادلىق ئىگىلەپ، ھەممە ئۆتمۈشكە، قاباھەتلىك چۈشكە ئايلاندى.

ئاتا ـ بالىنىڭ كۆرۈشكەندىكى مەنزىرىسى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى. دادا قىزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ ئۈزۈنغىچە قويۇپ بەرمىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان خۇشاللىق يېشى توختايدىغاندەك قىلمايتتى. باقاخۇن ئۇلارنى كۆرۈپ نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالدى. گەرچە ئۇلار كەلسە ئۇنى قىلىمەن، بۇنى قىلىمەن دەپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى كۆڭلىدە رەتكە تۇرغۇزۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇلارنى كۆرۈشى بىلەنلا ئويلىغانلىرىنىڭ بىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

ــ بارغىن، بالام، ئۇ سېنىڭ بوۋاڭ، ــ دېدى ساپارغالى كۆرۈشۈشتىن كېيىن خەيرۇللامنى قۇدىسىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ، بىراق خەيرۇللام ئۈزۈنغىچە يېتىرقاپ بوۋىسىنىڭ يېنىغا بارغىلى ئۇنىمىدى. بارغاندىن كېيىن بولسا ئۇ چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ تۇرۇپ:

ــ بوۋا، سەن نېمىشقا قازاقچە سۆزلىمەيسەن، مەن سېنىڭ سۆزۈڭنى چۈشىنەلمىدىم، ــ دېدى. بۇ سۆز بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ مەن سۆزلەيمەن بالام، سۆزلەيمەن. سەن چوڭ

بولغۇچە قازاقچىنى ئۆگىنىپ، سەن چۈشەنگۈدەك قىلىپ سۆزلەيمەن،— دېدى باقاخۇن نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ. ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سەلتەنەت گەجگىسىگىچە قىزىرىپ كەتتى.

— بوۋاڭغا شۇنداق گەپنىمۇ قىلامسەن، خەيرۇللام؟ ئۆيدە ئۆگەنگەن ئۇيغۇرچە گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— ھېچقىسى يوق، بالام،— دېدى باقاخۇن قىزىنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ،— نەۋرەم توغرا دەيدۇ. قائىدە بويىچە مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن قازاقچىنى سۆزلىشىم كېرەك ئىدى، بىراق سۆزلىيەلمەي قالدىم.

— بۇنىڭدا بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بار،— دېدى ساپارغالى سۆزگە ئارىلىشىپ،— قائىدە بويىچە نەۋرەم ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن بولسا ياخشى بولاتتى، بىراق بىز نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ئىشقا سەل قاراپ قاپتۇق. قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى چوقۇم ئۆگىتىمىز. يەنە بىر قېتىم كەلگەندە ئۇ بۇنداق گەپنى ھەرگىز قىلمايدىغان بولىدۇ.

ئۇلار كۈلۈشتى. كەچقۇرۇنلۇقى باقاخۇننىڭ قۇدىلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر ئۆيگە لىق تولدى. ئۇلار ھەيرانلىق ئىچىدە بىر باقاخۇننىڭ قۇدىلىرىغا، بىر سەلتەنەتكە قارايتتى. كىمدۇر بىرى توساتتىن:

— خۇدايا تووۋا قىلدىم، قازاق دېگەنمۇ بىزگە ئوپمۇئوخشاش خەلق ئىكەنغۇ؟— دەپ سالدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئۆي ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— سىلەرگە دەيدىغان ئەڭ چوڭ خۇش خەۋەر،— دېدى باقاخۇن ئۆي ئىچىدىكى قۇدىلىرىغا يۈزلىنىپ،— ھۆكۈمەت ئۆزگەرتمۇۋالغان قورۇ - جايىم بىلەن بىر

قىسىم مال ـ مۈلكۈمنى قايتۇرۇپ بەردى. ئەسلىدە بۇگۈن سىلەرنى شۇ قورۇدا كۈتۈۋالاي دېگەنىدىم، بىراق ئۈلگۈرەلمىدىم. خۇدا بۇيرۇسا ئەتە بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭلار. سىلەرنىڭ ئايىغىڭلار ياراشتى.

بۇنى ئاڭلىغان سەلتەنەتنىڭ خۇشاللىقتا بىر جۈپ كۆزى چاقناپ كەتتى.

ــ پارتىيەنىڭ ئادىللىقى دېگەن مانا مۇشۇ، ــ دېدى ساپارغالى ھاياجانلانغان ھالدا، ــ كىم ئويلىغان بۇ ئىشلارنىڭ مانا مۇشۇنداق بولۇشىنى. ئۇنداقتا قۇدام، سىزگە ئۈچ خۇشاللىق بوپتۇ. بىرىنچىسى، يومبېشچىلىك دېگەن قالپاقتىن قۇتۇلۇپسىز. ئىككىنچىسى، قورۇ ـ جايىڭىز بىلەن مال ـ مۈلكىڭىز قايتۇرۇلۇپتۇ. ئۈچىنچىسى، نەۋرىڭىز سىزنى كۆرگىلى كەپتۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن يۈز ياشقا كىرمىسىڭىز بىزمۇ سىزدىن خاپا بولۇپ قالىمىز.

خەيرۇللام چوڭلارنىڭ قاقاھلاپ كۈلگىنىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ تۈن نىسپى بولغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە باقاخۇن مېھمانلارنى ئۆزىنىڭ قەدىم جايىغا باشلاپ كەلدى. ھويلىنىڭ ئالدى تەرىپى كوچىغا قارايتتى، كەينى تەرىپىدە يوغان ئالمىلىق باغ بار ئىدى. پۈتۈن بىر يۈرۈش ئۆينىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا دەرۋازىدىن كىرگەندىكى ئۆي سامانخانا بولۇپ، كۆز كۆنلىرى مال بېقىش ئۈچۈن ئەكېلىنگەن سامان مۇشۇ ئۆيگە كىرگۈزۈلەتتى. ئىككىنچىسى ئاشخانا بولۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرالغۇسى ئىدى. ئۇنىڭ چېتىدە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي

بولۇپ، ئىشىكتىن كىرگەندىكىسى دالان، سول تەرەپتىكىسى مېھمانخانا، يەنى ساراي بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىگە پول ياتقۇزۇلغاندى. ئوڭ تەرەپتىكىسى سۇپا چىقىرىلغان ئۆي بولۇپ، قىش كۈنى مېھمان كەلسە مۇشۇ ئۆيگە باشلىناتتى. بىر چاغلاردا سۇپا بىلەن تەڭ چىقىرىلغان ئوچاق ھازىر بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىنى تور بېسىپ كەتكەنىدى.

ساپارغالى بىلەن كۈمۈشىنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— ئىككى كۈن بولدى، — دېدى باقاخۇن مەمنۇن بولغان ھالدا، — بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقانلار كۆچۈپ كەتكىنى. شۇڭا يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. خۇدا بۇيرۇسا مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە كۆچۈپ كېلىپ، سىلەرنىڭ شەرىپىڭلارغا توي بېرىمەن.

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى باغقا ئۆتتى. باغنىڭ ئىچى جانغا ئارامبەخش ئازادە ھەم جىمجىت ئىدى. ئەتراپنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن گۈللەر كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. بۇك - باراقسان بولۇپ يېتىشىپ كەتكەن دەرەخلەر باغ ئىچىنى تېخىمۇ سالقىنلاشتۇرۇپ، ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. باغ ئىچىدە تورلۇك قۇشلار سايرىشىپ، ئەركىن - ئازادە پەرۋاز قىلىشاتتى. سەلتەنەت خۇددى ئۆزىنى يەردە ئەمەس، بەلكى ئەرشتە تۇرۇۋاتقاندەك سېزىپ، بالىلىق كۈلكىلىرى سىڭىپ كەتكەن بۇ باغنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەس ئالدى.

چۈشتىن كېيىن سەلتەنەتنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان تۇنىساخان بىلەن مامۇتئاخۇن كەلگەندە ئۆينىڭ ئىچى يەنە بىر قېتىم شادلىققا چۆمدى. تۇنىساخان

سەلتەنەتنىڭ قولىدىن روشەننىڭ خېتىنى ئېلىپ، يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇدى.

ــ پاھ، مېنىڭ دوستۇم راستىنلا قالتىس ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ. دادۇينىڭ ئايالللار مۇدىرى بولۇپلا قالماي يەنە تېخى ناھىيە بويىچە نەمۇنىچى بولۇپ، ئاكتىپلار يىغىنىغا قاتنىشىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىل كېلەمەن دەپ كېلەلمەيتىكەن ـ دە؟ ــ دېدى خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا. كېيىن يولدىشىنى ئەۋەتىپ بىر مۇنچە دوستلىرىنى چاقىرىپ كەلدى. ياشلار بىر چەتتىن گەپ قىلىپ، يەنە بىر چەتتىن كۈلۈشۈپ، ئۆيلەرنى تازىلاپ ئەينەكتەك پارقىرىتىۋەتتى. كەچكە يېقىن يەنە توي كۆچۈرگەندەك ناخشا ئېيتىپ، چاقچاق قىلىپ باقاخۇننى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ قويدى. بۇ خۇشال كەيپىياتقا دادۇينىڭ رەھبەرلىرىمۇ داخىل بولدى. ئۇلار ساپارغالى بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، تاغ ئارقىسىدىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

باقاخۇن خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. ئۆي كۆچۈشكە ياردەملەشكەن ياشلارنى قويۇپ بەرمەي، ئالدىن تەييارلاپ قويغان قوينى بوسۇغىغا ئەكەلدى.

ــ ئامىن!

ساپارغالى ئايالىنىڭ يېشىنى تارتىشى بىلەن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

قوي سويۇلدى. باش يىشۇرۇلدى. تاۋاق قازاقنىڭ ئادىتى بويىچە تارتىلغاندا ساپارغالىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى.

ئەتىسى باقاخۇن ئۇلارنى باشلاپ مازارغا كەلدى. مازارنىڭ ئەتراپى بىرچاغلاردا سوقۇلغان سوقما تام بىلەن

قورشالغان بولۇپ، ھازىر بۇ تاملارنىڭ بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ كەتكەچكە، ئاشۇ ئۆرۈلگەن يەرلەردىن ئىچكىرى - پەس قەبرىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئادەملەرنىڭ مېڭىشىدىن پەيدا بولغان چىغىر يول قەبرە ئارىسىدا خۇددى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇخشاش يىراقتىن ئەگرى - بۈگرى كۆرۈنۈپ، قەبرىستانلىقتا بىر خىل مۇڭ، بىر خىل سۈر بېغىشلاپ تۇراتتى. سەل نېرىدىكى بىر چېتى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي ئەينى چاغلاردا شەيخ ئولتۇرغان ئۆي بولۇپ، ئىچىدىكى لىم ياغاچ ھەم تاختايلار ھېلىھەم پارقىراپ تۇراتتى. پۈتۈن قورۇلۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئەينى چاغدىكى ئۇستىلارنىڭ بۇ قورۇلۇشقا كۆپ قان - تەرى سىڭگەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولاتتى.

باقاخۇن قەبرىلەرنى ئارىلاپ، شىۋاق باسقان بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۆكتى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىدىن پۈتكۈل مازار قايغۇغا چۆككەندەك بولدى. دادا قىرائەت قىلىۋاتاتتى. سەلتەنەت قىرائەتتىن باغرى ئېزىلگەن ھالدا كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشقا ئىگە بولالماي قالدى. قەبرە ئالدىدىكى سۈكۈتتە ئۆتكەن ئۇزۇن ۋە ئازابلىق مىنۇتلار ئۇنىڭغا ئۆتمۈشتىكى ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى بىر - بىرلەپ ئەسلەتتى. يەردىن يېرىم گەز ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قەبرە ئاستىدا ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۇنىڭغا خۇشاللىقلارنى ئاتا قىلىپ، ئېغىر كۈنلەردە ھەمدەم بولغان، ھەسرىتىگە ئورتاقلىشىپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەرگەن ئەڭ ئەزىز، ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇغ بىر ئىنسان — ئانا ياتاتتى...

بىر ھەپتە تۇرىمىز دەپ ئويلىغان ساپارغالى

ئويلىمىغان يەردىن توپتوغرا ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالدى. مېھماندوست قەشقەر خەلقى يىراقتىن كەلگەن قېرىنداشلىرىنى ئۆز ئۆيلىرىدە مېھمان قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى باقاخۇنىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇراتتى. ساپارغالى خۇددى ئۆز يۇرتىدا ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ قىمىز ئىچكەنگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ مېھمان بولدى. چىرايىغا ئەمدىلا قىزىللىق يۈگۈرگەن يۇرتداشلار ئۆزلىرى بىلەن يىلتىزى بىر بولغان ئەزىز مېھمانلارنى نېمە تاپسا شۇنىڭ بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مېھماندوستلۇقى ساپارغالى بىلەن ئايالىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان كۈنى ئۇزاتقىلى كەلگەن يۇرتداشلار كوچىغا پاتماي قالدى. بىر سىقىم جىگدە، بىر سىقىم قاق، بىر سىقىم ياڭاق ـ مېغىزلار خۇرجۇنغا تەرەپ ـ تەرەپتىن سېلىنىپ، ساپارغالى بىلەن ئايالىنىڭ كۆز يېشىنىڭ يامغۇردەك تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

ھەيۋەتلىك زالنىڭ پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلگەن ئادەملەر بىر خىل ئىشەنچ ئىلكىدە ئىشىكتىن كىرىشەتتى. زالنىڭ ئىچى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇلار قىزغىن ئەھۋاللىشىپ، خۇشال ـ خۇرام پاراڭ سېلىشماقتا ئىدى. بەزىلىرى بولسا ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلىگەن ھالدا بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇلارنى بىر خىل سېھرىي كۈچ، بىر خىل ئەقىدە بىر يەرگە جەم قىلغان بولۇپ، يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلغان گۈزەل كېلەچەك، پارلاق ئىستىقبال كۆز ئالدىدىن غىل ـ پال ئۆتكەندەك قىلاتتى. كۈتۈلمىگەن ھاياجان، چەكسىز خۇشاللىق ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان ئىلھام ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. ئۇلار مۇشۇ ھەشەمەتلىك زالنىڭ ئىچىدىكى كەيپىياتتىن ئاجايىپ زور مەنزىرىلەرنى كۆرمەكتە ئىدى. يىغىن زالىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغۇدەك يەر قالمىغاچقا، بەزىلەر دېرىزىگە يۆلەنگەن بولۇپ، يەنە بەزىلەر ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇراتتى. قىستاڭچىلىقتىن پەيدا بولغان بىر خىل دىمىق ھاۋا ئادەمنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇرۇپ، كېلىنى بوغاتتى.

يىغىن زالىنىڭ سىرتىدىكى مەيدانغا يىغىلغان ئاياللار ئاجايىپ چىرايلىق كىيىنىپ، گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان

گۈزەللىكى ئالدىدا ھەممە نەرسە خۇنۇكلىشىپ، جاھان تارلىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چىققان سىرلىق نۇر ئەرلەرنىڭ كۆكرەك قەپىسىدىن ئۆتۈپ، ئىچىنى يورۇتاتتى. شۇڭا ھاياجان ئىلكىدە ئاران نەپەس ئېلىۋاتقان ئەرلەر ئۆز قەلبىدە ئەزەلدىن بار بولغان، لېكىن تا ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان گۈزەل بىر دۇنيانى ئۇلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇلار لەۋلىرىنى تەمشىپ، ئۆزلىرىنى مەھلىيا قىلىپ يۈرەكلىرىگە ئاجايىپ شېرىن لەززەت بېغىشلاۋاتقان ئاياللارغا قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن قارىشاتتى. ئاياللارنىڭ بېشىغا چىگىۋالغان نېپىز ياغلىقلىرى، ئاپپاق بويۇنلىرىغا ئېسىۋالغان كەھرىۋا مارجانلىرى، سېھىرلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۈزۈن، نېپىز كۆڭلەكلىرى، ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان ئاپپاق بىلەكلىرى بىلەن يوغان پاچاقلىرى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە گۈلخان ياقاتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومېتىنى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاياللار دۇنياسى دالادا پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭدار گۈللەرنىڭ ئۆزىگە ئايلانغانىدى. بىرچاغلاردا كىيىش ئەمەس ئىسمىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان مىللىيچە كىيىملەر، زامانغا لايىق چاچ پاسونلىرى، يېڭىچە ياسىنىش يېڭى بىر ھاياتتىن دېرەك بېرىپ، كىشىلەرنى قەددىنى تىك تۇتۇپ، مەردانىلەرچە مېڭىشقا ئىلھاملاندۇراتتى.

ساپارغالى سەل ـ پەل مىدىرلاپ قويۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان نۇسۇپ مۇئەللىمگە يۈزلەندى:

— راستىنلا شۇنداق بولارمۇ؟ مېنىڭ ھېچبىر ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن نۇسۇپ مۇئەللىم جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە. بۇمۇ تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى.

— ئۇنداقتا جاھان ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتمەمدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قانداق قىلىمىز؟

نۇسۇپ مۇئەللىم كۈلۈپ كەتتى:

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. مېنىڭچە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دېگەن مانا مۇشۇ. ئانچە بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ. ئالدىرىمىسىڭىز تەرەققىياتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاز كۈندە ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرىسىز.

ساپارغالى ئويلىنىپ قالدى. مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى كوچا ـ كويدا ئېقىپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلەر ئادەمنى چۆچۈتەتتى. «خەلق گوڭشېسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇدەك. مال ـ ۋارانلارنى تارقىتىپ، ھەممە نېمىنى شەخسىنىڭ قىلىۋەتكۈدەك» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا قورققىنىدىن پۇت ـ قوللىرى تىترەپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالغانىدى. ئادەملەر ئازراق ئەركىنلىككە ئېرىشىۋېلىپلا ئۆزىنى بىلمەي قېلىشىۋاتاتتى. كاللا كېتىدىغان مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ، سارالڭ بولغان ئادەمدەك كۆرۈنگەن يەردە بىلجىرلاپ يۈرۈشەتتى.

— ئۇلار سارالڭ بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئاخشىمى تاماق ۋاقتىدا باللىرىغا جىددىي قاراپ، — «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەر» دېگەن

مانا مۇشۇ. خەلق گۇڭشېسىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ بىر سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قىلىنغان ھاقارەت. شۇڭا ھەممىڭلار سەگەك بولۇڭلار. بۇنداق گەپ ـ سۆزلەردىن نېرى تۇرۇڭلار. بىز كوممۇنىستىك پارتىيەگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ، چۈنكى كوممۇنىستىك پارتىيە بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇ كۈنگە ئېرىشىپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئەركىن ـ ئازادە ياشاۋاتىمىز. ئەگەر كىمدىكىم مۇشۇ ئىش توغرىسىدا شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ ئائىلىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان بولسا مەن ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن.

ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ ئۆزىنى تولىمۇ يەڭگىل سەزدى. ھاياتلىق سەپىرىدە بىر قېتىم بۇرنىغا يېدى، ئەمدى يەنە بۇرنىغا يېسە بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خەلق گۇڭشېسى دېمەك، سوتسىيالىزم دېمەك؛ خەلق گۇڭشېسى دېمەك، كوممۇنىزم دېمەك. بۇنداق ئىشتا قاتتىق ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ. ئۇزۇن يىل كىيگەن باي چارۋا قالپىقى ئۇنى مانا مۇشۇنداق سەگەك قىلىۋەتكەنىدى.

ساپارغالى ئاتقا مىنىپ توختاپ قالدى. خەي شۇجىنىڭ يېنىغا بارغاندا قانداق قىلىدۇ؟ خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئەمەلدىن قالدىغانلىقى راستمۇ، دەپ سورامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق دەپ سورىسا خەي شۇجى نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تېخى يېقىندىلا ئاقلىنىپ، «يەتتىنچى ماي كادىرلار مەكتىپى»دىن قايتىپ چىقتى. گەرچە سىياسىتى ئەمەللىشىپ، ئۇستىدىكى تۆھمەتلەر ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، تېخى مۇقىم بىر

خىزمەتكە قويۇلغىنى يوق. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ئۇنى ئاۋارە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

ساپارغالى ئاتتىن چۈشتى. قانداق قىلسام ياخشى بولىدۇ؟ دېگەندەك بىر پەس خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئۆزى دائىم چىقىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان تۆپىلىككە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ خەي شۈجىنىڭ ئاقلانغانلىقىنى، سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنى نەچچە ئون ياش ياشىرىپ كەتكەندەك سېزىپ، كۆزلىرىدىن بەخت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ كەتتى. جايىدا جىم تۇرالماي ئاتقا مىنگىنىچە ئۇنى يوقلاپ باردى. خەي شۈجى خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن تۇغقىنى بىلەن كۆرۈشكەندەك ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، قولىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سىقتى.

ــ مەن دەرۋازىۋەندىن سىزنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدىم. شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىڭىزغا رەھمەت، ــ دېدى.

ــ بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ــ دېدى ساپارغالى ئۇنىڭغا ھاياجان ئىلكىدە تىكىلىپ، ــ بىز دېگەن قان ـ قېرىنداش تۇرساق.

ــ توغرا، ــ دېدى خەي شۈجى ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ــ بىز دېگەن بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلالمايدىغان قان ـ قېرىنداشلاردىن. بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى. خەي شۈجى ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى. بالىچاقىلىرىنىڭ، ئۇيغۇر كېلىنىنىڭ

ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇلارغا بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈردى. مانا بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن گۇڭشىپ يىغىنىغا چاقىرىپ قالدى. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا ئادەمنى سوغۇق تەر باسقۇزىدىغان ۋەھىمىلىك سۆزلەر.

— يولداشلار، ئۇنداقتا يىغىنىمىزنى باشلايلى. مەن ئالدى بىلەن گۇڭشېمىزغا كەلگەن خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. مانا بۇ خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى خەي دالۇڭ. ئۇنى ھەممىڭلار تونۇيسىلەر...

ساپارغالى بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئۇ بىلىدىغان خەي شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئامىمغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتاتتى. گۇڭشېنىڭ شۇجىسى بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن سۆز نۆۋىتىنى خەي شۇجىغا بەردى. خەي شۇجى تۆۋەندىكىلەرگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ھازىرقى ۋەزىيەت ھەم ۋەزىپىلەر ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر خىل ئىشەنچ، ئارزۇ ـ ئۈمىد چىقىپ تۇراتتى.

— ھەممىڭلارغا مەلۇم،— دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئاساسىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلى دەرىجىدە ئۆستى، لېكىن ھاكىمىيەت بىلەن كوپېراتىپ بىر گەۋدە قىلىنغان خەلق گۇڭشېسىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىلدى. تەقسىمات جەھەتتە ئېغىر تەڭ تەقسىماتچىلىق خاھىشى ساقلاندى. بۇ تۈزۈلمە دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى

قىلدۇرۇشىغا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالغان سېلىنمىسىنى خېلى زور دەرىجىدە خورىتىۋەتتى. نەتىجىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى بىرقەدەر ئاستا بولدى. شۇڭا مەركىزىي كومىتېت ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ جايلاردىن مەمۇرىيەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىۋېتىشنى، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدا يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئۇنى ئاساسىي قاتلامنىڭ ھاكىمىيىتى قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇنى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتى قىلىش بەلگىلەندى.

خەي شۇجى سۆزلەۋاتاتتى. شۇنچە نۇرغۇن ئادەم قىستىلىشىپ ئولتۇرغان يىغىن زالىدا ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلغۇدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. سىرتقا ئورنىتىلغان رادىيو كانىيىدىن چىقىۋاتقان خەي شۇجىنىڭ ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا تارقىلاتتى. ساپارغالى قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ھالدا خەي شۇجىغا تىكىلگىنىچە مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئەگەر بۇگۈنكى يىغىندا خەي شۇجى سۆزلىمىگەن بولسا ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز ئورنىدا بۇنچە ئۇزاق ئولتۇرمىغان بولاتتى.

خەي شۇجى خەلق گۇڭشېسىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى چىن ھەقىقەت بولغاچقا، ھەربىر ھالقىلىق يەرگە كەلگەندە ئاممىا قىزغىن چاۋاكلار بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيتتى. ئۇ ئاخىرىدا:

— هازىر ۋاقىت ئىنتايىن قىس. كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى باھالاش ھەم ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا تەقسىملەپ، زىمىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەرقايسى دادۈيلەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلىدۇ. يولداشلارنىڭ خىزمىتىمىزگە يېقىندىن ماسلىشىپ بېرىشىنى سورايمەن.

گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى زال ئىچىدە خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. ساپارغالى يىغىندىن چىقىپ يەڭگىل نەپەس ئالدى. خەي شۇجىنىڭ دېگەنلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. شۇ قېتىملىق يىغىندىن كېيىن ھەممە نەرسە يېپيېڭى قىياپەتكە كىرىپ، ئادەملەرنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. ئارزۇ - ئارمانلار كۆپىيىپ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ساپارغالىنىڭ ئويىچە بولغاندا ئارزۇ ئىنساننى توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيتتى. بۈگۈننى ئەتىگە، ئەتىنى ئۆگۈنگە ئۇلايتتى. ئىنساننىڭ بۇ ئالەمدە تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشىشىغا تۈرتكە بولاتتى. كۆڭۈل بولسا ئازدۇرغۇچى جادۇگەر. ئىنسان كۆپىنچە ھاللاردا كۆڭۈل تەرىپىدىن ۋەيران بولۇپ، ھاياتنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئاخىرلاشتۇراتتى. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كۆڭۈل ئارزۇنى بارلىققا كەلتۈرەتتى. ياخشى ئارزۇ كۆڭۈلگە بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار گويا بىر - بىرى بىلەن مەڭگۈ تېپىشالمايدىغان ئاشۇق - مەشۇقلارغا ئوخشايدۇ.

— قىزىم،— دېدى بىر كۈنى ساپارغالى سەلتەنەتكە

بىر خىل ئىلتىجا بىلەن قاراپ،ــ مەن ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىل. سىزمۇ شۇنداق بىر كۆڭلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن بولسىڭىزمۇ مەن كونىچە قاراشتا چىڭ تۇرۇپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپ قويدۇم. مېنى كەچۈرۈڭ.

سەلتەنەت قېيىنئاتىسىنىڭ سۆزىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي، قېيىنئانىسىغا قارىدى.

ــ دادىڭىز ھېلىقى توخۇ بىلەن قىمىزنىڭ ئىشىنى دېمەكچى. شۇ ئىش ئۆزۈندىن بېرى ئۇنى ئازابلاپ كەلگەن. بۈگۈن پەيتى كەلگەن چېغى، شۇنى دەپ ئۆزىمۇ يەڭگىللەپ قالدى،ــ دېدى قېيىنئانا كېلىنىگە چۈشەندۈرۈپ.

ــ بۇ قاچانقى ئىشلار،ــ دېدى سەلتەنەت بىردىنلا ئۆزىنى ئىنتايىن ئوڭايسىز ھالەتتە سېزىپ،ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت شۇنداق ئىدى. چوڭلارنىڭ بىز ياشلارنى تىزگىنلەپ تۇرغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى. شۇنداق بولغاندا ئاۋارىچىلىك ئاز بولىدۇ.

ساپارغالى يېنىك تىن ئالدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ يارقىن بىر مەنزىرە يېيىلىپ ياتاتتى. چوڭ كېلىنى بىلەن كىچىك كېلىنى ھازىر ھەممىدىن ئالدىراش. زاكاز قىلىنغان شىرداق بىلەن كەشتىلەر ئۇ ئىككىسىنى كۈندۈزنى كېچىگە، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاشقا چاقىراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانا ئەمدى مال بۆلۈش باشلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە نەرسە ئۆز ئىلكىدە بولىدۇ. ئۇنى ھېچكىممۇ بۇرۇنقىدەك بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ كېلىپ بىكارغا ئەكېتەلمەيدۇ.

ئۆي ـ ئۆيدىن توپ ـ توپ بولۇپ چىقىشقان ئادەملەر داۋىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ئاقاتتى. نەۋرىلىرىنى يېتىلىگەن بوۋاي ـ مومايلار، چىرايىدىن شادلىق تەپچىپ تۇرغان ئەر ـ ئاياللار، گۈللۈك ئەدىيالغا ئوراپ كۆتۈرۈۋالغان بوۋاقلاردىن تارتىپ قوزغىلىپ، مەيداننى بىر ئالغاندى. ھاۋا تىنچىق بولغاچقا تەپچىپ چىققان تەر بويۇنغا قاراپ ئاقاتتى. كۆن تېخى يورۇق بولۇپ، قاتار باغلانغان ئاتلاردىن ئېچىغان تەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئادەملەر تەقەززالىق ئىچىدە تەرلىرىنى سۈرتكەچ ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەچكە، ھەممە يەردىن گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

يىغىن ھېچبىر داغدۇغىسىزلا باشلاندى. داۋىنىڭ بوغالتىرى مالنىڭ باھاسى، باھاغا سۇندۇرۇلغاندىن كېيىن قايتۇرۇلىدىغان پۇلنىڭ يىل سانى، بۆلۈنگەن مالنىڭ ئومۇمىي سانى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بەزى نەرسىلەرگە چۈشەنچە بەردى.

— بۇ قېتىم بىز داۋىيىڭلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قىسىم ماللارغا تەگىشەش ئېلىپ باردۇق. ئەمگەك كۈچى تولۇقلارنىڭ مېلى ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. ئەمگەك كۈچى كۆپ، قولىدىكى مال سانى ئازلارغا ئەمگەك كۈچى ئاز، قولىدىكى مال سانى كۆپلەرنىڭ مېلىدىن تەگىشەپ بېرىلدى. ھەممىڭلارغا مەلۇم، ھازىر قولۇڭلاردا بار بولغان مالنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپنىڭ مېلى. ئۇ باھاغا سۇندۇرۇلۇپ تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتىدۇ. ھېچكىم سىلەردىن بىرەر تۇياق مالنى بىكارغا ئالالمايدۇ. بۇگۈنكى

سىلەر ئاڭلىغان سان ـ سېپىرلار بىر ـنچى قەدەم. باڭ چىقىرىلغاندىن كېيىن باشقىچە پىكرى بارلار ئۆز پىكىرلىرىنى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا دېسە بولىدۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى باڭ چىقىرىلغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئائىلىلەر بىلەن توختام ئىمزالايمىز. شۇڭا توختام ئىمزالاشتىن بۇرۇن ياخشى ئويلىنىپ، ئاخىرقى قارارغا كېلىشىڭلارنى سورايمەن.

دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىرمەك ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە جان سانى كۆپ بولغاچقا، قولىدىكى مالنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە قالدۇرۇلغانىدى. ئۇ دادىسىغا مەمنۇنلۇق ئىچىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

تەبىئەت دۇنياسى ئاجايىپ سېخىي بولۇپ، ئۇنىڭ قوينىدا ئىنسانلارغا كېرەكلىك بولغان قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ ياتاتتى. مەيلى خىلۋەتتىكى يالغۇز ـ يېگانە ئۆي بولسۇن، مەيلى تاغ باغرىغا جايلاشقان كىچىككىنە مەھەللە بولسۇن، ئەتراپتىكى مەنزىرىگە، گۈل ـ چېچەكلەرگە، ھەيۋەتلىك تاغلارغا تولىمۇ ماس كەلگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە يەنە بىر گۈزەللىك قوشۇلدى. ئۇ بولسىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كاپالىتى بولغان مەسئۇلىيەت.

ئىرمەك دالانى بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ بىر بەلدىن ئاشقاندا ئۇتلاپ يۈرگەن نۇرغۇن مال پادىسى كۆرۈندى. باشىنىڭ ئۈستىدىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاسمان ـ پەلەك تاغ چوققىلىرىنىڭ خەتەرلىك يەرلىرىگە چىقىۋالغان ئۆچكىلەرنىڭ تۇيىقىدىن سىرغىپ چۈشكەن تاشلار شىلدىرلاپ، كىشى

كۆڭلىگە بىر خىل ئەنسىزچىلىك سالاتتى. ئاسماننىڭ قەرىدە قاناتلىرىنى كەرگىنىچە لەيلەپ يۈرگەن سالار مۇشۇ زىمىندىن ئۇلجا ئىزدەپ گاھ پەسلىسە، گاھ ئۆرلەپ ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قارايتتى.

ئىرمەك شۇ يوگۈرگىنىچە ئىنىلىرى مال بېقىۋاتقان يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىكەنلىكىنى كۆرگەن جاڭغابىل ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— خۇش خەۋەر، — دېدى ئىرمەك ئىككى قولى بىلەن تىزىنى بېسىپ، — مال بۆلۈشنىڭ تۈنجى تىزىملىكى چىقتى. ئۆزىمىزنىڭ مېلى ئۆزىمىزگە قايتۇ.

ئۇ بەكلا ھاسىراپ كەتكەچكە مۇشۇ سۆزلەرنى تولىمۇ تەستە دېدى. قەسەن بىلەن جۇماتاي بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشقانىدى. ئۇلار تۆپىلىك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كەلگۈسى تۇرمۇشى ئۈستىدە ئۇزۇندىن - ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

يىللار خۇددى ئاققان سۇدەك ناھايىتى تېز لا ئۆتۈپ كەتتى. سەلتەنەت ئوغلى مۇرادنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە كىرگەندە قېيىنئانىسى خەيرۇللامنى كىيىندۈرۈۋاتاتتى. ئۈستىگە چاقماق كۆڭلەك، كۆك خادانى شىم كىيىپ، بويىنىغا قىپقىزىل گالىستۇك چىگكەن خەيرۇللام خۇددى يېڭى ئېچىلغان قىزىل گۈلگە ئوخشىشىپ قالغانىدى.

— قانداق ياخشى زامان دېسىڭىزچۇ، بالام، بۇمۇ باللارنىڭ بەختى. تۇنۇگۇنكى بوۋاق مانا بۈگۈن ئوقۇغۇچى بولۇپلا قالماستىن پىيونېرمۇ بولدى. يەنە كېلىپ تېخى بىلىمدە بالدىقى بار، — دېدى كومۇش

نەۋرىسىنىڭ يېڭىگە ئاسقان بىر سىزىقلىق بەلگىنى كۆرسىتىپ.

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى سەلتەنەت قېيىنئانىسىنىڭ سۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، — جاھاندا ئادەمنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتىدۇ. بەزىدە بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ چۈشۈمىكىن دەپ قالىمەن.

— كۆڭۈل خاتىرجەم بولسا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەي قالىدىكەن ئادەم. مانا بىلىپ - بىلمەي مۇرادمۇ ئىككى ياشقا كىرەي دەپ قالدى. ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە ئۇنىڭمۇ سۈننەت تويىنى قىلىمىز. ئۇ چاغدا سۈننەت توي ئاكىسىنىڭكىدىنمۇ كاتتا بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن سەلتەنەت دادىسىنى ئەسلەپ قالدى. بەلكىم بۇ چاغقىچە ئۆيگە يېتىپ بېرىۋالغاندۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ يەڭگىل نەپەس ئالدى. خەيرۇللامنىڭ سۈننەت تويىغا كەلگەن دادا پەقەت بىر ھەپتىلا ئاران تۇردى. «كەتمىسەم ئۆي يالغۇز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىم - تېرىم ۋاقتى بولۇپ قالدى» دەپ قۇدىلىرىدىن رازىلىق ئالدى.

سەلتەنەتنىڭ خىيالى قېيىنئاتىسىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. قېيىنئاتا خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال ئىدى.

— تېزدىن تەييارلىق قىلىڭلار، خەي شۇجى بۈگۈن چۈشكە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان ئەكېلىدىكەن. سەرسەن دېگەن ھاڭۋاقتى بۇ خەۋەرنى ھازىرلا يەتكۈزدى. كەم - كوتا نەرسىلەرنى ئىرمەك ماگىزىنغا بېرىپ دەرھال ئەكەلسۇن. مەن ئۇنىڭغا دەي.

ساپارغالى ئۆيگە قانداق تېز كىرگەن بولسا شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. قېيىنئانا بىلەن كېلىن بىر ـ بىرىگە قاراشتى. خەي شۇجىننىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرى مېھمان كەلسە ئەزەلدىن تەمتىرىمەيدىغان كومۇشىنمۇ تەمتىرىتىۋەتتى.

ــ ئۇنداقتا تېز بولايلى، بالام، يامان ۋاقىتتا كىچىك كېلىننىڭ ئاپىسىنىڭكىگە كەتكىنىنى قارىمامدىغان. بۇ كىگىز ـ كىچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، سىز تىككەن شىرداقلارنى سالايلى. بىلىمەن، شىرداق خەقنىڭ، بازارغا تىكىلگەن شىرداق. يەرگە سالغاندىن كېيىن ئۇنى خەققە بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا شىرداق بىزگە قالسۇن. خەي شۇجى، ھە راست، خەي ھاكىم ئولتۇرغان شىرداق بولغاندىن كېيىن ئۇنى خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويساقمۇ بولىدۇ. ئىشەنسىڭىز، بالام، بىزنىڭ ئۆيگە بۇنداق چوڭ باشلىق پەقەتلا كېلىپ باقمىغان. خۇدايا توۋا قىلدىم، خەي ھاكىمنىڭ قانداقلارچە بىزنىڭ ئۆيگە كەلگۈسى كېلىپ قالغاندۇ.

قېيىنئانىسىنىڭ بىردىنلا بۇلبۇلدەك سايراپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سەلتەنەت ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. ئۇلار قول ـ قولىغا، پۇت ـ پۇتىغا تەگمىگەن ھالدا ئۆي ئىچىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك قىلىۋەتتى.

دېگەندەك چۈشكە يېقىن ئۇلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئىككى ماشىنا كېلىپ توختىدى. خەي ھاكىم كۈلگەن پېتى كېلىپ ساپارغالى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ــ بۇياق ۋىلايەتلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى

باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇن جۇجاڭ. بۇلار بولسا سۇن جۇجاڭنىڭ خىزمەتداشلىرى. ئۇلار خىزمەت تەكشۈرگىلى كەلگەنىكەن. تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەن ئۇلارنى سىزنىڭكىگە باشلاپ كەلدىم. خىزمەت بىلەن دەم ئېلىش بىرلەشمىسە قانداق بولىدۇ. بۈگۈن قانداق ھۈنىرىڭىز بولسا ھەممىسىنى چىقىرىڭ. پۇل خەجلەشتىن قورقماڭ. بۈگۈنكى سورۇننىڭ چىقىمىغا مەن خەي دالۇڭ ئىگە،— دېدى خەي ھاكىم ئەتراپىدىكىلەرنى تونۇشتۇرۇپ.

— ئۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ خەي ھاكىم،— دېدى ساپارغالى گەدىنىنى قاشلاپ،— ئۆي مېنىڭ تۇرسا.

— بىلىمەن، سىلەر قازاق خەلقى ئەزەلدىن ئۆيگە كەلگەن مېھماندىن پۇل ئالمايسىلەر. بۇنداق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىسىلەر، بىراق بۈگۈن ئۇنداق بولسا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ مېھمانلارنى مەن باشلاپ كەلدىم. مېھمان سىزنىڭ مېھمىنىڭىز ئەمەس، بەلكى مېنىڭ مېھمىنىم. پەقەت ئورۇن ئالماشتى، خالاس. بۇ توغرىسىدا ئەمدى تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن بۇ يەردە دەم ئالغاچ خىزمەت توغرىسىدا پاراڭلىشىمىز.

ساپارغالى بىر خىل ئوڭايسىز ئەھۋالدا ۋىلايەتتىن كەلگەن سۇن جۇجاڭغا قاراپ قويىدى. سۇن جۇجاڭ خەي ھاكىمگە بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، خەي ھاكىم ساپارغالىغا بۇرۇلۇپ:

— قارىماسىز سۇن جۇجاڭغا، ئۇ تاماق ۋاقتىدىمۇ خىزمەتنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان ئەستايىدىل ئادەم. مەن ئۇنىڭغا ئۆيغۇر كىلىنىڭىز تىككۈۋاتقان شىرداق توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنىدىم. ئۇ شۇ شىرداقنى

سوراۋاتىدۇ، — دېدى. ساپارغالى بۇرىلىپ ئايالىغا قارىۋىدى، كۈمۈش يەرگە سېلىنغان شىرداقنى تۇتۇپ قويىدى. ساپارغالى ھەممىنى چۈشەندى:

— ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز، خەي ھاكىم، — دېدى ساپارغالى خىجىللىق ئىلكىدە، — بۇ ئىشتىن بىخەۋەر باللار شىرداقنى يەرگە سېلىپ قويۇپتۇ.

خەي ھاكىم شۇ چاغدىلا ئاستىدىكى شىرداققا قارىدى. ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىپ تۇرىدىغان شىرداقنىڭ بىر چېتى داستىخان ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن مېھمانلار ئاستىدىكى كۆرپىنى، داستىخاننىڭ چېتىنى قايرىپ، چىرايلىق ھەم پۇختا تىكىلگەن شىرداقنى ماختاپ كېتىشتى.

— ھەقىقەتەن ماختىغۇچىلىكى بار شىرداقلار ئىكەن. بىر پەستىن كېيىن داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ باقايلى. بەلكىم بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، سۇن جۇجاڭ مەخسۇس مۇشۇنداق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. بۇ ئىدارە يېڭىدىن قۇرۇلغان بولغاچقا، بۇ تەرەپكە تېخى ئىزدەپ چىققانىكەن. بىلسىڭىز، بۈگۈن ئۆيىڭىزگە بايلىق ئىلاھى كەلدى جۇمۇ.

خەي ھاكىمنىڭ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

چايدىن كېيىن مېھمانلار تاغ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. كۈن ئوچۇق بولغاچقا پۈتۈن دالا بىر خىل گۈزەللىك ئىلكىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان قىيىنئانا بىلەن كېلىن بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ

چىرايىدىن ئىپتىپ تۇگەتكۈسىز بىر خىل خۇشاللىق بالقىپ تۇراتتى. ئانا كۈلۈپ قويۇپ:

— بالام، ئۇلار سىزنى ئەكەتمەس ـ ھە؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، ئاپا، خەي ھاكىمنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ۋىلايەتتىن كەلگەن سۇن جۇجاڭ مەخسۇس كارخانىلارنى باشقۇرىدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر شىرداق كارخانىسى قۇرىمىز دېسەك بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپلا قالماستىن يەنە تېخى مەبلەغ بىلەنمۇ تەمىنلىسە كېرەك.

سەلتەنەت شۇنداق دەپ قېيىنئانىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى. قېيىنئانىنىڭ چىرايىدىن مەمنۇنلۇق، شاد ـ خۇراملىق بالقىپ تۇراتتى. سەلتەنەت ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلانغاچقا، پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، نەپەس ئېلىشىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى چۇلغاپ، كۆڭلىگە ئارام بەرمەيۋاتقان شېرىن خىياللار يېقىندىن بۇيان كەينى ـ كەينىدىن رېئاللىققا ئايلىنىۋاتاتتى. ھەممە نەرسە خۇددى چاقچاق تۇسىنى ئالغاندەك ئاددىيلىشىپ، قولنى سۇنسا يەتكۈدەكلا يەردە تۇراتتى.

مېھمانلار تەملىك پىشۇرۇلغان گۆشنى، ئوخشىغان پېتىر مانتىنى، ئاغزىدا قالغۇدەك سۇيۇقئاشنى ئىچىپ، ئۆي ئىگىسىنى ماختاپ كەتتى.

— ماختاشقا تېگىشلىكى مەن ئەمەس، مانا بۇ كېلىنىم، — دېدى كۈمۈش پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن سەلتەنەتنى كۆرسىتىپ، — ئۇ ئەتكەن تاماقنى بىزمۇ ھەۋەس بىلەن يەيمىز.

— ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك تاماق بوپتۇ. ۋىلايەتتىن كەلگەنلەرمۇ باشقا يەردە بۇنداق تەملىك تاماق يېمىگەنلىكىنى دېيىشتى. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇگۈن

بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمىز توغرا بوپتۇ. سەلتەنەت، شۇنداق ياخشى ھۈنىرىڭىز تۇرۇپ، ئۇنى ئىشقا سالمىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ. مېنىڭ تەكلىپىم، سىلەر مۇشۇ يەردە بىر ساياھەت نۇقتىسى ئېچىڭلار، شىرداقنىمۇ تىكىڭلار، ساياھەتكە كەلگەنلەرنىمۇ كۈتۈڭلار. ۋىلايەتتە سۈن جۇجاڭ بار. ناھىيەدە مەن بار. ئەگەر شۇنداق قىلىش نىيىتىڭلار بولسا سۈن جۇجاڭمۇ، مەنمۇ قوللايمەن. سىز ۋاقىت چىقىرىپ يولدىشىڭىز بىلەن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، بازار ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بېقىڭلار. ھازىر ھەممە ئادەم بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويۇۋاتقان چاغ. بازارنى كۆرسەڭلار كۆڭلۈڭلاردا سان بولىدۇ. كۆڭۈلدە سان بولسا ئىش قىلماقمۇ ئاسان بولىدۇ. ئۇيغۇرلار سودىغا پىششىق خەلق. ساپارغالى، سىز كېلىنىڭىزنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىدىن ياخشى پايدىلانسىڭىزلا ئۆزىڭىزنىلا ئەمەس، بەلكى ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىمۇ بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىيەلەيسىز. بۇ دېگەن ھازىرقى چوڭ يۈنىلىش.

خەي ھاكىم ماڭىدىغان چاغدا ساپارغالىنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ:

— بۇنى قايتۇرسىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى قايتۇرغان بولىسىز. ھەقسىز تاماق يەيدىغانغا ئاير ىم كېلىمەن. بۇ مېنىڭ سىلەر قىلماقچى بولغان ئىشقا قوشقان ياردىمىم بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

مېھمانلار كەتتى. ئۇلارنىڭ كېتىشى بىلەن كىشى قەلبىنى ئويغىتىدىغان ھاياجانلىق مىنۇتلار بىردىنلا سەلتەنەتنىڭ قەلبىدە تاتلىق سېزىم پەيدا قىلدى. ئۇ

يوُرىكىدە مىدىرلاۋاتقان ئىللىق بىر سىزىمگە قوُلاق سالغاچ، دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى.

ئوُلار چاقناپ توُرغان ئېلېكتىر چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا قاتار مېڭىپ، دوقموُشتىكى كىچىك بىر ئاشخانىغا كىردى. سەلتەنەت شوُ چاغدىلا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئوُلار روبىرو ئولتوُروُپ تاماق يېيىشتى. سەلتەنەت ئوُدوُلىدا ئولتوُرغان ئىرمەكنىڭ شوُ تاپتىكى ھېسسىياتىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئوُنىڭغا كۆزىنى تىكەتتى. سەلتەنەت ئۆمرىدە نوُرغوُن قېتىم شادلىقىقا چۆموُلگەن بولسىموُ، بوُگوُنكىدەك شادلىققا چۆموُلوُپ باقمىغاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى.

— قېنى دېگىنە، — دېدى ئىرمەك ئايالىغا زوقمەنلىك بىلەن تىكىلىپ، — بوُگوُنكى ھېسسىياتىڭ قانداقىراق، بازارغا كېلىپ نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالدىڭ؟

— ئۆگەنگەن نەرسە ناھايىتى كۆپ، — دېدى سەلتەنەت كوُلوُپ توُروُپ، — خەي ھاكىم دېگەنىدەك بوُ يەردە راستىنلا ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپتوُ. بازار ئىگىلىكى دېگەن مانا موُشوُ. بىزگە نېمە ئېھتىياجلىق بولسا سېتىۋالىدىغان گەپ. ئوُلار نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا سېتىپ بېرىدىغان گەپ. مەن ھەممىدىن بەكرەك تاماقنىڭ باھاسىنى بىلىۋالدىم. ئەگەر بىز راستىنلا ساياھەت ئورنى ئېچىپ قالساق ھەرگىز تەمتىرەپ قالمايمىز. نوُرغوُن نەرسىلەر ئۆزىمىزدىن چىققاندىن كېيىن، تاماقنىڭ باھاسىموُ بازاردىكىدىن ئەرزان بولىدوُ.

ئوُ ئېرىگە ئۆزىنىڭ بازارغا كىرگەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىنى ئەتراپلىق، ئاددىي قىلىپ چوُشەندوُردى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا مانا ئەمدى پارلاق بىر مەنزىرە يېيىلىپ ياتاتتى.

— دادام دېدىغۇ، ئاز كۈندە جاڭغابىلنىڭ تويىنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن كەشتە بىلەن كىگىزچىلىككە بىرلەشتۇرۇپ، ساياھەت ئورنىنىمۇ ئاچىمىز. كۆنلىرىمىز چوقۇم ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. قايسى كۈنى دادامنىڭ جۇمائىلى ئاكىغا ئۆي بۇيرۇتۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. بىلىشىمچە سەككىز ئېغىزلىق بۇ ئۆي چوقۇم ساياھەت ئورنى ئۈچۈن بۇيرۇتۇلغان.

ئۇلار ئەتىسى ناشتىنى يېقىن ئەتراپتىكى چايخانىدا قىلىشتى. بۇ چايخانىنى «ھېزىم ‹توپلەي› چايخانىسى» دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. بۇ يەردىكى گەپ ئۇنىڭ لەقىمىنىڭ غەلىتىلىكىدە بولماستىن، بەلكى چېيىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى تەشنالىقىنى قاندۇرغانلىقىدا ئىدى. يىراق - يېقىندىن كەلگەنلەرنىڭ بۇ چايخانىغا كىرىپ چاي ئىچمەيدىغىنى يوق ئىدى. ئۇلار ھېزىم «توپلەي»نىڭ قولىنىڭ تەملىكلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، چاي دەملەشنىڭ سىرى ئۈستىدە دەتالاش قىلىشاتتى. سەلتەنەت چاي ئىچكەچ بۇ يەردىكى سىرلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

ئىرمەك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ توساتتىن كېرىم بىلەن تۇرسۇننى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قىزغىن پاراڭلاشقاچ ئىشىكتىن كىرىۋاتاتتى. ئۇلارمۇ ئىرمەكنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. بىرچاغلاردىكى سەپەرداشلار چايخانىدا مانا مۇشۇنداق ئۇچرىشىپ قالدى.

ئۇلار بىر پەس پاراڭلاشتى. كېرىم بىلەن تۇرسۇن شۇ

چاغدىكى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ راسا كۈلۈشتى. «ئايالدىن تەلىيىڭ كەپتۇ» دەپ ئىرمەككە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئەتراپ ئىنتايىن جىمجىت ئىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، تاملاردا ساڭگىلاپ قالغان قەغەز پارچىلىرىمۇ قىمىرلىمايتتى. دائىم دېگۈدەك ئۈچۈپ يۈرىدىغان قۇشقاچلارمۇ بۈگۈن كۆرۈنمەيتتى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان توپىلىق يولمۇ بۈگۈن ئۇزىراپ قالغاندەك بىلىنەتتى. خەيرۇللام بىلەن مۇراد دادىسى بىلەن ئاپىسىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قوللىرىنى كەڭ يايغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى.

ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ قايتىپ كېلىشى بىلەن ئۆي ئىچى باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى. ساپارغالى پات ـ پات سوئال قويۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى ھەققىدە شېرىن خىياللارغا غەرق بولاتتى.

— مېنىڭچە، كەشتىچىلىك بىلەن كىگىزچىلىك كارخانىسىنى كېڭەيتەيلى، مۇمكىن بولسا بۇ كارخانىنى يېزا مەركىزىدە قۇرايلى. ساياھەت ئورنىنى مۇشۇ يەردە ئاچايلى. دادا، سىز باش دېرېكتور بولۇپ ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرۇڭ. ئىرتۇستۇك كەشتىچىلىك بىلەن كىگىزچىلىك كارخانىسىنى باشقۇرسۇن. ئىرمەك ساياھەت ئورنىنى باشقۇرسۇن. بىزنىڭ ئائىلىدە ئادەم كۈچى كۆپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى قىلىپ كېتىشىمىزدە مەسىلە يوق. باشقا بالىلار مال ـ ۋارانغا سۆزسىز يېتىشىدۇ. جاڭغابىلنىڭ تويىنى قىلساق يەنە بىر ئەمگەك كۈچى كۆپىيىدۇ، دېگەن گەپ. شۇنداق بولغاندا تاماق مەسىلىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ

كېتىدۇ، ــ دېدى سەلتەنەت هاياجىنىنى زورىغا بېسىپ. بۇ گەپ ھەممەيلەنگە مايدەك ياقتى.

جاڭغابىلنىڭ تويى ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك قىزىپ كەتتى. ھەريەر ـ ھەريەردىن كەلگەن بەيگىچىلەر ئات چاپتۇرۇپ تويىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋەتتى. توققۇجا خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قالغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا سەرسەن شۇجى بولدى. كەنت باشلىقلىقىغا چارۋىچىلار بىر ئېغىزدىن جاڭغابىلنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئەمدىلا توي قىلغان جاڭغابىل كەنت باشلىقى بولدى. ساياھەت ئورنى ئېچىلغان كۈنى خەي ھاكىم يېزا باشلىقلىرى بىلەن ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ساپارغالى ئائىلىسىگە ئۇتتۇقلار تىلىدى، سەلتەنەتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇ ئاچقان ساياھەت ئورنىغا تۇلپارلار ئويناقشىپ تۇرغان كۆرۈنۈش سوۋغا قىلدى.

سەلتەنەت تاللىغان ساياھەت ئورنى تۇمشۇقسىمان بولۇپ، ئاجايىپ قورام تاشلار ئادەمگە خۇددى دەريادىن سۇ ئىچىۋاتقان غايەت زور مەخلۇقنى ئەسلىتەتتى. قورام تاشنىڭ يىقىنىدا پەيدا بولغان قايىنام قارىغاي پوستىلىرى، دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرى، قومۇرۇلغان يىلتىزلارنى سىڭدۇرۇپ كېتەلمەيۋاتقاندەك توختىماستىن چۆرگۈلەيتتى. بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بۇك ـ باراقسان قارىغايلىق خۇددى بۇ يەرنى بوران ـ چاپقۇندىن قوغداپ قالماقچى بولغاندەك ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئورۇن خەي

ھاكىمغا بەكلا ياراپ كەتتى. ئۇ سەلتەنەتنىڭ كەشتىچىلىك بىلەن كىگىزچىلىك كارخانىسىنى يېزا مەركىزىدە ئېچىش ئويى بارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا يېزا رەھبەرلىرىگە تاپىلاپ، ئەڭ ياخشى يەردىن ئورۇن ھەل قىلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بىلەن تىمتاسلىقتا چۆمگەن بۇ ماكان بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. رەتلىك كىيىنىپ، چوغدەك ياسىنىۋالغان ئاياللار قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، بۈك ـ باراقسان قارىغايلىقتىن ئوچۇقچىلىقتا تىكىلگەن كىگىز ئۆيگىچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ جاھاننى بېشىغا كىيىشەتتى. قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان بالىلار خۇددى يايلاقتىكى تايچاقلاردەك قىيغىتىشىپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە ھوزۇر ئالاتتى. بويۇنلىرىغا ئاپپارات ئاسقان ئەرلەر بالىچاقىسىنى سۈرەتكە تارتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى خەي ھاكىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئۇ سىلەرنىڭ ساياھەت ئورنى ئاچماقچى بولغىنىڭلارنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. سىلەر بۇ ساياھەت ئورنىنى ياخشى باشقۇرۇپ، خەي ھاكىمنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماڭلار، ــ دېدى خەي ھاكىمنىڭ كاتىپى ئىرمەكنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

ئىشلار ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك يۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. تاماق تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى، مۇلازىمىتىنىڭ

كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئۇلارنىڭ داڭقىنى بىراقلا چىقىرىپ، كىگىز ئۆيدىن يەنە بىرنى تىكىشكە، خىزمەتچىنى كۆپەيتىشكە تۈرتكە بولدى. شۇ كۈنلەردە ساپارغالىمۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ بىردە يېزا مەركىزىگە چېپىپ كەشتىچىلىك، كىگىزچىلىك كارخانىسىنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلسا، بىردە مال ـ ۋارانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەيتتى، بەزىدە ساياھەت ئورنىغا كېلىپ، سەلتەنەتنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى.

يىللار ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى ناھىيە بازىرىدا رېستوران ئاچقان يىلى سەلتەنەت ۋىلايەت بويىچە ئىگىلىك تىكلەشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ـــ قازاقىستانغا چىقىپ ئاشخانا ئاچىدىغان ئىشنى قانداق قىلىمىز، تۇغقانلار تېلېفون قىلىپ بەك سۈيلەپ كېتىۋاتىدۇ، ـــ دېدى بىر كۈنى ئېرىمەك ئايالىغا قىيا بېقىپ. سەلتەنەت بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ـــ بۇ توغرىسىدىكى قارارنى يەنىلا چوڭلار چىقارسۇن. ئەتە ئايەم. بىز بۇگۈنلا يولغا چىقىپ چوڭلارغا سالام بېرەيلى. مېنىڭ ئۇلارنى بەكلا كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. ئاپام بىلەن كىچىك كېلىن قانداق قىلىۋاتىدىكىن، بەلكىم «ئۇھ» دېگۈدەك ھالى قالمىغاندۇ؟

— قايسى كۆنى مەھەللىدىن كەلگەن بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە ساياھەت ئورنى قايناپ كېتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئاپام بىلەن كىچىك كېلىنىمىزنىڭ ئارام ئالغۇدەك ۋاقتى بولمىسا كېرەك، — دېدى ئىرمەك ئورنىدىن قوزغىلىپ.

ماشىنا چېتى كۆرۈنمەيدىغان پايانسىز يايلاقتا كېتىپ باراتتى. كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن بوز تورغايلار خۇددى مۇشۇ زېمىنغا ئاشىق بولغاندەك ئارام ئالاي دېمەيتتى. ئۇ قاناتلىرىنى قېقىپ پىرىلداپ ئۇچۇپ، پۈتكۈل دالانى ئادەمنى ئويغا سالىدىغان ناخشىغا بۆلەيتتى.

سەلتەنەت كۆزىنى ئاستا يۇمۇپ: «ئاھ بوز تورغاي» دەپ پىچىرلىدى...

**图书在版编目（CIP）数据**

根的呼唤：维吾尔文/亚合甫·斯马义著．–乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2014.8
ISBN 978-7-5515-4704-8

Ⅰ．①根… Ⅱ．①亚… Ⅲ．①长篇小说–中国–当代–维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2014）第 166114 号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：阿不力孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

**根的呼唤**（维吾尔文）

（长篇小说）

**亚合甫·斯马义** 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号　邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
880×1230毫米　32开本　19.375印张
2014年11月第1版　2014年11月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN 978-7-5515-4704-8　　定价：54.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换